


قەييۇم تۇردى

# قىزىلتاغ باتۇرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېيۇم تۇردى

# قىزىلتاغ باتۇرلىرى

(پوۋېست)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇسالام توختى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**柯孜勒山上的英雄**

**克尤木吐尔地**

**（维吾尔文）**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1974 ـ يىل 2 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى
1974 ـ يىل 2 ـ ئاي، 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 10098.23 باھاسى: 0.55 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بەت

## بىرىنچى باپ

1. يولدا ...... 1
2. يېڭىيەر ...... 10
3. گوھەر يەتكۈزۈش ...... 24

## ئىككىنچى باپ

1. زەيتۇنەم ...... 33
2. قېرى تۈلكىنىڭ ئەلچىلىككە كېلىشى ...... 40
3. سۇڭ مېنىڭ خاتىرە دەپتىرى ...... 52

## ئۈچىنچى باپ

1. ياڭاق دەرىخى ئاستىدا ...... 62
2. جاۋاپ ...... 69
3. ئاي قاراڭغۇسىدا ...... 77

## تۆتىنچى باپ

1. قوڭغۇراق ئاۋازى ...... 90
2. جىددى ئاتلىنىش ...... 98
3. كېچىدىكى كۆرەش ...... 105
4. گۈزەل ئارزۇلار ...... 116

## بەشىنچى باپ

1. تومۇر بوۋىنىڭ ھېكايىسى ...... 122
2. قانلىق قاراياغاچ ...... 135
3. يول — ماڭسا ئېچىلىدۇ ...... 147
4. شىرىن كەپتۇ ...... 157

## ئالتىنچى باپ

1. چىراق ئالدىدا ........................ 166
2. ئىچىق بېشىدا ........................ 178
3. ھەل قىلغۇچ قەدەم ........................ 184
4. ئەر ـ خوتۇن ........................ 192

## يەتتىنچى باپ

1. توغرا يول ........................ 200
2. قېرىنداشلار ئارىسىدا ........................ 209
3. يۈرۈش قىلىش مارشى ........................ 216
4. قۇرۇلۇش ئورنىدا ........................ 220
5. تاغ مەشرىپى ........................ 230

## سەككىزىنچى باپ

1. باھار شاماللىرى ........................ 240
2. قار ـ مۇزلار ئىچىدە ........................ 257
3. ئاتا سوزى ........................ 268
4. تاش قورغىنى يىمىرىلمەكتە ........................ 284

## توققۇزىنچى باپ

1. بېشى كېسىلگەن ئىلان ........................ 294
2. قوغلاپ زەربە بېرىش ........................ 304
3. ئۇچرىشىش ........................ 317

## ئونىنچى باپ

1. يېڭىيەر چىراقلىرى ........................ 324
2. ئاق، سۇلار، ئاق!... ........................ 331
3. يېڭى رەسىم ........................ 341

# بىرىنچى باپ

## 1. يولدا

ئۇلار قەشقەر-خوتەن تاشيولىدا، ھېچ كۈتۈلمىگەندە، ئاپتوبۇس ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالدى.

«جىيفاڭ» ماركىلىق يولۇچى ئاپتوبۇس ئاقباشلىق كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئېتىكىدە، يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى كېسىپ ئۆتكەن كەڭ تاشيولدا، ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن، ھاۋا تاپ-تازا ۋە ئوچۇق ئىدى، ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. يول بويىدا، تاققا تۇتاشقان قۇرغاق، تاشلىق ساي ئىچىدە قىزغۇچ، ھالرەڭ گىرىمسەن غىل-پال جىلۋە قىلاتتى.

ئاپتوبۇس ئىچىدە، ئالدى تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا بېشىغا بادام دوپپا، ئۈستىگە چىبەرقۇت كەمزۇل كىيگەن، قەددى-قامىتى كېلىشكەن بەستلىك بىر يىگىت ئوچۇق كوزنەكتىن غۇر-غۇر ئۇرۇپ تۇرغان ئىسسىق شامالغا يۈزىنى تۇتۇپ، ھەيۋەتلىك، ئېگىز كۇئېنلۇن چوققىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئالماستەك پاقىراپ تۇرغان قارلارغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ، نىمىنىدۇ ئويلاپ ئولتۇراتتى. تىزى ئۈستىدە چوڭ سۇلياۋ سومكا تۇرۇپتۇ، يىگىت ئۇنى كۈچلۈك، بېجىرىم بىر جۈپ قولى بىلەن ئاۋايلاپ چىڭ تۇتۇۋالغان ئىدى.

ئاپتوبۇستا خۇشچاقچاق، ناخشا خۇمار، گەپتان كىشىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ناخشا ئېيتاتتى، ھەرخىل ماۋزۇلاردا، قىزىق ۋەقەلەر ئۈستىدە پاراڭ سېلىشاتتى ۋە بۇ گەپ-سۆزلەردىن بەزىلىرى بىردىنلا تورۇسىنى كۆتۈرىۋەتكىدەك «پاراق-پۇرۇق» كۈلكىنىڭ ياكى قىزغىن تالاش-تارتىشلىق بەس-مۇنازىرىنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە سەۋەپ بولاتتى. بادام دوپپىلىق يىگىت بولسا، ئەكسىچە، بۇ كۈلكە-چاقچاقلارغا ئانچىلا قېتىل-

مايتتى — كۆپرەك ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى. تۇرۇپ، قويۇق قىر-
شۇما قاشلىرى تۈرۈلۈپ، ئەقىللىق چوڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ
قالاتتى؛ تۇرۇپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ - پىشقان بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزلىرى نۇر-
لىنىپ، باشقىلاردا ئىختىيارسىز تەبەسسۇم قىلىۋاتقان كىشىنىڭ تەسىراتىنى
قالدۇراتتى. بىراق، مۇنداق تەبەسسۇم ئۇزاققا سوزۇلمايتتى، تۇرۇپلا
يەنە يۈز - كۆزىدە بىر خىل جىددىيلىك تېشىغا تېپىپ چىقاتتى - دە،
قاشلىرى ئىختىيارسىز ئىگىز كۆتىرىلىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى يەنە كۆئىنلۈن
تىزىملىرى ئۈستىدە پاقىراپ تۇرغان قار دۆۋىلىرىگە قادىلىپ قالاتتى.......

بادام دوپپىلىق يىگىت جۇشقۇن ھېسسىياتلار قاينىمىدا ئۈزۈپ
كېتىۋاتقاندا، بىردىن ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى يېنىدا ئولتۇرغان مويسىپىت
بوۋاينىڭ خوتۇنى ئۈزۈۋەتتى، بۇ ياشانغان ئانا، قانداقتۇ، ئېھتىمال
چايقىلىشتىن بولسا كېرەك، كۆڭلى ئاينىپ، ئۆزىنى تۇتالماي، بىردىن
قاتتىق قەي قىلىپ تاشلىدى... مويسىپىت بوۋاي خىجالەت بولغىنى-
دىن تەمتىرەپ قالدى ۋە ئۇ قانچە قىلسىمۇ خوتۇنىنى تېچلاندۇرالمىدى.
ياشانغان ئانا چىكە تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ھېلىدىن - ھېلىغا قۇرۇق قەي
قىلاتتى، ئۇ بارغانچە بىسەرەمجان بولۇپ، ھالسىزلىنىپ كەتتى.

بادام دوپپىلىق يىگىت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مويسىپىت بوۋايغا
ياردەملەشتى، ئانىنىڭ ئېگىلىپ تۇرغان بېشىنى ئالقىنىغا ئالدى، سى-
رىلىپ چۈشۈپ كەتكەن رومىلىنى تۈزىدى ۋە ياخشى سۆزلەر ئېيتتى.
لېكىن، ئانا، چىڭقىلىپ، كۆڭلىنى باسالماي، قۇرۇق قەي قىلىشنى داۋام
قىلىۋەردى.... دەل شۇ پەيتتە ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىشچى
كىيىمى كىيگەن يىگىرمە بەش، يىگىرمە ئالتە ياشلاردىكى ئاق يۈزلۈك،
قاراقاش، كۆزى ئوتلۇق بىر خەنزۇ يىگىت كىشىلەرنى ئارىلاپ: «قېنى،
ماڭا يول بېرىڭلار يولداشلار، مەندە قىزىق چاي بار، ئالدىغا ئۆتۈۋالاي»
دىگىنىچە مېڭىپ، تەسلىكتە ياشانغان ئانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، يېنىدىن
ئاسما چايدانىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئاليۇمىن پىيالىسىگە تولدۇرۇپ چاي
قۇيدى:

— قېنى ئانا، قىزىق - قىزىق ئىچىڭ، ئارام بولىدۇ، — دىدى ئۇ، —
ئولۇق ئۇيغۇر تىلىدا ۋە مەيدە يانچۇغىدىن قانداقتۇ تابلىتكىلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقاردى، — قېنى، مانا بۇ دورىنىمۇ يۇتۇۋېتىڭ، كوڭۇل ئاينىشنى باسىدۇ، تارتىنماڭ، ئەكېلىڭ، يەنە بىر قاچا قۇياي، ھە، مۇنداق، ئەمدى ياخشى بولۇپ قالىسىز.......

ياشانغان ئانا دورىنى يۇتۇپ، قىزىق چاينى تۇگىتىپ ئىچتى، قەي قىلىش بېسىلىپ، كوڭلى ئارام تاپتى ۋە روملىنىڭ ئۇچى بىلەن كوز ياشلىرىنى سۇرتۇپ، ئۇزىگە ھىممەت كورسەتكەن خەنزۇ يىگىتكە مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى:

— رەخمەت ئوغلۇم، رازى بول، — دېدى.

— رازى بولمايدىغان نىمىسى بار، ئانا. سىز ياخشى بولۇپ قالسىڭىزلا بولدىغۇ، — دېدى يىگىت مومايغا ئوز ئانىسىدەك مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ.

— سىلەرنى بىزەۋتە قىلىپ قويدۇق، — دېدى دىخان بوۋاي ۋە نىمە دېيىشنى بىلمىگەندەك غودۇڭشىدى، — بۇ خوتۇن شۇنداق، زادى كوڭكۇۋايغا چىقسىلا قەي قىلىدۇ، كوڭلى ئېلىشىپ، ئوزىنى تۇتالمايدۇ.......

— ھېچقىسى يوق، بوۋا، — دېدى بادام دوپپىلىق يىگىت، — مۇنداق ئىشلار يول ئۇستىدە بولۇپ تۇرىدۇ، دورا ئىچتى، ئەمدى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.......

شۇ چاغدا بادام دوپپىلىق يىگىت بىلەن ھىممەتلىك خەنزۇ يىگىتنىڭ كوزلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ھەيرانلىقتىن ئىختىيارسىز ھاياجانلاندى ۋە خوشاللىقتىن قاشلىرى سەكرەپ، كوزلىرى چاقناپ-ئوتتەك يېنىپ كەتتى.

— بۇ سىز... سابىر جۇرىن ئەمەسمۇ؟......

— يولداش جاۋتيەن، بۇ سىز.......

ئۇلار چايقىلىپ، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا ئۇستىدە قەدىردانلارچە قۇچاقلاشتى. خوشال ھاياجان، چوڭقۇر ھورمەت-تەلپۇنۇش ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىشقان ھالدا يېنىپ-يېنىپ قارايتتى ۋە ئاخىر سابىر ئوزىنىڭ داجەينى ئېكىسكورسىيە قىلىپ، قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى؛ جاۋتيەن بولسا ئوزىنىڭ ئورۇمچىدىكى خىزمىتىنى ناھىيىگە، دەل سابىرلارنىڭ ناھىيىسىگە

ئالماشتۇرغانلىغىنى، بىرگۈن ئەتىگەن قەشقەردىن يولغا چىققانلىغىنى ئېيتىپ بەردى.

تۇرمۇشتا تەسادىپى، كۈتۈلمىگەندە ئۇچرىشىپ قالىدىغان ئىشلار ئازمۇ؟ لېكىن كۆڭۈلدىكى دوستى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ياخشى ئارزۇلار بىرلەشتۈرگەن، ھېمىشەم سېغىنىپ ئەسلەيدىغان دوستى بىلەن تېپىشىۋېلىش نەقەدەر خوشاللىق-ھە!

دىخان بوۋاي تېپىشىۋېلىشقان بۇ ئىككى يىگىتكە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ قالدى ۋە قولىدىكى خوجۇننى خوتۇنىغا تۇتقۇزدى-دە، جاۋتيەنىنىڭ يېنىدىن تارتتى:

— قېنى بالام، مانا بۇ يەردە ئولتۇرغىن، پەملىشىمچە، سىلەر كونا قەدىردانلاردىن ئوخشايسىلەر. سۆزلىشىڭلار، بەھوزۇر سۆزلىشىۋېلىڭلار،— دەپ جاۋتيەننى ئۆز ئورنىغا تەكلىپ قىلدى-دە، ئۆزى جاۋتيەننىڭ ئورنىغا— ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەتتى.

ئاپتوبۇس قۇرغاق-سايىنى يېرىپ چاپماقتا. سابىر سۇلياۋ سومكىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە ئالدى، جاۋتيەن ئۇنىڭ يېنىدا مۇرىسىنى مۇرىسىگە يېقىپ جايلىشىپ ئولتۇردى.

— يولداش سابىر، سىزنىڭ داجەيگە بارغىنىڭىز بەك ياخشى بوپتۇ،— دېدى جاۋتيەن سەممى خوشال بولۇپ ۋە يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ سابىرغا تۇتتى، ئۆزىمۇ چەكتى،— يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، دېگەن گەپ بار. بۇ— داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، ئەلۋەتتە،— سابىر ئىپتىخارلىق بىلەن داجەينى ئەسلىدى،— بىز ئۇ يەردە ئۈچ كۈن، ئاران ئۈچ كۈنلا تۇردۇق. ئاددىسى بۇ ئۈچ كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدۇق. ئاڭلاش بىر گەپ ئىكەن، لاۋجاۋ، كۆرۈش بىر گەپ ئىكەن. گەپنىڭ قىسقىسى، نىمە دىسەم بولىدۇ، ئاددىيلا ئېيتقاندا، بىز ئۇ يەردە پۈتۈنلەي يېڭى، ھەقىقى دىخانلارنى، ئاسمىنىمۇ، تاغ-جىلغىلىرىمۇ باشقىدىن بىنا قىلىنغان سوتسىيالىستىك يېپ-يېڭى يېزىنى كۆردۇق، خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق......

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، بۇ بەك موھىم، — جاۋتيەن تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ، سەرەڭگە قېپىغا سۈركەپ ئۇچەردى ۋە قالغان يېرىمىنى قۇتىغا سېلىپ قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى، — داجەي روھى داجەي كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، سوتسىيالىزىم قۇرۇۋاتقان يېڭى جۇڭگو دېخانلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، ئىنقىلاۋىي ئىجاتكارلىقى ۋە ھېچنىمىدىن قورقماس قەيسەر ئىرادىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. مانا سىز ئويلاپ كۆرۈڭ: مەن كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلار ئىچىدە قايتا تەربىيە ئالدىم. ماناس دەرياسى بويىدا گۆڭشىي ئەزالىرىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى، ئېلېكتىرلەشتۈرۈش ھەركىتىگە قاتنىشىپ، بىۋاستە تەجرىبە ئالدىم. شۇ جەرياندا مەن نىمىنى كۆردۈم؟ ئەزالارنىڭ قەلبى جۇشقۇنلىشىۋاتقانلىقىنى، ۋۇجۇدى كۈچ-قۇۋۋەتكە، ئالغا ئىنتىلىشكە تولغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ كۈچ، بۇ جۇشقۇنلۇق نەدىن كەلگەن؟ داجەي روھىدىن كەلگەن. داجەي روھى كىشىلەر قەلبىگە سىڭسە، چوقۇم چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ.

جاۋتيەن بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، سابىرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ ئېيتتى:

— خوش، سىز يولداش چېن يۇڭگۈي بىلەن كۆرۈشكەنسىز؟

— چېن يۇڭگۈي بىلەنمۇ؟.. — سابىر ھاياجانلاندى. ئاددىلا ھاياجانلانمىدى، بەلكى سېغىنىش تۇيغۇسى ئۇرغۇپ ھاياجانلاندى. ئۇ داجەيگە بېرىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىلا چېن يۇڭگۈينى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى، لېكىن، نىمە ئۈچۈندۇر ئۇ كىشىنى ئۇزىگە ئوخشاش دېخان سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش تەس بولغانلىقىنى، ئاددىسى ھېچنىمىنى ئويلىيالمىغانلىقىنى، داجەيگە بارغاندىن كېيىن بولسا، ئاجايىپ كۈچلۈك دېخاننى، خۇددى قېرىندىشىنى كۆرگەندەك بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن مۇنداق دېدى، — بىز بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، چېن يۇڭگۈي بىلەن بىللە ئەمگەك قىلدۇق. كەچتە ئۇنىڭ بىلەن كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىۋالدۇق. چېن يۇڭگۈي مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ماۋجۇشى بىزگە يۈكسەك باھا بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت دېخانلىرىنىڭ بىزدىن ئۆگىنىشىنى چاقىرىق قىلدى. بىز بولساق پۈتۈن مەملى-

كەتتىن، سىلەردىن ئۆتكىنىمىز. ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنى — داجەينىڭ جېنى. بۈگۈنكى يېڭى داجەينى بارلىققا كەلتۈرگەن كۈچنىڭ مەنبەئى. قانداقلا بولمىسۇن توغرا لۇشيەنگە ئىگە بولۇش كېرەك. ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىلا بولىدىكەن، ئادەمنىمۇ، يەر-ئاسماننىمۇ، ھەممىنى ئۆزگەرتكىلى، تاغ-دەريالارنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى دۇنيا ياراتقىلى بولىدۇ» دىدى. كوردىڭىزمۇ، مانا شۇنداق. ئاددىسى دەل گەپنى، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىنى، داجەينىڭ ھەر بىر تاش-داڭگىلى، گۈل-گىياسى گۇۋا-شاھىت بولالايدىغان قىممەتلىك تەجرىبىنى ئېيتتى. مەن قايتقىچە، پۈتۈن يول بويى شۇلارنى، داجەيدە ئاڭلىغان-كورگەنلەرىمنى ئويلىدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، شۇنداق قىلىش كېرەك، داجەيلىك قېرىنداشلار ماڭغان يولدا مېڭىش، ۋاقىتنى بوش كەتكۈزمەسلىك كېرەك.......

جاۋتيەن سابىر سوزلەۋاتقاندا، پات-پات ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارايتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا: پىكىر-ھېسسىيات جەھەتتىن پىشقان، جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلگەن، بويى تارتىپ ئوسكەن، چىڭ-ساغلام بەدەن، كەڭ كوكرەك، گۈسمەستەك بېجىرىم يىگىت تۇراتتى.... مۇنداق قاۋۇل ئادەم ھەر نىمىگە قادىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ دىگەنلىرى ئورۇنلۇق، چىن گەپلەر. بۈنى ئۇنىڭ ئىشەنچ، قەتئىيەت بىلەن يېنىپ تۇرغان كوزلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

جاۋتيەن سابىرنىڭ قىزغىن سوزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئوزىنىڭمۇ داجەيگە بارغۇسى بارلىقىنى، لېكىن، نىمە ئۈچۈندۇ ۋاقىت مەسىلىسى يار بەرمىگەنلىكىنى، قانداقلا بولمىسۇن بىر قېتىم بېرىپ كورۇش كېرەك، دەپ ئويلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن ئوزىنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا، قۇرغۇچى گۈكشىپ ئەزالىرى ئارىسىدا بولغان كۈنلىرىنى ھېكايە قىلدى.

جاۋتيەن خۇشخۇي، تېتىك، چىقىشقاق سوھبەتداش ئىدى. ئۇنىڭ سوزلىرى ئاددى، يېنىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھايىتى مەنىلىك ئىدى، ئەڭ زورۇرى، كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچاتتى، ئىلھام بېغىشلايتتى. سابىر بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز، جاۋتيەننىڭ ئوزلىرىگە — يېڭى يەر يېزىسىغا مېھمان بولۇپ كەلگەن كۈنلىرىنى ئەسكە ئالدى:

ئۇ بۈنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى: قاتتىق تومۇز كۈنلە-

رىڭنىڭ بىرى، چىڭقى چۈش. سابىر مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى كېۋەزلىكلەردە پۈشقاقلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، مايكىچان بولۇۋېلىپ، جىدەللەپ سۇ تۇتۇۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا، كېۋەزلىكنىڭ ئايىغىدىكى چەكسىز ئايدالادىن — ئاسمىنىدا قۇش قانىتى، تۇپىسىدا ئەر تاپىنى كويمىدىغان چاكىقاق بوزلۇق ئىچىدىن ناتونۇش بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. بۇ يىگىت بېشىغا چىغ قالپاق كىيىپ، بويىنىغا لوڭگە سېلىۋالغان، مۇرىسىگە پوپكا ئېسىۋالغان ئىدى. سابىر ئۇنى يىراقتىن كوردى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن بولسىمۇ، چوڭ كوزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. سۇ ئىشى — جىددى ئىش. سابىر كەتمەننى قولىغا ئالدى-دە، ئوز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى، ئەمما-لېكىن يول بويىدىكى سۇچى يىگىتلەر چىغ قالپاقلىق يىگىت بىلەن بىردەمدىلا تونۇشۇۋالدى. ئۇنىڭ ئوز ئارىلىرىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان زىيالى ياش — بولغۇسى دوختۇر سوڭ مېينى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، كەلگەن يېرى ئۈرۈمچى، ئىسمى جاۋتيەن ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىشتى ھەمدە سوڭ مېينى كېپىش مۇمكىن بولغان يولنى كورسىتىپ قويدى. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. كەچقۇرۇن خۇشچاقچاق، مېھماندوست يېڭىيەر يىگىتلىرى ئۇنى ئىزلەپ تونۇشتى، تاغلىق يېزىنىڭ مەشرىپىنى كورۇشكە ئېلىپ باردى. قولىدىن كېلىشىچە مېھمان قىلدى. گەپ-سوزلەر ئىچىدىن، جاۋتيەننىڭ مەخسۇس سۇچىلىقنى ئوقۇغان داشۆي ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۈرۈمچىدىكى قايسىبىر سۇ تەتقىقات ئورنىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىغانلىقىنى، سوڭ مېي بولسا ئۇنىڭ ياخشى كورۇپ تاللىغان، سويگەن يارى ئىكەنلىكىنى، ئادەتتىكى ئائىلە كورۇش ۋاقتىنى سوڭ مېينى يوقلاشقا ئاجراتقانلىقىنى بىلىشتى.

جاۋتيەننىڭ بۇ يەردىكى كۈنلىرى ھەر ھالدا كوڭۈللۈك ئوتتى، ئۇ كۈندۈزى ئەمگەكلەرگە قاتنىشاتتى، كەچقۇرۇنلىرى ياشلار ئۇنى ئوز ئويىگە، باغلارغا، قوغۇنلۇقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ سوزلىرىدىن بۇ يەردە سۇنىڭ نەقەدەر قىسلىقىنى، قۇرغاقچىلىق چوڭ ئاپەت ئىكەنلىكىنى، ھەتتا، بەزىدە ئىچىشكىمۇ سۇ تېپىلماي قالىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ دادۇي ئىنقىلاۋى ۋېيۈەنخۇيىنىڭ جۇرېنى سابىر بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلار ھە دېگەندىلا سۇ، قۇرغاقچىلىق ئۈستىدە سوز-

لىشىپ كەتتى. يەر دىسەڭ، قانچىلىك كېرەك بولسا، شۇنچىلىك بار. دادۇيىنىڭ ئايىغى غىچچىدە بوز، لېكىن سۇ يوق. سۇ يوق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ سابىر دادۇيىنىڭ كەينىدە، خېلى يىراقتا قەد كوتىرىپ تۇرغان قارلىق تاغنى كورسەتتى — بۇنىڭدىن جاۋتيەن بىلدىكى، سابىر بۇ تاغلىق يېزىدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ يىلتىزىنى قىرقىش ئۇچۇن، خېلىدىن بېرى چوڭ پىلانلار ئۇستىدە ئىزلىنىپ يۇرەتتى. بۇ پىلان — ئارزۇ، تەبىي، جاۋتيەننى ئۇزىگە جەلپ قىلدى. جاۋتيەن قايتىشتىن بىرنەچچە كۇن ئىلگىرى، ئۇلار كوپنىڭ ھورمىتىگە سازاۋەر پېشقەدەم كەمبەغەل دىخان تومۇر بوۋا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ يېزىغا سۇ كېلىدىغان «تاتلىق بۇلاق»قا — قىزىلتاغ باغرىغا باردى. تومۇر بوۋا قارلىق تاغ ۋە بۇلاقلارنىڭ تارىخىدىن سوز ئاچتى، جاۋتيەن بولسا ئوز بىلىمى، تەجرىبىسى بويىچە، بىر قاتار كوزىتىش - تەكشۇرۇشلەرنى، ئاددى ئولچەش - سىزىشلارنى ئېلىپ باردى. ئاندىن ئۇ روھلىنىپ:

— تومۇر بوۋامنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس. سۇ يوق ئەمەس، بار. لېكىن ئۇ قىزىلتاغنىڭ كەينىدە، قارلىق تاغدا. مەسىلە ئۇنى ئەكىلىشكە جۇرئەت قىلىشتا، — دىدى.

بۇ پىكىر سابىر بىلەن تومۇر بوۋىنىڭ كوڭلىدىكى گەپلەر بولۇپ چىقتى.

— توغرا، «ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۇش» دەپ ساقلاش بىلەن ئىش تاگاتمايدۇ. قىزىلتاغ كەينىدە بېسىلىپ ياتقان قار سۇيىنى باشلاپ كېلىشنىڭ ئاچقۇچى — ھەقىقەتەن جۇرئەت قىلىپ، بەلنى باغلاشتا... دېيىشتى. بۇ ئىدىيە گويا ئويغاتقۇچ گۇلدۇرمامىدەك، بىرنەچچە كۇن ئىچىدە ئويدىن ئويگە تارىلىپ كەتتى. جاۋتيەن كېتىپ، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە تومۇر بوۋا: «جاۋتيەن بالا دادۇيىمىزدە ئون نەچچە كۇن تۇردى. لېكىن ئۇ بىر كورۇپلا بىزنىڭ بىرنەچچە يۇز يىللىق ئارزۇيىمىزنى چۇشەندى. "ئەقىل ياشتا ئەمەس — باشتا"، "كوڭۇلدىن - كوڭۇلگە يول بار" دىگەن شۇ»، دەپ، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ يۇردى......

ئاپتوبۇس گىرىمسەن كوتىرىلىپ تۇرغان تىنجىق سايىنى ئارقىدا قال-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

دۇردى. كۆز مەنزىرىسى بىلەن تولغان ئېتىزلار، گۈگۈشىپ ئەزالىرىنىڭ يول بويلىرىغا سېلىنغان پىشايۋانلىق ئاپپاق ئۆي - ئىمارەتلىرى، بوستانلىق مەھەللىلەر كورۇنۇشكە باشلىدى.

— شۇنداق قىلىپ، يولداش سابىر، — جاۋتيەن سوزىنىي داۋام قىلغاچ، بارماقلىرى بىلەن قاپقارا، ئۇسكىلەڭ چاچلىرىنى تاراپ قويدى ۋە زوق - شوۋق بىلەن ئېيتتى، — مېنىڭ توۋەنگە بېرىش ئىلتىماسىم تەستىقلانغاندا، قانچىلىك خوشال بولۇپ كەتكەنلىگىمنى هازىر تەسۋىرلىيەلمەيمەن، تەس. قىسقىسى، سىلەرنى، بېگىيەردىكى قېرىنداشلارنى كوز ئالدىمغا كەلتۇردۇم. يېگىيەر يىگىتلىرى — يېنىپ تۇرغان ئوت. قانداق ياخشى باللار - ھە. ئۇلار بىلەن ئىشلەش — راھەت. مەن ناھىيىگە بارغاندىن كېيىن رەسمىيەتلەرنى ئوتەيمەن - دە، ئىمكانىيەت بولسىلا سىلەرگە بارىمەن.

— تولا ئوبدان، قىزغىن قارشى ئالىمىز، — دېدى سابىر رازىمەنلىك بىلەن، جاۋتيەنىنىڭ مۇرىسىگە قولىنى ئېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە كېلىڭ، بىللە ئىشلەيمىز. بىز ئەمدى قانداقلا بولمىسۇن، «تاتلىق بۇلاق»نىڭ ئولچەملىك سۇيىگە قانائەت قىلىپ تۇرالمايمىز. يېگىيەردە ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قارلىق تاقا يۇرۇش قىلىش، ئاددىسى، سۇ مەسىلىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش يوجۇك.

— توغرا، — دېدى جاۋتيەن ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مەن يېگىيەر توغرىسىدا سوز بولسا، ھامان تومۇر بوۋامنى ئەسلەيمەن. تومۇر بوۋام — باھاسى يوق كىشى. يادىڭىزدا باردۇر، بوۋاي بىزنى «تاتلىق بۇلاق» قا باشلاپ كېتىۋېتىپ، «ياخشى ئارزۇ — يېرىم دولەت»، «يول — ماڭسا ئېچىلىدۇ، ئادەم — ئىشلىسە ياشىرىدۇ» دېگەن ئىدى. دېمەك، ئاۋال غايە بولۇش، ئاندىن ئۇلۇق غايە يولىدا كۇرەش قىلىش كېرەك. بوۋاي ئېيتقىنىدەك، قارلىق تاغنىڭ سۇيىنى باشلاپ كېلىشتىن باشقا چارە يوق.......

دوستلارنىڭ سوزى تۈگىمەس ئىدى. لېكىن ئۇلار قانداق تەسادىپ، كۇتۇلمىگەندە ئۇچراشقان بولسا، شۇنداق تېز ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. ئاپتوبۇس «قىزىلتاغ» خەلق گۇڭشېسىنىڭ پاسىلىغا — ئىككى

تەرىپىدە سۇۋادان تېرەكلىرى بار تاشيول ئاچىلىشىغا كەلگەندە، سابىر ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى. دوستلار بىر - بىرىنى قىيمىغاندەك، ئۇزاققىچە، تاكى ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغالغىچە قول سىقىشتى.

سابىر ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسقا بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن سۇلياۋ سومكىنى مۈرىسىگە ئالدى - دە، بەرجەس قەدەم تاشلاپ، ئۇدۇل يېڭىيەر دادۇيىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

## 2. يېڭىيەر

سابىر خوشال، قەلبى جۇشقۇن ھېسسىياتلار بىلەن تولغان ئىدى؛ بىر دادۇينى — ئايدىڭكۆلنى بېسىپ ئۆتسىلا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سۆيۈملۈك يېزىسى يېڭىيەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنى ئاجايىپ بەلەن كىشىلەر — ھەمنەپەس كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخان قېرىنداشلىرى كۈتىدۇ. ئۇلار سابىر يولغا چىققاندا، كۆپلىگەن ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بىلدۈرگەن، داجەيدىن ياخشى ئۆگىنىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلغان. سابىر بۇ ئۈمىدلەرنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەيدۇ، ئاددىيلا ئىشلىمەيدۇ، بەلكى جان تىكىپ ئىشلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ كالىسى بولۇشقا، چەكلىك ھاياتىنى چەكسىز خەلق خىزمىتىگە ئاتاشقا ئاللىقاچان بەل باغلاپ قويغان. ئۇلار شۇنى كۈتىدۇ، ھەتتا ئانىسىنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇنداق، قىسقىسى شۇنداق قىلىش زورۇر......

سابىر قەدىمىنى تېزلەتتى ۋە چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، يولىنى داۋام قىلدى.

9 - ئاينىڭ ئوتلۇق ئاپتىۋى «قىزىلتاغ» خەلق گۇڭشېسىنىڭ بىپايان ئېتىگىنى قىزىتماقتا، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كۆزگە بۇغداي تېرىش ئۈچۈن تەخلەپ قويۇلغان سالا - سالا ئېتىزلار، پىشىپ يېتىلىپ قالغان ئاتچىشلىق كوممىقۇناقلار، چاناقلىرىغا پاتماي ئېچىلىپ كەتكەن كۈمۈش رەڭلىك پاختىلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. كەڭ كېۋەز ئېتىزلىرىدا ئازات، بەختىيار ئەمگەك شاتلىقىغا چۆمگەن پاختىكار ئاياللار ئېتەكلىرىنى تولدۇرۇپ، قىزغىن پاختا تېرىپ، شادىيانە ناخشىلار ئېيتماقتا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ،
تاڭ سەھەردە كوكلەمدە.
بىز ياشايمىز شات - خورام،
گۈكشىمىزدا - گۈلشەندە.

ماۋجۇشى ھەم گۈگچەنداك،
سەندىن چەكسىز رازىمىز.
پەرۋىش تاپتى يولۇگدىن،
بۇ «قىزىلتاغ» گۈگشىمىز.

ياشا، ئۇلۇق ماۋجۇشى،
قەلبىمىزنىڭ قۇياشى.

ناخشا بىر ئۇ ئېتىزدىن، بىر بۇ ئېتىزدىن باشلىناتتى ۋە ئۇ ئور-كەشلىگەن دەريا دولقۇنىدەك، ئاخىرىدا ئومۇمخور بولۇپ ئاياقلىشاتتى.

سابىر ئوز گۈگشىسىغا بولغان چوگقۇر مىھرى - مۇھەببەت تۇيغۇ-سى ئىچىدە ئەزالارىنىڭ بۇلاقتەك قايناپ چىقىۋاتقان يۇرەك سادالىرىغا زەڭ قويۇپ، يايراپ كېتىۋاتقاندا، يان تەرەپتىكى چىغىر يولدىن ئات ئوينىتىپ چىقىپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسى كورۇندى. بۇ گۈگشى سۇ كادىرى قاسىم ئىدى. قاسىم سابىرنى كورۇپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئاتنىڭ تىزگىنىنى بىلىگىگە ئوتكۇزۇپ، سابىرنىڭ ئالدىغا يۇگۇرۇپ دىگۇدەك كەلدى:

— ۋاي ئىستەي ... بۇ سابىر شۇجىغۇ، قايتىپ كەپسىز-دە،— قاسىم سابىرنىڭ قوللىرىنى قىسىپ كورۇشتى ۋە بىر قولىنى مۇرىسىگە ئېلىپ يېنىدىن قۇچاقلىدى، —«ئامەت كەلسە، قوش كەپتۇ» دىگەندەك، ھەم ئۇرۇمچىنى كورۇش، ھەم داجەينى! بۇنداق بەخت ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، ئىنىم. قانداق، ئېيتقىنىم توغرىمۇ؟ ...

— توغرا، يولداش قاسىم، — سابىر پاختىكار ئايالارنىڭ لەر-زان ناخشىسىغا قۇلاق سالدى، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى سۇيى يوق ئېرىقلارغا قاراپ قويدى، — خوش، ئوزىڭىز قانداق، بەك ئالدىراشمۇ،

كۆزلۈك ئوسىغا سۇ باشلاندىمۇ، بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىر ئاز كوپىيەي دەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاي ئىستەي ... نىمىسىنى ئېيتىسىز، — قاسىم قاتاڭغۇر قوللىرىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ قاس چىقاردى، كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئويچان بولۇپ قالدى، — نىمىسىنى ئېيتىسىز. نەق ئون يىل، ياق، دۇرۇسراغى ئون ئۈچ يىل سۇ، سۇ دەپ كويۇپ - پىشتىم. ھېچقاچان بۇ يىلقىدەك سۇ ئىزلەپ سەرسان بولغان ئەمەسمەن. ئۇ يەرگە چاپىمەن، بۇ يەرگە چاپىمەن، ئولتۇرسام - قوپسام، سۇلا دەيمەن. سۇ بولسا يوق. يوق بولغاندىكىن نىمە چارە؟ ئەزالار «كۆندۈزى ئەمگەك، كېچىسى مەشرەپ» دىگەندەك، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپتۇ. بۇلاقلارنىڭ سۈيى بولسا، ئاتام ئېيتقان بايىقى — بىر خىل، يا بار ئەمەس، يا يوق ئەمەس. پىلانىمىز خېلى چوڭ، لېكىن، سۇ .......

سابىر سۇلياۋ سومكا ئۈستىگە قونۇپ قالغان توپىلارنى قېقىۋەتتى، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتتى ۋە ئويلانغان ھالدا قاسىمغا قارىدى. قاسىم بىر ئاز ئورۇق، زىلۋا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئايىغى يېنىك، ئەپچىل، ئوتتۇز بەش، ئوتتۇز ئالتە ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، ئۈستىگە چىبەرقۇت شىم - تۈجۇركا، بېشىغا قارا شەپكە كىيىۋالغان ئىدى. گەپ قىلغاندا ئاستىنقى بىر تال ئالتۇن چىشى پاقىراپ كورۇنەتتى. ئۇ بايىقىدەكلا ئويچان قىياپەتتە:

— داجەيگە بېرىش — داجەيدىن ئۆگىنىش، دىگەن سوز. مانا سىز كەلدىڭىز، ئەمدى بىر ئامال قىلىپ، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلمىساق بولمايدۇ، — دىدى.

— بولىدۇ، بىرلىكتە ئويلىشىپ كورەيلى، چارە تاپارمىز.

— ۋاي ئىستەي ... ئويلايمەن، ئويلايمەن، لېكىن، چارە يوق، بۇ چارە ئاجايىپ بىر نەرسە. ھەتتا ئويلاپ يېتەلمەيسەن .......

ئۇلار ئايرىلىشتى. سابىر بىر نەرسىگە چۈشىنەلمىگەندەك، قاسىمنىڭ كەينىدىن بىر ئاز قاراپ تۇردى - دە، چوڭ سومكىنى مۈرىسىگە ئالدى. كېتىۋېتىپ كوڭلىدە: سۇ دىگەن سۇ، ئادەمنىڭ رەپتايىغا بېقىپ، ئوزىچىلا كوپىيىدىغان سۇ نەدە تۇرۇپتۇ؟ چارە يوق... ھەممىسى

بىكار گەپ. ئادەم سۆلى كوپەيتىمەن دەپ قەتئى نىيەتكە كەلسە، نىمىشقا چارە بولمايدىكەن، — دەپ ئويلىبدى.

سابىر ئايدىڭكول بىلەن يېڭىيەر ئايرىلىدىغان دوخمۇشقا كەلگەندە، يۈرىكىدە قىزىق بىر هارارەت سەزدى، يېقىملىق بىر تۇيغۇ ئۇنى بىر پەس توختاشقا ئۈندەيتتى. توختاش كېرەكمۇ، بىراق، نىمىشقا؟...... نىمىشقىلىقىنى سابىر ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. سابىر توختىمىغانمۇ بولاتتى. ئەمما، شۇ پەيتتە، سول تەرەپتىكى كېۋەزلىكتىن بىر تۇمۇچۇق پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ چىقتى - دە، هاۋا بوشلۇغىدا تەۋەڭ تاشلاپ قانات قېقىپ سايراپ كەتتى. تۇمۇچۇق شۇنداق شوخ، چىرايلىق، ساز ۋە دىلكەش بولۇپ سايرىدىكى، سابىر بالا چېغىدىن تونۇش بولغان بۇ غەزەلخانغا هەۋىسى كېلىپ تۇرۇپ قالدى. شۇنداق، تۇمۇچۇق ناهايىتى يېقىملىق غەزەلخان. ئۇنىڭ يۈرەكنىڭ تارىنى چېكىدىغان ئاۋازىنى سابىر بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئاي بۇرۇن، يەنى داجەيگە مېڭىش سەپىرىدە، دەل مۇشۇ دوخمۇشتا بىر قېتىم ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ چاغدا سابىر يېڭىيەردىن گۇڭشېغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان. دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئايدىڭكول دادۈي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋىجۇرىنى، پۈتۈن گۇڭشېغا نام - ئاتىقى تارالغان قەيسەر قىز زەيتۈنەم كۈتۈلمىگەندە يان ئېتىزدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن، مۈرىسىدە كەتمەن بولۇپ، كەچكى شەپەق نۇرىدا قىز گويا باهاردا ئېچىلغان گۈزەل گۈل رەناسىدەك، قىزغۇچ تاۋلىنىپ - چاقناپ تۇراتتى. تۇمۇچۇق — غەزەلخان شوخ ئاهاڭدا سايراپ ئوتتى. زەيتۈنەم بولسا ئىككى ئورۇم چېچىنى كەينىگە تاشلاپ تۇرۇپ: «يولداش سابىر، سىزگە ئاق يول بولسۇن، داجەيلىك قېرىنداشلارغا بىزدىن سالام دەڭ. بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ ...» دىگەن ئىدى.

بىر مىنۇتچە ئوتكەندۇ، سابىر يەنە مېڭىپ كەتتى. ئەمما، بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا، كەينىدىن تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— هارمىغىن بالام، سەپىرىڭگە مۇبارەك بولسۇن......

سابىر ئىتتىك بۇرۇلۇپ، كېۋەزلىكتىن بىر سېۋەت پاختىنى كوتەرگەن هالدا چىقىپ كېلىۋاتقان زەيتۈنەمنىڭ ئانىسى سادەتخان ئاچىنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كوردى. بېشىغا ئاق رومال سالغان، سادده، يۇمشاق سوز، ئەللىك ياشلار-دىكى بۇ ئايال تولىمۇ دىلكەش ئىدى.

— ئوبدان تۇردىلىمۇ ئانا، هامۇتكام تېچمۇ، ئۇرۇق - تۇققانلار سالامەتمۇ؟ — دىدى سابىر هال سوراپ.

— خۇداغا شۈكرى، هەممىمىز ئوبدان ئوغلۇم، — دىدى ئانا مېهرى بىلەن، — كېۋەزلىكتە تۇرۇپ، سېنى يىراقتىن كوردۇم. بىر-نەچچە ئېغىز ياخشى سوز ئېيتقۇم كەلدى. ئادەمنىڭ خوشلۇقتىن بېشى ئاس-مانغا تاقاشمايدىكەن. سېنىڭ ئىچكىرىلەرگە بارغىنىڭنى، ئوزەمنىڭ بۇ بەختىيار زامانىمىزدىكى شاتلىقىمنى ئويلىسام، ئىختىيارسىز ئاناڭ رەمەت-لىكنى ئەسلەپ قالىمەن ......

سادەتخان ئاچا سابىرنىڭ ۋاقتىسىز قازا تاپقان ئانىسى مەريەمخاننى تىلغا ئېلىپ، ئادەت بويىچە قىسقا كوز يېشى قىلدى. ئاندىن روملىنىڭ ئۇچى بىلەن كوز يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ دىدى:

— مەن پومشىشىك مۇزەپپەر چايانىنىڭ ئويىگە بالا دېدەك بولۇپ كىرگىنىمدە، ئاناڭ رەمتى بۇ زالىمنىڭ ئويىدىكى چىدىغۇسىز ئېغىر ئەمگەكنىڭ قۇلى ئىدى. «دىلى بىرنىڭ مۇگى بىر» دىگەندەك، ئاناڭ بىلەن مەن دەرت - ئەلىمى بىر قېرىنداشلار ئىدۇق. ئادەمخور پومشىشىك ئۇنىڭ ياش هاياتىنى يەپ كەتتى. ئۇ چاغدا سەن تېخى ئۇچ ياشقىمۇ كىرمىگەن ئىدىڭ. هازىر هەر قېتىم سېنى كورسەم، سەن توغ-رىلىق ئاڭلىسام، يىتىملەر، مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلىغان شۇ ئۇلۇق ئاتىمىز ماۋجۇشىغا قانچە - قانچە رەخمەتلەر ئېيتقۇم كېلىدۇ. سىلەر هەممىڭلار — زەيتۇنەممۇ، سەنمۇ شۇ مېهرى ئاپتاپ باغۋەن ماۋجۇشى ئوز قولى بىلەن پەرۋىش قىلغان كوچەتىسلەر ......

— شۇنداق ئانا، — دىدى سابىر ئانىسىنى ئەسلەپ بېشىنى تو-ۋەن سالغان هالدا، — ماۋجۇشى، گۇڭچەندائڭ بولمىغان بولسا، بۇ بەختلىك زامانىمىزمۇ، مەنمۇ بولمىغان بولاتتىم. ماۋجۇشى، گۇڭچەندائڭ بىز-نى ئازاپ دېڭىزىدىن قۇتقۇزدى، تەربىيىلەپ ئادەم قىلدى. مەن بۇنى ئۇنتۇمايمەن.

سادەتخان ئاچا سابىرنى ئوز ئويى تەرەپكە تارتىپ: جۇر، ئويگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارغىن، بىر چىنە قېتىق ئىچىپ ئۆتكىن، سېنى كورسەم، ئاناڭنى كورگەندەك بولىمەن، دەپ تۇتتى. سابىر رەخمەت ئېيتتى ۋە كېيىنرەك — ۋاقت بولسىلا كېلىشكە ۋەدە بەردى.

سابىر ئەتىرەك لېنتىدەك، توپ-توز كەتكەن كادالىك-كونا ھارۋا يولىغا چۈشتى، بۇ يول بىۋاستە يېڭىيەر دادۇيىگە ئېلىپ باراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئېچىلمىغان مۇنبەت بوز يەر بولۇپ، بوزلۇقنىڭ ئايىغى يىراق تەكلىماكانغا تۇتىشىپ كېتەتتى. ئەتىيازدا كوكلەپ، تومۇزدا قۇرۇپ كەتكەن خوخا، يانتاق، ئەمەن، شىۋاقلارنىڭ ياپراقسىز غولى ئۇيەر-بۇيەردە كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بوزلۇقنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، چېچىگى توكۇلۇپ، قۇرۇپ سوتا بولۇپ قالغان شالاڭ يۇلغۇننىڭ ئاستىدا ئىسسىقتىن پانا ئىزلەپ، گىڭشىپ يۇرگەن چول چاشقىنى بىلەن يىگناغۇچنىڭ ھالسىز ئاۋازىدىن باشقا ھېچنىمە ئاڭلانمايتتى.

سابىر سۇ بولسىلا ئىگىنزارغا ئايلىنىدىغان—ئاقرىپ ياتقان بوزغا قاراپ كوڭلى غەش بولدى. «سۇ — يەرنىڭ قېنى»، «سۇسىز يەر كوكەرمەس، ئەلسىز ئەر» دىگەن مانا شۇ...... يېڭىيەر بۇيەردىن قارىغاندا، قىزىلتاغ باغرىدىكى كىچىككىنە يېشىل بوستانلىقتەك ئاران-ئاران كورۇنەتتى. قىزىلتاغنىڭ كەينىدە كۇئېنلۇننىڭ باشقا كوپلىگەن تىزمىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىدە قىش-ياز ئېرىمەيدىغان، ئېرىسىمۇ مەڭگۇ تۈگىمەيدىغان قار دوۋىلىرى ئەينەكتەك پاقىراپ تۇرۇپتۇ.

سابىرنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. پاقىراپ تۇرغان قار، ئېچىلمىغان بوز قانداقتۇ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىۋاتقاندەك ئىدى. بۇنىڭغا سابىرنىڭ كوڭلى ئەمىن. لېكىن، ئۇلارنى قانداق قىلىپ بىرلەشتۇرۇش، قار سۇلىرىنىڭ يولىنى ئېچىش — چوڭ ئىش، دەگسەپ ئويلايدىغان چوڭ ئىش. ۋاقت — كەينىگە يانمايدىغان نەرسە، «ئوتكەن ئىشقا سالاۋات» دىگەن بىلەن بولمايدۇ. تەبىەتنىڭ بۇنداق خاتا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزۇش، قار سۇلىرىنى بىپايان بوز ئۇستىدە ئېقىتىش كېرەك، مانا شۇ چاغدا ياخشى بولىدۇ، قىسقىسى كوڭۇلدىكىدەك بولىدۇ.

— ئېھ، داجەي، داجەي ...... — سابىر ئىختىيارسىز داجەينى ئەسكە ئالدى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى بىردەم داجەيگە، بىردەم يېڭىيەرگە

ئۇچاتتى. «بۇ ئىككى دادۇيىنىڭ ئورتاقلىقى ئاساسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ھەر ھالدا ئورتاقلىقى موھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دەيتتى ئۇ. سابىر كېيىنكى كۈنلەردە داجەي دىسە، ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. داجەي دىسە، قارلىق تاغ يەمرىلىپ، قار سۇلىرى بوز تەرەپكە ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقاندەك؛ بوزلۇقنىڭ كوڭۈلنى غەش قىلىدىغان يېقىمسىز جىمجىتلىقى تۈگەپ، ياپ - يېشىل ئېكىنزارلىقنى كورگەندەك بولاتتى.......

سابىرنىڭ خىياللىرىنى كەينى تەرەپتىن كېلىۋاتقان كالا ھارۋىسىنىڭ غىچىرلىشى بۇزدى. پاختا بادىكى جايلاشتۇرۇلغان «يار - يار» ھارۋىنى ھەيدەپ، يېڭىيەرنىڭ سابىق دادۇيىجاڭى، ھازىرقى داگجۈبۇ فۇشۇجىسى تۇراخۇن يېتىپ كەلدى. تۇراخۇن ئوتتۇرا بوي، قوي كوز، بۇغداي ئوڭلۇك، 45 ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنىڭ موللىقى، تىنىم تاپماس ئەمگەكچانلىقى بىلەن كوپنىڭ ھورمىتىگە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇش پېئىل، ھېكايىچى، تەمكىن ئادەم ئىدى.

— بەللى ئىنىم، مانا ساڭا سەپەردىن تەككەن ئىكەن، — دىدى ئۇ سابىر بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كورۇشۇپ ۋە ئاق خەسە كوينىكى ئۈستىدىن باغلىۋالغان بەلۋىغىنى چىگىتىپ تۇرۇپ، زوقلىنىپ سابىرغا نەزەر سالدى ۋە كىچىككىنە كەكە ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى، — شۇنداق، سەپەر ساڭا يارىشىپتۇ، ئۇكام. قامىتىڭگە قامەت قوشۇلۇپ، بىر ئوبدان سەمرىپ كەپسەن. خوش، قېنى ئېيتقىنا، داجەيلىك قېرىنداشلار ئوبدان تۇرۇپتىمۇ.......

سابىر تۇراخۇننى كورگىنىگە ناھايىتى خوشال بولدى. ئۇ يېڭىيەردە تۇنجى قېتىم جۇڭگو گۇڭچەندانگىغا كىرگەن ۋە ئوزى بىلەن ھەمەنەپەس، تەقدىرداش بولغان بۇ ئەزىمەت كىشىنى بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ، چىن كوڭلىدىن ھورمەت قىلاتتى. تۇراخۇن ئوزى توغرىلىق گەپ - سوز بولسا، مەنىلىك قىلىپ: «مەن پومىششىكنىڭ قوروسىدىكى چاغدىلا پومىششىككە ئاتاپ، غەزەپ - نەپرەت، دەرت - ئەلەمدىن كېپەن تىكىشكە كىرىشكەن ئىدىم. يوروق دۇنياغا كوز ئاچقان كۈنىلا پومىششىكنىڭ ئوزىنى شۇ كېپەنگە يوگەپ يەرلىكىدە قويدۇم» دەيتتى. ئېيتقاندەك، 1951 - يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش دۈينىڭ كادىرلىرى بۇ باغلىق كەنتكە يېتىپ كەلگەندە، تۇراخۇن زومىگەر - پومىششىك مۇزەپپەرنىڭ ئۆيىدە تېخى زۇلۇمدىن قۇتۇلمىغان 3 - ئەۋلات يىللىقچى ئىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم، تەكلىپ بويىچە نامرات دېخانلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ماۋجۇشىنىڭ **«كەمبەغەل دېخانلار بولمىغان بولسا، ئىنقىلاپ بولمىغان بولاتتى»** دېگەن سوزىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم چەكسىز شاتلىق ۋە ئۆزىگە بولغان ئاجايىپ ئىشەنچ، ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىنى سېزىش تۇيغۇسى بىلەن ھاياجانلاندى ھەمدە شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن، كوكرەك كېرىپ چىقىپ، نەچچە مىڭ يىل ھوكۇم سۈرگەن فېودالىزم تۈزۈمىنى يىمىرىپ تاشلاشقا بەل باغلىغان كەمبەغەل دېخانلار ئارمىيىسىگە قېتىلىپ، ماۋجۇشى، گوڭچەنداڭ كورسەتكەن ئىنقىلاپ يولى بىلەن ئىلگىرىلىدى.... سۇ تۇتقۇچى، ئورمان باققۇچى، ماخوچى، شياۋدۈيجاڭ، دادۈينىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكى، دادۈيجاڭ بولدى. كوپچىلىك ئۇنىڭغا مەيلى قايسى خىزمەتنى تاپشۇرسۇن، ئۇ كوڭلى ئازادە، غەيرەتلىك جۇشقۇن ھالدا كوللېكتىپقا پايدىلىق ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل، جان كويدۇرۇپ ئىشلەيتتى. بىرەر ئىشتىن زارلىنىش، ئۇتۇق - نەتىجىسىگە قاراپ مەغرۇرلىنىپ كېتىش ئۇنىڭغا يات ئىدى. ئەڭ موھىمى، بۇ پىشقەدەم كونا كادىر ئوزىنىڭ جۇشقۇن ياشلىق باھارىنى، گويا ئارىدىن يىگىرمە يىل ئوتمىگەندەك، بىر خىل قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتاتتى......

سابىر ھارۋىغا چىقتى، چوڭ سومكىنى يېنىغا ئالدى. تۇراخۇن قامچىنى ئوينىتىپ، دەستىسى بىلەن كالىنى نوقىدى: «چۇۋ، جانىۋار، قەدىمىڭنى تېزلەتكىن». سابىر داجەي توغرىسىدا، تۇراخۇن دادۈيدىكى ئوزگىرىشلەر توغرىسىدا سوز ئېچىشتى ۋە قىزغىن سوزلەشتى. ئاندىن سابىر بايىقى ئوي - پىكىرلىرىگە قايتىپ كەلدى:

— تۇراخۇنكا، قارىغىنا، كورۇۋاتامسەن، — دېدى ئۇ قىزىلتاغنىڭ كەينىدە ھەيۋەتلىك قەد كوتىرىپ تۇرغان ئاپپاق قارلىق تاغنى كورسىتىپ تۇرۇپ، — ھە، كوردۇڭمۇ، ئەشۇ كورۇنگەن تاغ ئۈستىدىكى قار سۇلىرى نەگىمۇ كېتىدىغاندۇ؟

— نەگە دەمسىنا؟... — تۇراخۇن ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان

كالىنى نوقۇپ تۇرۇپ دېدى، — جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭ ئۇكام. نەگە
بېشى قايسا، شۇ يەرگە كېتىۋېرىدۇ - دە. سۇ دېگەن ھەجەپ بىر نېمە،
تەلۋىلىكى تۇتسا، چوڭقۇرنى تاشلاپ، دۆڭگە چاپىدۇ، ئېھتىمال، ئۇ سۇ
ھېچقەيەرگە كەتمەيدىغاندۇ.

تۇراخۇن شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن، كۆزلىرى ئىختىيارسىز قارلىق
تاققا تىكىلىپ، بىر پەس توختاپ قالدى ۋە:

— خوش، سەن بۇنى نېمىگە سوراپ قالدىڭ، ئۇكام، — دەپ سورىدى.

— مەن داجەيدىن كەلگىچە، — دېدى سابىر ئويلانغان ھالدا، — جىق
نەرسىلەرنى ئويلاپ كوردۇم. ۋاقىت — تۇرىۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس، تومۇر
بوۋام ئېيتقاندەك «ئوتكەن ۋاقىت — ئوچكەن ئوت». داجەيلىك قېرىنداشلار
ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ماۋزېدۇڭ سىشياڭىغا، ئۆز كۈچىگە، ئىككى بىلىكى-
گە تايىنىپ، قاقاس تاغ، بەگۋاش سۇ، چوڭقۇر جىلغىلارنى ئۆزگەرتىپ،
مۆجىزىلەر ياراتقان. ئۇلار قىلغان ئىشنى بىز نېمىشقا قىلالمايمىز؟

تۇراخۇن سابىرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى بولغاي، بۇنى ئاڭلاپ،
دىلى سۆيۈنگەندەك بولدى، كەككە ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى ۋە ئۆزىنىڭ
ئادىتى بويىچە گەپنى باشتىن، ئۇزاق ئوتمۇشتىن باشلىدى:

— مەن زومىگەر مۇزەپپەرنىڭ ئويىدىكى چاغدا، — دېدى ئۇ بىر
خىل، ئاستا كېتىۋاتقان كالىنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مۇزەپپەرنىڭ
بويىغا يەتكەن بىر قىزى بولىدىغان، بۇ قىز ئۇشتۇمتۇت پالەچ بولۇپ
يېتىپ قالدى. مۇزەپپەر ئۆز ھوكمىنى ئىشقا سېلىپ، قىزىلتاغ ئەتراپىدىكى
بارلىق يۇرتنىڭ داخان، پېرىخۇن، باخشى، رەممال دېگەنلىرىنىڭ ھەممە-
سىنى يىغىپ، جىن، ئالۋاستى، شەيتان دېگەنلەرنى ئۆزى تۇگۇل، يەتمىش
پۇشتىغىچە تىللاتقۇزدى. لېكىن، قاملاشمىغىنى — پالەچ قىز ياتقان ئورنىغا
تەرەت قىلىپ قويۇشقىچە بېرىپ يەتتى — ساقايمىدى. شۇنىڭ بىلەن قايسى-
بىر تېۋىپ: «قىزنى يېڭى سويۇۋېلىنغان بورى تېرىسىگە يوگىسە ساقىيىدۇ»
دەپتۇ. مۇزەپپەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىزنى شۇ كۈنىلا تاققا بۇيرىدى. بىز
ئۇچ يىللىقچى - چاكار قاپقان، ئوۋ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ، بىر كۈن يول
مېڭىپ، قىزىلتاغنىڭ كەينىگە ئوتتۇق. ئوھۇ... كارامەت ئىش: تاغ ئۈس-
تىدە ئاپپاق قار، تاغ قاپتاللىرىدا ياپ - يېشىل قارىغاي، تۈۋەندە — جىلغا

ئىچىدە بولسا، كوپ ـ كوك مۇز، ھەممە يەر سۇچىلىق... دېمەك، خۇدانىڭ بىچەل قىسمەتلىرى ئاز ئەمەسكەن ـ دە! ئاجايىپ ئىش، بۇ يەردە سۇ ئالتۇندىن قىممەت، ئۇ يەردە بولسا سۇ ماڭدىغان يول تاپالماي ئۆيۈپ قالغان!......

— سۇ بارۇ، ئەمما، توسۇلۇپ قالغان دېگىنە.

— شۇنداق، ئىگىز قاراق ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالغان.

— خوش، شۇنداق قىلىپ، ئاددىسى، بورىنى تۇتتۇڭلارمۇ؟

— ياقەي، نەدىكىنى! — تۇراخۇن تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى، — ئۈچ كۈن ئاۋارە بولدۇق. چىقمىغان تاغ، كىرمىگەن ئۆڭكۈر قالمىدى، «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، بورىدىن تىۋىش ـ سادا بولمىدى. يېشى بىزدىن سەل چوڭراق بىر دوستىمىز: «ئاغىنىلەر، سوغاق سوگەكتىن ئۆتتى، روزىغار تۈگىدى. كىم ئۇچۇن شۇنچىۋالا جاپا چېكىمىز؟ جورۇڭلار، كېتەيلى، باي ئۆزى كېلىپ تۇتۇۋالسۇن» دېدى. مەن بولسام: «بورىنى يارتىشقا دىتى يەتكەن خۇدا ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا ئەقىل تەقسىم قىلىشنىمۇ ئۇنتۇمىغان بولسا كېرەك. نەدىمۇ ئالەمنىڭ ئىسسىق ئورمانلىرىنى تاشلىۋېتىپ، مۇزلۇق تاققا كېلىپ ئۆزىنى قىينايدىغان بورى بولسۇن» دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز قايتىپ كەتتۇق. يېڭىيەرنىڭ تارىخى تومۇر بوۋاغا بەش قولدەك ئايان. ئۇنىڭ ئېنىق ھېساپلىشىچە، يېڭىيەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، زومگەر مۇزەپپەرنىڭ بوۋىسى ئابدۇل قاۋان قىزىلتاغ باغرىدىكى توققۇز يۇرتقا بەگ ـ ئەلەم بولغاندا، «تاتلىق بۇلاق» نى پەملەپ، ئاۋال مال قوتىنى سالدۇرغان، كېيىن بۇلاق سۇلىرىنىڭ كوپييىشىگە ئەگىشىپ، ئېكىن يەرلەر پەيدا بولغان. تومۇر بوۋا ئەقلىنى بىلگەندە، يېڭىيەردە ھەممىسى بولۇپ، ئەللىك ئائىلىگە يەتمەيدىغان قۇل، يىللىقچى، ئىجارىكەش دېخانلار بار ئىكەن. ھازىر بولسا يېڭىيەردە قانچە ئائىلە بار؟ ساق 420، دېمەك، چوڭ دادۇي. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇلاقلارنىڭ كوزىنى تازىلاش، سۇ يولىنى راۋانلاشتۇرۇش يولى بىلەن سۇنىڭ ئاستا ـ ئاستا كوپييىشىگە ئەگىشىپ بولغان. مانا كېيىنكى كۈنلەردە بىزدە كىچىگرەك سۇ ئامبىرىمۇ بار بولدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، «تاتلىق بۇلاق» نىڭ تومۇرى قىزىلتاغ كەينىدىكى

قار ـ مۇز بىلەن بىر بولۇشى ئېھتىمال...

تۇراخۇن ئىسمىنىدۇ ئويلاپ، بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى، قارلىق تاققا، ئاقىرىپ ياتقان بوزغا قاراپ قويدى، قەددىنى تۇزەپ، خەسە كويىنىگىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى ۋە كوكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ، سەل ھاياجانلىنىپ، سوزىنى داۋام قىلدى:

— داجەيلىك قېرىنداشلار قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلالايمىز، نىمىشقا قىلالمايدىكەنمىز؟...... مانا سەن ئىنىم ئويلاپ كور. قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىش ئارزۇسىنى مەن دادامدىن ئاڭلىغان، دادام رەمەتلىك بولسا دادىسىدىن ئاڭلىغان ئىكەن. لېكىن، ئۇ كەملەردە بۇ بىر خىل تاتلىق ئارزۇ، شىرىن خىيالla ئىدى. ھەممىدىن موھىمى، بۇ سۇنى كىم ئۇچۇن باشلاپ كېلىش مەسىلىسى بار ئىدى. ھازىر بولسا جاھان ئوزگەردى، يېڭىيەرنىڭ ئاسمىنىمۇ، يېرىگىمۇ ئوزىمىز خوجا. ئىنقىلاپ بىزدىن كوپلەپ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ئېھتىياج — سوتسىيالىزىم بىناسىنى تېخىمۇ كوركەم قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن ئىنتايىن زورۇر. مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى باشلانغاندىن كېيىن مەن ھېمىشەم كەچتە ئوغلۇمغا «يۇيگۇڭنىڭ تاغنى يوتكىشى»نى ئوقۇتۇپ ئاڭلايمەن. ئوغلۇم ئۇنلۇك ئوقۇيدۇ. مەن بولسام قېرى يۇيگۇڭنى قارلىق تاققا باغلاپ، قار ـ مۇز سۇلىرىنى ئويلايمەن. يۇيگۇڭ قەتئى نىيەتكە كېلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، جىرسونى مات قىلىپ، ئوز مەقسىدىگە يەتكەن. بىز بولساق سوتسىيالىزىم قۇرۇۋاتقان يېڭى دىخانلار، مۇستەھكەم ئويۇشقان كىشىلەرمىز. يۇيگۇڭ بىر، بىز بولساق كوپرەك. ۋاقىت — غەنىمەت، ئوتكۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ. نەق گەپنى ئېيتساق، قارلىق تاغ بىز جۇرئەت قىلىپ، باش ئەگدۇرمىسەك، ئوزى كېلىپ باش ئېگىدىغان ئۇنچىۋالا سېخى ئەمەستە......

تۇراخۇن قىزغىن، ھاياجانلىنىپ سوزلەۋاتقاندا، يېڭىيەر تەرەپتىن بىر توپ ھارۋىلىق كارۋان چىقىپ كەلدى. توتتىن ئات قوشۇلغان رىزىنكا چاقلىق ھارۋىلارغا تاغدەك دوۋىلەپ ئاق ئالتۇن بېسىلغان ئىدى. ھارۋىلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلار يېڭىيەر داۋۇيىنىڭ ئوت يۈرەك ياشلىرى ئىدى. ئۇلار يىراقتىنلا سابىرنى كورۇپ، يۇگۇرۇپ كېلىشتى. ۋۇجۇدى كۇچ ـ قۇۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەتكە تولغان، كوزلىرىدىن شاتلىق ـ ياشلىق جۇشقۇنلىقى تېپىپ تۇرغان بۇ خۇشچاقچاق يىگىتلەر تاغلىق يېزىنىڭ ئادىتى بويىچە ھەممىسى بېشىغا بىر خىل بادام دوپپا كىيگەن، كالتە خەسە كوينەكنىڭ ئۈستىدىن قىزىل بەلۋاغلىرىنى تارتىپ باغلىغان بولۇپ، پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۇرۇشۇۋالغان ئىدى. ھەممىسىنىڭ قولىدا چاڭ قومۇچتىن ئىشلەنگەن قىزىل پوپۇكلۇك ئەۋرىشىم قامچىلار بولۇپ، ناھايىتى خوشال ئىدى. ئۇلار سابىرنىڭ قولىنى سىقىشىپ، قىزغىن ئەھۋال سورىشىپ كەتتى:

— سالامەت كەلدىڭىزمۇ، سابىر ئاكا!

— سەپىرىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن!......

سابىر يىگىتلەرگە دوستانە چاقچاق قىلدى:

— ھە، ئۇكىلار، نىمىشقا كەچ كىرگەندە يولغا چىقتىڭلار؟

— يېڭىيەرنىڭ كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدا، — دىدى بەستلىك كەلگەن بىر ياش يىگىت كوزلىرىنى ئوينىتىپ، — كۈنىنىڭ كەچ كىرىپ كەتكىنى ھېچگەپ ئەمەس. دولەتكە بىر كۈن بولسىمۇ پاختىنى بالدۇر تاپشۇرۇپ، دادۇيىمىزنىڭ شەرىپىنى ساقلاش كېرەك... لېكىن ـ زە...، — يىگىت ھەييارلىق بىلەن دوستلىرىغا قاراپ قويدى، — نىمە دىسەم بولىدۇ، تۇراخۇنكام بىزنى ئۇسال قىلماقچى......

ياشلار كۈلۈشۈپ كەتتى. سابىر قىزىقتى:

— خوش، نىمە گەپ ئوزى. قانداق ئۇسال قىلماقچىكەن؟

تومۇر بوۋىنىڭ ئون سەككىز ياشلاردىكى دوغلاقتىنا كەلگەن كىچىك ئوغلى توختى كۈلكە يىغىپ تۇرىدىغان كوزلىرىنى قىسىپ، تۇراخۇنغا قاراپ قويدى:

— سابىر ئاكا، بۇ قانداق بولغىنى. تۇراخۇنكام بىزنى ئوزىگە زادىلا يەتكۈزمەيۋاتىدۇ. دۇنيادا ئات ھارۋىسى كالا ھارۋىسىغا يېتىشەلمەيدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟

— قىزىق ئىكەنسەن، توختى، — دىدى تۇراخۇن كەكە ساقىلىنى سىلاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇنداق ئىش بولىدۇ، نىمىشقا بولمايدىكەن. ئىككى كۈن بولدى، مانا سىلەر يېتىشەلمەيۋاتىسىلەرغۇ.

— بۇ يىل كېۋەزلىرىمىز ناھايىتى بەلەن، — دىدى ئابابەكرى.

كۇچلۇك، ئىگىز بوي، ئورۇقراق كەلگەن بۇ يىگىت دادۇي تۇەنجۇبۇ شۇجىسى ئىدى، — كېيۈەزنىڭ بىرىنچى تېرىمى تېخى تۈگىمىدى. لېكىن، زادىلا توشۇپ ئۇلگۈرتەلمەيۋاتىمىز. ئولۇشكۇن تۇراخۇنكام ماڭا: پاختا پۇنكىتىغا بىر كۈندە ئىككى قېتىم قاتناشنى سىناپ كورمەمسىلەر، — دىگەن ئىدى. بىز بولساق بۇ گەپكە ئانچىلا كوڭۇل شمەپتۇق. تۈنۈگۈن ئەتىگەن بىز هار-ۋىلارغا پاختا بېسىپ بولۇپ، يولغا چىقايلى، دەپ تۇرساق، تۇراخۇنكام ئاللىقاچان كالا هارۋىسى بىلەن پاختا پۇنكىتىغا بىر قېتىم بېرىپ قايتىپ-تۇ. بىز ئىككىنچى قېتىم يولغا چىققاندا، تۇراخۇنكام 2 - قېتىملىق ۋەزى-پىسىنى تۈگىتىپ، كالىنى هارۋىدىن چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، دادۇيجاڭ بىزنى ئوزىگە، ئات هارۋىسىنى كالا هارۋىسىغا يەتكۈزمەكچى ئەمەس. لېكىن، بىزمۇ بوش كەلمىدۇق. تەجرىبىلەرنى يەكۇنلىدۇق. ئەته چوقۇم يېتىشىۋالىمىز.

— ئوبدان قىپسىلەر، ياخشى، — دىدى سابىر ياشلار بىلەن خوشلى-شىپ تۇرۇپ، — قېنى بېرىڭلار، ئۈكىلار، كەچ قالماڭلار. مەن، سىلەر قاي-تىپ كەلگەندىن كېيىن داجەي يىگىتلىرى توغرىسىدا سوزلەپ بېرەمەن، بولامدۇ؟

— جەزمەن ئاڭلايمىز!... — يىگىتلەر شوخلۇق بىلەن قامچىلىرىدىن قاس چىقىرىپ، هارۋىلىرىغا يۈگۈرۈشتى.

ئات هارۋىلىرى ئوتۇپ كەتتى. سابىر كالا هارۋىسىغا چىقىپ، جاي-لاشتى ۋە سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ، سەممى هالدا:

— تۇراخۇنكا، سەن ياشلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتمىگىن، ئۇلار يەنە ئۈگىنىشى كېرەك. ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئې-سىڭدىن چىقارما! — دىدى.

— يوقسۇ ئۇكا، — دىدى تۇراخۇن كالىنى ئالدىرىتىپ تۇرۇپ، — مەدى-نىيەت زور ئىنقىلاۋى ياش ئەۋلاتلارنى تەربىيلەپ چىنىقتۇردى. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئوزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدۇ. كىم ئۇ-چۈن ئىشلەش، نىمە ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماسلىق لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ. دىمەك، ئۇلار يېڭى ئادەملەر. شۇڭا، هەربىرى ئىككى - ئۈچ كىشىلىك ئىشنى بەستىگە ئېلىپ ئىشلىسىمۇ، كوڭلى قانائەت تاپمايدۇ. قىسقىسى، يىگىتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يېنىپ تۇرغان ئوت، ئالتۇندەك باللار......
كالا ھارۋىسى كاداڭ ھارۋا يولىدىن چىقىپ، مەھەللە ئىچىگە بۇ-رالدى. كۈمۈش ياپراقلىق، ئالتۇن مىۋە — جىگدىلەر بىلەن ئورالغان ھويلا-ئارامالار، يېڭىيەر باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ ئاپپاق ئىمارىتى، مەكتەپ مومىسىدا لەپىلدەپ تۇرغان بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئوچۇق كورۇندى. قىزىلتاغ ئۈستىدە بىر گەزچە ئېگىزلىكتە ئالتۇن لىگەندەك ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش شۇ تاپتا بۇ تاغلىق كوجۇم يېزىنى ئوزىنىڭ قىزغۇچ، جىلۋىلىك نۇرلىرى بىلەن تاۋلاپ، تېخىمۇ كوركەم - گۈزەل قىلىۋەتكەن ئىدى.
ئەزالار كەچلىك تاماقلىرىنى يىيىش ئۈچۈن كېتىشكەن ئوخشايدۇ. ئېتىزلاردا ھېچكىم كورۇنمەيتتى. پەقەت سول تەرەپتىكى چوڭ ئويماتىنىڭ ئېچىگىدا توت - بەش ئەزا كەتمەنلىرىنى گۈس - گۈس چېپىپ، نىمە بىلەندۇ ھەپىلىشىۋاتاتتى. سابىر ئۇلارنى كورگەندىن كېيىن، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، چاپىنىنى سېلىپ، چوڭ سومكىنىڭ بېغىغا ئوتكۈزۈپ قويدى.
— تۇراخۇنكا، مەن ئەزالارنىڭ قېشىغا باراي، كۆزلۈك ئوسىغا سۇ باشلىغان ئوخشايدۇ، — دىدى سابىر.
— ھېرىپ - ئېچىپ كەلدىڭ ئىنىم، بۈگۈنچە دەم ئالساڭمۇ بولاتتى، — دىدى تۇراخۇن ئۆيلىنىپ كويۇنگەن ھالدا.
— ھېچقىسى يوق، — دىدى سابىر ئېتىز تەرەپكە كېتىۋېتىپ، — كەتمەننى قولۇمغا ئالمىغىنىمغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. سۇچىلار ئالدىراش ئىشلەۋېتىپتۇ، ئەشۇ يەرگە باراي. كەچتە كورۇشىمىز......
— يارايسەن ئىنىم، — دىدى تۇراخۇن بايا سابىرنىڭ داجەي كادىرلىرىنىڭ ئەمگەكتىن، ئاممىدىن ئايرىلمايدىغان ئېسىل پەزىلىتى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن سوزلىرىنى ئەسلەپ، — دۇرۇس ئىش. بارغىن، مەنمۇ ھارۋىنى چىقىرىۋېتىپ، كەينىڭدىن يېتىپ بارىمەن......

## 3. گوھەر يەتكۈزۈش

سابىر چوڭ سومكىنى كوتىرىپ، ئالدىدا تالبارىكى بار پىشايۋانلىق ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، ئانىسى گۈلسۈمخان ئاچا لامپىغا سەرەڭگە يېقىۋاتاتتى.

گۈلسۇمخان ئاچا ــ ۋاقىتسىز قېرىغان، چاچلىرى ئاقارغان، مېھرىۋان ئايال ئىدى. يېگىيەرلىكلەرنىڭ كوپچىلىگى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، «ئانا» دەپ ئاتايتتى. ئانا ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەن سابىرنى كورۇپ دىلى سۇيۇنۇپ كەتتى ۋە كوزلىرىگە شاتلىق يېشى ئالدى:

ــ جېنىم بالام، كېلىپ قالدىڭمۇ؟ ــ دېدى ئانا، سابىرنىڭ كەڭ ماڭلىيىغا، يېنىپ تۇرغان شات كوزلىرىگە سۇيۇپ تۇرۇپ، ــ مەن بىلىمەن ئوغلۇم، سەن داجەيگە، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا باردىڭ، بىلسەڭ، جېنىم قوزام، سەن كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ سېنى ياد ئەتمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق.......

گۈلسۇمخان ئاچا سابىرنىڭ كىچىك ئانىسى ئىدى. سابىرنىڭ دادىسى ئىمىن ئاخۇن، ئانىسى مەريەمخان نەچچە ئەۋلادىدىن تارتىپ زومىگەر پومىشىك مۇزەپپەرلەرنىڭ قارا دەپتىرىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئەركى يوق چاكارلىرى ئىدى. ئىمىن ئاخۇن مال باقاتتى، ناھايىتى ۋىجدانلىق، توغرىكېسەر ئادەم ئىدى. ئۇ زۇلۇمغا قارشىلىق كورسىتىپ، مۇزەپپەرنىڭ زەھەر تىللىق قامچىسى ئاستىدا ھوشسىزلىنىپ جان ئۈزگەندە، سابىر تېخى ئالتە ئايلىق بوۋاق ئىدى. مەريەمخان كىچىككىنە سابىرنى كۈندۈزى ئوشنىسىگە ئارتىپ، كېچىسى باغرىغا بېسىپ، مىڭبىر جاپالار بىلەن ئۈچ ياشقا كىرگۈزگەندە، بۇ ئادەمخور چايانلار ئائىلىسى مەريەمخاننىڭمۇ ياش ھاياتىنى يالماپ - يۇتىۋەتتى ــ 1949 - يىلى، ئازاتلىق تېگى ئېتىۋاتقان بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە، ئۇ مۇزەپپەرلەر ئائىلىسىنىڭ چوڭ تونۇرىغا نان يېقىۋېتىپ ـ ھالسىزلىنىپ، كوزى قاراڭغۇلىشىپ تونۇرغا يىقىلدى-دە، قوقاستا پۇچىلىنىپ قازا تاپتى. مانا شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن يېتىم بالا بولۇپ قالغان كىچىككىنە سابىر بۇ مەھەللىدىكى بىردىن - بىر تۇققىنى ــ نامرات تۇل ئايال گۈلسۇمخان ئاچىنىڭ توخۇ كاتىكىدەك بىر ئېغىزلىق غېرىپ كەپىسىنى ئوزىگە پانا قىلدى.......

ئازاتلىقتىن كېيىنكى قىزغىن كۈرەش يىللىرى سابىرنى كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەقىللىق، ئىشچان، خەلققە يېقىن بالا قىلىپ تەربىيىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سابىرنىڭ دادىسى ئىمىن ئاخۇن بىلەن ئوتمۇشتە قىسمەت ـ تەقدىرى بىر بولغان تومۇر بوۋا، تۇراخۇنغا ئوخشاش كوپلىگەن كەمبەغەل دىخانلار سابىرنى كوز قىرىدىن كەتكۈزمەي، ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق، ۋاپادارلىق كورسىتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ياخشى ۋە كىرەكلىك ئادەم بولۇپ ئوسۇشىگە كوكۇل بولدى. سابىر 1963 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قوغداش نىيىتىدە تەكرار تەلەپ ـ ئىلتىماس قىلىپ، ئازاتلىق ئارمىيە سىپىگە كەتتى. شۇنىدىن بىرى ئۇ دادۇي تەۋەنجىزبۇ شۇجىسى، مىنىڭ پەيىنىڭ پەيجاڭى ئىدى. ئانا ئۇنى توت يىل كۇتتى. بۇ توت يىلنى ئۇ ھەم يۇرىگىنىڭ قات ـ قىتىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، تىشىپ يامراپ تۇرغان پەخىرلىنىش غورۇرى بىلەن، ھەم ئانىلىق مىھرى ـ شەپقەت، سىغىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئوتكۇزدى.

پرولىتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىنىڭ ئوتلىرى يالقۇنجاپ يىنىۋاتقان، ئەكسىيەتچى پومىششىك ـ بۇرژۇئازىيىنىڭ قالدۇق كۇچلىرى تازا تىرە ـ پىرەن بولۇپ يىمىرىلىۋاتقان خوشاللىق كۇنلەردە، سابىر ھەربى خىزمەت ئوتەش ۋەزىپىسىنى شەرەپلىك ھالدا ئادا قىلىپ، چىڭ ئىققان، تەربىيە كورگەن گۇگچەنداڭ ئەزاسى بولۇپ، يىگىيەرگە قايتىپ كەلدى ۋە دەرھال كەمبەغەل دىخان، تۇۋەن ئوتتۇرا دىخانلار بىلەن بىرلىكتە، ئىنقىلاپ بايرىغىنى ئىگىز كوتىرىپ، كۇرەشكە قاتناشتى......

گۇلسۇمخان ئاچا سابىر بىسىپ ئوتكەن بۇ يوللارنى ئويلىسا، چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ، سۇيۇنۇپ كىتەتتى ۋە ھىمىشەم شاتلىنىپ: «كونا جەمىيەتتە قۇرۇپ قاخشال بولاي دەپ قالغان دەرەخ ـــ يىڭىۋاشتىن كوكلەپ ياشنىدى. مىنىڭ يىتىم قوزام سابىر ماۋ جۇشى، گۇگچەنداڭنىڭ تەربىيىسىدە قاۋۇل، بىجىرىم ئادەم، «ئەل سويگەن ئەر، سايىسى بار دەرەخ» بولدى دەپ تىلىدىن چۇشۇرمەيتتى......

سابىرنىڭ داجەيدىن قايتىپ كەلگەنلىكى دادۇي ئىشخانىسىنىڭ ئوگزىسىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازىدەك، بىر دەمدىلا يۇرت ئىچىگە تارىلىپ كەتتى. تالباراگلىق ھويلا خولۇم ـ خوشنىلار، چوكان ـ جۇۋانلار، قىز ـ يىگىتلەر بىلەن تولدى. تالباراڭ ئاستىغا پالاس ـ كىگىزلەر سىلىندى، لەمپىگە مادىڭ ئىسىلدى ۋە ھەممەيلەن تاغلىق يىزىنىڭ ئادىتى بويىچە

سابىرنى ئۇتتۇرىغا ئېلىپ: «تېچ كەلدىڭمۇ»، «سەپىرىڭگە مۇبارەك...»، «داجەيلىك قېرىنداشلار تېچمىكەن؟» دېيىشىپ، ئۇنى تەبرىكلەشتى. تالباراڭ ئاستى خۇشخۇي جاراڭلىق كۈلكە، كوڭۈللۈك دوستانە چاخچاقلار بىلەن جانلاندى.

دادۇي ئىنقىلاۋىي ۋېييۈەنخۇيىنىڭ فۇجۇرېنى، سابىق فۇدادۇيجاڭ نىياز قۇربان ئۆزىگە يارىشىدىغان شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، غۇلاچلىرىنى كەڭ كېرىپ، سابىرنى قۇچاقلىدى ۋە قاپقارا بۇرۇتلىرىنى بۇراپ تۇرۇپ:

— «كۆرگەن كورگىنىنى قىلار، كورمىگەن ئىمىنى قىلار» دەپتىكەن، ئىنىم. مانا ئەمدى سېنىڭ داجەيگە بېرىپ، كورۇپ، ئۇگىنىپ كەلگىنىڭ ئۈزۈك ئىش بولدى. بىزمۇ ئەمدى بىر ئاز مىدىرلارمىز، — دېدى.

ئاخىرىدا، تالباراڭلىق هويلىغا تومۇر بوۋا كىرىپ كەلدى. تومۇر بوۋا ساقال - بۇرۇتلىرى ئاپپاق ئاقارغان، ئىمەن - تېتىك، سەكسەن ياشتىن هالقىغان پېشقەدەم كەمبەغەل دىخان بولۇپ، دادۇي ئىنقىلاۋىي ۋېييۈەنخۇيىنىڭ ۋېييۈەنى ئىدى. بوۋاي مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى باشلانغاندىن كېيىن، ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىگە هەمرا قىلىپ كېلىۋاتقان كالا مۈڭگۈزى ساپلىق قەدىمى هاسىسىنى تاشلىۋەتتى، بېشىغا گۈل چەككەن ئاق خەسە دوپپا، ئۈستىگە كىر تەگمىگەن ئاق يەكتەك كىيىپ، بېلىنى قىزىل بەلۋاغدا تارتىپ باغلاپ، خۇددى ياش يىگىتلەردەك يۈرىدىغان بولدى. هەر هەپتىدە ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىردۇرۇپ - ياسىتىشنى ئۇنتۇمايتتى ۋە ناهايىتى خوشال ئىدى. يېڭىيەر دادۇيىنىڭ ئەزالىرى بولسا ئۇنى سەممى هورمەت قىلاتتى ۋە بوۋاينىڭ جىڭ ئالتۇندەك تازا، تاشقا مۆهۈر باسقاندەك پۇختا - هېكمەتلىك سوزلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سالاتتى.

تومۇر بوۋا تالباراڭ ئاستىغا كېلىپ، سابىرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ، ئىمىنىدۇ دەگسەپ كورۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا خېلىغىچە سەپ سېلىپ تۇردى. بوۋاينىڭ كوزلىرى نۇرلىنىپ تۇراتتى ۋە ئىمىگىدۇ تەقەززا بولۇۋاتقاندەك ئىدى. سابىر داجەيگە قاراپ يولغا چىققاندا، بوۋاي ئۇنى هەر هالدا ئىچكىرىلەرگە بارسا، ماۋ جۇشىنى كورۇپ كېلەرمىكىن، دېگەن ئويدا بولغان ئىدى. سابىر بولسا بۈگۈن كەلدى. جەزمەن بۇ ئىشنى سوراپ كورۇش كېرەك.

— ئوغلۇم، مەن سەندىن بىر نەرسىنى سوراي، — بوۋاي سەل ھاياجانلانغان ئىدى، كوكرىگى ئىگىز - ئىگىز كۆتىرىلەتتى ۋە سابىرغا يىپىشىپ قارايتتى، — خوش، قېنى ئېيتقىنا، سەن بىزنىڭ ماۋ جۇشىنى كۆردۇڭمۇ؛ ماۋ جۇشىنىڭ سالامەتلىكى قانداق، ساڭا نىمە دېدى، شۇنى ئېيتقىن.......

تالباراك ئاستى جىمجىت بولۇپ قالدى. بوۋاي ئەزالارنىڭ يۈرەك سوزلىرىنى ئېيتىۋاتاتتى.

— قىزىقسەن - دە، تومۇر بوۋا، — دېدى بۇ مەھەللىنىڭ ئوچۇق-يورۇق، گەپتان، شوخ قىزلىرىدىن خاسىيەت جىملىقنى بۇزۇپ، — ماۋ جۇشى بېيجىڭدا تۇرىدىغۇ، سابىر ئاكام بولسا ئۇزەڭ بىلىسەن، داجەيگە، شىياڭ ناھىيىسىگە باردى ئەمەسمۇ.......

تومۇر بوۋا ئاقارغان قاشلىرىنى ھىملەپ ئويلىنىپ قالدى.

— ھە...مۇنداق دېگىن، — ئۇ تالباراك ئاستىدا پاتماي ئولتۇرغان ئەزالارغا بىر قۇر كوز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، ساقىلىنى تەمكىن سىرىپ قويدى، — ھە، مەيلى «دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەننىڭ يولى» دېگەن گەپ بار ئوغلۇم. بىز سېنى يەنە بىر قېتىمدا چوقۇم شۇ قۇياشلىق شەھەرگە، ماۋ جۇشىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىمىز. ئۇ چاغدا سەن داھىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىز يېڭىيەرلىكلەر ئۇتمۇشتە كىم بولغان، ھازىر كىم بولدۇق. ھەممىسىنى سوزلەپ بېرىسەن.......

مېھماندوست گۈلسۈمخان ئاچا خوشاللىقتىن پاي - پىتەك بولۇپ يۈرەتتى. پىشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا، تالباراك ئاستىغا داستىخان سالدى. پەتنۇستا كاكچى - توقاچلارنى ئېلىپ چىقتى، پۈتىغا ئورۇندۇق قويۇپ ئۈزۈم تالدىن مۇناقى، ۋاسالغىلارنى قايچىدا ساپىغىدىن كەستى، باغدىن كۆزلۈك شاپتۇل - توغاچلارنى لىگەنلەردە ئېلىپ چىقتى.

— ئېلىڭلار تۇققانلار، يېڭى باغنىڭ مىۋىسى، سابىرغا ئاتاپ ساقلىغان ئىدىم، ھەممىڭلار ئېغىز تېگىڭلار، — دەيتتى ئانا خوشاللىقى ئىچىگە پاتمىغان ھالدا رازىمەنلىك بىلەن.

تومۇر بوۋا مەي باغلىغان شىرىن مۇناقى ئۈزۈمگە ئېغىز تېگىپ تۇرۇپ، سابىردىن سورىدى:

— سەن يولغا چىقىشىڭنىڭ ئالدىدا مەن ساڭا بىر نەرسىنى تاپىلى-
غان ئىدىم، ئېسىڭدە بارمۇ ئوغلۇم؟

— ئېسىمدە بار، نىمىشقا بولمىسۇن، — دېدى سابىر، — يولداش
جاۋتيەن بىلەن يولدا، ماشىنا ئۈستىدە تەسادىپ ئۇچرىشىپ قالدۇق.
جاۋتيەن بۇ يەرگە كېلىشكە ۋەدە بەردى. ساڭا، ھەممەيلەنگە سالام
ئېيتتى.

— شۇنداقمۇ... — تومۇر بوۋا بىر پەسكە كوزىنى يۇمدى،
نىمىندۇ ئويلىدى ۋە كوپچىلىككە قاراپ ئېيتتى، — بۇ خېلى تۈزۈك
يىگىت، پىشانىسى ئوچۇق، بالا. ئۇ ئەسلىدە بۇ يەرگە سوڭ مېي قىزنى
يوقلاپ كەلگەن ئىدى. لېكىن، داۋۇيىمىزگە قەدەم قويۇش بىلەنلا سۈنىڭ
قىسلىغىنى بايقىدى، بىزنىڭ كوپ يىللىق ئارزۇيىمىزنى چۈشەندى. بۇ—
بىر كورۇپ كوڭۈلدىكىنى بىلگەنلىك. مەن بۇ يىگىتكە قايىلمەن......

ئەزالار سابىردىن داجەي ۋە داجەي قەھرىمانلىرى توغرىسىدا سو-
راشتۇردى. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغانلىرى ناھايىتى كوپ ئىدى. يىگىتلەر
داجەي يىگىتلىرى، قىزلار داجەي قىزلىرى توغرىسىدا سورايتتى، ھەتتا،
ماخوچى، سۈچىلارنىڭمۇ ئوزىگە چۈشلۇق قىزىقىدىغانلىرى بار ئىدى.

سابىر جاۋاپ بەرگەچ چۈڭ سۇلياۋ سومكىنى ئاچتى ۋە كىتاپلارنى
تارقاتتى. تالىبارالڭ ئاستى قولدىن قولغا ئوتتۇشۇۋاتقان قىپ - قىزىل
كىتاپلارغا تەلپۈنۈش بىلەن شاتلاندى. تومۇر بوۋا ئوزىگە تەقدىم قىلىنى-
غان كىتاپنى قولىغا ئېلىپ، ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە ئۇزاق قارىدى - دە، ئەمبىلەن
ئاۋايلاپ توش يانچۇغىغا سېلىپ قويدى. تۇراخۇن داجەي داۋۇيى تەقد-
دىم قىلغان — كىچىك - كىچىك خالتىلارغا ئېلىنغان ئۇرۇقلۇقلارغا سىنى-
چىلاپ قاراپ تەكشۇردى - دە، «بۇ ئۇرۇقلارنى جەزمەن ياخشى ئاسراپ،
كېڭەيتىش يوجۈڭ» دېدى. سابىر ئورە تۇرغان ھالدا داجەيدە كورگەن-
تۇكشۇەي، ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىش پىرىنسىپى؛ ئوز كۇچىگە تايىنىپ
ئىش كورۇش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كورەش قىلىش روھى؛ دولەت-
نى، كوللىكتىپنى قىزغىن سۇيۇشتەك كوممۇنىستىك پەزىلىتى ئۇستىدە
توختالدى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسي پىكى داجەينى بارلىققا كەلتۇرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىممەتلىك تەجرىبە، — دېدى سابىر. «يولداش جىن يۈگگويلار ئەزىمەت ئادەملەر ئىكەن، ئۇلار بىزنىڭ بۇ تاغلىق كەنتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئاڭلاپلا چۈشەندى» دېگەندە، تومۇر بوۋا سوز قوشتى:

— شۇنداق، ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ، دۇنيادىكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قەلبى بىر - بىرىگە تۇتاش، ھەممىمىزنىڭ يىلتىزى، نىيەت - ئارزۇيىمىز بىر. ماۋجۇشى بولسا داجەيلىك قېرىنداشلار بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزنى تېخىمۇ يېقىن قىلىپ بىرلەشتۈردى. شۇڭا چۈشىنىدۇ.......

— داجەيدىن ئۆگىنىش، — دېدى سابىر سوزىنى خۇلاسىلەپ، — يىغىپ ئېيتقاندا، ماۋ زېدۇڭ سىياسىغا، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، تاغ-دەريالارنى ئوزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، دېمەكتۇر. داجەيدىكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار بۇ جەھەتتە بىزگە شانلىق ئۈلگە كورسىتىپ بەردى. بىز يېڭىيەرنىڭ سۇسىز، ئارقىدا قالغان قىياپىتىنى ئوزگەرتىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم داجەيلىك قېرىنداشلار ماڭغان يول بىلەن مېڭىشىمىز لازىم.......

تومۇر بوۋا سابىرنىڭ سوزىنى گويا يىپقا مارجان ئوتكۈزۈۋاتقاندەك، پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ تىڭشىدى. ئۇنىڭ كوكرىكى كوتىرىلىپ - پەسىيەتتى، ساقاللىرى سەل تىترەپ، كوزلىرى نۇرلىناتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بەلۋېغىنى چىڭىتىپ، يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى تۈزەيتتى، ئۇ ئاخىرى ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، قوللىرىنى كوكرىكىگە قويۇپ، تەمكىنلىك بىلەن سوز باشلىدى:

— سابىر ئۇغلۇم، ئېيتقىنا، بىزنىڭ ماۋ جۇشىمىز «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بەرگىلى نەچچە يىل بولدى؟

— بۇ چاقىرىق 64 - يىلى چىقىرىلغان، — دېدى سابىر.

تومۇر بوۋا تالباراڭ ئاستىدا ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئەزالارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ ئېيتتى:

— شۇنداق، ماۋجۇشىنىڭ داجەيلىك قېرىنداشلار ماڭغان يولدا مېڭىڭلار، دەپ يوليورۇق بەرگىنىگە بىرنەچچە يىل بولدى. لېكىن بىز نېمىشقا داجەيدىن ياخشى ئۆگىنەلمىدۇق؟ — بوۋاي سىناش نەزىرى بىلەن ئەزالارغا قاراپ قويدى.



www.uyghurkitap.com

— لیۇ شاۋچى ئوغرى ئەگرى يولغا باشلىغان.......
— داجەيدىن ئۆگىنىشىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان.......
— دادۇيىمىزنىڭ ھوقۇقىنى لیۇ شاۋچىنىڭ غالچىسى ئوغرىلا
ئىگەللىۋالغان .......
— گومىنداڭچى ئابدۇراخمان قولىغا كىرگۈزۈۋالغان.......
— ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋي لۇشيەنىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ....
— .........

تومۇر بوۋا ئەزالارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ئېيتىلىۋاتقان ھەقلى
سوزلىرىنى بېشى بىلەن ماقۇللاپ، بىر پەس تۇردى - دە، ساقاللىرىن
سىرىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— دۇرۇس، ناھايىتى دۇرۇس. مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى جىق ئىشلارد
بىزنىڭ كوزىمىزنى ئېچىپ قويدى. ساۋاقلارنى يەكۇنلىۋالدۇق: داجەي
دىن ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن توغرا يولدا ماۋجۇشىنىڭ لۇشيەتىد
مېڭىش زورۇر. بولمىسا «مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قىردىن ئاشالماپتۇ،
دىگەندەك، بىر يەردە قۇرۇق چوگىلەيدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئىلگىرى
بىزنىڭ داجەيدىن ئۆگىنىش ھەركىتىمىز تازا ياخشى بولمىدى، سەۋىۋى
دادۇيىمىزنىڭ بىر قىسىم چوڭ ھوقۇقىنى بىر مەزگىل ھىلىقى بۇزۇق
ئەبلەخ، ئالدامچى كاززاپ ئابدۇراخمان ئوغرىلاپ ئىگەللىۋالغان!......

تومۇر بوۋىنىڭ كوزلىرىدە غەزەپ ئوتلىرى يانغاندەك بولدى.
«ئابدۇراخمان» دىيىلىشىلا ئۇ ئەنە شۇنداق غەزەپلىنەتتى. ئابدۇراخمان
ئازاتلىقتىن كېيىن يېڭىيەر دادۇيىگە قايتىپ كەلگەن گومىنداڭنىڭ لیەن
جاڭى ئىدى، ئۇ قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن ئوزىنى يوشۇرۇپ، دادۇينىڭ
چوڭ ھوقۇقىنى ئوز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بۇزۇق ئۇنسۇر بولۇپ،
ئۇلۇق مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى جەريانىدا ئۇنى كەڭ ئىنقىلاۋي ئامما
پاش قىلىپ تارتىپ چىقارغان ئىدى.

— بۇ بۇزۇق ئەبلەخ - ھارامزادە، — دىدى بوۋاي، — ماۋجۇشىنىڭ
دانا كورسەتمىلىرىنى شۇملۇق بىلەن باستۇرۇپ قويۇپ، ھە دەپ لیۇ
شاۋچى ئوغرىنىڭ قارا مۇددىئاسى بويىچە ئىش قىلدى. كۈندۈزى ئادەم،
كېچىسى جىن بولۇۋېلىپ، تىلى شېكەر، دىلى زەھەرلىك قىلدى. كوز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىمىزدىكى، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدىكى ئانچىكىم مەنپەئەتكە قىزىقتۇرۇپ، ئۇتمۇشنىڭ قارا دوزاق كۇنلىرىنى يەنە بىر مەرتىۋە پەيدا قىلىشنى قەست قىلدى. سوتسىيالىزىم چوڭ يولىدا بىر ئوبدان كېتىۋاتقان قەدىمىمىزنى قايدۇرماقچى بولدى، يولىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، بىزنى چاپۇتلاپ يىقىتىشقا ئۇرۇندى.......

تومۇر بوۋا ئابدۇراخماننىڭ جىنايى شۇملۇقلىرىنى ساناپ ئوتكەندىن كېيىن، روھلىنىپ ئېيتتى:

— ماۋجۇشى ئۇزى باش بولغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى لىيۇ شاۋچى ئوغرىنىمۇ، ئابدۇراخماننىمۇ موللاق ئاتقۇزدى، ئۇلارنىڭ كۇلىنى كوككە سورىدى. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى توشۇك»، «قۇۋ تۇلكە بۇرنىدىن ئىلىنىپتۇ» دىگەن مانا شۇ. ماۋجۇشىنىڭ لۇشيەنى — بىزنىڭ بەختىمىز. توغرا لۇشيەن — داجەيدىن ئۇگىنىشنىڭ ئەنگۇشتىرى. بىز بۇ ئەنگۇشتەردىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقىمىز، ئۇنى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە كوز قارچۇغىمىزدەك ئاسراپ، بىجا كەلتۇرۇشىمىز لازىم، باللىرىم.......

ئەزالار تومۇر بوۋىنىڭ سوزلىرىنى تولۇغى بىلەن ماقۇللاپ، تۇشمۇ-تۇشتىن: «سوزلە بوۋا، سوزلەۋەرگىن! سەن بىزنىڭ يۇرەك سوزلىرىمىزنى ئېيتىۋاتىسەن» دىيىشتى. بوۋاي سابىرنىڭ قولىنى يەنە تۇتتى ۋە چىن كوڭلىدىن رازى بولۇپ:

— ئوغلۇم، سەن بىزگە بۇگۇن گوھەر يەتكۇزدۇڭ، ماۋجۇشىنىڭ ئالتۇن كىتاپلىرى، داجەي كەمبەغەل دىخان، توۋەن ئوتتۇرا دىخانلىرىنىڭ قىممەتلىك ئېسىل روھىي پەرزەنتلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى بىباھا گوھەرلەر، ۋۇجۇدىمىزغا مادار، دىلىمىزغا چىراق بولىدىغان گوھەرلەر، — دىدى.

ئەزالار قايتقاندىن كېيىن، سابىر ئانىسىنىڭ ھويلىنى يىغىشتۇرۇشىغا ياردەملەشتى، كىگىز-پالاسلارنى قاتلاپ جايىغا قويىدى. ئاندىن چىراقنى يېقىپ، ئوزى يېتىپ-قوپىدىغان ھوجرىغا كىردى. دېرىزىسى باققا قاراپ ئېچىلغان بۇ ئويگە ئىككى كارۋات، بىر جوزا قويۇلغان، كارۋاتنىڭ بىرسىگە ئورۇن-كورپىلەر يىغىلغان؛ ئىككىنچىسىنىڭ يېنىدىكى تامغا بولسا يولۋاس سۇرىتى چۇشۇرۇلگەن چاققانغىنا رەڭلىك خوتەن

گېلىمى تارتىلغان ئىدى. جوزىنىڭ دېرىزىگە تاقالغان بۇرجىكىدە ماركس-لېنىن، ماۋجۇشى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بەنداۋتى رادىيو، ئۇستەل سائىتى بار ئىدى. رەتلىك يىغىشتۇرۇلغان بۇ ئۆي تازا - پاكىزە ئىدى، ھەتتا، سابىرنىڭ ئۆزى ئىشلىتىدىغان كەتمىنىمۇ شۇنداق پاكىزە - تازا بولۇپ، پەگادا پاقىراپ تۇراتتى.

— ئانا، مەن بولمىغاندا، يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىغانسەن - ھە،— دېدى سابىر چاپىنىنى سېلىپ، قوزۇققا ئىلىپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا يالغۇزلۇق تارتىپ قالاي ئوغلۇم، ھەر كۈنى خولۇم-خوشنىلار كىرىپ تۇرىدۇ، رادىيو ئاڭلايدۇ، كىتاپ ئوقۇشىدۇ، مەندىن ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ، ئىشقىلىپ، ئادەم كەم بولمايدۇ،— دېدى ئانا دەھلىزىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ،— زەيتۇنىقىزمۇ كەلدى. قايسى كۈنى دادۇيدە كۈزگى بۇغداي تېرىش تەييارلىقىنى كورىدىغان نىق مەيدان يىغىنى بولغان ئىدى، زەيتۇنىقىز شۇ يىغىنغا كەپتىكەن، ئىشىنى تۈگىتىپ بىزنىڭكىگە كىردى، مەندىن ھال - ئەھۋال سورىدى، مەن بىلەن ئۇز قىزىمدەك مۇڭداشتى.......

سابىرنىڭ يۈرىكى يېقىملىق تۇيغۇلار بىلەن چۇلغاندى. بەنداۋتىنى قولىغا ئېلىپ، قۇلىقىنى بۇرىدى، قانداقتۇ ناخشىلار ئاڭلاندى. يەنە ئۆچەردى. سابىرغا ئۆي ئىچى ئىسسىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇ دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ئەتراپ جىمجىت. يېنىك شامال باغدىكى ئەينۇلا، قارا ئۆرۈك، كوكسۇلتانلارنىڭ ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۆتتى. قەيەردىندۇ نەي بىلەن راۋاپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لەرزان ناخشا ئېيتىلىۋاتقاندەك بىلىندى. سۈزۈك ئاسماندا سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدە — دېرىزە ئالدىدىكى مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىدىن چولپان يۇلتۇزى پارلاپ كورۇندى. سابىر زەيتۇنەم توغرىسىدا — يۈرىكىنىڭ قەيېرىدىندۇ بىر يېرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، كىشىلەرنىڭ ھورمىتىگە سازاۋەر، جەسۇر، جۇشقۇن، ئەجايىپ ياخشى قىز توغرىسىدا — ئويلاپ قالدى.......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باپ

## 1. زەيتۈنەم

زەيتۈنەم يوغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى كەينىگە تاشلاپ، ئېتىگىنى تولدۇرۇپ تەرگەن پاختىنى قاپقا تۆكتى-دە، كەڭ ئويماندىكى ئاق ئالتۇن ئېتىزلىرىدا يايراپ ئىشلەۋاتقان قىز-چوكانلارغا نەزەر تاشلىدى. ئېتىز ئىچى گويا خۇشال توي مەرىكىسىگە ئوخشايتتى، كوگۈلدۈك چاقچاق، شوخ، ساغلام كۈلكە، يېقىملىق، ئىلھامبەخش شات ناخشا بۇ يەردىكى ئەمگەكنىڭ دائىمىي ھەمراسى ئىدى.

زەيتۈنەم قاپنى يۆلەپ قويۇپ، قىزغىن ئەمگەك قوينىدا قىزىق كۈز ئاپتىۋى ئاناردەك قىزارتقان كەڭ پېشانىلىك يۈزلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى ۋە ھاۋارەڭ بەتىس كۆينىكىنىڭ ئۈستىگە كىيگەن ئىخچام چىبەرقۇت جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ، يېنىدا پاختا تېرىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالغا قاراپ ئېيتتى:

— ئەمدى ئىشنى يىغىشتۇرساڭلار قانداق؟ كۈنمۇ قايرىلىپ قاپتۇ......

ئايال دۈيجاڭ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ كۈنگە قارىدى، بۈگۈنكى ئىشنى دەڭسەپ كورگەندەك چەت-چۆرىسىگە نەزەر تاشلىدى، ئاندىن زەيتۈنەمگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ئاياللارغا توۋلاپ خەۋەر قىلدى:

— هاي... ناخشا ئۈچۈن تۇغۇلغانلار، بولدى قىلىڭلار، ئەتىگىمۇ ئىش قالسۇن ......

— ۋاي ... دۈيجىڭىمەي، نىمانچە ۋاقىرايسەن، — دىدى نېرىقى ئېتىزدىن، چېچىغا پاختا گۈلى قىستۇرۇۋالغان قارا قۇمچاق، خۇشخۇي قىز ئايىمگۈل شوخلۇق بىلەن كوزلىرىنى ئويىنىتىپ، — «ئىشتىن چۈشۈڭلار، ئىشتىن چۈشۈڭلار...» — نىمە ئىشتىن چۈشۈڭلار؟ ئىشتىن قاچان چۈشۈش كېرەكلىكىنى ئۆزىمىزمۇ بىلىمىز!......

— شۇنداق بولسىمۇ بولدى قىلغىن، تىلى ئۇزۇن، — دېدى ئايال دۈيجاڭ ئايىمگۈلنىڭ دورىشىغا پەرۋا قىلماي، — ئىش قىلىشنىمۇ، دەم ئېلىشنىمۇ بىلىش كېرەك......

— ھەممىدىن بۇرۇن ئىش قىلىشنى بىلىش كېرەك......

— ياق، دەم ئېلىشنى بىلمىسەڭ، ئىشىڭ راۋاج تاپمايدۇ......

— ياق، تاپىدۇ، نېمىشقا راۋاج تاپمايدىكەن؟......

— ھېرىپ قالىسەن، ئەتە يەنە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇۋۇقتۇكىمۇ تىلىدىن تەككەن بەگۈنۈشىم، گەپ شۇنداق......

— ئوبدان، دۈيجىڭىم. لېكىن «تىلى ئۇزۇن» دېگەن سوزنى قىلغۇ-چى بولما......

ئاياللار ئايال دۈيجاڭ بىلەن ئايىمگۈلنىڭ چاقچىقىغا كۈلۈشۈپ، خوشال-خورام ھالدا سېۋەت ۋە ئېتەكلىرىگە تەرگەن پاختىلارنى كوتىرى-شىپ، قاپلارغا قاچىلاشقا باشلىدى.

— مۇشۇكۈنلەردە، — دېيىشتى ئۇلار كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن قاپلارغا پاختا قاچىلاۋېتىپ، — كۈننىڭ قانداق كەچ كىرگىنىنىمۇ بىلمەي قالىدىغان بول-دۇق، ئوزىمىزنى جىددى ئەمگەك ئۈستىدە ئەمەس، خوشال توي-بايرام ئىچىدە ھېس قىلىمىز، ئېتىزدىن زادىلا كەتكۈمىز كەلمەيدۇ......

— ئويلىرىڭلارغا بارساڭلار، — دېدى ئايال دۈيجاڭ چوكانلارنىڭ چىشىغا تېگىپ، — ئەرلىرىڭلار ناخشا ئېيتقۇزمايدۇ، شۇڭا ئېتىزدىن كەتكىڭلار كەلمەيدۇ-دە!


— ئاغزىڭنى يۇم، دۈيجاڭ، سەن ھاقارەت قىلىۋاتىسەن، — دېيىشتى ئاياللار ئۇلاش-چۇلاش ئۇنىڭغا يېپىشىپ، — ناخشا ئېيتقۇزمايدىغان ئەر ئوز يولىغا كېتىۋەرسۇن. لېكىن بىز ئەرلىرىمىزدىن ئەمەس، بوۋايلاردىن تارتىنىپ، ئويدە ناخشا ئېيتمايمىز.

— بوۋايلار بولمىغاندا، يەنە ئېيتىۋېرىمىز......

— ئەمگەك — خوشاللىق؛ خوشال ئەمگەك — ناخشىنىڭ دوستى. مانا شۇنداق گەپ. توغرىمۇ زەيتۇنەم؟ — سورىدى ئايىمگۈل شوخلۇق بىلەن.

— توغرا بولمايچۇ، — زەيتۇنەم قاپقا پاختا قاچىلاۋاتقان ئاياللارغا يار-دەملىشىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى، — ئازات، ئەركىن ئەمگەك — ئەمگەكچى

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئـايالـلار ئـۇچۇن زور خـوشاللىق ئىش. ئەمگەك ئۈستىدە نـاخشا ئېيـتىشمۇ ياخشى، خوشال بولغان ئادەم ناخشا ئېيتالايدۇ.

ئايالللار قاپلارنى كوتىرىشىپ، قىرنىڭ بېشىغا يوتكىدى. زەيتۇنەم چوڭ بىر قاپ پاختىنى كوتىرىپ كېلىپ ئېيتتى:

— يىغىۋېلىنىدىغان پاختا تېخى كوپ. ۋاقتىنى چىڭ تـۇتايـلى، لېكىن، دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قـالمايلى، — ئـانـدىن ئـۇ جىلىتكىسىنىڭ يانچۇغىدىن گۈگۈرۈك خاتىرىلەش دەپتىرىنى چىقىرىپ، ئايال دۇيجاڭغـا سۇندى، — مانا بۇنى ئال دۇيجاڭ، ھېلى گۈگۈرۈك باھـالىغـاندا، مېنىمۇ باھالاپ قويۇڭلار، قىلغانىغا چۇشلۇق نومۇر بولسۇن، ئاشۇرۇۋەتمەڭلار.

— پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ، زەيتۇنەم، — دىدى ئايالللار ئۇنى چورىدەپ، — سىز بىلەن بىللە بولۇپ، بۇگۈن ئىشىمىز چەندان ئـاۋۇدى.

— كېلىشىمىدە گەپ يوق، — زەيتۇنەم قالىغاچ قانىتىدەك قاپقارا قاشـلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، قـاپـقارا، بولاقـتەك كوزلىرى بىلەن يېيىلىپ ياتقان پاختا ئېتىزلىرىغا قاراپ قويدى، — ئېسىڭلاردا بارمۇ، ئوتكەن يىل مۇشۇ ئويماتتا بىر قىسىم غوزا قارنىڭ ئاستىدا قالغىلى تاس قـالـغـان. بـۇ يىل سۇنىڭ كەملىگىدىن كېۋەز بىر قېتىملىق سۇيىنى كەم ئىچتى. شۇنداق بولسىمۇ، يەنىلا پەرۋىش تېپىپ ئـوخشىدى. ئـوتكەنكـى ساۋاق ئېسىمىزدە بولسۇن.

— ئۇنتۇماپسىز، زەيتۇنەم، — دىدى ئايىمگۇل ئوز چېچىغا قىستۇرۇۋالغان پاختا گۈلىدىن بىر تالنى زەيتۇنەمنىڭ چېچىغا ئـەپچىللىك بىلەن قىستۇرۇپ قويۇپ، — سىز ئىشىنىۋېرىڭ، جۇرېن! سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئۇچۇن، بىر تال غـوزىنىمۇ قالـدۇرماي يىغىۋالىمىز، داجەي قىز - چوكانلىرى قانداق ئىشلىگەن بولسا، بىزمۇ شۇنداق ئىشلەيمىز.

زەيتۇنەم پاختىكار ئايالللار بىلەن خوشلىشىپ، كېۋەزلىكنىڭ ئايىغىدىكى ئويماتتا كۆزگى بۇغداي تېرىۋاتقان ئەزالارنىڭ يېنىغا كەتتى.

كۆزگى بۇغداي تېرىش — نوۋەتتە جىددىي ئىش. چوڭ ئويماتنىڭ ئاخىرقى بىر ئېتىزىغا ئۇچ ئات قوشۇلغان بوجۇگجىدا جىدەللەپ ئۇرۇق سېلىنىۋاتاتتى. زەيتۇنەم تېرىلىۋاتقان يەرنىڭ نەملىگىنى تەكشۇرۇپ، بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ ئۇۋۇلاپ كـوردى. ھـول ئەت توپا ئـالقىنىغا خېمىردەك

چاپلىشىپ قالدى. توپىغا قاراپ، زەيتۇنەمنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، رەڭگى سۇزۇلۇپ كەتتى. شۇ ئارىدا شياۋدۇيجاڭ مۇسا يېتىپ كەلدى.

— مۇساكا، قاراڭ، بۇ نىمە ئىش، — زەيتۇنەم ئالقىنىدىكى لاي توپىنى شياۋدۇيجاڭغا كۆرسەتتى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە جىددى نارازىلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — سىلەر نىمە، بۇغداي تېرىۋاتامسىلەر، يا ئالتۇندەك ئۇرۇقنى لايغا ئىلەشتۇرۇۋاتامسىلەر؟

دۇيجاڭ ئوتتۇرا ياش، ئىگىز بويلۇق ئادەم ئىدى. ئۇ زەيتۇنەمنىڭ ئالقىنىغا چاپلىشىپ تۇرغان لاي توپىغا قاراپ خىجالەت بولدى. ئۇنىڭ پىشقان يۈزلىرىدە پۇشايمان ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى:

— ئەتە بوجۇڭجى باشقا دۇيگە يوتكەلمەكچى ئىدى، — دىدى ئۇ تىت - تىت بولغان هالدا گەدىنىنى تاتلاپ، — بۇ ئويماتتا ئاخىرقى بىر ئېتىزنى ئاشۇرۇپ قويۇشقا كوزىمىز قىيمىدى... شۇنىڭ بىلەن ئوزىمىزم ئىككى خىيالدىراق......

زەيتۇنەم دۇيجاڭغا «يالت» قىلىپ قارىدى ۋە ئالقىنىدىكى لاي توپىنى يەرگە تاشلىۋەتتى:

— مانا شۇ ئىككى خىيالدىراق تېرىقچىلىق قىلىشقا زادى بول مايدۇ، — زەيتۇنەم جىددى قىلىپ ئېيتتى، — بۇ يىل بىز سۇپەت ئولچە مىگە يەتمىگەن ئالقاندەك يەرگىمۇ ئۇرۇق سالالمايمىز. بۇ سىزگىمۇ مەلۇم ئەزالار چوڭ يىغىنىنىڭ بىردەك قارارى. يۇگۇرۇڭ، ئۇرۇق سېلىش توختىسۇن

زەيتۇنەم باشقا ئېتىزلارغا ئوتتى، توپىسىنى ئۇۋۇلاپ كوردى بۇ يەرلەرنىڭ ئوسسىمۇ، سۇپىتىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. قىزنىڭ كوڭلى جايىغا چۈشتى. ئاندىن ئۇ تېرىلىپ بولغان ئېتىزلارنىڭ قىرى بىلەن مېڭىپ بوجۇڭجىچىلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— يولداشلار، سىلەر بۈگۈن كەچتە هەقىقى دىخان زادىلا قىلماي دىغان ئىشنى قىپسىلەر، — دىدى ئۇ بوجۇڭجى باشقۇرىدىغان يىگىتلەرگ قاراپ تۇرۇپ، — قېنى سىلەر ئويلاپ كورۇڭلار. مۇشۇنداق لاي توپىغ سېلىنغان ئۇرۇق قانداق بىخ يېرىپ چىقىدۇ، سىڭىپ تۇگىمەمدۇ؟

بوجۇڭجىچى يىگىتلەر بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلار توغرا قىلمىغانلىقىغ ئىقرار ئىدى. ئات يېتىلىگۇچى ياش يىگىت بەل ئوگايسىزلانغان هالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

— زەيتۇنەم، بۇ سەۋەنلىك مېنىڭ ئالدىراڭغۇلۇغىمدىن ئۆتتى، — دېدى ۋە مۇسا دۈيجاڭغا قاراپ قويدى، — ئەسلىدە، مۇساكام بۇ يەرنىڭ ئۇسسىسى ئانچە كېلىشمەپتۇ، سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمەيدۇ، قالدۇرۇپ، ئىككى-ئۈچ كۈن ئۇتكۇزۇپ، ئاندىن تېرىۋېتەيلى، دېگەن. مەن ئىككىنچى شياۋدۈي بىلەن بولغان مۇسابىقىدىكى سۈرئەت شەرتىمىزنى قوغلىشىپ، قىزىپ كېتىپتىمەن. نايىتى ئىككى مولا يەركەن، ھېچنىمە بولماس دەپتىمەن......

ياش يىگىت يەرگە قاراپ، ئۇڭايسىز قىياپەتتە تۇراتتى. زەيتۇنەم:

— بىز خەلق ئالدىدا جاۋاپكار بولۇشىمىز كېرەك، — دېدى سەممى ھالدا قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — خەلق ئالدىدا جاۋاپكار بولۇش دېگەن نىمە؟ بۇ — بىزنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشىمىز، ھەر بىر ھەركىتىمىز خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، دېگەنلىك. داجەيلىك قېرىنداشلار بىر دانە بۇغداي، بىر تۈپ قوناقنى ياخشى تېرىشقا، ئۇنىڭدىن تولۇق ھوسۇل ئېلىشقا ئەستايىدىل كوڭۇل بولگەن. ئۇلار بۇنى ئىنقىلاپنىڭ ئېھتىياجى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، دەپ تونىغان. دادۈيىمىزنىڭ ئەزالىرى داجەينى ئۆلگە قىلىپ، بۇ يىل كۈزگى بۇغداينى ئەلا سۈپەت بىلەن تېرىيمىز، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ جىددى قارار قىلدى. مانا بۇ — بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز......

— شياۋدۈيلەر ئارا مۇسابىقىگە كەلسەك، — دېدى زەيتۇنەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ بىر خىل ئۇسۇل، مەقسەت ئەمەس. يەنى شياۋدۈيلەر ئارا پەرقنى تېپىش، سېلىشتۇرۇش، ئوز ئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىشنىڭ تەدبىرى. بۇنىڭدا يەنە، ئۈنۈمنى، موما ياغاچنىڭ تۈۋىگە چۈشكەن چەشنى، تاغارغا چىقىدىغان داننى ئاساس قىلىش كېرەك. مۇسابىقە ئۈچۈن مۇسابىقە بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

كېۋەزلىك تەرەپتىن ناخشا ئاۋازى كوتىرىلدى. زەيتۇنەم قاپ-سېۋەتلەرگە پاختا قاچىلاپ، جاراڭلىق ناخشىلار ئېيتىپ، مەھەللە تەرەپكە كېتىۋاتقان ئاياللارغا بىر پەس قاراپ تۇردى، ئاندىن بۇرۇلۇپ مۇسا دۈيجاڭغا ئېيتتى:

— مۇساكا، بۇ بىپەرۋالىق — ھەممىمىز ئۈچۈن ساۋاق. بۈگۈن كەچتە دۈيجاڭلار يىغىنى بار. بۇ ساۋاقنى سىز باشقا دۈيجاڭلارغىمۇ سوزلەپ بېرىڭ......

زەيتۈنەم كەتكەندىن كېيىن، مۇسا دۈيجاڭ بوجۇگەنچى يىگىتلەرگە قاراپ ئېيتتى:

— كوردۇڭلارمۇ — ئالدىراڭغۇلۇقنىڭمۇ چېكى بار - دە، جۇرېننىڭ دىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا، يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تېگىدىغان، قايىل قىلىدىغان گەپلەر. بىلسەڭلار، زەيتۈنەمنىڭ ئەستايىدىللىقى، مەھكەملىكى پۈتۈن دادۈينى ئۆرە تۇرغۇزۇۋاتىدۇ. «بۇ ساۋاقنى باشقا دۈيجاڭلارغىمۇ سۆزلەپ بېرىڭ» دىگەن سۆز — ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، دادۈي ئىنقىلاۋىي ۋېييۈەنخۇيى ئالدىدا ئۆزەڭنى تەكشۈر، دىگەن سۆز، باشقىلار سەندىن ئىبرەت ئالسۇن، دىگەن سۆز. شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، بىزنىڭ بۇ جۇرېن ئادەتتىكى قىزلاردىن ئەمەس، ئەر يۈرەك يىگىتتەك قىز، يىگىت بولساڭ، ئەنە شۇنداق قەيسەر بول ئۇكىلار......

زەيتۈنەم بۇغداي ئۆيمىتىدىن ئۆتۈپ، دادۈينىڭ شىمالىدىكى بەشىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە چىقتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ دادىسى ھامۇتاخۇن بۇغداي تېرىلىدىغان ئېتىزلارنى ئوسا قىلىۋاتاتتى. خۇشپىچىم، قاڭشالىق، قاشلىرى توكۇلۇپ تۇرىدىغان ئەللىك ياشلاردىكى بۇ ئادەم دادۈي بويىچە ئۇستا سۇچىلاردىن ئىدى. زەيتۈنەم دادىسىنى كورۇپ:

— ھارمىغىن، دادا، — دىدى.

— كەل قىزىم، يول بولسۇن. — ھامۇتاخۇن مۇرىسىدىن كەتمەنىنى ئېلىپ يەرگە قويدى، ئاق يەكتىگىنىڭ مەيدىسىدىن كورۇنۇپ تۇرغان يوغلۇق مەيدىسىنى يېپىپ، بېلىنى تارتىپ باغلاپ قويدى، — كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى قىزىم، ئېرىقنىڭ سۈيى ھېلىتىن تارتىلىپ كەتتى. ئوسا قىلىدىغان يەر تېخى ھەلەم بار، سىلەر سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى توغرىسىدىكى ئويلاپ كورسەڭلار يامان بولمايتتى.....

زەيتۈنەم دادىسىنى ياخشى كورەتتى، ئاددىيلا ئەمەس، بەلكى ھەم دادا، ھەم مەسلىھەتچى سۈپىتىدە ياخشى كورەتتى. ھامۇتاخۇننىڭ ئەمگەكچان - تىنىمسىزلىقى، كوللېكتىپ ئىشىغا جىددى قارايدىغانلىقى قىزغىن ياقاتتى ۋە كوپىنچە دادۈينىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا دادىسى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشنى، ئۇنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كورەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دادا، سەن يەنە «غالىبىيەت» نىڭ سۈيىنى كوزدە تۇتۇۋاتىسەن، — دېدى زەيتۇنەم ئويلانغان هالدا دادىسىغا قاراپ، — لېكىن، ئۇ سۇ بۇغداي كانجىلاش، قىشلىق تۈك ياتقۇزۇش ئۈچۈن زورۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئامبار يېگىيەر دادۈينىڭ ئىلكىدە. ئوتكەن يىلى ئۇلار قىيىنچىلىقىمىزنى كوزدە تۇتۇپ، بىر قىسىم سۈيىنى ئون كۈن ئوتۈنۈپ بەردى. بۇ يىلمۇ شۇنداق قىلامدۇ - يوق، ئۇ ئېنىق ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، ئوز كۈچىمىزگە تايىنىپ، تېرىلغۇ پىلانىنى ئورۇنلاشنىڭ كويىدا بولساق بولىدۇ.

— بىز سۇچىلار، — دېدى هامۇتاخۇن كەتمىنىنى ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىدە چايقاپ تۇرۇپ، — بۇ ھەقتە، كوپ قېتىم باش قاتۇردۇق، بۇنىڭ بىر چارىسى بار، ئەمما، ئانچىلا بەلەن چارە ئەمەس.

— بەلەن چارە ئەمەسمۇ؟ قانداق بەلەن چارە ئەمەس؟

هامۇتاخۇن كەتمەننى سۇدىن تارتىۋالدى، كەتمەن دەستىسىگە چاپلىشىپ قالغان لايىنى قىرىپ چىقىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— مانا سەن ئويلاپ كور قىزىم، بىر چارە: «سۈنى يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ ئوسا قىلىش»، بۇنى كونىلار «يەر يالىتىپ سۇغۇرۇش ئۇسۇلى» دەيدۇ. بۇنىڭدا ئاز سۇ بىلەن كوپ يەرنى سۇغۇرۇشقا — ئوسا قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما، يەر سۇغا قانمايدۇ، نەملىكنى ئۇزاق ساقلىيالمايدۇ. يەنە بىرسى «ئاختامىغا ئورۇق سېلىش چارىسى». بۇنى ئامال بولمىغاندا قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن، ئەتىيازدا سۇ ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىسە، ئورۇق نابۇت بولىدۇ.. ....

زەيتۇنەم دادىسىنىڭ سوزىنى مۇلاھىزە قىلغاندەك، ئېرىقتا تولغىنىپ - تولغىنىپ كوۋۈكلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ، بىر پەس ئويلاندى - دە، ئېيتتى:

— دادا، سەن ئوزەڭ، كوسەي ئۇزۇن بولسا، قول كويمەيدۇ، دەيتتىڭغۇ، سەن ئېيتقان چارە گەرچە ئاددىراق بولسىمۇ، پىلاننى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بولغىنى ياخشى. بۈگۈن كەچتە دۈيجاڭلار، پېشقەدەم دىخانلارنىڭ مەسلىهەت يىغىنى بار، سۇ توغرىلىق سوھبەتلىشىمىز، سەنمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشقىن. ئۇندىن باشقا، — دېدي قىز ئوسا قىلىنىپ بولغان ئېتىزلاردا

يالتىراپ تۇرغان سۇغا ۋە تېخى ٴۇسا قىلىنمىغان قۇرۇق ٴاختامىغا — سۇنى
كۇتۇپ تۇرغان ٴېتىزلارغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ، — ساڭا مەلۇم، سۇ —
بىزنىڭ ٴىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشىمىزدە چوڭ بىر توسالغۇ تاغ. ھەدې-
سىلا سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى ٴالدىمىزنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ھازىر-
قىنىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ، گەپنىڭ ٴوچۇغى، دادۇيىمىزدە سۇ مەسىلىسىنى
ٴۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ٴۈستىدە ٴەتراپلىق ٴويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك.
— بولىدۇ قىزىم، مەن سۇچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشەي، سەن تە-
لەپ قىلىۋەرگىن، كوپنىڭ ٴەقلى كوپ، بىز كوپچىلىك ٴاخىر سۇسىزلىق-
تىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپىمىز.

زەيتۇنەم دادىسى بىلەن خوشلىشىپ، تېخى ٴۇسا قىلىنمىغان يەرلەرنى
ٴارىلاپ، يۇقۇرقى بوز تەرەپكە ٴوتتى. بوز يەرنىڭ ٴاخىرى بۇ يەردىن
دەرەخلىرى پاكا ٴوسكەن شىۋاقتەك ٴاران - ٴاران كورۇنۇپ تۇرىدىغان
يېگىيەر دادۇيىگە تۇتىشاتتى. يېگىيەرنىڭ كەينىدە تاغ، تاغنىڭ ٴۇ قېتىدا
بولسا ٴاپپاق قار كورۇنۇپ تۇراتتى.

زەيتۇنەم چېكى يوق بوزلۇققا، ٴاپپاق قارغا قاراپ، بىر پەس تۇر-
دى - دە، ٴېرىق ياقىلاپ كەتتى. بوز يەرنى ٴايلىنىپ، دادۇيگە ٴېلىپ
بارىدىغان چوڭ يولغا چىققتى ۋە شۇ يەردە يەنە سۇ توغرىسىدا ٴويلىنىپ
قالدى: «سۇنىڭ قىسلىقى ھەممە يەردە ٴوزىنى كورسىتىۋاتىدۇ، سۇ دېگەن
يېزا ٴىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى، سۇ بولمىسا يېزا ٴىگىلىكىنىڭ تەرەققى-
ياتى نىمىش قىلسۇن؟ ياق، ياق، بۇ مەسىلىنى ٴەمدى كېچىكتۈرۈشكە بول-
مايدۇ، بۇنى ٴەزالارنىڭ ٴالدىغا قويۇش، ھەل قىلىشنىڭ ۋاقتى
كەلدى...».

## 2. قېرى تۇلكىنىڭ ٴەلچىلىككە كېلىشى

زەيتۇنەمنىڭ ٴانىسى سادەتخان ٴاچا ٴىشتىن چۇشۇپ، ٴۇزۇم
تاللىرى سايە تاشلاپ تۇرغان ھويلىسىغا كىرگەندە، پىشايۋانلىق سۇپىدا
تەسۋى تارتىپ ٴولتۇرغان غەلىتە بىر ٴادەمنى كورۇپ، بوسۇغىدا تۇرۇپلا قالدى.
ٴورا كوز، ياغاق يۈز، چوڭ - يىرىك ساقاللىق بۇ ٴادەم ٴىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىزنى جۈپلەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ، ھەدەپ ئەتراپقا ھۈرۈپ، قانداقتۇ چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. سەل پۈكۈلگەن قاتما گەۋدىسى ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئايەتنىڭ ئاھاڭىغا تەڭكەش بولۇپ، ئالدى - كەينى ۋە ئىككى ياققا تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئالدىغا ئىڭىشكەن چاغدا، تار پىشانىلىرى ئۈستىدىكى سىدام قاشلىرى ئىختىيارسىز «لىك - لىك» كۆتىرىلىپ، تومپىيىپ چىقاتتى. بىر كۆرگەن ئادەم ئۇنى دەماللىققا: بېرىلگەن تەقۋادار موللا ياكى ئىنجىق پىرىخۇن ئىكەن، دەپ ھېساپلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«موللا» سادەتخان ئاچىنىڭ تالادىن كىرگىنىنى كۆرۈپ، نۇرسىز چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا غىل - پال قاراپ قويدى - دە، سوقۇچاق بېشىنى كىرپىدەك ئىچىگە تىقىپ، سادەتخان ئاچىنىڭ كۆپ ئۆزۈن يىللار بۇرۇن قازا تاپقان ئاتا، ئانا، بوۋا - جېمەتلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تىزىپ ئاتاپ، ئىزىلىپ ئولتۇرۇپ قىرائەت باشلىدى.

«موللا» بوغۇق، ئىگراش نالىسى بىلەن سوزۇپ - تارتىپ خەتمە - قۇرئان قىلىۋاتقاندا، سادەتخان ئاچا ئەجەپلىنىپ: «بۇ كىمدۇ؟ نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى - ھە؟...» دېگەندەك، «موللا»غا كۆز يۈگۈرتۈپ سەپ سالدى ۋە بىردىن ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چوڭ ئاچتى... «موللا» — باستۇرۇلغان زومىگەر پومىششىك مۇزەپپەرنىڭ چوڭ ئوغلى پومىششىك نامان ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «نامان تۈلكە» دەپ ئاتايتتى. نامان تۈلكە يىگىمىر دادۇيىدە ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، سادەتخان ئاچا ئۇنى ئۆزى ئايدىڭكۆل دادۇيىگە كۆچۈپ كەلگەن يىگىرمە يىلدىن بۇيان كۆرمىگەن ئىدى.

سادەتخان ئاچا تەقۋادار موللا قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ قېرى تۈلكىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ مۇزەپپەرنىڭ ئۆيىدە بالا دېدەك بولۇپ تۇرغان كۈنلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ چاغدا نامان تۈلكە ھەددى - ھېساپسىز ئاچكۆز - بېغەملىكى، يەپ تويماس سېمىز - تەييارتاپلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى. ھېمىشەم چوڭ قارا ئات ئۈستىدىن چۈشمەي يۇرتمۇ - يۇرت سەيلە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭسىز بايلار ئارا باراۋەت، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق بولمايتتى. كىشىلەر ئۇنى «دۇنياغا يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا تۇرەلگەن يالماۋۇز...» دەيتتى.

سادەتخان ئاچىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەلەملىك سىنىقى ئوچ - ئاچچىق غەزەپ ئوتلىرى تۇتاشتى، چېكە تومۇرلىرى تارتىشىپ، نەپەسى قىسىپ، ئۇنىڭ رەزگى چىرايىغا زادى قارىغۇسى كەلمىدى. «بۇ قاخشاش تۈلكە نىمە دەپ كەلگەندۇ - ھە؟» دەپلا ئويلايتتى غەزەپ بىلەن.

نامان تۈلكە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىڭراش - نالىلىرىنى تۈگەتتى، خۇدانى قايتا - قايتا شىپى كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەرلەرنى تىلغا ئېلىپ، بىر ھازا ئىنىجىقلىق بىلەن دۇئا - تەكبىر قىلىپ، ئاردىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى ئىگىز كوتەردى:

— ئىلاھا رەببىكۇم - ئامىن!......

سادەتخان ئاچا دۇئاغا پەرۋا قىلمىدى. «نامان تۈلكە زادى نىمە دەپ كەلگەندۇ، ئۇنىڭ شۇم قەدىمى قانداق قىلىپ بۇ ئويگە يېتىپ قالدى...» دىگەن خىيال ئۇنى بىارام قىلاتتى.

نامان تۈلكە ئاردىدەك ئۇزۇن، قانسىز قوللىرىنى ئاشلانمىغان تېرىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن يۈزلىرىگە سۈركەپ، ئاخىرى دۇئانى تۈگەتتى ۋە كىرلىشىپ كەتكەن ساپ - سېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ، خۇددى قىرائەت ئاۋازىدا تىجىمەللىك بىلەن سوز باشلىدى:

— ئوغۇل ئويلەش، قىز چىقىرىش ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان رەسىم، خۇدا تەھقىقلەشتۈرگەن پەرزدۇر، — دىدى ئۇ ھەر ئىككى ئېغىز سوزىنىڭ بىرىدە خۇدا، پەيغەمبەرنى تىلغا ئېلىپ، — ئاڭلىسام، زەيتۇنقىز بىر ئوبدان چوڭ بولۇپ، يۇرت بېشى بولدى، دەيدۇ. قاسىم بالا بولسا، ئۇزلىرى بەلىلا، گۇڭشىدا تۇتىنىڭ بىرى، چوڭ سۇ كادىر. يەنە كېلىپ تەقدىر - ئاللانىڭ پۈتكىنى — زەيتۇنقىزمۇ، قاسىممۇ، ئۇزلىرىمۇ — ھەممىمىز بىر ئۇرۇق، قەۋمى - قېرىنداش، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان...، — نامان تۈلكە كېيىنكى سوزلەرنى ئالاھىدە ئاۋازدا تەسىرلىك چىقىرىپ ئېيتتى، — شۇنداق، مۇسۇلمانمىز، ھەممىدىن موھىمى، مۇسۇلمان. قاسىم يۈز - ئابرويى بار چوڭ كادىر بولسىمۇ، خېلىدىن بېرى نەسىپ - نېسىۋە ئىزلەپ يالغۇز - بويتاق يۇرىدۇ. ئۇ سىلىنى ئانا، ھامۇتاخۇننى دادا بولسا، مەن ئوغۇل بولۇپ خىزمىتىنى قىلسام، دەيدۇ......

سادەتخان ئاچا «قاسىم» دىگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ، گاڭگىراپ قالدى.

قاسىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئايدىڭكۆل دادۇيىگە پات - پات كېلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئەزالار چوڭ يىغىنلىرىدا غەلىبە - مۇۋەپپەقىيەتلەر، پارلاق ئىستىقبال توغرىسىدا ئاجايىپ كېلىشتۈرۈپ، كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، چىرايلىق نۇتۇق سۆزلەيتتى. ئۆزىنى تولىمۇ كەمتەر - سالماق تۇتاتتى. ھەممەيلەنگە كۈلۈپ، كۆڭۈلچەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بولۇپمۇ سادەتخان ئاچىنى كورسە، «ۋاي ئانا، ۋاي ئاچا» دەپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. كورگەن يەردە كەمتەر - كىچىك پېئىللىق بىلەن ھال سورايتتى. ئاتلىق ئوتكەن بولسا، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، مۇلايىملىق بىلەن سالام بېرەتتى، قىسقىسى، ئەزالارنىڭ، بولۇپمۇ سادەتخان ئاچىنىڭ كوڭلىنى ئېلىش مۇمكىن بولغان ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزمەيتتى. سادەتخان ئاچىمۇ شۇنداق چاغلاردا تەسىرلىنىپ: «قاسىم يارشىملىق ئوغۇل، ئوچۇق، بەلەن كادىر» دەيتتى... ھازىر بولسا...ھە، دىمەك، ئىشىنىڭ تېگى مۇنداق ئىكەندە !......

نامان تۈلكە سادەتخان ئاچا گاڭگىراپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قويىنىدىن گېزىت قەغىزىگە ئورالغان نەرسىنى چىقاردى:

— بۇرۇنقى زامانلار بولسا، — دىدى ئۇ تىلىنى چايناپ تۇرۇپ، — زەيتۇنقىزغا ئات - توگە ئېلىپ كەلسەكمۇ ئازلىق قىلاتتى. قاسىم بالىنىڭ ھىممىتى چوڭ، قولى ئوچۇق. مانا بۇ لايىقلىرىدا بولمىغان ئاز نەرسە، قاسىم بالىدىن زەيتۇنقىزغا......

نامان تۈلكە شۇ گەپنى ئېيتتى - دە، گېزىت قەغىزگە ئورالغان نامەلۇم نەرسىنى تىزىنىڭ ئاستىدىكى كورپىنىڭ چېتىگە يەم بىلەن قىستۇرۇپ قويۇپ، «غىپپىدا» قوزغىلىپ، تالاغا ماڭدى. ئۇ تاشقارقى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، خۇددى جىنايەت ئۇستىدە تۇتۇلغان ئوغرىدەك، كىر سۇيىگە ئوخشىغان رەڭسىز كوزلىرىنى پال - پۇل پاقىرىتىپ تۇرۇپ دىدى:

— سادەتخان، پاخالدىن دانىنى ئايرىش ئۈچۈن خامان لازىم، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئىمان، دىگەن گەپ بار. مىلىڭ قىلمىساق، سىلى بىلەن بىز بىر ئۇرۇق - جەمەت. ئىشىنىڭ ئوڭ - تەتۈرى ئايرىلىپ بولغىچە، مېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىمنى زەيتۇنقىز بىلەن ھاموتاخۇن بىلمىسۇن......

— هه!؟... — سادەتخان ئاچا بۇ «هه!...» دىگەن سوزىنىڭ ئېغىـ
زىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدى. نامان تۇلكە ئاللىقاچان
كوزدىن يوقالغان ئىدى. ئانا غەزەپلىنىپ، تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قالدى.......
زەيتۇنەم ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كەلگەندە قاتتىق خاپىچىلىق ئۈستـ
ىدىن چۈشتى. هامۇتاخۇن:
— سەن خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن،
ئوتمۇشتە تارتقان هەممە دەرت - ئەلەملىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، — دەيتـ
تى ئايالى سادەتخان ئاچىغا زەردە بىلەن كايىپ، — مېنىڭ ئۇ خۇمـ
پەرگە بولغان ئوچمەنلىكىم ئولگەندىمۇ توگىمەيدۇ. بىز كەمبەغەل دىخان.
بىزدە كەمبەغەل دىخان ۋىجدانى بولۇشى لازىم! ......
سادەتخان ئاچا تىت - تىت بولۇپ تىترىكتى:
— هېلىمۇ، مەن بالىنى پوم‌ششىككە بەرسلە دەۋاتىمەنمۇ، مەندە
كەمبەغەل دىخان ۋىجدانى يوقمىكەن؟ ......
— يوق، يوق دىدىم، يوق! سەن كورگەن كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قېـ
لىۋاتىسەن. بولمىسا، نىمىشقا ئۇ خۇمپەرنى ئويدىن قوغلاپ چىقارمىدىڭ!
— نامان تۇلكە قاسىمنى تىلغا ئالدى، ئۇنى قاسىم ئەۋەتىپتۇ. مېـ
نى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلدۇرمىدى، ئەلچىمەن دەيدۇ، بولغىنى شۇ ......
— ئەلچىمىش! هەممە گەپ مانا شۇنىڭدا! — هامۇتاخۇن جىلـى
بولۇپ، هويلا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ دىدى، —
سېنىڭ كوزۇڭ ئاق - قارىنى ئىلغىيالمايدۇ، تۇلكە— هامان تۇلكە. بورىـ
نىڭ كۈچۈكى ئەزەلدىن قوي بولۇپ ئوزگەرگەن ئەمەس. يامانغا يولـۇقـ
ساڭ يالىسى يېتار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى ... ئەلچى! قانداق
ئەلچىكەن ئۇ! ......
— توۋۋا، بۇ ئادەمنى! نىمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ ئاغرىمىغان بېـ
شىمغا ئالتە تاياق، دىگەننىڭ ئوزى بولدى - دە.
— چۈشەنىمەن شۇ، ئوتكەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىرە
چوروغۇڭنى قورۇتما، دىگەن گەپ بار. لېكىن سەن بۇ شۇم تۇلكىدىن
تارتقان رىيازەتلەرنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتىسەن......
هامۇتاخۇن يەنە نىمىنىدۇ دىمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن تاشقارقى

ھويلىدىن قانداقتۇ بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى ئېيتىپ، ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز خوشال كىرىپ كېلىۋاتقان زەيتۇنەمگە كۆزى چۈشۈپ جىم بولدى. سادەتخان ئاچا قەغەزگە ئورالغان قولىدىكى نەرسىنى كەينىگە يوشۇرۇپ ئوڭايسىز بىر قىياپەتتە:

— كەل قىزىم، — دېدى.

زەيتۇنەم مۈرىسىدىكى كەتمەننى كاۋا بارىڭى ئاستىغا قويدى، ئۇ ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ خاپىلىق ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى بايقىدى-دە، بىر دادىسىغا، بىر ئانىسىغا قارىدى. ھامۇتاخۇننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، چىرايىدا جىددىيلىك بار ئىدى. سادەتخان ئاچا گۇنا ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك، خىجالەت بولۇپ يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى. زەيتۇنەم ئاتا-ئانىسىنىڭ بەزى-بەزىدە دەتالاش قىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنداق دەتالاشنىڭ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئوتۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاداۋەت ساقلىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بىرئاز ئەكىلىگەن قىياپەتتە چاقچاق ئاھاڭى بىلەن:

— نېمە سىلەر، ئانا، «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئاتۇق» دېگەندەك، يەنە ئۇرۇشتۇڭلارمۇ نېمە؟ — دېدى كۈلۈپ.

سادەتخان ئاچا ھامۇتاخۇنغا كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويدى، ھامۇتاخۇن قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ئاچچىق بىلەن ئايۋان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. زەيتۇنەمنىڭ كۆزى ئانىسى يوشۇرۇپ تۇرغان نەرسىگە چۈشتى ۋە ئۇنى شوخلۇق بىلەن تارتىۋالدى.

بۇ بىر كىيىملىك گۈللۈك، چىرايلىق، رەڭدار، قىممەتباھا ئەتلەس ئىدى.

زەيتۇنەم ئەتلەسكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى-دە، ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەردى:

— ئانا، بۇنى نېمە قىلىسەن، قىزىق، بۇ رەخ ساڭا ئانچىلا ياراشمايدۇ — ئالاچىپار، چوڭلارغا ناباپ. مېنىڭ بولسا بار، تېخى بىر قېتىممۇ ئۇچامغا سالمىدىم. بۇنى بىكارلا سېتىۋاپسەن، كوپىراتىپتىنمۇ؟......

— ئۇنداق دېمىگىن قىزىم، — دېدى سادەتخان ئاچا ۋە ئويلىمايلا ئېغىزىغا كىرىپ، كەلگەن گەپنى ئېيتتى: — ياشلىقىڭدا كىيىم يىغ،



www.uyghurkitap.com

قېرىغاندا ئاياپ كىي، دىگەن تەمسىل بار، ئارتۇق دولەت باشنى يارماپتۇ، دىيىشىدۇ.......

زەيتۇنەم يالت قىلىپ، ئانىسىنىڭ كوزىگە قارىدى. ئانىسىنىڭ كوزلىرى غەرەزسىز، تۇز - ساددىلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. زەيتۇنەمنىڭ يۇزلىرىدە چېكىپ قويغاندەك قىزىللىق پەيدا بولدى، كوزلىرى نارازىلىق بىلەن ياندى:

— ئانا، سەن نىمە دەۋاتىسەن، — دىدى قىز سەل جىددىلىشىپ، — بۇ گەپلەر بىز كەمبەغەل دىخان، توۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ سوزى ئەمەس. سەن بۇ گەپلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟ ... مەن ساڭا ئېيتسام، ئەمۇنداق بىمەزە گەپلەرنى ئوتمۇشتە تەييارتاپ خېنىم - ئاغىچىلار، ئەمگەك قىلمايدىغان قاخۋاش - هورۇن بۇۋىلەر دىيىشكەن. ئۇ نىمىلەر ئەشۇنداق قىلىشمىسا، جان بېقىشالمايتتى. بىز بولساق ئوملەشكەن دىخانلار، سوتسىيالىزىم قۇرغۇچىلار. سوتسىيالىزىمنى ياخشى قۇرۇش — بەخت، دولەت، قېرىغاندىمۇ غەمسىز ئوتۇش كاپالىتىگە ئىگە بولۇش، دىگەن شۇ. سەن بۇ ئەتلەسنى بىكارلا سېتىۋاپسەن، شۇنداقمۇ - يوق؟

— ..........

سادەتخان ئاچا جاۋاپ بەرمىدى. زەيتۇنەم نىمىگىدۇ ئالدىراپ تۇراتتى، ئۇ ئانىسىنىڭ جاۋابىنى كۇتمەيلا، ئوزى يېتىپ قوپىدىغان بىر دېرىزىلىك هوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

سادەتخان ئاچا كەچلىك تاماقنى ئېلىپ كىرگەندە، زەيتۇنەم 10 - لامپا يورۇغىدا، جوزا ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پۇتۇن دىققىتى بىلەن بىرنەرسە يېزىۋاتاتتى. سادەتخان ئاچا تاماقنى دەستىخان ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ:

— قېنى قىزىم، تامىقىڭنى يىگىن، سوۋۇپ قالدى، — دىدى.

زەيتۇنەم يېزىشتىن باش كوتەرمەي:

— هازىر ...، — دىدى. لېكىن سادەتخان ئاچا قاچا - قومۇچنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئىككىنچى قېتىم كىرگەندىمۇ بۇ «هازىر» تۈگىمىگەن ئىدى. زەيتۇنەم ئىزچىل يوسۇندا كۇندۇزى ئەزالار بىلەن ئەمگەك قىلاتتى، كەچتە يىغىنلاردا بولاتتى، ئاخشامدا چىراق ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىر هازاغىچە كىتاپ ئوقۇپ، خاتىرىلەر يازاتتى. هامۇتاخۇن قىزىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسلىگى كېلىپ: «مېنىڭ قىزىم كۈندۈزى دىخان، كەچتە كادىر، ئاخشىمى ئوقۇغۇچى» دەيتتى. لېكىن كەچلىك ئۆگىنىش - يېزىش ئادەتتە كەچلىك تاماقتىن كېيىن بولاتتى. بۈگۈن ئۇ شۇنچىلىك بېرىلىپ يازغىلى تۇرۇپ-تىكى، سادەتخان ئاچا ئىختىيارسىز خەۋپسىرەپ قالدى:

— تووۋا خۇدايىم، تېخىچىلا تۇرۇپتىمغۇ بۇ ئاش...، — ئانا ئۇلۇق، كىچىك تىنىدى، جوزا ئالدىغا كېلىپ ئەنسىزلىك بىلەن قەغەزلەرگە كوز يۈگۈرتتى،— سەن شۇنچە ئالدىراپ بۇ قەغەزلەرگە نىمە يازغانسەن قىزىم.

زەيتۈنەم قەغەز - قەلىمىنى جايىغا رەتلەپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇر-دى. ئۇزۇن ساپلىق ياغاچ قوشۇق بىلەن سوۋۇپ قالغان نېرىن چوپىنى يەپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ئەتە گۈگۈمدا يىغىن بولىدۇ، ئانا، يازغانلىرىمنى ئەشۇ يەردە دوك-لات قىلىمەن، — زەيتۈنەم تۇز - ساددىلىق بىلەن ئورە تۇرغان ئانىسىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئولتۇرساڭچۇ، ھەرقانچە گۈنا قىلغان بولساڭ، ئوتتۇق،— ئاندىن زەيتۈنەم بىر قوشۇق چوپىنى ئېغىزىغا سېلىپ تۇرۇپ دىدى،— دوكلاتقا سىنىمۇ، دادامنىمۇ قوشتۇم، ئەمدى سىلەرنى پۈتۈن گۇگشي بىلىدىغان بولدى.

سادەتخان ئاچا ئەنسىزلىك بىلەن قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويدى:

— نىمە دىدىڭ؟ تۈزۈك گەپ قىل، قىزىم. سەن بۇ قەغەزلەرگە مېنى نىمە دەپ يازغانسەن - ھە؟

— يازدىم، شۇ...، — دىدى زەيتۈنەم كۈلكىدىن ئوزىنى زورغا بېسىپ،— گەپىڭ قىسقىسى، دادام بىلەن ئانام ئۇرۇشىدۇ، ياراشمايدىغان ئىشنى قىلىدۇ، مەنىسى يوق كونا تەمسىللەرنى تەكرارلايدۇ، دەپ يازدىم. قانداق، بوپتىمۇ؟

سادەتخان ئاچا سۈپىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كوپتىن بېرى زەيتۈ-نەمگە ئېيتالماي كەلگەن كوڭۇل سوزلىرىنى ئېيتىشقا كىرىشتى:

— مەن ئېيتاي، سەن قۇلاق سال قىزىم. سېنىڭ مۇنچىلىك ئوز يولۇڭنى تېپىپ، ئەلنىڭ ھورمەت - ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغانلىقىڭنى ئويلىساق، ئوتمۇش بىلەن ھازىرنىڭ ئاسمان - زىمىن پەرقىنى

كورىمىز. داداڭ بىلەن مېنىڭ خوشلۇقتىن بېشىمىز ئاسمانغا تاقىشىدۇ.
يېڭى زامان سېنىڭ ۋە سېنىڭدەك مىليونلىغان قىزلارنىڭ تەقدىرىنى
ئۇڭ قىلىپ، هوقوق ـ ئەركىنى ئۆز قولىغا تۇتقازدى. بۇمۇ ماۋجۇشى،
پارتىيىنىڭ بولغانلىغى ... ئويلانسام، بىز خوتۇن خەقلەرنىڭ ئوت-
مۇشتىكى كۈنىمىز كۈنمۇ! ... تۇت بۇلۇڭ، بىر كۆلۈڭنىڭ بەندىسى
بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدۇق. «خوتۇن كىشى — يېرىم كىشى»، «چېچى
ئۇزۇن — ئەقلى قىسقا» ... ئىشقىلىپ، ئۇ كەملەردە بىزنى كەم-
سىتىدىغان تۈتامى يوق گەپلەر تولا بولغان. بىز شۇ دەرتلەرنى تارتقان.
سەن بولساڭ ئۇ كۈنلەرنى كورمىدىڭ، ئىشقىلىپ بەندىسىنىڭ كوزىگە
كورسەتمىسۇن. بىز خوتۇن خەقلەرنىڭ ئورنىمىزدا ئاسماننىڭ يەر، يەر-
نىڭ ئاسمان بولغىنىدەك چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن، شۇنداق بول-
سىمۇ، قىز بالا ئادەت بويىچە ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشتا ياتلىق
قىلىنىدۇ، بۇرۇندىن شۇنداق قىلىنغان. بۇ يىل سەن تولۇق يىگىرمە
بىر ياشقا كىردىڭ، ئادەملەر ئوخشمايدۇ، گەپ بولىدۇ. داداڭ بىلەن
مېنىڭ ئوتتۇرامدىمۇ بەزىدە مۇشۇ توغرىلىق غىڭ ـ غىڭ بولۇپ قالىدۇ......
زەيتۇنۇم بىرلا قىز بولۇپ، ئانىسىغا تولىمۇ هېرىس ئىدى. هەر
نىمە بولسا تاتىنماي، توغرىدىن ـ توغرا — ئوچۇق سوزلىشىشكە ئادەت-
لەنگەن ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئىختىيارسىز
قاقاخلاپ كۈلدى ـ دە، دىدى:
— ئانا، سىلەر شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە يىل باققىنىمىزمۇ يېتەر
ئەمدى ئۆزەڭگە ئۇۋا تاپ دىمەكچىمۇ؟
— بۇ نىمە دىگىنىڭ، تۈزۈك گەپ قىل قىزىم، — ئانا، نىمە-
ئۈچۈندۇ، ئۆز گېپىگە ئۆزى ئەپسۇسلانغاندەك بولدى، — بىز سەنسىز
هايات كەچۈرۈشنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيمىز. سەن ئۆزەڭ ئويلاپ
كور. لېكىن، بىر ـ ئىككى يىل بولدى. هېلى ئۇ ئەلچى، هېلى بۇ ئەل-
چى. ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، دىگەندەك، ئۈزۈلمەي باش ئاغرىقى بولۇۋاتىدۇ.
بۈگۈن يەنە بىزنىڭ ئوخلاپ چۈشىمىزگە كىرمىگەن بىر ئەلچى......
— ئوخلاپ چۈشىمىزگە كىرمىگەن ئەلچى؟... كىم ئىكەن ئۇ؟
— ئامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئامان! قايسى ئامان؟

— مەن ساڭا كوپ قېتىم سوزلەپ بەرگەن ئامان تۆلكە ......

— نىمە، پومىششىك ئامانمۇ؟......

زەيتۈنەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، قوللىرىنى تۇتتى. ئانا قىزىنىڭ مۇشتلىرىنىڭ تۈگۈلۈپ، ئوتتەك يېنىپ، غەزەپتىن تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. زەيتۈنەمنىڭ تەمكىن كوزلىرىدە غەزەپ ۋە ئەلەم ئوتلىرى چاقنايتتى.

— ئانا، ئامان تۆلكە نىمە دەپ كەپتۇ. ئۇ ساڭا نىمە دىدى؟

سادەتخان ئاچا ئامان تۆلكە بىلەن بولۇنغان گەپلەرنى ئەينەن سوزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى:

— ئامان مېنىڭ بىر نەرسە دېيىشىمگە ئۇلگۇرە - ئۇلگۇرمەيلا، تۆلكىدەك كىرىپ، سالىمىدەك «غىپپىدە» چىقىپ كەتتى. داداڭ، ئامان تۆلكىنى يۈزىگە تۈكۈرۈپ، ئويدىن قوغلاپ چىقارماپسەن، دەيدۇ. ئۇ تۆلكە قاسىمنى تىلغا ئالدى. بۇ قاسىم ......

زەيتۈنەم بىرەر ئىشقا ئاچچىقى كەلسە، جىم بولۇپ قالاتتى. سادەتخان ئاچا قىزىنىڭ ئاچچىق ئەلەمدىن دولقۇنلىنىۋاتقان قەلبىنى سەل تاتارغان يۈزلىرىدىن، ئېلىپتەك چىرايلىق بۇرۇنلىرى ئۇستىدە پەيدا بولغان سۈزۈك تەردىن كوردى. زەيتۈنەم ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى، ئىختىيارسىز چاچلىرىنى چۇۋۇپ، يەنە ئورۇپ قويدى. جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى ۋە ئەتتى. ئۇنىڭ سەل تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى جىددى پىكىر قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادە قىلاتتى، ئۇ ئاخىر:

— ئانا، بۇ ئەتلەسنى ئامان تۆلكە ئەكەلگەنمۇ؟ — دىدى.

— شۇنداق قىزىم، ئامان تۆلكە بىر نەرسىنى تىقىشتۇرغاندەك قىلدى، گاڭگىراپ كېتىپ نىمە قىلىشىمنى بىلمەي قاپتىمەن، كېيىن قارىسام ئەتلەس ئىكەن ......

زەيتۈنەم ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سادەتخان ئاچىنىڭ مۇلايىم، ساددە كوزلىرىگە بىر مىنۇتچە قاراپ تۇردى - دە، ئوزىنى تۇتقان ھالدا دىدى:

— ئانا، ئامان تۆلكە — پومىششىك. ئۇ بۇ ئويگە كىرىشكە قانداق

چۈرگەت قىلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ يۇرۇنلاردا سەن بىلەن قانداقتۇ ئۇرۇق - جەمەتسىز بىر بولغان، دەپ ھېساپلىغان، قاسىمنىڭ ئۆزىگە تۇققان، گۈگشى كادىرى ئىكەنلىكىنى بانا قىلغان. بۇ يەردە مەسىلە بار. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ھېچ تەسادىپى ئەمەس. ھازىر بەزى ياخشى ئۆزگەرمىگەن پومىشچىك، باي دېخانلار قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا ھەدەپ ئۇرۇق - جەمەت، تۇققانچىلىق، قەۋمى - قېرىنداشلىق، مۇسۇلمانچىلىق ئۈستىدە ئىغۋا تارقىتىپ يۈرىدۇ. بىلەمسەڭ، بۇ — نۆۋەتتە سىنىپىي كۈرەشتىكى بىر خىل يېڭى يۈزلىنىش. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى ئارىغا بولگۈنچىلىك سېلىش، ئۆزىنى يوشۇرۇپ قېلىش. تۈنۈگۈن 6 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزالىرى بەزى سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئەشۇنداق ئىغۋاسىنى تۇتۇپ، ئىنقىلاۋىي چوڭ پىپەن يىغىنى ئاچتى، تازا دەككىسىنى بەردى ......

— نامان تۈلكىمۇ ئەشۇنداق بىر نىمىلەرنى دېدى، — سادەتخان ئاچا غەزەپلىنىپ كەتتى، — ئۇمۇ بىز بىر ئۇرۇق - جەمەتمىز، دىنداش، مۇسۇلمان دېدى. مەن: سەن بولساڭ، يالماۋۇز، چايانسەن، ئولسەكمۇ قېنىمىز قوشۇلمايدۇ، دەپ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇراي دېگەن ئىدىم. لېكىن، ئۈلگۈرەلمىدىم. مەن قاپاقۋاش قاسىمنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ كەتتىم. بۇ قاسىم قانداق ئادەم - ھە؟......

زەيتۇنەم قاسىمنىڭ ئىككى بالىسى بار خوتۇنىنى يوق سەۋەپ بىلەن خارلاپ قويۇۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تېشى تۈزۈكتەك كورۈنگەن بىلەن، ئىچىدە نىمە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى سوزلەپ بەردى. ئاندىن:

— سەن تېخى قاسىمنى بىلمەيسەن، ئانا، شۇڭا، «قاسىم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا تىڭىرقاپ قاپسەن، — دېدى.

— مەن ئۇ قاسىمنىڭ تېگى - تەكتىنى نەدىن بىلەي. ئۇنىڭ مېنى «ۋاي ئانا، ۋاي ئاچا» دەپلا يۈرگىنىنى، سالام بېرىپ، ھال سورىغىنىنى بىلىمەن. كورگىنىم شۇ، قىزىم.

زەيتۇنەم سادەتخان ئاچىنىڭ قولىدا تۇرغان ئەتلەسنى ئېلىپ، پۇرلاپ - پۇرلاپ ئۆزىنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— شۇنداق، سەن قاسىمنى بىلمەيسەن، مەنمۇ ئانچىلا چۈشەنمەيمەن، شۇنداق بولسىمۇ، سەن ئۇنىڭ نامان تۈلكىنى ئۆزىگە ئەلچى قىلىشىدىنمۇ، ئۇنىڭ قانداق بىر نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. مال تۇرى بىلەن ئايرىلىدۇ، ئادەم خىلى بىلەن، دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. سەن ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئەمەس، ھەركىتىگە قارىغىن. كادىر بولسىمۇ، ئەزا بولسىمۇ شۇنداق، — زەيتۇنەم سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېيتتى، — مەن قاسىمنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىمەن، ئۇنىڭ بىلەن جەزمەن ئوچۇق سۆزلىشىش كېرەك، — زەيتۇنەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سەل گاڭگىراپ قالغان ئانىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئانا، سەن دادامدىن ئۆگەنگىن، ئۆگىنەمسەن؟ دادام مانا يارايدۇ، ئاق - قارىنى بىر قاراپلا ئايرىيدۇ. ئەزالار دادۇيىمىزدە سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يولىدا باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. بىز بۇ چوڭ ئىش ئۈستىدە بىرلىكتە ئويلىشىمىز كېرەك. دادام بۇ ھەقتە كۆيۈپ - پىشىپ كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ، سەنمۇ دادامدەك بولغىن......

زەيتۇنەمنىڭ سۆزى ئېغىزىدا قالدى. كىمدۇ تاشقارقى ئىشىكنى «غاچ» قىلىپ ئېچىپ ھويلىغا كىردى، بۇ ئوتتۇرا بويلۇق، ئورۇق كەلگەن بىر ئايال بولۇپ، دادۇينىڭ «يالىڭاياق دوختۇرى» ئىدى.

— ئالدىراپلا ئۆيگە كېلىۋىدىم، سىزگە خەۋەر قىلىپ ئوتەي دېدىم، — دېدى «يالىڭاياق دوختۇر» زەيتۇنەمگە قاراپ. ئۇنىڭ قولىدا بىر بولاق داكا، بىنت ۋە تېڭىقتا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەر بار ئىدى، — سۈك مېيى بۇگۈن يېڭىيەر دادۇيىدىن بىزنىڭ دادۇيگە ئوتۈپ ئېتىز ئۈستىدە داۋالاشنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. كەچتە تۇيۇقسىز «ئايىمگۈلنىڭ ئەھۋالى ئېغىر» دېگەن گەپ بولدى. ئالدىراپ ئۆيىگە بارساق، قىز بىر تەرەپتىن قۇسۇپ، بىر تەرەپتىن قوسىقى موجۇپ، بىئارام بولۇپ يۇمۇلىنىپ يېتىپتۇ. سۈك مېيى دەرھال تەكشۈرۈپ: «ئوتكۈر سوقۇر ئۈچەي يېرىلىپ كېتىش خەۋپى بار، گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا يوتكەپ بېرىشقا ئۈلگۈرمەيدۇ» دېدى ھەمدە دادۇي تىببى پۇنكىتىنىڭ ئۆزىدە ئوپېراتسىيە قىلىشنى قارار قىلدى. ھازىر جىددى ئوپېراتسىيە بولۇۋاتىدۇ......

— ۋاي، خۇدايىمەي، بۇ ئايىمگۈلگە نىمە بولغاندۇ، — دېدى

ساده‌تخان ئاچا ئه‌نسىره‌پ.

زه‌يتۇنه‌م ئالدىراپ چاپىنىنى كيىدى ۋه «يالىڭاياق دوختۇر» بىله‌ن يۈگۈرگىنىچه ئۆيدىن چىقىپ كه‌تتى ......

## 3. سۇڭ مېينىڭ خاتىره ده‌پتىرى

دادۇي تىببى پۇنكتى ئاسما گازۋاي لامپا ۋه چوڭ قول چىراقلىرىنىڭ نۇرى بىله‌ن يورۇتۇلغان ئىدى. سۇڭ مېي مۇشۇ دادۇينىڭ ئوزىده يېتىشتۈرۈلگه‌ن، قىسقا مۇدده‌تلىك كۇرسلارنى تۈگه‌تكه‌ن زېره‌ك ـ ئه‌پچىل «يالىڭاياق دوختۇر» لارنىڭ ماسلىشىشىدا ئوپېراتسيه بىله‌ن جىددى شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئۇ ئوتتۇرا بويى، كه‌ڭ پىشانه، ئاق يۈز، بادام قاپاق، قىرقىم چاچلىق خۇشپىچىم قىز بولۇپ، تېنىمه‌ي، سالماق هه‌ره‌كه‌ت قىلاتتى. ئۇنىڭ كوزلىرى ئوپېراتسيه قىلىنغان نۇقتىغا تىكىلگه‌ن، پىشانىلىرىدا سىماپته‌ك ته‌ر تامچىلىرى پاقىرايتتى.

زه‌يتۇنه‌م يارده‌مله‌شكۈچى «يالىڭاياق دوختۇر» لار بىله‌ن كوز ئۇچىدا سالاملاشتى ۋه پۇتىنىڭ ئۇچىدا ده‌سسه‌پ، سۇڭ مېينىڭ كه‌ينىگه كېلىپ، ئۇنىڭ هه‌ركىتىگه قاراپ تۇردى.

سۇڭ مېي ئه‌پچىللىك بىله‌ن يېرىلغان قوساق ئىچىدىكى سېرىق ئه‌ت تېگىدىن چىمه‌لته‌ك قول چوڭلۇغىدا، پۈۋلىگه‌ن دوۋساقته‌ك، قارامتۇل جىگه‌ر ره‌ڭگىده ئېسىلىپ كه‌تكه‌ن ئۈچه‌ينى كېسىپ ئالدى ـ ده، داسقا تاشلىدى. ئاندىن چىگىلگه‌ن ئۈچه‌ي ئېغىزىغا يوت سۈركه‌پ، ئاۋال سېرىق ئه‌تنى، ئاندىن كېيىن كېسىلگه‌ن تېرىنى تىكتى ۋه تىكىلگه‌ن يه‌رگه رېۋانول سۈركه‌پ، په‌م بىله‌ن داكا قويۇپ تاڭدى. سۇڭ مېي بۇ نازۇك ئىشلارنى شۇنچىلىك تېز، چىۋه‌رلىك بىله‌ن ئه‌ستايىدىل بېجا كه‌لتۈردىكى، ئۇنىڭ ئاپتوماتىك ماشىنىده‌ك تىنىمسىز هه‌ركه‌تلىنىۋاتقان قوللىرىغا قاراپ زه‌يتۇنه‌منىڭ كوزلىرى ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كه‌تتى.

ئوپېراتسيه تۈگىدى. سۇڭ مېي قوللىرىنى يۇيۇپ، ئېغىزىدىن ماسكىنى ئېلىپ تاشلاپ، خالاتىنى يېشىشكه باشلىدى ۋه شۇ چاغدا زه‌يتۇنه‌منى كوردى:

— هوي، زه‌يتۇنه‌مغۇ بۇ، قاچان كه‌لدىڭ؟ — سۇڭ مېي زه‌يتۇنه‌منى

ئامراقلىق بىلەن قىزچاقلىدى، — كوردۇڭمۇ، تازىمۇ ئالدىراش - ھە. دادۇينىڭ ئۆزىدە، مۇشۇ ئاددى سايمانلار بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىشكە توغرا كەلدى.

زەيتۇنەم سەممى ھالدا سۇڭ مېينى ماختىدى ۋە چاقچاق قىلدى:

— جۈرئەت قىپسەن، دوستۇم. سوقۇر ئۈچەيىنى دادۇينىڭ ئۆزىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلىش — چوڭ نەتىجە. سەن ھەقىقەتەن يېتىلگەن قاسساپ بولۇپ قالدىڭ......

سۇڭ مېي يېقىملىق كۈلۈپ قويدى:

— ۋاقىت شۇنداق كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ چاپىنىنى كىيىپ تۇرۇپ، — قىزنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. سوقۇر ئۈچەي يېرىلىپ كەتسە خەتەرلىك. ۋاقىت گۆكشىغا يۆتكەپ كېتىشكە يار بەرمىدى.

ئايىمگۈل ئاغرىق ئازاۋىدىن قۇتۇلۇپ، بىر ھازاغىچە كۈلۈمسىرەپ ياتتى ۋە كېيىن ئېغىر ھارغىنلىقتىن كوزلىرى ئۇيقىغا كەتتى. زەيتۇنەم ئايىمگۈلنىڭ كارۋىتىغا بېرىپ، ئۇنىڭ چېچىلىپ تۇرغان سىپكىلەك چاچلىرىنى تۈزەپ، مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— سەن تېخى بۇ قىزنى بىلمەيسەن، — دېدى زەيتۇنەم ئاستا ئوكۇل شىشىسىنى تەييارلاۋاتقان سۇڭ مېيغا قاراپ تۇرۇپ، — ئايىمگۈل دادۇيىمىزدىكى ئەڭ كىچىك مىنبىڭ، ئون ئالتە ياش. ئۇ ناھىيە بويىچە ئوتكۈزۈلگەن ئايال مىنبىڭلارنىڭ ئىككى يۈز مېتىر ئارىلىقتىكى قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدا يەتتە توچكىغا تولۇق تەككۈزۈپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تەقدىرلەنگەن. ئۇنى ناھىيىلىك ۋوجۇاڭبۇمۇ بىلىدۇ.

— ھەقىقەتەن باتۇر قىز كورۇنىدۇ، — دېدى سۇڭ مېي راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقان قىزغا قاراپ، — ئەھۋالى ئېغىر بولسىمۇ، قەتئىي تەلەپ قىلىپ، كوتىرىشكە ئۇنىماي، تېببى پۇنكىتقا ئوزى مېڭىپ كەلدى. ئوپېراتسىيە جەريانىدا چىشىنى - چىشىغا بېسىپ بىر قېتىممۇ «ۋاي» دېمىدى. «ئاغرىدىمۇ» دېسەم، «داۋام قىلىۋېرىڭ، ئوزەمنى ياخشى سېزىۋاتىمەن» دەپلا تۇردى. مۇنداق چىدام ھەقىقەتەن قەيسەر ئىرادىلىك قىزلاردىلا بولىدۇ.

زەيتۇنەم سۇڭ مېيغا: ئايىمگۈلگە بىرئاز قان بېرىش زورۇر بولار،

بۇ قىز تېخى كىچىك، مەندىن قان ئالغىن، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

سۇڭ مېي بولسا: قانداق، ئەنسىرەۋاتامسەن. ھازىر ھېچ ھاجىتى يوق، بىر ئازدىن كېيىن بىلەك تومۇرىدىن گىلىكوزا سالىمىز. ئايىمگۈل تېز ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپ خاتىرجەم قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يان ئۆيگە — كارۋات قويۇلغان، ئىككى دېرىزىلىك دورىخانىغا چىقتى.

— سۇڭ مېي، سەن چارچىدىڭ، شۇڭا بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ دەم ئالساڭ قانداق؟ — دېدى زەيتۇنەم.

سۇڭ مېي لامپىنى يېقىپ، كارۋاتنى تۈزىدى:

— بۈگۈن بولمايدۇ، دوستۇم. مەن بۇ يەردىن ئايرىلالمايمەن. ئوپېراتسىيە قىلىنغان كىشىدە ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا، كۆكشى دوختۇرخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇ يەردىن ئايىمگۈلگە كېرەكلىك بەزىبىر نەرسىلەرنى ئالدۇرۇش كېرەك.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، مەن سەن بىلەن قالاي.

— ناھايىتى ياخشى، پاراڭلىشىپ، بىللە دەم ئالىمىز.

سۇڭ مېي شۇنداق دەپ، جاۋەننى ئېچىپ، دورا شىشىلىرىنى قاراشتۇرۇشقا باشلىدى.

زەيتۇنەم بولسا ئادىتى بويىچە سۇڭ مېينىڭ تور سومكىسىدىن تيەنئەنمېن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىزىلتاشلىق خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، ۋاراقلاشقا كىرىشتى. سۇڭ مېي بۇ خاتىرە دەپتەرگە ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتلىرىنى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بولغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى رېتى بىلەن يېزىپ قوياتتى. دەپتەرنىڭ ئاخىرىدىكى گىراپىلىق بەتلىرىدە بولسا ئۆيدە يېتىپ داۋالىنىدىغان، دورا ئاپىرىپ بېرىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان كېسەل كىشىلەرنىڭ ئىسىم-پامىلىسى، ئادرېسى، ئۇلار ھاۋالە قىلغان دورىلارنىڭ لاتىن ھەرپىدە يېزىلغان نام-ئىسىملىرى كۆزگە چېلىقاتتى. ئاخىرقى بەتلىرىدە بولسا بۇ تاغلىق يېزىدا ئۆسىدىغان دورا گىيالىرىنىڭ يەرلىك تىلدا ئاتىلىشى، قەيەردە ئۆسىدىغان، نېمىگە شىپا بولىدىغانلىقلىرى ۋە دورا گىيالىرىدىن ئۆزى دورا ياساپ، سىناقتىن ئۆتكۈزگەن قانۇنىيەتلىك خۇلاسىلەر ۋە بەزى تەجرىبىلەر يېزىلغان ئىدى.

زەيتۇنەم دەپتەرنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، دەپتەرنىڭ قېتىغا قىستۇرۇلغان كىچىك ئىككى سۇگۈلۈك رەسىمگە كوزى چۈشتى. بۇ رەسىم زەيتۈنەم بىلەن سۇك مىينىڭ بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى باللىق دەۋرىنىڭ خاتىرىسى ئىدى. زەيتۈنەم رەسىمنى قولىغا ئېلىپ ئۇزاق قارىدى ۋە سۇك مىيغا قاراپ:

— سۇك مىي، سەن بۇ رەسىمنى نىمشقا دەپتەرگە سىلىۋالدىڭ، — دىدى كۈلۈپ.

— رەسىمنىمۇ؟ — سۇك مىي جاۋەندىن كىرەكلىك شىشىلەرنى ئىلغاپ ئېلىپ تۇرۇپ، كوزلىرىنى ئوينىتىپ، رەسىمگە قاراپ قويدى، — مەن بۇ رەسىمنى سىنىڭ قىرىق بىر كوكۈللىق كىچىككىنە قىز ۋاقتىڭنى ئەسلەش ئۈچۈن، بەزىدە دەپتەرگە سىلىۋالىمەن. ئۇ چاغدا سىنىڭ نەق قىرىق بىر تال چېچىڭ شۈنداق چىرايلىق، يول-يولى بىلەن ئورۇلگەن ئىدى. راستمۇ؟ خوش، ئۇزەڭدىكىسىچۇ، باردۇ؟

— بار، خاتىرە-دە بۇ، — دىدى زەيتۈنەم كۈلۈپ، — مەنمۇ بەزىدە بۇ رەسىمگە قارىسام، سەندىكى ئوزگىرىشلەرگە ھەيران قالىمەن. ئۇ چاغدا سەن كىچىك، تاتىنچاق ئىدىڭ، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىگە ھەيران بولۇپ قارايتتىڭ، ئۇ چاغدا بىر ئېغىزمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلمەيتتىڭ. باقىغا ئەكىرىپ، «بادام» دىگىن دىسەم، «باداڭ» دەيتتىڭ، شۈنداقمۇ؟

سۇك مىي كۈلۈپ كەتتى ۋە شىشىلەرنى قولىغا ئېلىپ:

— سەن بىرئاز ئولتۇرۇپ تۇر، زەيتۈنەم. مەن ئايىمگۈلنى يوقلاپ كىرەي. ئاندىن سوزلىشىمىز، — دەپ چىقىپ كەتتى.

زەيتۈنەم رەسىمنى چىراققا يېقىن ئەپكېلىپ، يەنە قىزىقسىنىپ قاراشقا باشلىدى. رەسىمدە بوينىغا قىزىل گالىستۇك تاقىغان، بىر-بىردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىككى قىز — زەيتۈنەم بىلەن سۇك مىي بىر ساپاقتىكى جۈپ غۇنچىدەك كۈلۈپ تۇراتتى. زەيتۈنەمنىڭ بېشىدا گۈللۈك چىمەن دوپپا، ئۇستىدە ئاق پۇرمە كوينەك بولۇپ، تال-تال ئورۇلگەن ئۇششاق چاچلىرى مۇرىسىنى يېپىپ تۇراتتى. سۇك مىينىڭ بولسا ئۈستىدە كوك خادانى كەنجە بولۇپ، قۇلىنىڭ ئاستىدىن قىرقىلغان قويۇق چاچلىرى ئۇستىدە ئىككى تال قىزىل لىنتا ئانار گۈلىدەك ئېچىلىپ تۇراتتى.

ئاجايىپ خاتىرە ... زەيتۇنەم رەسىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بىرخىل
تاتلىق - يېقىملىق تۇيغۇ بىلەن ئۆتكەنلەرنى ئەسكە ئالدى......

1958 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرىنى قىزىلتاغ خەلقى گۆكشىلىشىش
ھەركىتىنىڭ يېڭى دولقۇنى بىلەن كۈتۈۋالدى. زەيتۇنەم سۇڭ مېينى
بىرىنچى قېتىم دەل شۇ كۈنلەردە كوردى. ئۇ چاغدا، سۇڭ مېي قىزىلتاغ
گۆكشى داگۇبى شۇجىسى يولداش سۇڭ جىگشىڭنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ،
ئايدىڭكول دادۇيىگە ئوينىپ كەلگەن ئىدى. قىزىل پەشمەت كىيگەن،
قوش كوكۇلىلىق سۇڭ مېي بىر كورۇشتىلا زەيتۇنەمگە يېقىپ قالدى.
كېيىن زەيتۇنەم يېزا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھېكايىسىدىن: سۇڭ مېينىڭ ئانى-
سى 1948 - يىلى سەنشىدە گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن «ئېرىڭ كوممۇنىست
ئىكەن» دەپ ئېتىپ ئولتۇرۇلگەنلىگىنى، پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتىنى
ئىشلەۋاتقان يولداش سۇڭ جىگشىڭ 1949 - يىلى خەلق جيېفاڭجۈنگە
قوشۇلۇپ، شىنجاڭغا يۇرۇش قىلغاندا، تېخى ئىككى ياشقا كىرمىگەن
سۇڭ مېي بىر تۇققىنىنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇلغانلىغىنى، مۇشۇ يېقىندىلا يول-
داش سۇڭ جىگشىڭنىڭ ئوزى سەنشىگە بېرىپ، سۇڭ مېينى ئېلىپ كەل-
گەنلىگىنى ئاڭلىدى......

مانا شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن زەيتۇنەمنىڭ قەلبىدە ئالىجاناپ بىر
تۇيغۇ — سۇڭ مېينى سېغىنىش، ھورمەتلەش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىش
تۇيغۇسى پەيدا بولدى. كېيىنكى يىلى كۈزدە گۆكشى باشلانغۇچ مەكتى-
ۋىدە بىرىنچى تۇركۇم يېڭى ئەۋلات ئوسمۇرلەر ماۋجۇشى رەسىمى ئالدىدا
قەسەم بېرىپ، پىونېرلار دۇيىگە كىردى. بۇ يەردە زەيتۇنەممۇ، سۇڭ
مېيمۇ بار ئىدى. قىزىل گالىستۇكلۇق قىزلارنىڭ دوستلۇغى باشلىنىپ
كەتتى. سۇڭ مېي زەيتۇنەملەرنىڭ ئۆيىگە باراتتى، زەيتۇنەم بولسا سۇڭ
مېينى ئىزلەپ كېلەتتى. ئۇلار بىر سىنىپتا، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ، باش-
لانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتى. ئاندىن كېيىن سۇڭ مېي تاغلىق
يېزا خەلقىنىڭ ھەممىدىن دوختۇرى بولۇشقا نىيەت باغلاپ، ئۇرۇمچى-
تىببى مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى. زەيتۇنەم بولسا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا
قۇرۇش كۇرىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن دادۇيىگە قايتتى.

دادۇي زەيتۇنەمگە — ئوتتۇرا مەلۇمات ئالغان بۇ ئەقىللىق قىزغ-

ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولۇپ چىقتى، ئۈچ چوڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە زەيتۇنەمدەك زىيالىي ياشلار ئۆز بەستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كوپ ئىدى. ئۇ دادۈيگە بارغاندىن كېيىن، ئۆتتەك قىزىق كۇرەشكە ئۆزىنى ئاتتى، كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلار ئېھتىياجلىقلىكى بولغان ئىشلارنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، يېزا سوتسىيالىزىم جېندىسىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۇرەش-نىڭ كۈچلۈك ئىلگىرى سۇرگۈچىلىرىدىن بولدى. ئۇنى كۈندۈزى ئىش قايىنىغان ئېتىز-ئېرىقتا ياكى كېۋەزنىڭ ئەڭ يېڭى سورتى يېتىشتۈرۈلۈۋاتقان ئىلمىي تەجرىبە ئېتىزىدا؛ كەچلىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپىدا ياكى دادۈي مەدەنىيەت كلوبىنىڭ جانكۆيەر يېتەكچىسى سۈپىتىدە كىتابلار جاۋىنى ئالدىدا كورۇش مۇمكىن ئىدى.

پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىنىڭ شىددەتلىك كۇرەش دولقۇنلىرىدا، ئۇ كەڭ كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلار بىلەن مۈرنى - مورىگە تىرەپ، ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغداپ ۋە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قارشى قەتئىي كۇرەش قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئاجايىپ جۇشقۇن، قەتئىي ئىرا-دىلىك چەكچى، ماۋ زېدۇڭ سىسياگىنى جانپىدالىق بىلەن تەشۋىق قىلغۇ-چى كۇرەشچان ئەزىمەت قىز سۈپىتىدە كەڭ كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ قىزغىن ھورمەت، چوڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى.

ئوتكەن يىلى يازدا سۈڭ مېي تىببى مەكتەپنى ۋە ئۇنىڭ پراكتىكا جەريانىنى تۈگىتىپ، «قىزىلتاغ» گۇڭشېسىغا كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوت-تۇرا دىخانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشقا كەلگەندە، زەيتۇنەم گۇڭشې ئىنقىلاۋىي ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ چاگۇبيىسى ئىدى. دوستلار قۇچاقلاشتى، ئۇ-لارنىڭ سېغىنىش سوزلىرى تۈگىمەيتتى. بۇ يىل يازدا سۈڭ مېي يېڭىۋەر دادۈيدە قايتا تەربىيە ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئەلا باھا بىلەن تۈگەتتى، كۇتۇلمىگەندە، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى.

سۈڭ مېينىڭ كېتىشىگە زەيتۇنەمنىڭ زادى كوزى قىيمايتتى ۋە ئاخىر،

— سۆك مېي، سەن مەشەدە، قىزىلتاغ ئېتىكىدە ئۆستۈك، بىزنىڭ گۆكشىدا قالغىن، بىز بۇ تاغلىق يېزىدا سوتسىيالىزىم ئۈچۈن بىللە كۆ رەش قىلايلى، — دېدى.

زەيتۈنەمنىڭ سوزى قەتئى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ سۆك مېينىڭمۇ كوڭلىدىكى سوز بولۇپ چىقتى. ئۇ كوپكىنە دوست-ياران تاپ قان، رىشتىسى باغلانغان بۇ سۆيۈملۈك تاغ ئېتىكىنى تاشلاپ كېتەلمەيدى. غانلىغىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. دوستلار قايتا-قايتا مەسلىھەتلىشىپ يولداش سۆك جىڭشىڭنىڭ ئالدىغا كىرىشكە قارار قىلدى. بۇ چاغدا سۆك جىڭشىڭ ناھىيىگە شيەنۋېي شۇجىسى بولۇپ يوتكىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سۆك مېينىڭ تەلىۋىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، غەمخورلۇق بىلەن:

— بۇ — توغرا تاللاش، ياخشى يۈزلىنىش. مەن سېنىڭ «قىزىلتاغ» گۆكشىسىدا مەڭگۈ يىلتىز تارتىپ، كەڭ گۆكشى ئەزالىرىنىڭ مۇناسىپ دوختۇرى، ھارماس-تالماس خىزمەت قىلغۇچىسى بولۇشۇڭنى ئۈمىت قىلى-مەن، — دەپ جاۋاپ بەردى.

سۆك مېينىڭ تەلىۋى تەستىقلاندى، زەيتۈنەمنىڭ ئۈمىدىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. سۆك مېي گۆكشى دوختۇرخانىسىدا قالدى. زەيتۈنەم بىلەن سۆك مېينىڭ دوستلۇغى «قىزىلتاغ» گۆكشىسىدا يىلدىن-يىلغا ئۆتۈپ يۈرگۈ-چى ئىلھامبەخش ھېكايە ئىدى. ئەزالار ئۇلارنى «بىر ئۈچكە ئېچىدىكى قوشماق مېغىزلار»، «گۆكشىمىزنىڭ بىر جۈپ قىزىلگۈلى» دەپ تىلىدىن چۈشۈرمەيتتى......

سۆك مېي ئايىمگۈلنى يوقلاپ قايتىپ كىرگەندە، زەيتۈنەم رەسىم-نى دەپتەرنىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، خاتىرىلەرنى ئوقۇۋاتاتتى. زەيتۈنەم:

— سۆك مېي، سەن يېڭىيەر دادۈيىدە بولدۇڭمۇ؟ — دېدى خاتىرە دەپتەرنى تور سومكىغا سېلىپ تۇرۇپ.

— يېڭىيەردىمۇ؟ مەن ئۇ يەردە ساق بىر ھەپتە تۇردۇم، — سۆك مېي زەيتۈنەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، — يېڭىيەر گۆكشىغا يىراق. كېسەل ئەزالارنىڭ بىزنى ئىزلەپ گۆكشىغا كەلگىنىدىن كورە، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىز تۈزۈك. لېكىن بىلسەڭ، دوستۇم، يېڭىيەر دادۈيىدە ھازىر ئوزگىرىش چوڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زەيتۇنەم سۇك مېينىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى:

— قانداق ئۆزگىرىش؟ ئېيت، چاقچاق ئېيت. سەن يالغۇز دوختۇرلا ئەمەسقۇ. دادۇيلەر ئارا ئىلغار تەجرىبە، يېڭىلىقلارنى تارقىتىش — سېنىڭ يەنە بىر ۋەزىپەڭ، خوش، ئۇلار بىرەر ئىلغار تەجرىبە يارىتىپتىمۇ؟

سۇك مېي خوشاللىق بىلەن سۆزلەپ بەردى:

— يولداش سابىر داجەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېڭىيەر دادۇيىنىڭ ئەزالىرى داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش دولقۇنىنى قوزغىۋېتىپتۇ. شياۋدۇيلەردىن تارتىپ، ئائىلىلەرگىچە بەس - مۇنازىرە بولۇۋاتىدۇ. ئەزالار: داجەيلىكلەرگىمۇ، بىزگىمۇ پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ، ھەممىمىزگە ماۋ زېدۇڭ سىشياڭى نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭمۇ ئىككى بىلىكىمىز بار. لېكىن بىز نېمىشقا داجەي دادۇيى قىلغان ئىشنى قىلالمايمىز؟ قاچانغىچە سۇ قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلالمايمىز؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، داجەيگە يېتىشنىڭ يېڭى-يېڭى چارە-تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىشىۋاتىدۇ. قىسقىسى، يېڭىيەردە ھازىر مۇنازىرە قايناپ كەتتى!

— بۇ بىر چوڭ، جىددى مەسىلە، — دېدى زەيتۇنەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، — داجەيدىن ئۆگىنىش ماۋجۇشىنىڭ چاقىرىقى، چوڭ يۆنىلىش مەسىلىسى. بىزدىمۇ بۇ ھەقتە قوزغىلىش بار. ئەزالار: بىرنەچچە بۇلاق، كىچىك ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرمىدى. قانداقلا بولمىسۇن، بىرەر چارە تېپىپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. سۇ بىزدە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بوسۇپ ئۆتمىسە بولمايدىغان جىددى توسالغۇسى بولۇپ قالدى. ئەتە گۇڭشېدا يىغىن بار، مەن مۇشۇ ھەقتە مەسىلە قويماقچىمەن.

ئۇلار ئومۇمى تەلەپكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان سۇ، بىكار ياتقان بوز ۋە قىزىلتاغ گۇڭشېسىنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، تۈن تەڭ بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى. سۇك مېي نېمىنىدۇ ئېسىگە ئالغاندەك، زەيتۇنەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆزىگە قاراپ كۈلدى:

— زەيتۇنەم، سەن گۇلسۇمخان ئاچامنى بىلەمسەن؟
— ئىمىشقا بىلمەيدىكەنمەن، سابىرنىڭ ئانىسىغۇ.
— بىلىشنىغۇ-بىلىسەن، — دىدى سۇك مېي شوخلۇق بىلەن كوزلىرىنى ئويىنىتىپ، — لېكىن، گۇلسۇمخان ئاچا ساڭا سالام دىگىن، دىدى.
— قىزىقسەن، سۇك مېي، ئىمىشقا كۇلىسەن، — زەيتۇنەم شۇنداق دىسىمۇ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى، — «سالام» دىگەن بولسا، سالامەت بولسۇن، بۇ ئادەتتىكى ئىشقۇ.
— بۇغۇ ئادەتتىكى ئىش، — سۇك مېي كۇلۇپ چاقچاق قىلدى، — لېكىن سابىرنىڭ ئانىسى ھېمىشەم سىنى «قىزىم» دىيىشكە ئامراق، بۇ «قىزىم» دىگەن سوز قانداق مەنىگە ئىگە، ھېچ بىلەلمىدىم .. ...
— سەن يەنە چاقچىغىڭنى باشلىدىڭ، — دىدى زەيتۇنەم بىگىز قولىنى سۇك مېينىڭ كوزىگە تەككۇزۇپ تۇرۇپ، — سەن ھەجەپ ئوزەڭ توغرىسىدا گەپ قىلمايسەنا، جاۋتيەندىن خەت بارمۇ، ئىمىشقا بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمايسەن؟
زەيتۇنەم سۇك مېي ئۇرۇمچىدە پىراكتىكا ئوتكۇزۇۋاتقاندا، جاۋتيەن بىلەن تونۇشقانلىغىنى، بۇ تونۇشۇش دەسلەپ دوستلۇققا، كېيىن بىر-بىرىنى ياخشى كورۇپ قېلىشقا راۋاجلانغانلىغىنى جاۋتيەن يېڭىيەر دادۇيىگە سۇك مېينى يوقلاپ كەلگەندىن تارتىپلا بىلەتتى.
— ھە، ئىمىشقا گەپ قىلمايسەن، — دىدى شوخلۇق بىلەن.
— سەن گەپنى ئەپقاچما، — دىدى سۇك مېي كۇلۇپ، — جاۋتيەن توغرىلىق سەن ھەممە گەپنى ئاڭلىدىڭ، بىزدە باشقىچە قاراشلارمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە جاۋتيەن ھازىر بىزنىڭ ناھىيىدە. لېكىن، ھازىرقى گەپ سابىر توغرىسىدا......
— قويغىنا، ئۇ گەپنى، — دىدى زەيتۇنەم ئوزىنى قاچۇرۇپ، — مەن ساڭا باشقا بىر ئىشنى — قىرى تۇلكىنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىگىنى سوزلەپ بېرەي.
— تۇلكە دەمسىنا، قانداق قىرى تۇلكە؟
زەيتۇنەم قاسىمنىڭ ئەلچىسى توغرىسىدا غەزەپلىنىپ، ئاچچىق بىلەن سوزلەپ بەردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مانا بۇ كۆتۈلمىگەن ئىش، — دېدى زەيتۇنەم، — مەن خېلىدىن بېرى بۇ قاسىمغا چۈشەنمەيمەن. ئۇ ئۇرۇمچىدە سۇچىلىق مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، گۇڭشېمىزدا ئۇزاقتىن بۇيان سۇ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. قارىماققا، خىزمەتكە جىددىي قارايدىغان، تەجرىبىلىك كادىردەك كورۇنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرى كىشى-نىڭ غەزىۋىگە ئوت قويىدۇ. مانا، بىر مىسال: ئۇ يوقىلاڭ بىر سەۋەپنى توقۇپ، ئۆزىنىڭ ئىككى بالىلىق خوتۇنىنى زومۇ-زو قويۇۋەتتى. ئوتتۇپ كەتكەن ۋىجدانسىزلىق! يەنە كېلىپ، ئۆزىگە كىمنى ئەلچى قىپتۇ، دىمەم-سەن، نامان تۇلكىنى! بىرسى — خەلق كادىرى، بىرسى — خەلق دۈشمىنى، بۇ قانداق مۇناسىۋەت! ھېچ چۈشەنمەيمەن. ھازىر ھەممە كىشى سۇ توغ-رىلىق باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. قاسىم مەسئۇل سۇ كادىرى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇ ئىش بارمۇ-يوق، بىلگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، بىر رەزىللىك.

سۈك مېني بۇ غەلىتە ئەلچى توغرىسىدا ئاگلاپ، قاسىمنى كوزئالدىغا كەلتۈرۈپ ئېيتتى:

— مەن بۇ قاسىم ياخشىمۇ، يامانمۇ بىلمەيمەن، لېكىن ئاناڭ ئەنچىگە نىمە دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ؟

زەيتۇنەم بىر پەس جىم بولۇپ قالدى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ دىدى:

— ئانام، ئۆزەڭ بىلىسەن، يۇۋاش، ئاقكوڭۇل، ساددە ئايال. لېكىن بىر ئاز دىنىي خۇراپاتقا مايىل. نامان تۇلكە ئانامنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىشنى كوزلىگەن. كېيىن، ئانام ئىشنىڭ تېگىنى بىلىپ دەرھال غەزەپلەندى. مەن قاسىمنىڭ ئۆزى بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشمەكچىمەن. پەرەز قىلىشىمچە بۇ ئادەم خېلىلا مۇرەككەپ بولسا كېرەك. ئۇ جىسمانەن سوتسىيالىستىك جەمىيىتىمىزدە ياشاۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىدىيىسى، روھىي دۇنياسى چىرىك ئوتمۇشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخى قۇتۇلمىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا: سەن نەدە قالغان بەندە؟ دەپ كوزىنى ئېچىپ قويۇش كېرەك، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ......

# ٴۇچىنچى باپ

## 1. ياگاق دەرىخى ٴاستىدا

گۇگشى ٴىشخانىسىنىڭ كەينىدىكى چوڭ باغدا باراخسان ياگا دەرىخى قەد كوتىرىپ تۇرىدۇ. ٴىگىز ٴوسكەن ياگاق دەرىخىنىڭ ٴاستى كەڭ شىپاڭ بولۇپ، بۇ يەردە گۇگشى، دادۇي كادىرلىرىنىڭ باش قوشقا يىغىنى بولۇۋاتاتتى. شىپاڭنىڭ ٴەتراپىدا رەتلىك ٴوستۇرۇلگەن بادا چىلان، قارا ٴۇرۇك، ٴەينۇلىلارغا ٴوخشاش، پىشىپ يېتىلىپ قالغان قەغە ياگاقمۇ قويۇق شاخلار ٴارىسىدا ماك يېرىپ چىققان ٴىدى ۋە ٴۇ بەزىد بىغىشىدىن ٴايرىلىپ، ٴارىلاپ - ٴارىلاپ شىپاڭغا تورۇكلاپ چۈشەتتى. بۇ ھالدىن كىشىلەر ٴالدىراپ كېلىۋاتقان كۈز مەنزىرىسىنى كورەتتى.

گۇگشى دادۇيى شۇجىسى چاۋار مەتقۇل ٴارقا تەرەپتىكى جوزا ٴالدىدا ٴورە تۇرۇپ، ٴۇزۇن چاچلىرىنى ٴالدىغا تاشلاپ، كەسكىن - كەسكىن قىلىپ سوزلەۋاتقان زەيتۇنەمنىڭ گېپىنى تىڭشىغاچ، خاتىرە دەپتىرىگە نىمىنىدۇ بىرنىمىلەرنى يېزىپ ٴولتۇراتتى. چاۋار مەتقۇل كەڭ پىشانىلىك، بۇغداي ٴوڭلۇك، چوڭ - ٴوتكۇر كوزلۇك قىرىق بەش ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، سەل ٴاق ٴارىلىغان چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن تاراپ يالاڭپاشتاق ٴولتۇراتتى. ٴۇستىدە بولسا ياقىسى كەڭ ٴېچىلغان كالتە يەڭ ٴاق كوينەك بار ٴىدى. ٴۇ ٴارىلاپ - ٴارىلاپ يېنىدا ٴولتۇرغان سابىردىن نىمىنىدۇ ٴېنىقلاپ سوراپ قوياتتى ۋە خاتىرە دەپتىرىگە يازاتتى.

— دادۇيىمىزدە كۈزگى بۇغداي كولىمىنىڭ بۇ يىل يېرىم ھەسسىگ يېقىن ٴاشۇرۇلغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، — دېدى زەيتۇنەم قولىدىكى قەغەزلەرنى سومكىسىغا سېلىپ تۇرۇپ، — لېكىن، سۇ پەرقسىز. ھەتتا، سۇ ھېلىتىنلا سېزىلەرلىك دەرىجىدە تارتىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ٴەزالار بىلەن قايتا - قايتا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، قانداقلا بولمىسۇن، پىلاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوقۇم ئورۇنلاش كېرەك، دېگەن يەرگە كەلدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن «غالىبىيەت» نىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.......

— زەيتۇنەم ئۇكا، مەن ساڭا ئېيتسام، — دېدى «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق هوقۇقى كۆپرەك بىزدە، دەپ ھېساپلايدىغان نىياز قۇربان كېلىشكەن شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويۇپ، بىرئاز نارازى بولغان قىياپەتتە، — بۇ يىل ئەمدى «غالىبىيەت» كە كوز ئالايتىشنى قويۇپ تۇرغىن. ئوتكەن يىل بوپتۇ دېدۇق، تەڭ پايدىلاندۇق. ئۇ چاغدا تېرىلىدىغان يەرنىڭ ئۇزىمۇ چاغلىق ئىدى. بۇ يىل ئەھۋال ئوخشمايدۇ. يېڭىيەر دادۇيى، بىلسەڭ، ساق بىر مىڭ سەككىز يۈز مو يەرگە بۇغداي ئورۇغى سالىدۇ. هازىر تېرىلىپ بولغىنى ئۈچيۈز مودىن سەل كوپ. بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئوسا قىلىنىدىغىنى سەككىز يۈز ياكى مىڭ مو ئەتراپىدا. قالغىنىغا مەن سۈنى قىزىلتاغ كەينىدىن تەلپىگىمدە توشامدىم؟......

زەيتۈنەمنىڭ قاش - كوزلىرى سۈزۈلۈپ كەتتى، مەڭزىدە زىناقلار پەيدا بولدى ۋە ئىختىيارسىز چاچلىرىنى مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ كەينىگە تاشلاپ، ئورنىدىن تۇردى:

— بۇ گەپچە، نىياز ئاكا، سەن «غالىبىيەت» نىڭ سۈيىنى ئۇزەڭ ئۈگچە پايدىلىنىشنىڭ قازىنىنى ئاسقان ئوخشىمامسەن؟ — زەيتۇنەم يىغىندىكىلەرگە كوز يۈگۈرتۈپ قويدى، — ئۇنداق گەپ يوق، سەن قىيان سۈنى تىزگىنلەپ ئېقىتىش قۇرۇلۇشىدا ئايدىڭكول دادۇيىنىڭ بىرى كەم ئەمەس، تـوت مىڭ ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغىن!......

— يوقسۇ ئۇكا، بىز بۇنى ئۇنتۇمىدۇق، — دېدى نىياز قۇربان ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئادىتى بويىچە ئۇسكىلەڭ بۇرۇتلىرىنى تولغاش بىلەن بەنت ئىدى، — سىلەر ئۇ چاغدا ئوزئارا ھەمكارلىشىش روھىمىز بىلەن ياردەم بەرگىلى كەلدۇق، دەپ بىزگە جىددى پەيتتە خوشىندارچىلىق قىلدىڭلار. بىزمۇ «بار تاۋىنىم - يان تاۋىنىم» دېگەندەك، ئوتكەن يىل «غالىبىيەت» نىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچتۇق، ساق ئون كۈن سۇ بەردۇق. بۇمۇ يەتمەمدۇ؟......

«غالىبىيەت» سۇ ئامبىرى 1967 - يىلى ئەتىيازدا سابىرنىڭ تەشەببۇسى، پىلانلىشى بىلەن يېڭىيەر دادۇيىنىڭ شىمال تەرىپىگە ياسالغان

بولۇپ، قىزىلتاغ جىلغىلىرىدىن تەسادىپىي چىقىپ كەلگەن يامغۇر ـ سەل
سۇيىدىن پايدىلىنىپ تولدۇرۇلاتتى. ئۇ يىلى بۇ ئامباردا ھېچقانداق سۇ
بولمىدى. چۈنكى سەل سۇ ئامبارغا يېتىپ كەلگىچە قۇم ـ تاشلارغا ـ
ىگىپ تۈگەپ كەتتى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا سەل سۇلىرىنى مەركەزلەش
تۈرۈپ ئېقىتىش، تىزگىنلەش بويىچە بەزى قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلدى
بۇ ئىشقا خوشنا دادۈيلەر ئەمگەك كۈچى بىلەن ياردەم بەردى. بۇ يە
داجەيدىن ئۆگىنىش ئاممىۋى ھەركىتىدە ھەممە دادۈيلەر تېرىلغۇ كولىم
نى كېڭەيتتى ۋە سۇ مەسىلىسى بۇ يەردە ئولتۇرغان دادۈي كادىرلىرىنىڭ
دىققەت مەركىزىدىكى موھىم ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا، زەيتۇنەم ئوتتۇ
رىغا قويغان «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىنىڭ سۇيىدىن پايدىلىنىش مەسىلى
دەررۇ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. ھەر كىم ھەر خىل نۇقتىدىن مۇلاھىز
قىلاتتى، بەزى چارىلەرنى تەكلىپ قىلاتتى. سۇ يېتىشمەسلىكى مۇنازىرىنىڭ
ئاساسىي تېمىسى ئىدى.
سابىر گەپ قىلماي جىم ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىر
نەرسە، قارلىق تاغنى باش ئەگدۈرۈپ، بەگۋاش، نەپ بەرمەس قار سۇلى
رىنى باشلاپ كېلىشنىڭ غايىۋى خەرىتىسى سىزىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبى
ئوتلۇق ئارزۇنىڭ گۈزەل، پارلاق مەنزىرىسى بىلەن جۇشقۇنلىناتتى. كۆ
ئالدىدا بولسا كىچىككىنە داجەي ئىگىزلىگىدە تۇرۇپ، ئىنقىلاپ ئۇچۇن
تاغ ـ دەريالارنى ئۆزگەرتكەن داجەي قەھرىمانلىرىنىڭ جاسارەتلىك ئو
رازى گەۋدىلەنىدى... «ياق، بۇ كىچىككىنە سۇ ئامبىرى بىلەنمۇ ھې
ئىش پۈتمەيدۇ، ئۇنىڭ سۇيى قەرەلسىز سۇ. ئۇ يېگىيەر بىلەن ئايدىڭكو
نىڭ تەشنالىغىنى قاندۇرالامدۇ؟ بىكار ياتقان بوزنى ئۆزلەشتۈرۈپ، سو
سىيالىستىك قۇرۇلۇشقا چوڭراق توھپە قوشۇشنىڭ ھوددىسىدىن چىقالامدۇ
ياق، ياق، ھېچ ئۇنداق ئەمەس. — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بىردىن
بىر توغرا چارە — داجەي يولىدا مېڭىش، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، كە
بەغەل دىخان، تۇۋەن ئوتتۇرا دىخانلارغا تايىنىپ، قارلىق تاغنىڭ سۇيى
نى باشلاپ كېلىشكە جۈرئەت قىلىش، گەپ مانا شۇنىڭدا......»
سابىرنىڭ ئويلىرىنى قاسىمنىڭ ئاۋازى بولدى:
— مېنىڭچە، بۇنى تالاشقانىڭ ھاجىتى يوق، — دىدى قاسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زەيتۇنەم بىلەن نىياز قۇربان ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان «تالاش»قا قارىتىپ، قاسىم سوزلەۋاتقاندا، ئاستى تەرەپتىكى ئالتۇن چىشى پاقىراپ كورۇندى ۋە چىرايىدا ئويچان كىشىنىڭ قىياپىتى ئەكس ئەتتى، — شۇنداق، ئۇنى تالىشىپ نىمە قىلىمىز. ئىشقىلىپ «غالىبىيەت»نىڭ ئىگىلىك هوقۇقى يېگىيەر دادۇيىدە. يېگىيەر دادۇيىنىڭ ئەزالىرى بۇ ئامبارنى ياساشتا جاپا چەكتى، ئەمدى راهىتىنى كورۇشكە هەقلىق. لېكىن، بۇ ئامبارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئايدىڭكول دادۇيىنىڭ قوشقان توهپىسىمۇ ئاز ئەمەس. باشقا دادۇيلەر ئەمگەك كۇچى قوشقان بولسا، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە نوۋەتكە بولۇپ قايتۇرسا بولىدۇ، — قاسىم ئوزاق ئويلاپ، قىيىن بىر مەسىلىنى هەل قىلىشقا كىرىشكەن كىشىنىڭ نەزىرى بىلەن كوپچىلىككە مىسكىن قاراپ قويدى، — ئۇيان ئويلايمەن، بۇيان ئويلايمەن، چوگلەپ كېلىدىغان يېرىم يەنە سۇ. سۇ بولسا، كوروپ تۇرۇپسىلەركى، يېتىشمەيدۇ. دەرهال كۇچنى توپلاپ ئوسسىگىدەك بىر يەرمۇ يوق. ئۇنداق بولغاندىكىن، مەن موهىمى، تېرىلغۇ پىلانىنى قايتىدىن قاراپ چىقىپ، بار سۇنىڭ ئەهۋالىغا يارىشا بىر ئىش قىلساق ئەمىلىيەك بولارمىكىن، دەيمەن. قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق ـ تە، يەنى مەسلەن......

سابىر قاسىمنىڭ پىكىرلىرىنى دەسسەپ ئولچىگەندەك بىر پەس ئويلىنىپ تۇردى ـ دە، قاسىمغا قارىدى. قاسىمنىڭ چىرايى هارغىن بولۇپ، بۇ مۇشكۇل ئىشنىڭ يېشىمىنى تاپالماي ئازاپلىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇز نۇقتىسىنەزىرىنى خېلى ئىشىنەرلىك قىلىپ ئاساسلاپ كورستەتتى ۋە كوپچىلىككە مەنىلىك قىلىپ قاراپ قوياتتى.

— ئومۇمەن ئالغاندا، — دىدى قاسىم ئاخىرىدا، — هەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ. پىلاننى چوڭ تۇزۇپ ئورۇنلىيالمىغاندىن، كىچىك تۇزۇپ ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان تۇزۇك ۋە شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمىلىي ئىمكانىيەت قالدۇرۇش — بۇ چوڭ ئىش.

— پىلان ئەمىلىي بولۇشى زورۇر، بۇ موهىم، — دىدى سابىر كوپچىلىككە نەزەر تاشلاپ، — تېرىلغۇ پىلانى پارتىيىنىڭ ئاشلىقنى ئاساس قىلىش، ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، دولەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ئېهتىياجى نەزەردە تۇتۇلۇپ، هەر تەرەپلىمە مۇزاكىرە قىلىنىپ

بېكىتىلگەن، زورۇر ئىمكانىيەتمۇ قالدۇرۇلغان. ئاددىسى، شۇنداق. يولداش
قاسىم ئېيتقاندەك، پىلاننى قايتىدىن قاراپ چىقىش ئۇنى قىسقارتىشنى
كۆرسەتمىگەن بولسا، بۇ بولمىغىنى، ئاساسسىز. داجەيلىك قېرىنداشلار
پەقەت قاتتىق تىرىشىپ كۆرەش قىلغاندىلا ئورۇندىغىلى بولىدىغان پىلاننى
ھەقىقى پىلان، كۆرەش نىشانىسى بولالايدۇ، دەپ قارىغان. قاتتىق تىرىش
مىسىمۇ، ئادەتتىكىچە تىرىشىسىمۇ يەتكىلى ياكى تىرىشمىسىمۇ يەتكىلى بولىدىغان
نەرسە ئىشلەپچىقىرىش پىلانى يەنى كۆرەش نىشانىسى بولالمايدۇ. ئادد
سى ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز پىلاننى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە ئەمەس
ئۇنى روياپقا چىقىرىشنىڭ جىددى، زورۇر چارىسى ئۈستىدە ئويلا
كۆرسەك، — سابىر بىرئاز ئويلىۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى، — مېنىڭچە
بىز «غالىبىيەت» نىڭ سۈيىنى خوشنا دادۇيلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ پاي
دىلىنىشنى ئويلىشىپ كۆرسەك بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئاز، قەرەلسىز سۇ ھەمم
دادۇيلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش - راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىي
جىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ بىز قاچانغىچە سۇ ئۈستىدە قاخشايمىز
مەن مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىش، چارە - تەدبىر بەلگىلەش زورۇر، دەپ
قارايمەن......
قاسىم كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن سابىرغا ھومىيىپ قاراپ قويدى
سابىرنىڭ سوزى قاسىمغا ياقمىدى، ھەتتا ئەلەم قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن
ئەلەم قىلدىكى، ئەسلىدە سۇ توغرىسىدىكى بۇ ئورۇنلۇق تەكلىپنى ساب
ئەمەس، سۇ كادىرى بولغان قاسىمنىڭ ئوزى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇر
قويۇشى، بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەسىت
ناھايىتى ئىسىت، شۇنچىلىك ئاددى، لېكىن، بۇ يەڭگىن ئۈچۈن زورۇ
بولغان پىكىر ئۇنىڭ يادىغا نىمىشقا بالدۇرراق كەلمىدىكىن؟
سابىر سوزلەۋاتقاندا، بۇرۇتلىرىنى تولغاپ ئولتۇرغان نىياز قۇربا
سابىرنىڭ سۇ توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ، نىمىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىنى
چۈشىنەلمىگەندەك، يېنىدا ئولتۇرغان زەيتۇنەمگە قاراپ قويدى. زەيتۇن
بولسا جۇشقۇن بىر كەيپىياتتا ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغا
كوزلىرىدە قىزغىن، ئىشەنچ بىلەن تولغان جاسارەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى
— «سۇ يېزا ئىگىلىگىنىڭ جان تومۇرى» — دىدى زەيتۇن

جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، — ماۋ جۇشىنىڭ بۇ تەلىمى دەل گۇڭشىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىشتىكى بىر ئاساسىي زىددىيەتنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز بۇ زىددىيەتنى قاچانغىچە ھەل قىلالمايمىز؟ دادۇيىمىزنىڭ شىمالىدا نەچچە ئون مىڭ مو بوز يەر يېيىلىپ ياتىدۇ، لېكىن سۇ يېتىشمەيدۇ. سۇ بوزغا ئەمەس، ئېكىن يەرلەرگىمۇ يەتمەيدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ سۇ ئىچىش نۆۋىتى ئىككى قېتىم، قوناقنىڭ بىر قېتىم، كېۋەزنىڭ ئاز دېگەندە بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە كەم. سۇغا قانمىغان يەر قانداق قىلىپ بىزنى ئاشلىق بىلەن پاختىغا تويدۇرالايدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ھېچ مۇمكىن ئەمەس. بىز تەجرىبە - ساۋاقلاردىن بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش بىلەن تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتۇق، لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، سۇ بولسا ھەر ئىككىسى ئۈچۈن كەم. داجەيلىك قېرىنداشلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، قاقاس تاغ، ئېدىرلارنى ئۆزگەرتىش روھى بىزنى ئىلھاملاندۇرماقتا. بىز نېمىشقا سۇ مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرەر چارە تاپمايمىز؟......

بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى زەيتۇنەمنىڭ قەتئىي، دېدىل، ئوچۇق كۆڭۈل، توغرىكېسەرلىكى ئۈچۈن كۆپتىن بېرى قايىل ئىدى. ئۇلار زەيتۇنەم ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى چۆرىدەپ، داجەيدىن ئۆگىنىش ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختالدى. سابىر داجەيدە كۆرگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى......

گۇڭشې داڭۋېي شۇجىسى چاۋار مەتقۇل باياتىن بېرى ئۆز ئادىتى بويىچە كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئوتتۇرىغا چۈشۈۋاتقان تەكلىپلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇراتتى. سابىر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە، زەيتۇنەمنىڭ بۇ ھەقتىكى جىددىي تەلىۋى بۈگۈن قارىلىدىغان ئاساسىي مەسىلىنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. داڭۋېي شۇجىسى سائەتكە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— گۇڭشېمىزدا، بولۇپمۇ شىمال تەرەپتىكى ئۈچ دادۇيدە، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، — سۇنىڭ نەقەدەر قىسلىقى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن

ئىشلەپچىقىرىشتا مۇقەررەر يوسۇندا چوڭ ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەل
دى. لېكىن، سۇ قۇرۇلۇشى بۇ ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن كوپ كېيىن
ئېرىق - ئوستەڭ، بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىشنى زور
دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىش مەقسىدىمىزگە جاۋاپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ
قالدى. شۇڭا، بۇزىددىيەتنى ھەل قىلىدىغان مۇكەممەل بىر سۇ قۇرۇلۇشى
پىلانى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم.
داگۈبي شۇجىسى قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشى پىلانى تۈزۈشنىڭ زورۇ
پىرىنسىپى، ئىمكانىيەتلىرى ۋە چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە كەڭ توختال
دى. ئاندىن مۇنداق دېدى:
— قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشى پىلانى تۈزۈشتىمۇ، باشقا ئىشلارغا ئوخ
شاشلا داجەيدىن ئۆگىنىشىمىز لازىم. مەلۇمكى، «يېزا ئىگىلىكىدە داجەي
دىن ئۆگىنىش» — يونىلىش مەسىلىسى، لۇشيەن مەسىلىسى، قايسى
بايراقنى كوتىرىپ، قايسى يولدا مېڭىش مەسىلىسى. تەكرار ئىسپاتلاندىكى،
داجەي يولى — ماۋجۇشىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋي لۇشيەنى بويىچە
سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى بەرپا قىلىشنىڭ بىردىن - بىر توغرا يولى.
داجەيدىن ئۆگىنىش — مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك سېپىدىكى ئىنتا-
يىن چوڭقۇر ئىنقىلاپ. ئۇنىڭدىمۇ بىر مەيدان سىنىپىي كۈرەش، لۇشيەن
كۈرىشىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يولداش سابىر داجەينى
ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېڭىيەر دادۈيى ئەزالىرىنى
داجەيدىن ئۆگىنىشتىكى ئىجابىي، سەلبىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈن-
لەشكە، پەرقنى تېپىش، سېلىشتۇرۇشقا قوزغاپ، بەزى قىممەتلىك تەجرى-
بىلەرنى ياراتتى. موھىمى، لۇشيەن جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى،
بۇ ناھايىتى ياخشى. باشقا دادۈيلەرمۇ بۇ جەھەتتە ئاما بىلەن كوپرەك
مەسلىھەتلىشىشىمىز كېرەك......
يېنىك سوقۇپ ئوتكەن شامالدا كەڭ يېيىلىپ سايە تاشلاپ تۇرغان
باراخسان ياگاق دەرىخىنىڭ ئۇچلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس شىلدىرلىدى.
ئىككى دانە ھالرەڭ قەغەز ياگاق سايىغىدىن ئايرىلىپ، شاختىن - شاققا
سوقۇلۇپ - ئۇرۇلۇپ، شىپاگىغا تورۇكلاپ چۈشتى. چاۋار مەتقۇل، ئوزى
بىلەن بىللە بىرىنەچچە ياپراق كۆز غازىڭىنى ئېلىپ چۈشكەن ياگاققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراپ قويدى ـ دە، سوزنىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق يولداشلار، كەچكۈز يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ۋاقىت — قىممەت، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ. بۇ كۈنلەردە ۋاقىت چىڭ تۇتۇلمىسا، چوقۇم قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىغا سورى بولىدۇ. كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىمنى مۇددەتتىن بۇرۇن قولدىن چىقارغاندىلا، ئاندىن قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىغا يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، — دېدى داگۈيبي شۇجىسى، — ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتقاندا، سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ئالاھىـ دە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بۇ يىل كېيۋەز، قوناق ئالاھىدە ياخشى، مول ھوسۇل ئېلىش مۇقىملاشتى. لېكىن، بىز بۇنىڭ بىلەن مەس بولۇپ كېتىپ، بىۋاشگىلىق، قانائەتلىنىش كەيپىياتىغا بېرىلىپ، بىخۇتلىشىپ قالساق بولمايدۇ. بىز بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەزالارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، كوپچىلىك بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىم ۋاقتىـ نى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

يىغىن كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىمنى ياخشى ئىشلەش، قىشلىق سۇ قۇرۇـ لۇشىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا مۇناسىپ قارار قوبۇل قىلدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا، كۈن خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. كىـ شىلەر ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

## 2. جاۋاپ

قاسىم، يىغىندىن كېيىن زەيتۇنەم ھەر ھالدا مەن بىلەن ئۇچرىشىپ، قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشى پىلانى تۈزۈش توغرىسىدا بەزىبىر مەسلىھەتلەرنى سو- رىشى مۇمكىن، دېگەن قىياستا، ئۇنى بىر چەتتە كۈتۈپ تۇراتتى. مۇنداق گۈزەل، يېقىملىق جانانىمىز بىلەن سوزلىشىش، كوزلىرىنىڭ كۈلۈمسىرىـ شىگە مەھلىيا بولۇپ قاراش، شوخ، جاراڭلىق كۈلكىسىدىن ھوزۇر ئېلىش، قىسقىسى، ناھايىتى كوڭۈللۈك. ئەڭ موھىمى، ئۇنىڭغا، ئۇگىتىپ مەسلىھەت بېرىش، قۇرغۇيىنى قاچۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىش ئاسـ تا ـ ئاستا جايىغا چۈشسە ئەجەپ ئەمەس. مەن سارالڭ، بىر ـ ئىككى يىل

بۇرۇن بۇ قىزنىڭ شۇنچىۋالا چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئىمىشقا كورمىگەند
مەن. ھەجەپ ئىش، ئىشقىلىپ ئاخماقلىق ـ تە، ئاخماق......

قاسىم ئوز خىياللىرىنىڭ ئەكلىتىشىدىن مەس بولغان ھالدا زەيت
نەمنى كۇتتى، بەزىبىر دادۇيلەرنىڭ جۇرپىنلىرى بىلەن سوزلەشتى، ئۇلار
كويۇپ ـ پىشىپ مەسلىھەتلەر بەردى: پىلان چوڭراق بولۇشى كېرەك، داڭۋې
سۇ قۇرۇلۇشىغا جىددى ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، سۇ دىمەك يېزا ئىگ
لىكى دىمەكتۇر. مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدا ئۇرغۇپ چىققان غەيرەتنى مانا ئەم
دى ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتىدىغان ۋاقىت كەلدى، ۋاقىت كەلدى. بىر تامچ
سۇ — بىر تامچە قان. ئەنە شۇنداق گەپ. پىلان چوڭ بولسۇن. چوڭ
راق بولغىنى ياخشى......

قاسىم باشقىلار بىلەن ئۇنى ـ بۇنى دەپ سوزلىشىپ يۇرسىمۇ، لېكى
كوزى زەيتۇنەمدە ئىدى. زەيتۇنەم ئاخىرى چىقتى. ئۇ گۇڭشې داڭۋې
ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل چوڭ يول تەرەپكە — سابىر بىلەن پاراڭلاش
قاچ، ئىتىنىڭ بەل تاسمىسىنى چىگىتىپ تۇرغان نىيازقۇرباننىڭ ئالدىغ
كەتتى. نىياز قۇربان ئىتىنىڭ يۇگىنىنى تۇزەۋاتقاندا، بىر قولىغى كېسىك
تورۇق ئات شوخلۇق بىلەن بويۇن سىرىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن، شاپ بۇرۇتلىرى
نى يالىۋەتتى. سابىر كۇلۇپ چاقچاق قىلدى:

— نىياز ئاكا، ئاۋايلا، ئات بۇرۇتلىرىڭنى يەپ قويمىسۇن يەنە.

نىيازقۇربان بۇرۇتىغا تېگىپ كەتكەن ئاق ماغزاپ ـ كوپۇكلەرنى بەل
ۋىغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۇرتۇپ تۇرۇپ، ئاتقا ھەيۋە قىلدى:

— ۋۇ ... نائەھلى، كاساپەت، قارا سىنى، سىنىڭ بۇ بىھايا تۇمشۇغۇڭ
نىڭمىنىڭ كالپۇكۇمدا يۇرگىنىنى يەككەڭ كوردىغان بولسا، تېرەڭ گوشۇڭنىڭ
ئۇستىدە بولمايدۇ جۇمۇ، ئاخماقۋاي......

زەيتۇنەم نىياز قۇرباننىڭ ئاتقا قىلىۋاتقان چاقچىغىنى ئاڭلاپ،
جانان چىنىدەك جاراڭلاپ كۇلۇپ كەتتى. كۇلكە ئاتلارنى چوچۇتۇۋەتتى.
گۇڭشې دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلىكتە ئەگىپ يۇرگەن قاسىم بولسا،
بۇ كۇلكە گويا يۇزىگە ئوت بولۇپ تەككەندەك، رىشىك بىلەن ئىتتېك
كەينىنى قىلىۋالدى. نىيازقۇربان زەيتۇنەمگە قاراپ:

— قېنى قىزىم، كەتتۇق ئەمسە، ئىتىڭ بارمۇ؟ — دىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئالدىرىساڭلار يول بولسۇن، — دېدى زەيتۇنەم نىياز قۇربانغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئېيتىم مانا بۇ، — زەيتۇنەم پىستانلىق ئىچچام بەتنىكە كىيىۋالغان ئىككى پۇتىنى كورسەتتى، — دادۇيۇم يېقىن، سىلەر يېگىيەرگە بارغىچە، مەن ئوزەمنى ئايدىڭكولدە كورىمەن. لېكىن، ھازىر مەن سىلەردىن بىر نەرسىنى ئېنىقلاپ سورىۋالماقچى. خوش، شۇنداق قىلىپ، كۆزگى تېرىشقا «غالىبىيەت» نىڭ سۈيىدىن ئازراق ئوتۇنۇپ بېرەمسىلە-يوق؟

نىياز قۇربان گەدىنىنى تاتىلدى، بەلۋېغىنى تۈزلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئوتكۈزۈلگەن غىلاپتىكى پىچىغىنى كەينى تەرەپكە سىرىپ قويدى-دە، نىمە دېيىشنى بىلمىگەندەك سابىرغا قارىدى.

— ئومۇمى جەھەتتىن ئالغاندا، سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلار بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز، — دېدى سابىر ئويلىنىپ تەمكىنلىك بىلەن زەيتۇنەمگە قاراپ، — لېكىن، بۇ ئىشنى نىياز ئاكام بىلەن ئىككىمىز قارار قىلساق بولمايدۇ. كىچىك ئىش ئەمەس. بىز دادۇيگە بارغاندا، ئىنقىلاۋىي ۋېيىيۇەنخۇيىنىڭ يىغىنىدا ئويلىشىپ، ئەزالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كورەيلى. شۇ چاغدا بىر نىمە دېيىش مۇمكىن. قانداق؟ — سابىر نىيازقۇربانغا قاراپ قويدى.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى نىيازقۇربان ئاندىن زەيتۇنەمگە قاراپ ئېيتتى، — سەن، قىزىم، ئېيتقانلىرىڭنى قويۇۋەتمەيدىغان ئاجايىپ مىجەزىڭ بار. بىز ئويلىشىپ كورەيلى. خوش، ھازىر كېتەمسەن-يوق؟

— كېتىشىم-كېتىمەن، لېكىن بىرنەچچە مىنۇتلۇق ئىشىم بار.

نىيازقۇربان دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن كۈنگە قارىدى. كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى:

— ئەمىسە، تېز بول ئۇكا، — دېدى ئۇ ئاتنىڭ يۈگىنىنى قولىغا ئېلىپ، — بىز سەن بىلەن سۇ تالاشماق، تالىشىمىزكى، ئات تالاشمايمىز. ماڭىدىغان يولۇڭ خېلى بار، بول، ئاتقا مىنگىشىپ بىللە كېتىمىز، ئىتتىك كەل.

زەيتۇنەم كۈلۈپ قويۇپ كەتتى. ئۇ سومكىسىنى بىلىكىگە ئوتكۈزۈپ، ئىتتىك-ئىتتىك قەدەم تاشلاپ، گۇڭشې دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى تېرەكلىككە كەلگەندە، يان يولدا تاماكا چېكىپ تۇرغان قاسىمنى كوردى.

قاسىم ئۇزىگە قاراپ توپ ـ توغرا كېلىۋاتقان زەيتۇنەمنى كۆرۈپ: «تو‍
قۇش ئاخىر ئىندەككە كەپتۇ، نامانكام سادەتخان ئاچىنى راسا ئېر
تىپتۇ ـ دە» دىگەننى كوڭلىدىن ئوتكۇزدى ۋە ئوتتۇز ئىككى چىشىن
ھەممىسىنى چىقىرىپ، خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن ھىجايدى:
ـــ سىز ... زەيتۇنەم ... يەنى مەسىلەن......
زەيتۇنەم ئېغىر قەدەم بىلەن، قاسىمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى
قەددىنى تىك قىلىپ، قولىنى كەينىگە قوشتۇردى. قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ئە
لەملىك بىر غەزەپ بار ئىدى، كوزلىرىدە نەپرەت گۇلخانى ياناتتى ۋە
چوڭ ئېچىلغان كوزلىرىنى قاسىمنىڭ تەمتىرەپ قالغان كوزلىرىگە نەيز
دەك قاداپ، غەزەپ بىلەن قارىدى. بۇ قاراش شۇنچىلىك قەتئى ۋە نەپ
رەتلىك ئىدىكى، قاسىم ئۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىنى كورەل
مىدى. «قىز بالا شۇنداق، نازلىنىدۇ، نازلىنىپ نەگە باراتتى، گۈزەل، چ
رايلىق قىزنىڭ ئوزىنى بىر ئاز چوڭ تۇتقىنىمۇ يامان ئىش ئەمەس».
قاسىم شۇنداق دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمما پۇت ـ قولىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتـ
قانلىقىنى سەزدى ۋە ھىجايغان چىشلىرىنى كالپۇكىنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ،
ئوزىنى ئوڭشىدى.
ـــ زەيتۇنەم، بۇگۇن سىز يېنىمدا شۇنداق كۈچلۈك، دەل گەپلەرنى
ئېيتتىڭىزكى، ئىشقىلىپ، ناھايىتى توغرا، ناھايىتى توغرا، ئەگەر بىز ئىن
قىلاۋىي كادىرلار ھەممىمىز مۇشۇنداق غەيرەت ـ شىجائەتكە كەلسەك، ئۇ
چاغدا، بۇ مەسىلىسى ناھايىتى تېز، ناھايىتى تېزلا......
زەيتۇنەمنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمىدى. ھەتتا بۇ گەپلەردە
ھېچ باغلىنىشى يوقتەك، ئوزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى:
ـــ يولداش قاسىم... ـــ قىزنىڭ ئاۋازى ئاچچىق ھاياجاندىن
سەل تىترەپ چىقاتتى، ـــ سىز ئىككى بالىلىق ئايالىڭىزنى ناھەق قويۇ‍
ۋەتتىڭىز.
ـــ زەيتۇنەم... سىز......
ـــ شۇنداق، ناھەق قويۇۋەتتىڭىز. ـــ دىدى زەيتۇنەم، ـــ ئۇ ئايال سىز‍
گە، سىز كۇكشى كادىرى بولماستا يولداش بولغان. سىزنىڭ كادىر بو‍
لۇشىڭىز خوتۇنىڭىزنى كەمسىتىشىڭىزگە هوقۇق بەرمەيدۇ، ئۇنداق قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەققىڭىز يوق. مانا بۇ ئەرسىنى، — زەيتۇنەم سومكىسىدىن قەغەزگە ئو-رالغان ئەتلەسنى ئېلىپ، قاسىمنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى، — شۇنداق، بۇ ئەتلەس ئايالىڭىزغا تېگىشلىك. بۇنى ئايالىڭىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ، نا-ماقۇل بولۇشىڭىز كېرەك. بۇ، قىسقىسى، ۋىجدان ئىشى......

قاسىم ئۆز مىجەزىدە يىقىلغانغا تەن بېرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ تىلىنى چايناپ تۇرۇپ «قويۇڭ ئۇ بىر نەرسىنى، مەن ئالىقاچان...» دېيىشكە باشلىغان ئىدى، لېكىن زەيتۇنەم ئۇنىڭ سوزىنى پىچاقتا كەس-كەندەك بولۇۋەتتى:

— سىز نـاھايىتىمۇ خەتەرلىك يولغا قەدەم قويغان كورۇنىسىز، — دېدى ئۇ جىددى قىلىپ، — ئايالىڭىزنى زورلاپ قـويۇۋېتىشىڭىز ۋە ئو-زىڭىزنى چاغلىماي باشقىلارغا كوز ئالايتىشىڭىز ۋىـجدانسىزلىق بىلەن ئاياللارنى كەمسىتىش!... ئاياللارنى كەمسىتىش — فېودال - پومىششىكلارنىڭ ئىدىيىسى. بۇنىڭغا بىزدە ئورۇن يوق. پۇرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنـ-قىلاۋى مۇنداق ئېكىسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنىڭ رەزىل دۇنياقارىشىغا يەنە بىر قېتىم پالتا چاپتى. كونا ئىدىيە، يامان ئىستىل، ئەسكى ئادەت-لەرنىڭ بازىرى ئالىقاچان كاسات. ھۇشۇڭنىڭ بارىدا ئېيتىڭنى ياپ، دېگەن گەپ بار. سىز ئۆزىڭىزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك. «ئۇ بىر نەرسىنى، مەن ئالىقاچان» — بۇ قانداق گـەپ!

— زەيتۇنەم، سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ نىمە؟ بىزنىڭ قانداقلا بولمىسۇن، ئۇرۇق - تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىمىز...، — قاسىم ئـوزىچە غۇ-دۇڭشىدى.

— تۇققان! قانداق تـۇققانكەن ئۇ؟ — زەيتۇنەم ئالدىغا چـۈشكەن چاچلىرىنى سىلكىپ كەينىگە تاشلىدى - دە، ئېيتتى، — مەن سىزگە ئېيتىپ قويا، سىز ھەدىسە، تۇققان، تۇققان - تۇققانچىلىق دەۋەرمەڭ. تۇققانچىلىق — نا-مان تۈلكىگە ئوخشاش پومىششىكلار جـان قـۇتقۇزۇش ئۈچۈن، يېقىندىن بۇيان بازارغا سېلىپ يۈرگەن گەپ. دادام: بورىنىڭ قاياشى بورى، قوي-نىڭ قاياشى قوي، دەيدۇ. بورى بىلەن قوي ھېچقاچان تۇققان بولـۇپ باققان ئەمەس، سىز بولسىڭىز......

— زەيـتۇنەم... مەن... يەنى مەسىلەن... ئىشقىلىپ، — قـاسىم

جالاقلاپ تىترەيتتى، كوزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقى
گەپ زادىلا قولاشمايتتى.
— سىز گۇگشىنىڭ سۇ كادىرى. ھازىر ھەممە كىشى سۇ ئۈچۈ
كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، قۇرغاقچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن كوتىرىلىۋاتىدۇ، سى
بولسىڭىز......
زەيتۈنەم يەنە نىمىنىدۇ دىمەكچى بولدى - يۇ، دىگۈسى كەلمىدى
غەزەپ بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلاپ، ئۆ
زىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاتلىقلار تەرەپكە كەتتى.
قاسىم قولىدا چىچىلىپ تۇرغان ئەتلەسنى پۇرلاپ - پۇرلاپ يانچۇ
غىغا تىقتى ۋە ئالدىراپ دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ، سابىرلار بىلەن
بىللە خوشال پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقان زەيتۈنەمگە ھەسەتخورلۇق بىلەن
قاراپ تۇردى.
قاسىم شۇ كۈنى كەچكىچە پۈتى كويگەن توخۇدەك ئۆزىنى قويىدى
غان يەر تاپالماي يۈردى. ئۇلۇق - كىچىك تىناتتى ۋە ئۆزىنى سەل تې
رىككەك بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. باققا كىرەتتى، ئورمان ئىچىنى
ئارىلايتتى، يانچۇغىدىكى ئەتلەسنى مىجىقلايتتى. ئېغىزىدىن تاماكا چۈش
مەيتتى. يۈرىگى تىپىرلاپ، ھەر تەرەپكە سورەيتتى. «ئاناڭنى نامان...
ھازىرچە بۇ ئىشنى زەيتۈنەم ئۇقمىسۇن، ئۇرۇق - تۇققانچىلىق ئۈستىدە
گەپ ئاچ، ئانىسىنى ئېرىتىپ - ئېۋاشقا كەلتۈرگىن، دىسەم، شۇنىمۇ ئەپ
لەشتۈرەلمەپتۇ، دوت، قاخۋاش تۇلكە» دەيتتى ئىچىدە.
لېكىن، ھازىر بىلدىكى، ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئەلەم قىلىدىغىنى سابىر
بولۇپ چىقتى. «ياق، زەيتۈنەم سابىر بىلەن بىللە كەتتى - ھە، — دەپ
گۇمان قىلىشقا باشلىدى ئۇ ھەسەتخورلۇق بىلەن، — يا ماڭا شۇنداق كورۈنۈپ
كەتتىمۇ. ئۇنداق ئەمەس، ھېچ ئۇنداق ئەمەس. بۇ يەردە بىر گەپ بار،
بىر گەپ باردەك تۇرىدۇ. — قاسىم ئېغىزىنى بۇزۇپ، سابىرنى غىڭشىپ
تىللىدى، —توختا سابىر، سەن تېخى ئالدىراپ كەتمە. سەن كىم، مەن كىم،
سەن تېخى مەن بىلەن ئېلىشقىدەك، زەيتۈنەمنى مەندىن تارتىۋالغىدەك
بولمىدىڭ. مەن شۇ گۈزەلنى دەپ خوتۇنۇمنى قويۇۋەتمىدىمۇ؟ مەن سەن
سابىرنى شۇنداق چۇشۇرەيكى...». لېكىن، قاسىم سابىرنىڭ گۇگشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داگۋېيسى ۋە ئەزالار ئالدىدا ئۇسۇۋاتقان چوڭ ئابروينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ۋۇجۇدىنىڭ ئىختىيارسىز بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك تىترەيدىغانلىقىنى سېزەتتى. «ھەي، مەدىنىيەت ئىنقىلابى، ھەي مەدىنىيەت ئىنقىلابى، — دەيتتى ئىچىدە يۈرىكى پۇچۇلىنىپ، — شۇ ئىنقىلاپ، مېنىڭ ھەممە خىياللىرىمنى سورۇۋەتتى. ئاز - ئازلا قالغان، مىڭبىر جاپادا تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئاز - ئاز قالغان، بىرلا مەدەت بولسا، فۇشېجاڭ بولايلا دەپ قالغان ئىدىم، فۇشېجاڭلا بولسام، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋېرەتتى. مېنىڭ ئۇسۇشۇمنى كىم توسايتتى؟ ناھىيىنىڭ سۇ كوجىگى بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى. مەن بۇ كەسىپنىڭ ئەھلى، ئوقۇغان، سۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئوقۇغان ئادەممەن. بۇنى گۇڭشې داگۋېيسى ھېساپقا ئالغان، ھەتتا مۇزاكىرىمۇ بولغان. مانا ئەمدى بۇ ئىنقىلاپ ھەممىنى تۈگەتتى، كىشىلەر ئادەمگە سىنچىلاپ قارايدىغان بولۇۋالدى. ئەلنىڭ بالىسى بولساڭ، ئەر بولىسەن، بولمىسا يەر، دېگىنىنى تېخى... بۇ ئىنقىلاپ ھەممە نىمىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. نەدىكى سابىر بولسا چوڭ ئادەم، ئىنقىلاپچى جانكويەر دېيىلىپ، ئوتتۇرىغا چىقتى. جۇرېن، گۇڭشې داگۋېيسىنىڭ ۋېيىۋەنى بولدى. زەيتۇنەمنىڭ كوزى شۇنىڭغا چۈشكەنمىكىن، بولمىسا، ئۇ ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم بىر نىمگە كىم قارايدۇ! توختا سابىر، مەن بۇ ئىشنى شۇنداق ئەپلەشتۈرەيكى، سېنىڭ گۇڭشې، ئەزالار ئالدىدىكى ئابرويۇڭ بىراقلا تۈگىسۇن. شۇ چاغدا، زەيتۇنەممۇ تۇققانچىلىق دېگەن نەرسىنى بىلىپ قالىدۇ......».

— ھەي، توتى قۇشەي، — قاسىم ئۆزىنى باسالماي ئاۋازلىق قىلىپ ئېيتتى، — تۇققانچىلىق — بار نەرسە ئۇ! كىم بورى، كىم قوي — ئېيتىشقا ياخشى. ۋاقتى كەلسە، كىم ئايرىپ تۇرۇپتۇ.

قاسىم كېيىنكى ھەپتە ئىچىدە پۇت - قولىنى بولەكچە تېز قىلىپ، دادۇيمۇ - دادۇي قاتراپ يۈردى، كويۇپ - پىشىپ ماتېرىيال يىغدى. پەقەت يېڭىيەر دادۇيگە بارمىدى ۋە ئاخىرقى كۈنى كەچتە بىر قۇچاق ماتېرىيال بىلەن چاۋار مەتقۇلنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى:

— ۋاي ئىستەي، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، — دېدى ئۇ ماتېرىياللارنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ ھەسرەت بىلەن. ئۇ ھارغىن ئىدى،

نىمىگىدۇ بىساقەت بولۇۋاتقاندەك كورۇنەتتى، — مەن ئالدىرايمەن ما...
لى، ئېشىگىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى، دىگەنىنىڭ ئوزى بولدى - دە. بۇ ساب...
نى قانداق قىلساقكىن - تاڭ. ئەگەر سابىر، يەنى مەسىلەن......

داگۆبىي شۇجىسى تېخى بايىلا يېڭىيەردىن قايتىپ كەلگەن ئىد...
سابىرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، بىرئاز ئەجەپلىنىپ قاسىمغا قارىدى:

— خوش، نىمە گەپ؟

قاسىم داگۆبىي شۇجىسىغا شىكايەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلاپ ق...
غان گەپلىرىنى تىزىپ، كويۇپ - پىشىپ سوزلەشكە باشلىدى:

— ھەممە دادۇيلەر دىگۇدەك قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىنى ...
شۇرۇپ بەردى. لېكىن، يېڭىيەر دادۇيىنى ھېچ چۈشىنىپ بولمايدۇ. گ...
دىسە قاپتا بىر، ئىش دىسە ۋاي بېلىم، بولۇۋاتىدۇ. نىيازقۇربان: پىلا...
تۈزۈشنى سابىر ئوز ئۈستىگە ئالغان، بىز ئارىلىشالمايمىز، شۇ بىلمىد...
دەيدۇ. سابىرنىڭ بولسا بۇ ئىش ئېسىيادىدا يوق ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ نەدىلىگى...
ھېچكىم بىلمەيدۇ. سابىر مۇشۇنداق ئوزى بىلگەن يەردە يۇرۇپ، سۇ ق...
رۇلۇشى پىلانى بىلەنكارى بولمىسا، گۇڭشې ئومۇمى پىلان تۈزۈشتە جىد...
دى قىيىنچىلىققا يولۇقىدۇ، مەسئۇلىيەتسىزلىكىنىڭمۇ چېكى بار - دە! ساب...
ھېمىشەم: سۇ، سۇ دەپ قاخشايدۇ، لېكىن، ئىشىنىڭ ئوزىگە كەلگەندە، يە...
مەسىلەن......

چاۋارمەتقۇل قاسىمغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى:

— سىز ئوزىڭىز يېڭىيەردە بولدىڭىزمۇ؟

— يا...ق... تېلېفوندا ئىزلىمىگەن كۇنۇم يوق. ھەممە ۋاق...
ئۇ يەردىن: يوق، يەنى، دىگەنلا جاۋاپ كېلىدۇ، ئەگەر سابىر، يەنى ئوزى....

چاۋارمەتقۇل ئورنىدىن تۇردى، ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. قاسىم ك...
تىرىپ كىرگەن قەغەزلەرگە بىر قۇر كوز يۇگۇرتتى، قايسىدۇ بىر دادۇ...
نىڭ پىلان خەرىتىسىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن باققا قاراپ ئېچ...
غان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ئىگىز ياغاچ دەرىخىگە قاراپ قويدى.
گويا قاسىمنىڭ پىكىرلىرىنىڭ شاگىلى ئارىسىدىن مېغىزىنى ئىزلەۋاتقا...
دەك، ئىمىنىدۇ سالماقلىق بىلەن دەگسەپ كوتىرىۋاتقاندەك ئىدى:

— يولداش قاسىم، — دىدى چاۋارمەتقۇل جوزىنىڭ گىرۋىگىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ تۇرۇپ، — مۇنداق ئىشلەش ئۇسۇلى يارىمايدۇ. بۇ كېسەل مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى بولغان، ئەمدى بولماسلىقى كېرەك. سىز ھەقىقەتەن سابىرنى تېلېفون ئەتراپىدىن تېپىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ كۈنلەر قاتتىق چاغلار. قانداق ئادەم تېلېفون قېشىدا ئولتۇرىدۇ. مەن يېڭىيەردە بولدۇم. يېڭىيەر دادۇينىڭ ئەزالىرى چوڭ سۇ قۇرۇلۇشى پىلانى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ، كويۇپ - پىشىپ ئىزلىنىۋاتىدۇ. سابىر دەل مانا شۇ ئىش بىلەن بەنت. تېلېفونغا تايانغان بىلەن ھېچ ئىش چىقمايدۇ، تېلېفونغا چاقىرىۋەرسىڭىز، ئۇلارنى ئىشتىن قويىسىز، بۇ بولمايدۇ.

قاسىم، يەنە نىمىندۇ دىمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن چاۋار مەتقۇل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بولىدۇ، سىز ھازىرچە بۇ ماتېرىياللارنى ماڭا قالدۇرۇپ كېتىڭ. لېكىن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئومۇمى پىلان تۈزۈشنى كىچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ — ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك جىددى ئىش. سىز دەرھال يېڭىيەرگە بېرىڭ - دە، ئۇلار يېتىشەلمىگەن بولسا، ئۆزىڭىز قاتنىشىپ ياردەملىشىڭ، كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، تېلېفوندىنمۇ ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

## 3. ئاي قاراڭغۇسىدا

ئامان تۇلكە شاخ - يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ قالغان قېرى سېدە ئاستىدىكى يالغۇز مىچىتتا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدى - كەينىگە شۈبھە بىلەن بىر قېتىم قاراپ قويدى - دە، «غىپ» قىلىپ، مىچىت كەينىدىكى ئازغان - تىكەنلىك چىغىر يول بىلەن ئۇدۇل كونا ئىلىپتى پومىششىك سۇلايماننىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

پومىششىك سۇلايمان ئوتمۇشتە «شاگىيۇ» مەنسىۋىدە ھوكۇمەت خىزمىتىگە قاتناشقان كونا ئەمەلدار ئىدى. بەزىبىر كىشىلەر ئۇنى «بىر قەدەر يۇۋاش، ئۇشۇق - تۇشۇك گېپى يوق، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزگەرتكەن پومىششىك» دەيتتى، ھەتتا قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە تەكلىپمۇ بېرىشكەن

ئىدى. ئېيتقاندەك، ئۇ خولۇم - خوشنىلار بىلەن ئەپ، كادىرلا
ئىتائەتمەن بولۇپ، ھەركىم نىمىگە بۇيرىسا، تىلىنى تۈزۈك قىلىپ، «خو
ھازىرلا بىجا كەلتۈرەي» دەيتتى. ئېپى كېلىپ قالسىلا، پۇرسەتنى تۇتۇ
«مەن گۇناكار ئادەم، ھۆكۈمەتنىڭ كەچۈرىمىگە، خەلقنىڭ ئىلتىپا
كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ تەر ئاققۇزسامۇ يۈز كېلەلمەيمەن» دەپ قويات
ئۆيدە ھېمىشەم دەرھال جانغا ئەسقاتقىدەك بەزى دورا - دەرمەكلەر
ساقلايتتى ۋە ئەتىسى - ئاخشىمى بېشى ئاغرىغان، چىشى ھەرەج قىلغ
كىشىلەرگە ئۇنى ئىچىشنى تەكلىپ قىلاتتى. بازارغا بارسا ئالايتەن يېڭ
كىتاپلارنى، رەسىملىك ژورناللارنى سېتىۋالاتتى، ئەگەر، مۇبادا ئېت
ئۈستىدە — ئەمگەك ئارىلىغىدىكى بوش ۋاقىتتا بىرەر ياش بالا بۇ كىتاب
كۆز قىرىنى سالسىلا، ھېچ ئىككىلەنمەي: «ئوقى ئۇكا، بۇ ئەڭ يېڭ
كىتاپ» دەپ تەقدىم قىلاتتى. ئۇ كۆپتىن بېرى بەزى گېزىتلەرگە
مۇشتىرى ئىدى ۋە ھەرقاچان گېزىتتىن ئايرىلماي، ئۆز تىلى بىلە
ئېيتقاندا «مۇتالىئە» قىلاتتى، بولۇپمۇ تۆتىنچى بەتنى — خەلقارا خەۋەر
لەرنى قالدۇرماي ئوقۇپ چىقاتتى.

نامان تۈلكە ئۆزىنى سۇلايماننىڭ بېرىلگەن مۇخلىسى ھېساپلايتتى
ۋە بەزى خۇپىيانە كېلىپ «ھىد» ئېلىشىپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ دۇرۇت
ئوقۇۋاتقان داخاندەك بىر ئىشلەرنى پىچىرلاپ، ئەتراپقا ھۈررۈپ
سۇلايماننىڭ ئىشىگىگە كەلدى - دە، ئىشىك يوچۇغىدىن ھويلىغا قارىدى.
ھويلىنىڭ ئىچى تىپ - تىنچ ئىدى، يان ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن چىراق
يورۇغى چىقىپ تۇراتتى. نامان تۈلكە جىمجىت ئاي قاراڭغۇسىغا چۆككەن
ئەتراپقا خۇدۇكسىنىپ قارىدى، بىر پەس تىڭشاپ باقتى، ئاندىن ئىشىك
نىڭ زەنجىرىنى ئاستا قاقتى ۋە يوچۇقتىن مارىلىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن
كېيىن ھويلىدا كالىچىنى «شالاقلىتىپ» سۆرەپ كېلىۋاتقان سۇ-
لايماننىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى.

سۇلايمان نامان تۈلكىنى كۆرۈپ:
— ئوھو... نامان چوكام، بۇ ئۆزلىرىمىدىلە، كەلسىلە، كەلسىلە، —
دىدى ۋە ئۆچكىنىڭكىدەك ئۇزۇن، سېرىق ساقىلىنى تۇتاملىغان ھالدا
ھىڭگىل چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايدى، — قېنى، ئۆيگە ئىلتىپات قىلسىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوڭام، ئۆيگە. سىلىنى خۇداۋەندىكىرىم ئۆزى يەتكۈزدى، ــ سۇلايمان نامان تۇلكىنى ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلىدى ۋە قاغا تۇمشۇغىغا ياغاچ تىقتى، ــ بايىدىن بېرى ئۆزەمگە ئۆزلىرىنى غايىۋانە ھەمرا قىلىپ، تەرىپ-تەسۋىرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ئىدىم. مانا ئەمدى تولا جايىدا بولدى. قېنى ئۆيگە، ئۆيىنىڭ ئۆزىڭىزلا!......

نامان تۇلكە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ:

— ئۆزلىرى خېلى تۈزۈكمۇ شاگىيۇم، ــ دېدى پەس ئاۋاز بىلەن سۇلايمانغا، ــ خۇپتەن نامىزىدا خۇدانىڭ ئۆيىدە بولالمىدىلا، پېقىر ئۆزلىرىدىن سەل ئەنسىرەپ......

— يوقسۇ چوڭام، رەخمەت. ئوزەمغۇ تېچ، لېكىن زۇكام سەل ئەزدى. نامازنى ئۆيدىلا ئوقۇۋالدىم، قېنى ئۆيگە.

— خەي، خۇداغا شۈكۈر.

نامان تۇلكە ئەتراپقا بىر كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن، چىراق يېنىپ تۇرغان ئۆيگە كىردى. پەگا، سۇپىسى، تاملىرىدا ئۇششاق تەكچىلىرى بولغان بۇ ئۆي يان ئۆيدىن دالان ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. يان ئۆيدە بولسا ئۇنىڭ مۈكچىيىپ قالغان خوتۇنى ئاللىقاچان يېتىپ قالغان ئىكەن.

— ئۇ خوتۇن بىناماز، شۇڭا بالا يۈزى كورمىدۇق، ئىشقا چىقىدۇ، كىرىدۇ، ئۇخلايدۇ، ــ دېدى سۇلايمان.

— شۇ ئوبدان، شاگىيۇم. بالا بولمىسا نىمە بوپتۇ، بۇ كۈننىڭ بالىلىرى ئاتا-ئانىغا دۈشمەن. مېنىڭ بالىلىرىم شۇنداق، غىرتىتىدا بىر ئىش بولسا، ھازىرلا يېپىشۋېتىدۇ، تەشكىلگە دەيمىز، دەپ دوق قىلىدۇ، ھەجەپ بىر زامان، تىنغىلى بولمايدۇ.

نامان تۇلكە ئۆزۈن پېرىجە چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى تىزىنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. سۇلايمان يۈگى چۇشۇپ كەتكەن گىلەم ئۈستىگە دەستىخان سېلىپ، بىر نەچچە دانە پىشۇرۇلغان تۇخۇم، بىر تەخسە ئامۇت، نان قويدى. مەرەپنىڭ يېنىدىكى ئۆيۈقتىن، ئىككى قولاقلىق كوزىنى ئېلىپ كەلدى.

— سۇلايمان شاگىيۇم، ئۆزلىرى بۈگۈنزە...ــ نامان تۇلكە كوزىغا

كوز تاشلاپ، ئۈزۈن، شالاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ، تامىقىنى قىر—
قويدى. — بۇنىمۇ قولدىن بەرمىدۇق دېسىلە، شاگىيۇم.
— شۇنداق چوگام، بەزىدە خۇدا بىلەن روسۇل، بەزىدە دۆن—
بىلەن ئۇسۇل، دېگەن ئىكەن. بۇ كۇز ۋاقتىدا زۇكامغا ياخشى.
— ئەلھەمدۇلىللا شۇنداق بولسۇن. زۇكامغا پايدا بولسا،
بەلەن ئىكەن.
سۇلايمان سىدام كوزىدىكى مۇسەللەسنى پىيالىگە قۇيۇپ، نا—
تۇلكىگە تۇتتى:
— قېنى چوگام، بىر يولى كوتىرىۋەتسىلە. بۇ هاراق ئەمەس،
قولۇم بىلەن سالغان مۇسەللەس شەربىتى. يەنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق مۇسۇل—
شارابىدۇر، قېنى، بىر قېتىمدىلا......
نامان تۇلكە پىيالىنى بوشتىپ، ئېغىزىنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلە—
سۈرتتى-دە، سىرلىق بىر تۇستە خەۋەر يەتكۈزدى:
— سۇلايمان شاگىيۇم، سىلى ھەممىنى بىلگۈچى كىشى، ئەقىللىر—
قايىلمەن، — دېدى ئۇ ئېغىزىنى تامشىپ ئولتۇرۇپ، — ئىش سىر—
دېگەندەك بولۇپ چىقتى. قاسىم، بۇ هارامزادە ئاخىر ئىندەككە كەلدى—
مانا ئەمدى ئۇز قولىمىزدىكى ئادەم بولۇپ قالدى.
— هازىر ۋاقىت نازۇك، قاسىم ئىندەككە كەلگەن بولسا، ئىش—
ئېخىمۇ جايىدا بولىدۇ، — سۇلايمان كوزلىرىنى يۇمۇپ بىر پەس خىيا—
سۈرۈپ ئېيتتى، — ئابدۇراخمان لىيەنجاڭ دادۇينىڭ هوقۇقىنى ئىگەللە—
تۇرغاندا، بىزگە ئاز ئىلتىپات قىلمىدى، بىشىمىزغا تازا سايىۋان بولغا—
بەختكە قارشى، جاهاننى ئورە-توپە قىلغان مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى
كىشىنى تۇگەشتۇردى. ئابدۇراخمان لىيەنجاڭنىڭ كوڭلى بىز بىلەن بىلـ—
بولسىمۇ، لېكىن هازىر هېچنىمىگە قۇربى يەتمەيدۇ. قاسىم بولسا باش—
گەپ. ئۇنى هەرگىز قولدىن چىقارماسلىق كېرەك.
— شۇنداق، — دېدى نامان تۇلكە، — قاسىمنىڭ دادىسى كەم—
غەلرەك بولسىمۇ، بىز بىلەن ئىلپەتداش، ئەقۋادار يۇۋاش ئادەم ئىدى—
لېكىن بۇ ئاخماق ئوقۇدۇم، كادىر بولدۇم دەپ، ئۇچۇشنى بىلىپ چـ—
شۇشنى بىلمىدى. ئۇنىڭ پۇت-قولىنى چۇشەپ قويغىنىمىز تۇز—

ئۇيغۇر كىتاب تورىبەتلىرى
www.uyghurkitap.com

ئىش بولدى.

— خوش، قاسىم ئەتلەس ئالدىمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئالمامدىغان، — نامان تۇلكە خىقىراپ، كىر ساقاللىرىنى ئىگىگىنىڭ تېگىدىن تاراپ قويدى، — بۇ ئەتلەس مېنىڭ قولۇمدىن قاسىمغا ئۆتۈپ، ئاندىن يانا مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق زەيتۇنەمگە يەتكۈزۈلدى. ھېلىراق ئاڭلىسام، سابىرنىڭ ئانىسى گۈلسۇمخان «زەيتۇنەم سابىرنىڭ لايىقى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى قىسمىتى بىر بولغان قېرىنداشلار» دەپ يۈرۈپتىمىش. كوزىلىمۇ بۇ گەپنى، ئەگەر ئىش مۇشۇنداق بولسا، سابىرمۇ......

— سابىرمۇ ئەمدى داجەيدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا ئەمەس، قاسىم كوز تىككەن زەيتۇنەمنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ، دېسىلە.

— شۇنداق بولمامدىغان. ئىككى كاللا راسا باش سوقۇشتۇرىدۇ، ئۇ چاغدا، ئىشنىڭ قىزىقى ئاندىن چىقىدۇ.

— ئەمما، ئابدۇراخمان لىيەنجاڭنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى سۇلايمان، — سابىر ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن. ئابدۇراخمان لىيەنجاڭ: «مېنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقىم — سابىرنى ئارمىيىگە ئەۋەتىش بولدى. ئەسلىدە ئارمىيىگە ئەۋەتمىسەم بولغانىكەن. لېكىن، ئۇ چاغدا، تۇراخۇن بىلەن تومۇر قېرى "سابىر چوقۇم بارسۇن، ئۇنىڭ ئارمىيىگە كىرىشىنى ھېچكىم توسىيالمايدۇ" دەپ تۇرۇۋالدى. مانا ئەمدى سابىر ئارمىيىدىن قايتىپ كېلىپ، ھەممە ئىشنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى، ئۇ بىزدەك كىشىلەرگە ئىنتايىن ئوچ، پەخەس بولۇڭلار» دەيدۇ.

— خۇدا ئوزەڭ پانايىڭدا ساقلىغايسەن، — دېدى نامان تۇلكە ھەسرەت چېكىپ، — بۇ سابىرنىڭ ئارمىيىگە بارغىنى راست يامان بولغان ئىكەن.

— شۇنداق، بەك يامان بولغان، — سۇلايمان شاگىۋ مورا بېشىدىن مىس چىلىمنى ئېلىپ، ئۇنى راسلاشقا كىرىشتى، — سابىر سىلى بىلەن بىزگە رەھىم قىلىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. تۇراخۇن بىلەن تومۇر قېرى ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كوتىرىدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئېغىزىغا قارايدىغان بولۇپ كەتتى. سابىر يېگىيەرگە باش بولۇپ تۇرسا، بىزگە مۇتلەق ئارام

يوق، — سۇلايمان چىلىمنى شوراپ، كوزىنى موشۇكنىڭ كوزىدەك
قىزىتىپ بىر پەس تۇردى - دە، نامانغا سۇندى، — گېزىت
ۋەرلىرىگە كوز يۈگۈرتىسىلىرى ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىلا. مېنىڭ پەملىشىمچە
هازىر سابىرنىڭ جېنى ئۇ داجەيدىن ئېلىپ كەلگەن داجەي رو
دىگەن نەرسىدە. گېزىت باياندىرىغا قارىغاندا، داجەيدىن ئۆگىنىش دە
گەپ — سىلى بىلەن بىزنىڭ تېچ، ئارام خۇدا ئىلىپەتچىلىگىمىز
تېگىگە ئوت قويۇش، دىگەن سوز.

— يا خۇدا، داجەي! بۇ داجەي نىمانداق يامان - هە؟
نامان تۇلكە كوزلىرىنى چەكچەيتىپ، سۇلايمان شاگيۇغا ئىلتىجا قىل
قاراپ قويدى.

— لېكىن، داجەي — شىياگدا، يېگىيەر — شىنجاگدا، — دە
سۇلايمان شاگيۇ، — هەر يەرنىڭ ئوز سەنىمى بار، داجەيدىن ئۆگىنى
دىگىنى قۇرۇق گەپ.

— خۇدايىم شۇنداق بولسۇن، — نامان تۇلكە خىقىراپ كوزلىرى
يۇمدى ۋە ئالدىراپ سوزلەپ كەتتى، — بۇگۇن چۇشۇمدە بىر ئى
ئايان بولدى. قەۋمى - جامائەتنىڭ هەممىسى يولنىڭ ئىككى ياقىسى
سەپ تارتىپ تۇرغانمىش. سېرىق چاپان كىيگەن، قارا مىلتىق ئاسق
ئەسكەر باللار كوك بايراق كوتىرىپ يولدىن ئوتۇۋاتقانمىش. هەم
سىنىڭ بېشىدا ئون ئىككى شوئارى بار شەپكە... يا هەزر
دەيمەن، يۇرىگىم پۇلاگلاپ كەتتى. هوشۇمنى يىغالماي، ئەسكەر باللىر
ئايىغىغا ئوزەمنى ئېتىۋېتىپتىمەن. ئويغانسام چۇشۇم!... يۇرىگىم قىنىد
چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئورنىمدىن دەس تۇرۇپ، قىلۋە تامغا قار
دۇئا - تەگبىر قىلدىم. يەر - زىمىن، ئوي - جاي خەتلىرىنى رەتل
جايلىۋەتتىم. هەر هالدا بۇ داجەي روهى ئاسماننى ئوك - تەنۇر قىلغ
بىزنىڭ كۇنىمىزمۇ كېلىپ قالدىغان ئوخشايدۇ. چۇش دىگەن يې
بەشارەت دەيدۇ، شۇنداقمۇ شاگيۇم؟

سۇلايمان ئوزىچە مۇلاهىزە قىلدى:

— نامان چوگام، ئوزلىرى ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتك
كىشى بولسىلىرىمۇ، — دىدى ئۇ، — ئەمما گېزىت خەۋەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەۋەسلىرى تولا كەم. چۈشىنىڭ بەشارەت بەرگىنى بىر ئىش. لېكىن شامالنىڭ سوققان تەرىپىنى بايقاش يەنە بىر ئىش. ھازىرقى شامال شۇنداقكى، بىزگە ياردەم- مەدەت ئون ئىككى شوئاردىن ئەمەس، باشقا تەرەپتىن، ئېھتىمال، ئىلگىرى سىلى بىلەن بىزنى ئانچە ماقۇل كورمەيدىغان تەرەپتىن كەلسە ئەجەپ ئەمەس... مەن يېقىندا، ناھىيىگە بېرىپ، ئەنۋەر ئىشاننىڭ ئوغلى ھوسەن بايۋەچچە بىلەن كۆرۈشتۈم. ھوسەن بايۋەچچە ھېلىمۇ چوڭ كادىر، كوپ ئىش كورگەن، شامالنىڭ ئېقىمىدىن خەۋەردار كىشى، ئەھۋال مانا شۇنداق......

سۇلايمان ئاۋازىنى پەسەيتىپ، شىۋىرلاپ بىر نىمىلەرنى دېدى. نامان تۇلكە دوم يېتىپ دىڭگۇدەك، قۇلىغىنى سۇلايماننىڭ ئېغىزىغا چاپلاپ ئاڭلىدى ۋە ئاندىن كوزلىرىنى چەكچەيتىپ، قورقۇپ، ۋەس- ۋەسە ئىچىدە باشلىرى بىلەن نىمىنىدۇ ماقۇللىدى.

نامان تۇلكە ئورنىدىن قوزغالغاندا، تۈن تەڭ بولغان ئىدى. سۇلايمان:

— ئەمسە، گەپ شۇ، چوڭام. قاسىمنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن تانىنى زادىلا قويۇۋەتمىسىلە، — دېدى.

نامان تۇلكە ھەجايىدى ۋە پىرىجىسىنىڭ ياقىسىنى تۈزەپ قويدى:

— خۇدا ئۆزى يار بولسۇن، شاگىيۇم. بۇ تانا تولا چىڭ يەردىن ئۆتكۈزۈلدى. مەنمۇ بۇ تانىنى قويۇۋەتمەيمەن، لېكىن- زە، قاسىممۇ بۇ تانىنىڭ سىرتمىغىدىن ئاسانلىقچە چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

نامان تۇلكە سۇلايماننىڭ ئويىدىن چىقىپ، چىغىر يول ئارقىلىق چوڭ يولغا ئۆتتى، ئاندىن ئۆز ئويىگە بۇرۇلدى. شۇ چاغدا، ئايدىڭكول دادۈيى تەرەپتىن دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقان ئات تۇۋىغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نامان تۇلكە «شارت» قىلىپ، ئۆزىنى ئېرىق بويىدىكى پور سوگەتنىڭ كەينىگە يوشۇردى. ئاتلىق كىشى ئالدىغا كەلگەندە، يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ، خاتىرجەم ئورنىدىن تۇردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قاسىمجان، يول بولسۇن ئۇكا......

ئاتلىق كىشى قاسىم ئىدى. قاسىم ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ، قول

قوشتۇرۇپ تۇرغان نامان تۈلكىنى كوردى:

— هه، سەن ناماكاموۇ؟ نىمە سەن ئۇخلىماي قاراڭغۇ كېچىدە.
دىدى قاسىم سەل خۇدۇكسىنىپ.

— خۇدانىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، ئۇكا، — نامان تۇ
قاسىمنىڭ ئالدىغا يېقىنلاپ باردى، هورمەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ
تى، — بۇ كۈندە ساڭا مەن دۇئا قىلمىسام، كىم دۇئا قىلىدۇ، دۇئ
لەن ئەر كوكۇرەر، يامغۇر بىلەن يەر، دەپتىكەن. بۇگۈن ئۆزەڭ بىلە
پىرىشتە، ئەرۋالار يوقلايدىغان ئۇلۇق ئازنا ئاخشىمى ئەمەسمۇ، ساڭا
تاپ خالىس دۇئا قىلدىم. هەر نىمە بولسا، پۇشتىمىز بىر، جۇر ئويگە..

— ياق، بولمايدۇ، بۇ نىمە دىگىنىڭ، — قاسىم ئەتراپقا بىر
رىۋېلىپ، ئەنسىرەپ ئېيتتى، — مەن دادۇيگە بارايى. چاۋار شۇ
هازىرنىڭ ئوزىدە بېرىڭ، دىگەن، چاتاق بولىدۇ، چاۋار شۇجى ه
تېلېفوندا مېنى سۇرۇشتە قىلىشىمۇ مۇمكىن.

— تازىكەنسەن، بۇ كېچىدە دادۇيدىن كىمنى تاپىسەن، هەممە كى
ئېغىر ئۇيقىدا، جۇر ئويگە، هېلى تاڭ ئاتىدۇ، خەقلەر كوزىنى ئېچ
بولغىچە، سەن يەنە ئوزەڭنى دادۇيدە كورىسەن.

قاسىمنىڭ ئاستىدىكى قارا يورغا ئات تېپىرلاپ بىر جايدا تور
مايتتى ۋە ئەينەكتەك پاقىراپ تۇرغان قاپقارا كوزلىرى بىلەن نام
تۈلكىگە قاراپ، تىزگىن سىرىيتتى، نامان تۈلكە ئاتقا هەسەت بىل
قاراپ قويدى، ئۇمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇنداق قارا توروق ئاتنى تېقىم
قىستۇرۇپ، يۇرتمۇ - يۇرت سەيلە قىلغان. ئات — ئەر كىشىنىڭ قانى
دىگەن راست. بىراق، هازىر بۇ قانات يوق، قانىتى ئاللىقاچان قايرىلغ
قاناتلىق بولغان كۈنلىرى غۇۋا چۈشتەك تولىمۇ يىراقتا قالغان.

نامان تۈلكە قاسىمنى هەدەپ ئويگە تارتاتتى: جۇر ئويگە، نى
تۇرىسەن، هوكۇمەتمۇ تۇققانچىلىقنى يەكلىمەيدىغۇ، مەن پومىششىك بى
سامۇ، نامىم ئانچە يامان ئەمەس. قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەممەن،
دەيتتى.

ئەمما، قاسىم شۇ تاپتا بەزىبىر نەرسىلەرنى ئويلاپ قالدى. بۇ
لدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى قاسىم ئوزى ئولتۇرۇشلۇق دادۇينىڭ يېنىدىك

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دادىسىنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا بىر كـ
ىنىڭ دۇئا ـ تالاۋەت قىلىپ ئولتۇرغىنىنى كورۈپ قالدى. كەينى تە
ۋېتىن ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇ كىشى
ىسىنىڭ ئولۇپ كەتكەن ئاتا ـ ئانا، بوۋا ـ جىمەتلىرىنىڭ ئات ـ نام
رىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ خەيرلىك بو
ۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتاتتى. قاسىم ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىش
ۈچۈن يېقىنلىشىپ كەلگەندە، نامان تۇلكىنى كوردى. نامان تۇلكە دۇئا
ىلىپ بولۇپ، قاسىمغا مۇنداق دىدى، «قاسىمجان، سەن ئوغلۇم بىزنى
بىلمەيسەن. سېنىڭ رەھمەتلىك ئاناڭ بىلەن مەن جىمەت تۇققانلاردىن
بولىمىز. مەن ھىمىشەم بۇ يەرگە كېلىپ، سەن ئۈچۈن خالىس دۇئا ـ
تەكبىر قىلىشنى ئوزەمگە قەرز دەپ بىلىمەن، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭنىڭ
روھى مەدەت قىلىپ يولىمىسە، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ھەر ئىش كېلى
شى مۇمكىن». قاسىم شۇ كۈنگىچە نامان تۇلكىنىڭ ئوزىگە تۇققانچىلىق
مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلمەيتتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇنى سۈرۈشتۈر-
مىدى. تەبىئىكى پومىششىككە تۇققان بولۇش ئانچىلا ماختانغىدەك ئىش
ئەمەس. ھەتتا، يامان. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن، قاسىم كىشى يوق يەردە
نامان تۇلكە سالام ـ سائەت قىلسا، ئىلىك ئېلىپ جاۋاپ بېرەتتى. بىر
كۈنى نامان تۇلكە قاسىمنى يالغۇز ئۇچرىتىپ: «قاسىمجان، ئويلەنگىن
ئوكا، يالغۇزلۇقمۇ كۈنمۇ» دىدى. قاسىم: «ياخشى گەپ، بىراق، ماگا
تېگىدىغان قىز تېخى تۇغۇلمىغان ئوخشايدۇ»، دىدى. نامان تۇلكە: «بۇ
نىمە دىگىنىڭ، تۇغۇلغان، پەقەت سەن ئۈچۈنلا تۇغۇلغان» دىدى. قاسىم
قىزىقىپ قالدى. «كىم ئىكەن ئۇ؟» — «زەيتۇنەم، ئوزىمىزنىڭ زەيتۇنەم»
نامان تۇلكە ئوزىنىڭ قانداقتۇ بىر يوللار بىلەن زەيتۇنەمنىڭ ئانا
سىغا تۇققان كېلىدىغانلىقىنى، ئەگەر قاسىم خالىسا زەيتۇنەمنى جان دەپ
ئۇنىڭغا چېتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىدىغانلىقىنى؛ تۇققان مۇشۇنداق چاغ-
دا تۇققانلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. قاسىم خىيلىدىن بېرى زەي
تۇنەمگە قانات سورەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەر مۇۋاپىق ئالاقە يو-
لىنى تاپالماي يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئىش ئوڭدىن كەلدى. «مەيلى، سەن
سوزلىشىپ كورگىن، مەن راسكاللىقىني قىلىپ بېرەي»، «قوي، راسكاللىقنى

ئـوزىمىز قىلـىمىز، راسكالـىغى ئـايـىتى بىر كىيـىملىك ئـەتلەس.
ئۈچۈن ئۈنچىلىك نەرسىنى مەن قىلىپ قويسام نىمە بوپتۇ».
بۇ ئىش بولۇپ ئۆتكىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. نامان تـۇل
ىنىڭ زەيتۇنەملەرنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ بـارغانلىغى ئېنىق. **ئەمما...**
بۇ «ئەمما» ناھايىتى ئېغىر ئىدى. زەيتۇنەم قاسىمنىڭ خىياللىرىنى ي
قەۋەت ئاسمانىنىڭ قەھرىگە چورۇۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ سوراپ بېقم
كېرەكمىكىن. لېكىن، نامانىنىڭ ئۆيىگە كىرگىلى بولمايدۇ، ھەرگىز بـ
مايدۇ. كىشىلەر ئاڭلىسا، جەزمەن يامان ئىش بولىدۇ، ھەتتا ئەزالار د
ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا ھەر خىل تىدنـە
تەنەددى گەپلەر ......

قاسىم دېلىغۇلدىراق بولۇپ ئېيتتى:

— نامانكا، سەن شۇ بىر ئېغىز گەپنى دىگىنە، مەن كېتەي. سـە
نىمىشقا بۇ ئىشنى ئالدىراپ زەيتۇنەمگە ئۇقتۇرۇپ قويدۇڭ؟

— شۇ گەپمىدى؟ — نامان تۇلكە خىقىراپ تۇرۇپ، ئىشەنچلىك
ئېيتتى، — قىزىق ئىكەنسەن ئۇكا، زەيتۇنەم ئۇقسۇن - ئۇقمىسۇن، بـ
جانانىڭىز بەرىبىر سىنىڭ! مەن دىگەنىغۇ، ئۇ سەن ئۈچۈنلا تۇغۇلغان، با
قىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. قىز بالا ئاز - تولا نازلىنىدۇ، نازلانم
سا قىز بولامدۇ؟ ئەمما، جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس، دىگەر
گەپمۇ بار. جۇر ئۆيگە، مۇشۇ خۇسۇستىن موھىم گەپ ئېيتىمەن ... ...

يول ئۈستىدە كوپ تۇرۇشمۇ ناقولاي، ئۆيگە كىرىش تېخى ئـەپ
سىز ئىدى. نامان تۇلكە شۇنچىلىك سىرلىق قىلىپ بىر نىمىلەرنى دى
گىلى تۇردىكى، قاسىم ئاخىر ئىككىلەندى ۋە ئىككى خىيالدىراق بولۇپ
ئاتتىن چۈشتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇلار بىر چەتتىكى يالغۇز
ھويلىغا كىردى. بۇ ھويلىنى مەھەللىدىن قويۇق دەرەخلەر ئايرىپ تۇ
راتتى. نامان تۇلكە ئەگىن ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى:

— بىز يەيدىغاننى يەپ، كىيدىغاننى كىيىپ بولغـان ئـادەم، —
دىدى نامان تۇلكە ئۆيگە چىراق يېقىۋېتىپ، — سەن بولساڭ چوڭ كا
دىر بولۇپ ئوسۇۋاتىسەن. لېكىن - زە، بىر ئىشنى ئويلىسام كوڭلۇم تولا
يېرىم بولىدۇ.

— سەن سىياسەتكە تاقىلىدىغان گەپنى دەۋاتىسەن. مۇنداق گەپنى ئېيتىش ياخشى ئەمەس.

— ياقەي، مەن قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادەممەن. كۆڭلۈم يېرىم دېگىنىم، سېنىڭ توغراڭدىن يېرىم، ماڭا نىمىدى. پادىشانىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىش ۋاجىپ.

— ھە، ئەمىسە نىمىدىن يېرىم؟

نامان تۇلكە «ئالدىرىما» دېگەندەك، كارۋات ئاستىدىن چىلىمنى ئېلىپ، سەرەڭگە ياقتى.

— قېنى بىر شورىغىن.

قاسىم نەشە دانىچىلىرى ھىملەنگەن سەيخانىغا قاراپ تۇرۇپ، چىلىمنى پۇرۇقلىتىپ، بولۇشىچە ئىچىگە تارتتى ۋە شۇ زامات ئۇزىنىڭ نىمىنى چەككەنلىگىنى بىلىپ، چىلىمنى پىقىرىتىپ كىگىزگە تاشلىۋەتتى.

— سەن بۇ نەشە چىلىمىنى ھازىرلا يوقات. مۇنداق نەرسىنى ياسىغان، چەككەن كىشى سېزىلسە، سوتنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ جاۋاپ بېرىدۇ، ھەتتا بىرنەچچە يىللىق قاماق جازاسىغا تارتىلىشىمۇ مۇمكىن.......

قاسىم شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن، ئالىقاچان ئۇنىڭ كەيپى تاراسلاپ كۆزلىرىدە ئەلەڭگۈ پەيدا بولدى. ۋۇجۇدى يېنىك شامالدا ئۇچۇۋاتقان لەگلەكتەك، ھەر تەرەپكە تاشلىنىپ، ھە دېگەندىلا ئۇنى چېكى يوق شېرىن خىياللار ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى.

كۈن دېسەم، كۈندىن ئېسىل،

ئاي دېسەم، ئايمۇ خىجىل....

قاسىم غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— خوش، نىمە گەپ ئۇزى. زەيتۇنەم زادى قولغا كىلەمدۇ - يوق؟

نامان تۇلكە ئۇزىنىڭ ئەلچىلىككە بارغانلىغىنى، زەيتۇنەمنىڭ ئانىسىنىڭ «ياق، بولمايدۇ» دەپ گەپ قىلمىغانلىغىنى، گەپ قىلماسلىقنىڭ ئۆزى «ماقۇل» دېگەنلىك بولىدىغانلىغىنى، قىزى بارنىڭ نازى بار، دېگەن سوز ھەممە كىشىگە ئورتاق ئىكەنلىگىنى ئېيتتى. ئاندىن ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەي ئۇكا، شۇنداق بولسىمۇ، كوڭلۇمنىڭ يېرىم بولغان بىر يېرى

بار. زەيتۇنەم، راستىنى ئېيتقاندا، ھۆر - پەرىنىڭ ئۆزى بولۇپتۇ، مۇ
نداق جانانىمىز ئۈچۈن جاندىن كەچسە ئەرزىيدۇ. مانا بىر ھەپتە ئىلگىر
بۇ قىز ئەلھەق ساڭا مايىل ئىدى. قۇلىقىمنى كېسىپ قەسەم ئىچىمەن
شۇنداق ئىدى. ئەمدى بولسا ئۇنى سابىر ئۆزىگە سېھىر قىلىۋالغانمۇ
قانداق؟

— مەن ئۇنىڭغا كورسىتىمەن، — دېدى قاسىم قېنى قىزىپ، —
مەن سابىرغا ئۆزەمنىڭ كىملىگىمنى كورسىتىپ قويىمەن.

— سەن ئۇنىڭغا كورسىتىپ بولغىچە، — دېدى نامان تۇلكە چ
راقنى پەلەپ ئولتۇرۇپ، — زەيتۇنەم ئۇچۇپ كەتمىسە ئوبدان بولاتتى
يىگىت ئادەمگە ئالىمەن دېگەن قىزنى تارتتۇرۇپ قويۇپتۇ، دېگەندىن سە
ئىش يوق. بۇ تەرىپى ئەمدى، ساڭا......

قاسىمنىڭ چېكە تومۇرلىرى كوپتى، مېڭىسىگە قان قۇيۇلغاندەك
كىمدۇ تاپىنىدىن يەر ئاستىغا تارتىپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.
تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئاجىز، بىقۇۋۋەت ھېس قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، دە
ئەگىشكەن ھالدا نامان تۇلكىنىڭ قولىنى تۇتتى.

— نامانكا، جېنىم نامانكا......

نامان تۇلكە قاسىمنىڭ ئىلتىجا قىلىپ تۇرغان ئەلەگگۇ كوزلىرىگە
پۇرلدىشكەن، ئىششىغان يۇزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا ئوتكۇزۇلگەن
تانىنىڭ ھەقىقەتەن پۇختا، چىڭ ئىكەنلىگىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندى
ۋە چىلىم تەڭلىدى:

— قېنى يەنە بىر شورىغىن، كوڭلۇڭ ئېچىلىدۇ، سەگىپ قالىسەن
ھېممىشەم چېكەتتىڭمۇ؟ — دېدى.

كېيىنكى چىلىم قاسىمنى ھوشىدىن كەتكۇزدى، يۇرىگىنى نىمىد
قامللاپ تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كوزىگە سابىر كورۇندى ۋە بىردى
جويلىگەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:

— مەن سابىرنى ئولتۇرىمەن، مەن ئۇنىڭ بويىنىنى ئۇزۇۋېتىمەن!......

نامان تۇلكە ئۇنى قۇچاقلاپ، ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئې
ىزىنى قولى بىلەن توسىۋالدى:

— قويغىنىم، ساراڭ بولما، سابىرنى ئولتۇرۇش ئۇنداق ئاسان

www.uyghurkitap.com

ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇراخۇن، تومۇر قېرىلار سەن بىلەن مېنىڭ نەسـ لىمىزنى قۇرۇتىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇندىن باشقا، سەن سابىرنى ئۆلتۈر- سەڭ زەيتۇنىمىز قولىغا كېلەمدۇ؟ — نامان تۈلكە بېشىنى سىلىپ گاراڭ بولۇپ ئولتۇرغان قاسىمغا كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويدى ۋە ئەگىتىپ سوز باشلىدى، — سابىرنىڭ ئەل - جامائەت ئالدىدا يۈز - ئابرويى چوڭ، خەقلەر ئۇنى خۇدادەك چوڭ بىلىدۇ. بۇ يىل پاختا بەك ئوخشىـ دى، ھەر بىر گۇگىغا ئىككى كويغا يېتىپ كېلىدىغانىنىڭ گېپى بار. سا- بىر باش بولۇپ ياسىغان «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىنىڭ سۇيى كۆزگى بۇغدايىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ تېرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ، دېيىشىدۇ. خەقلەر بۇ ئىلگىرىلەشلەرنىڭ ھەممىسىنى سابىردىن كورىدۇ، ئۇنىڭغا قول قوشتۇرۇپ، ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. پاختىمۇ، ئامبارنىڭ سۇيىمۇ بولمىسۇنچۇ؟ سابىرغا ھېچكىم تەن بەرمەيدۇ.

قاسىم بۇ گەپتىن ئىمىنىدۇ سەزگەندەك، سەل چوچۇپ نامان تۈلـ كىگە قارىدى، نامان تۈلكە قاسىمغا ئىنتايىن كويۈنگەن بىر قىياپەتتە ئېيتتى:

— شۇنداق، سابىر سەن ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك. پاختا بىلەن ئامباردىكى سۇ بولمىسۇنچۇ، ئەل ئالدىدىكى ئابرويى غازاڭ بولىدۇ.

— بۇ گېپىڭ راست، — دېدى قاسىم سەل قورقۇپ، — ئامبار- دىكى سۇ ھازىر سابىرنىڭ جېنى. بۇ سۇغا زەيتۇنەممۇ تەشنا.

— شۇنداق، ئابرويى بولمىغان ئەرگە قىز بالا قارىمايدۇ. ئۇ چاغـ دا زەيتۇنەم سېنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى. ئامبارنىڭ سۇيى — سا- بىرنىڭ جېنى. مانا بۇ ئەقىللىق گەپ، توغرا ئېيتتىڭ. جاننى مانا شۇ يەردىن ئېلىش كېرەك......

قاسىمنى تىترەك باسقاندەك بولدى. كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، نەپىسى قىسىپ كەتتى. دەھشەت، قىستىسى، دەھشەت ... نامان تۈلكە دەھشەتلىك بىر نەرسىنى تەكلىپ قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ نېرىسىـ نى ئاڭلىغۇسى كەلمىدى. ھەتتا بۇ ئويىگە كىرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى......

## تۆتىنچى باپ

### 1. قوڭغۇراق ئاۋازى

بۇ كۈنلەردە يېڭىيەر دادۈيىدە كۈزلۈك يىغىم - تېرىمنىڭ ئاجايى
گۈزەل مەنزىرىسى ئېچىلغان ئىدى. كەڭ ۋە رەتلىك ئويماتلاشتۇرۇلغا
كېۋەز ئېتىزلىرىدا باشلىرىغا قىزىل ياغلىق تېڭىۋالغان، ئاق داكا كـ
نەك كىيىشكەن چېۋەر خوتۇن - قىزلار خۇددى دېڭىزدىكى ئاق يەلكەندە
ئۈزۈپ، ئېتەكلىرىنى تولدۇرۇپ، بەس - بەس بىلەن پاختا تەرمەكتە؛ پۇ
قاقلىرىنى تۇرۇۋېلىپ، قىزىل بەلۋاغلىرىنى تارتىپ باغلاشقان قاۋۇل يىگىت
لەر بولسا گاڭ ئوغاقلىرىنى پاقىرىتىپ، كۆچلۈك، بىجىرىم بەدەنلىرىدىـ
سۈدەك قۇيۇلۇۋاتقان تەرگە پىسەنت قىلماي، غۇلاچ تاشلاپ سول يېرىپ
شارتىلدىتىپ قوناق ئورماقتا؛ پىشقان - تەجرىبىلىك ئەزالار بولسا، ئـۈچ
تىن ئات قوشۇلغان بوجۇگېنى ئالدىغا سېلىۋېلىپ، بـۇغداي تېرىلغۇسى
نىڭ جىددى باسقۇچىدا جىدەللەپ ئىشنى ئىلگىرى سۈرمەكتە......

كۈزگى بۇغداي تېرىش — كۈزلۈك يىغىم؛

كۈزلۈك يىغىم — كۈزگى بۇغداي تېرىش......

كېلەر يىل ئۈچۈن ئوبدان هۇل قۇرۇش، بۇ يىلنىڭ بەركەتلىك
مېۋىلىرىنى تولۇق، پاكىزە، ۋاقتىدا يىغىۋېلىش — كۈزلۈك ئىشلەپچىقـ
رىشنىڭ خۇسۇسىيىتى. بۇ پەسىل بولۇپمۇ بۇ يىل جىددى، ئـالدىراش
ئۆتۈۋاتاتتى. كۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ هەرقايسى هالقىلىرى بىـرى-
بىرى بىلەن باغلىنىپ، بىرى ئىككىنچىسىگە تۈرتكە بولۇپ، ئاجىرالماس
هالدا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەمۇرچىلىق بىلەن كەلگەن كۈز ئاي-
لىرىدىن ئەزالار خوشال ۋە ئالدىراش. هەر كىم بىر ئۈلۈش كۈچ چىـ
قىرىپ، كۈزنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن هەركەت قىلاتتى

ۋە ھەممە يەردە «ۋاقىت — غەلىبە» دېگەن جۇشقۇن ئەمگەك ساداسى ياڭرايتتى.

سابىر بۇ كۈنلەردە جىددىي، شۇنداق بىلەن بىللە سالماق ئىدى، كەم گەپ قىلاتتى، ئۇيقۇسىز كۆزلىرى ھېمىشەم ئويچان كۆرۈنەتتى. ئۇ يىگىتنى جەينىگىچە، پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېلىپ، پولات ئوغاقنى قولىغا ئېلىپ، تاڭ سەھەردە ھەممە كىشىدىن بۇرۇن ئېتىزدا پەيدا بولاتتى ۋە ناھايىتى كەچ قايتاتتى. ئۇ ھەممە يەردە «كۈزنىڭ جىددىي ئىشلىرىنى تېز تۈگىتىپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىنى باشلاش، سۇسىزلىقنى تۈگىتىشكە ئاتلىنىش كېرەك» دېگەننىلا ئويلايتتى. بۇ ئوي-پىكىر ئۇنىڭ جۇشقۇنلىنىپ تۇرغان قەلبىدە ھېمىشەم جاراڭلىق سادا پەيدا قىلىۋاتقاندەك بولاتتى ۋە ئۇنى زادىلا بىر جايدا تىنىم تاپقۇزمايتتى.

سابىر داجەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادۈي داڭجىبۇسى مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىدى، ھەر تەرەپلىمە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە بىر ئېغىزدىن كۈزلۈك يىغىم-تېرىم جەريانىنى داجەي قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشنىڭ، ئەزالارنى داجەي روھى بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ جەريانى قىلىش كېرەك، دەپ قارار قىلدى. سابىر ئىش تەقسىماتى بويىچە كۈزلۈك يىغىمغا يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ئۇ كۆپىنچە قوناق ئورۇۋاتقان، كېۋەز تېرىۋاتقان ئەزالارنىڭ يېنىدا بولاتتى، ئارىلاپ خامانغا، بەزىدە كۈزگى بۇغداي تېرىۋاتقان ئەزالارنىڭ قېشىغىمۇ باراتتى. قوناق ئورۇش — جىددىي، كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش. تىز كۆيۈشۈش، بەل تېلىش، قول قاپىرىش دېگەننى مانا شۇ چاغدا كۆر. سابىر ئىككى جىڭلىق گاڭ ئوغاقنى ئوينىتىپ، كۈن-كۈنلەپ قوناق ئوراتتى. ھارۋا پاتقىدەك كەڭ سولنى بوسۇپ-تارتىپ، قىرنىڭ بېشىغا ھەممىدىن بۇرۇن چىقاتتى-دە، ئۆزىدىن نەچچە ئون مېتىر ئارقىدا قالغان بەرجەس يىگىتلەرگە چاقچاق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قارشىسىغا قاراپ ئورۇشقا كىرىشەتتى. كۆپچىلىك دەم ئېلىشقا ئولتۇرغاندا، سابىر داجەي ۋە داجەي قەھرىمانلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى، پاختا تېرىۋاتقان، كۈزگى بۇغداي يېرىنى ئوسا قىلىۋاتقان

ئەزالار ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنى تېپىپ، داجەي ھەقق
سوزلەپ بېرەتتى. كەچ تەرەپتە بولسا سابىرنىڭ ئىشى تېخىمۇ كوپىيەتتى
ياشلار، ئايالLار يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى، ئىشلەپچىقىرىش دۇيى كادىرلىر
بىلەن كۆزلۈك يىغىم - تېرىمنىڭ كېتىۋېتىشىنى تەھلىل قىلىپ، ئىلغ
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ تارقىتاتتى ۋە «يۈز تەجرىبە، مىڭ تەجرىبە ئىچىدە
ئەزالارنى داجەي روھى بىلەن قوراللاندۇرۇش — ئاساسلىق تەجرىبە
دەيتتى.

سابىر بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۇيىد
بولدى. ئەزالار بىلەن بىللە كۆزگى بۇغداي تېرىش جەريانىدىكى مەس
لىلەرنى ھەل قىلدى ۋە باشقا دۇيگە ئۆتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «كۆزنىڭ
ئۈچ ئىشى» پىلانلىق، تەرتىپلىك كېتىۋاتسىمۇ، لېكىن بۇغداي تېرىلغۇسى
تەلەپتىن كېيىن قېلىۋاتاتتى، ئۇسا قىلىنغان يەر تېرىشقا ئۈلگۈرمەيۋاناتتى
«بۇ سۇرئەت، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — سۇ قۇرۇلۇشىغا بالدۇر تۇتۇش
قىلىشقا جەزمەن تەسىر يەتكۈزىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن تېرىلغۇ سۇرئىتىنى
تېزلىتىش كېرەك، لېكىن سۇ، سۇچۇ......».

سابىر شۇ ئوي - پىكىرلەر بىلەن ئۈچىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۇيى
نىڭ بۇغداي ئويمىتىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان
كۈن تاغ ئۈستىدە بىر غۇلاچچە قالغان، ئېتىز ئىچى كەچكى شەپەق
قىزىللىقى بىلەن يالقۇنجىغان ئىدى. ئېتىز ئىچىدە ئەزالار كۈن بىلەن
بەسلىشىپ، جىددى ئۇرۇق سېلىۋاتاتتى. داگجېبۇ فۇ شۈجىسى تۇراخۇن
بوجۇگجىنىڭ ئۇرۇق تەگشىگۈچىنى باشقۇرۇپ ماگماچ، ئات يېتىلەپ كېتى
ۋاتقان ياش يىگىتكە:

— ئۇكا، كوزۇگگە قارا! بۇ بولمىدى، بوجۇگجى تاپتىن چىقىپ
كەتتىغۇ... — دەپ ۋاقىرايتتى.

— چۇۋ، هايت، تاپ، هېلى جۇمۇ! — دىدى ياش يىگىت ئاتلارغ
ھەيۋە قىلىپ.

بوجۇگجى ئەينەكتەك تەكشى تۈزلەنگەن قاراچىلان توپا ئۈستىد
چاچ تالالىرىدەك ئىز قالدۇرۇپ، ئۆز يولىغا چۈشتى. تۇراخۇن كۈنگە
قاراپ قويۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قېنى يىگىتلەر، بوشاشمايلى، كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ... باللار كوزۇكىگە قارا! ئات تاپتىن چىقىپ كەتتى...، هوي...كوزۇكنى ئاچ ئۇكا، — دەپ ۋاقىرىدى.

سابىر يېتىپ كەلگەندە، تۇراخۇن بوجۇكچى باشقۇرۇشنى باشقا كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۆز يىگىتلىرىنى ماختاشقا باشلىدى:

— ئالتۇندەك يىگىتلەر جۇمۇ، ئۇكا، مۇنداق ئەزىمەتلەر بىلەن ئىشلىسەڭ، ئىلىڭ ياشىرىپ، سۆيۈنۈپ كېتىسەن. بۈگۈن بۇغداي تېرىشقا باشلىغىلى ئون نەچچە كۈن بولدى، گاڭدىن سۇقۇۋالغان ئادەملەردەك، زادىلا چارچاش دىگەن نەرسىنى بىلمەيدۇ.

سابىر تۇراخۇنغا هورمەت بىلەن قاراپ قويدى، كوڭلىدە: «تۇراخۇن كام، ئاجايىپ ئادەم-دە. دادۇيىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان كويدۇرۇشنى، كوللىكتىپ ئۈچۈن جاپا چېكىشنى ئەڭ زور خوشاللىق دەپ بىلىش بۇ ئادەمنىڭ ئالاهىدە خىسلىتى. ئۆزى ئون نەچچە كۈندىن بېرى پۈتۈن دادۇينى ئارىلاپ، هېرىش - چارچاشنى ئۇنتۇپ بۇغداي تېرىۋاتىسىمۇ، لېكىن، نەتىجىنى يەنە باشقىلارنىڭ دەپتىرىگە يېزىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ھەمدە ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان بوجۇكچىغا قاراپ تۇرۇپ، تېرىلغۇ ئەھۋالىنى سورىدى. تۇراخۇن:

— مۇشۇ ئويمات تۈگىسە، — دىدى بوجۇكچىنىڭ ئايلىنىشىغا قاراپ تۇرۇپ، — نەق بىر يۈز سەكسەن بەش مو يەرگە ئۇرۇق سېلىنغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شياۋدۇيدە ئادەتتىكى يەرلەر تۈگەيدۇ. ئەتىدىن باشلاپ مول هوسۇللۇق يەرلەرگە ئۇرۇق سالىمىز. بۇ شياۋدۇيگە بەلگىلەنگەن مول هوسۇللۇق يەر بىر يۈز يىگىرمە بەش مو، بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە موسىنىڭ ئوسىسى كېلىشتى. قالغان يەر بويىنى سۇغا سوزۇپ تۇرىدۇ. «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىنىڭ سۇيىدىن پايدىلانمىساق، ئىشىمىزنىڭ تۈگىگىنى شۇ، ئۇكا.

سابىر ئويلىنىپ قالدى. مۇنداق تەلەپلەرنى ئۇ باشقا دۇيلەردىنمۇ ئاڭلىغان ئىدى.

— مەن مۇشۇ ھەقتە سەن بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىم، — دىدى

سابىر تۇراخۇنغا قاراپ، سابىر بىرەر قىيىن ئىشقا دۇچكەلسە، تۇراخۇنن
تاپاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىرلىكتە ھەل قىلاتتى، ــ ھازى
باشقا دۇيلەرمۇ «غالىبىيەت» نىڭ سۇيىنى تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ، ئوزەڭ بىل
سەن، «غالىبىيەت» نىڭ سۇيى ئەسلىدە بۇغداي كانجىلاش، قىشلىق تول
ياتقۇزۇش، كېلەر يىل ئەتىيازدا تېرىلىدىغان ئالتە ئايلىق قوناقنى ئۇس
قىلىشقا ھەر ئېھتىمالغا قارشى تېجەپ قېلىش قارار قىلىنغان. ئۇنىدىن
باشقا، قېرىنداش دادۇيلەرنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش ك
رەك. «غالىبىيەت» نىڭ سۇيىنى ھېلىتىن ئېچىشقا باشلىساق، كېيىنكى
ئىشلارغا سورى بولامدۇ ـ قانداق؟ ....

ــ داڭ، داڭ، داڭ......

ــ داڭ، داڭ، داڭ....

سابىرنىڭ سوزى ئېغىزىدا قالدى. كۆتۈلمىگەندە دادۇي ئىشخانىسى
نىڭ ئوگزىسىدىكى چوڭ قوڭغۇراق ئارقا ـ ئارقىدىن جاراڭلاپ كەتتى
ئۇ شۇنچىلىك ئەنسىز، ۋەھىمە بىلەن ئۇرۇلدىكى، سابىرمۇ، تۇراخۇنمۇ
تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. دادۇينىڭ قوڭغۇرىقى پەۋقۇلئاددە ۋەقە
يۈز بەرمىسە، ھېچقاچان بۇنداق بىمەزگىل ئۇرۇلمايتتى. «بۇ نىمە ئىش
زادى نىمە ۋەقە يۈز بەردى؟»...

سابىر ئوقتەك ئېتىلىپ، مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى، ئارقىدىن
تۇراخۇن ۋە بوجۇگجىچى يىگىتلەر يۈگۈرۈشتى... ..

ــ داڭ، داڭ، داڭ .....

ــ داڭ، داڭ، داڭ.. ...

قوڭغۇراق تېخىچىلا ئەنسىز، غەزەپلىك جاراڭلايتتى.

قوناقلىقلاردىن ئومىچى يىگىتلەر گاڭ ئوغاقلىرىنى كوتىرىشىپ
خوددى ساداقتىن قويۇۋېتىلگەن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى... ..

كېۋەزلىكلەردىن خوتۇن ـ قىزلار سېۋەت، تاغارلىرىنى قويۇشۇپ
يۈگۈرۈپ چىقىشتى......

مەھەللە ئىچى ۋە ئويلەردىن قېرى ـ ساللار، كىچىك باللار ئالمان
تالمان ئوزىنى دادۇي تەرەپكە ئېتىشتى......

سابىرلار دادۇي ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تەرەپ ـ تەرەپتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلكۈندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئەزالار تويى ئارىسىدا قالدى. ھەممەيلەننىڭ كوزىدە ئەجەپلىنىش، نىمە ۋەقە بولدىكىن دىگەندەك ھەيران بولۇش ئالامىتى بار ئىدى. نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ۋە قىستا-قىستاڭچىلىقتا دىققەت بولۇشۇپ، ئالدىغىراق ئوتۇشكە، نىمىنىدۇ كورۇشكە ئالدىرىشاتتى.

قوڭغۇراق ئورۇلۇۋاتقان ئوگزىدىن دادۇي تۆەنجىبۇ شۇجىسى ئابابەكرى يولەگىلىك شوتىغىمۇ قارىماي، يەرگە سەكرىدى ۋە ئالپىاق تاتىرىپ كەتكەن ھالدا سابىرنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— سابىر ئاكا، چاتاق بولدى، يۈگۈرۈش كېرەك، بىر مىنۇتمۇ توختاشقا بولمايدۇ، — دىدى ئۇ ئوزىنى باسالمىغان ھالدا ھاسىراپ.

— ئالدىرىما، ئوزەڭنى باس، نىمە بولدى؟ — دىدى سابىر سالماقلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— «غالىبىيەت» يار ئاپتۇ، ئاڭلىمايۋاتامسىز......

ھەقىقەتەن، سۇ ئامبىرىدىن شاقىراپ، قەيەرگىدۇ چۇشۇپ كېتىۋاتقان سۇنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى بارغانچە كۈچلۈك ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ يەردىن كورۇنمىسىمۇ ھەممەيلەن كوزلىرىنى سۇ ئامبىرى تەرەپكە تىكتى. سابىرنىڭ مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىگىدە «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى ئۇچۇن ئېغىز ئېچىپ تۇرغان يىگىيەر، ئايدىڭكول دادۇيلىرىنىڭ ئىككى مىڭ موغا يېقىن كۈزگى بۇغداي ئېتىزى ۋە ئۇنىڭ تېرىلماي قېلىشىدەك ئاچچىق دەھشەت «شۇر» قىلىپ ئوتتى ـ دە، ۋۇجۇدىنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى.

دىققەت بولغان يۇزلىگەن يارقىن كوزلەر سابىرغا تىكىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئوتتەك يانغان كوزلىرىدىن غەزەپلىك ئەلەمنى كورەتتى. سابىرنىڭ كاللىسىدا «دەل مول ھوسۇللۇق يەرلەرگە سۇ باشلاش ئالدىدا ـ ھە؟ سۇ قېنىمىزدەك قىممەتلىك بولۇۋاتقان جىددى پەيتتە ـ ھە؟ سۇ شۇنداق ئاسان يار ئېلىپ كەتكەندىمۇ؟ بۇ زادى نىمە ئىش؟» دىگەن پىكىر ئۇچقۇنلاپ، ۋۇجۇدىنى كويدۇرۇپ ئوتتى.

— قېرىنداشلار، گوڭچەنداڭ ئەزالىرى، كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلار، مىنبىگلار، — سابىرنىڭ ئاۋازى ھاياجان بىلەن

جاراڭلىدى، يۈز - كوزلىرى ئوت بولۇپ يالدى، كوينگىنىڭ ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋەتتى، — ھازىر ئىنتايىن، ئىنتايىن جىددى پەيت. ۋاقىت... غەلىبە. بىر مىنۇتنىمۇ قولدىن كەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. ھەممىمىز سۇ ئامبىرىغا سۈنى توسۇۋېلىشقا بارايلى! بىر قىسىم كىشىلەر دەرھال قايتىپ، پاختا خامانلىرى، ئامبار، ماخو - قوتانلارنى قوغدىسۇن، ھەممىگىلار سەگەك بولۇڭلار......

سابىرنىڭ چاقىرىغى بىلەن تەڭ نەچچە يۈزلىگەن ئەزا دۈشمەننىڭ ئىستىپىكامىغا قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن جەڭچىلەردەك سۇ ئامبىرىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى......

دادۈيىنىڭ قوڭغۇرىغى تېخىچىلا غەزەپلىك جاراڭلايتتى:

— داڭ، داڭ، داڭ......

— داڭ، داڭ، داڭ......

گۈلسۇمخان ئاچا ئەنسىز قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، كەچلىك غىزا ئۈچۈن تەرەددۇت قىلىپ، ئوچاق بېشىدا يۈرەتتى. ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇلغان قوڭغۇراق ئاۋىنى ئەنسىزلەندۈرۈۋەتتى. چالا قورۇلغان سەيگە ئالدىراپ سۇ قۇيدى - دە، ئىشىكنىمۇ تاقىماي تالاغا چىقتى. ئەتراپ جىمجىت، ھەتتا ھېمىشەم ئىشىك ئالدىدىن كەتمەي، قىيا - چىيا قىلىشىپ ئوينايدىغان ئۇششاق باللارمۇ كورۈنمەيدۇ. «بۇ نىمە ئىش، نىمە ۋەقەدۇ؟» ئانا جىمجىتلىققا چوككەن مەھەللە ئىچىگە قاراپ سەگەك بولۇپ قالدى ۋە كوينىگىنىڭ پېشىنى قولىغا ئېلىپ، ئارىچىلاپ يۈگۈرگىنىچە ئۈچىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ خامىنىغا قاراپ چاپتى: خاماندا ھەر ۋاقىت ئادەم كەم بولمايدۇ، نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن.

ئانا پاختا خامىنىغا يېتىپ كەلگەندە، كۈن ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا گۇگۇم چۈشكەن ئىدى. خاماندا ئۇزۇن ساپلىق نەيزىنى تۇتۇپ ياش مىنبىڭ خاسىيەت كۈزەت قىلىپ يۈرەتتى.

ئانا، ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كەلدى-دە

— خاسىيەت، نىمە ئىش بولدى قىزىم، قېنى خاماندىكىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— تېخى ئاگلىمىدىڭىزمۇ چوكىنا، «خالىبىيەت» يار ئىيامتۇ، ھەممە ئادەم شۇ يەرگە كەتتى، — خاسىيەت ئەتراپقا زېرەكلىك بىلەن قاراپ قويۇپ جاۋاپ بەردى.

— ئاپلا، پىشكەل ئىش...، — ئانا ئەنسىزلىنىپ كەتتى، — سۇ ھازىر شۇنچىۋالا زورۇر چاغدا - ھە؟ سۇ ئۆزى يار ئالغاندىمۇ، يا بىر قارا نىيەت ئۇچمەنلىك قىلغاندىمۇ؟

— سابىر ئاكام، «ھازىر ئىنتايىن، ئىنتايىن جىددى پەيت، ھەممىڭلار سەگەك بولۇڭلار» دىدى. بىلگىلى بولمايدۇ، چوكىنا.

— ئۇنداق بولسا، مەن ساگا ھەمرا بولاي قىزىم. ھېچنىمە دەپ بولمايدۇ، — گۈلسۇمخان ئاچا قولىغا ئارىنى ئېلىپ مۇرىسىگە سالدى ۋە خاسىيەت بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ، تاغدەك دۆۋىلەنگەن پاختىنىڭ ئەتراپىنى چوگىلەشكە باشلىدى.

— شۇنداق قىزىم، سەگەكلىك ياخشى، — دىدى ئانا ئويلىنىپ تۇرۇپ، — سابىر تېخى ئالدىنقى كۈنىلا بۇ يىل پاختا بىلەن قوناق بەك بەلەن، ھېچقاچان بۇنداق ئوخشىغان ئەمەس، بۇ ئىش ئەزالارنى خوش قىلسا، ئىچى زەھەر چايانلارنى خاپا قىلىدۇ، سەگەك بولۇش كېرەك، دىگەن ئىدى. ھېچنىمە دەپ بولمايدۇ، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، دىگەن گەپ بار، سەگەك بولىلى قىزىم......

شۇ پەيتتە، پاختا خامىنىنىڭ يېنىدىكى كالا قوتىنىدىن ئىككى توپاق يۇگۈرۈپ چىقتى - دە، پاختا خامىنىنىڭ ئايىغىدىكى يېڭى تېرىلغان بۇغدايلىقنى پېتىقلاشقا باشلىدى. خاسىيەت ئۇقتەك يۇگۈرۈپ بېرىپ، كالىلارنى ھەيدەپ، قوتانغا سولىۋېتىپ قايتىپ كەلدى. لېكىن، ئارىدىن ئون مىنۇتمۇ ئۆتمەي، ئىككى كالا قوتاندىن يۇگۈرۈشۇپ، قىيغىتىشىپ چىقتى - دە، بۇغدايلىقنى قالايمىقان چەيلەپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ چوگىلەشكە باشلىدى. خاسىيەت يەنە يۇگۈرۈپ بېرىپ، كالىلارنى قايتۇرۇپ، قوتانغا سولىۋېتىپ كەلدى ۋە نەيزىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتراپتىن كۆزنى ئالماي دىدى:

— چوكىنا، بۇ يەردە بىر ئىش باردەك تۇرىدۇ. ماخوچىلار ئامبارغا كىتىپتۇ، ماخودا ھېچكىم يوق. بايا كالىنى سولىغاندا، مەن قوتاننىڭ

زەنجىرنى مەھكەم قىلىپ ئېتىپ قويغان ئىدىم. گالا يەنە چىقتى. گالا زەنجىرنى ئۈزى ئاچامدۇ؟ سەگەك بولىلى.

— ماقۇل قىزىم، مەن سەگەك ..ھۇشيار بولىلى.

يىراقتىن بىر قارا كولەڭگە كۆرۈندى. كولەڭگە ئالدىراپ خامان تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

خاسىيەت يۈگۈرۈپ، كۆرۈنگەن قارىنىڭ ئالدىغا باردى:

— كىم سەن؟ توختا!......

— مەن توختى، مەن، — خاسىيەت تۆمۈر بوۋىنىڭ كىچىك ئوغلى توختىنى تونىدى.

— توختى، بۇ نىمە قىلغىنىڭ! — خاسىيەت جىددى ھالدا نارازى لىق بىلدۈردى، — نىمە سەن، ھەممە ئەرلەر ئامباردا سۇ بىلەن ئېلىشى ۋاتىدۇ، سەن ئوغۇل بالا تۇرۇپمۇ......

— خاسىيەت، بولدى، قايناپ كەتمە، — دىدى توختى نىمىگىدۇ ئالدىرىغان ھالدا، — سابىر ئاكام مېنى يولدىن قايتۇرۇۋەتتى. «ھەممە ئەزالار بۇ يەرگە كەلسە، ئائىلە - مەھەللىلەرگىمۇ قاراش كېرەك» دىدى ...راست دىگەندەك، ئۆيلەردە ھېچكىم قالماپتۇ، بەزىسىنىڭ ئىشىگى ئوچۇق، بەزىسىنىڭ قازىنى قايناپ تېشىپ كېتىپتۇ، بەزىسىنىڭ پادىدىن يانغان قويلىرى ئېغىلىنى تاپالماي مەرىشىپ يۈرۈپتۇ، ھەممىنى توغرىلاپ قويدۇم. سەگەك تۇرۇڭلار......

توختى شۇنداق دىدى - دە، ئالدىراپ مەھەللە تەرەپكە كەتتى. خاسىيەت بىلەن گۈلسۈمخان ئانا: «كالىلار زەنجىرنى ئۈزى ئاچقاندىمۇ، قانداقمۇ ئۈزى ئاچىدۇ» دەپلا ئۆيلايتتى ۋە دىگ‍ـۇدەك، ھۇشيار بول‍ـۇپ قېلىشتى ......

## 2. جىددى ئاتلىنىش

زەيتۇنەم ئىشتىن يېنىپ، دادىسى ھامۇتاخۇن بىلەن ھويلىغا كىرگەندە، تالباراڭ ئاستىدىكى سۇپىدا سادەتخان ئاچا دوختۇر سۇڭ مېينى مېھمان قىلىپ ئولتۇراتتى.

سۇڭ مېينىڭ پۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېڭىلا ئېتىزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قايتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەل - يېمىشلار قويۇلغان دەستىخان چېتىدە ئۇنىڭ تىببى ياردەم سومكىسى تۇرۇپتۇ. سۇك مېي قىزىرىپ پىشقان توغاچ شاپتۇلنى يەپ ئولتۇرۇپ، سادەتخان ئاچا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئېيتىپ بېرىۋاتقان قانداقتۇ بىر ۋەقەنى قىزىقسىنىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

زەيتۇنەم سۇك مېينى كورۇپ، مۇرىسىدىن كەتمەننى ئېلىپ يەرگە قويدى - دە، ئامراقلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلىدى:

— قارا سېنى! شۇمۇ دوستلۇقمۇ، — دەيتتى ئۇ سۇك مېينى باغرىغا بېسىپ خوشاللىق بىلەن، — سەن بۇ ئويگە كەلمىگىلى نىكەم. دادۇيىمىزدە قانچە - قانچە ياخشى ئىشلار بولۇپ ئوتتى. ئانامنىڭ سەن ياخشى كورىدىغان توغاچ شاپتۇلنى ساقلاپ، سېنى ياد ئەتمىگەن كۇنى يوق. نىمىشقا كەلمىدىڭ، يا بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

سۇك مېي پۇشقاقلىرىنى چۇشۇرۇپ، ئەدەپلىك هالدا هامۇتاخۇن بىلەن سالام - سائەت قىلىشتى. ئاندىن زەيتۇنەمگە كوزلىرىنى شوخ ئوينىتىپ قارىدى:

— راست، زەيتۇنەم، كېلەلمىدىم. ئوزەڭ بىلىسەن، هازىر گۇڭشېمىزنىڭ هەممە يېرىدە كۇزلۇك ئىشلەپچىقىرىش بەك قىزغىن ئوتۇۋاتىدۇ. ئەزالار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىغا كوپرەك ۋاقىت چىقىرىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. بۇ كۇنلەردە ئەزالار ساغلام، بەرجەس بولۇشى كېرەك. چاۋار مەتقۇل شۇجى بۇ ئىشقا بەك كوڭۇل بولۇۋاتىدۇ، دائىم ئەزالارنىڭ سالامەتلىك ئەهۋالىنى، قايسى خىلدىكى كېسەللەرنىڭ كوپ - ئازلىقىنى سوراپ تۇرىدۇ. مەن چاۋار مەتقۇل شۇجىنىڭ پىكرى بويىچە هەممە دادۇيلەرنى ئارىلاپ چىقتىم، شۇڭا كېلەلمىدىم.

هامۇتاخۇن كەتمەنلەرنى تازىلاپ تۇرۇپ دىدى:

— توغرا قىلىۋاتىسىز قىزىم. سىز ئېتىزغا دورا خالتىڭىزنى ئېلىپ كەلىسىڭىز ئۇششاق - چۇشەك كېسەللەرنىڭ گوڭشې دوختۇرخانىسىغا بېرىش يولى قىسقىرايدۇ. بۇنىڭ ئوزى چوڭ ئىش.

سادەتخان ئاچا سۇك مېينى دەستىخانغا زورلىدى:

— قېنى، ئال قىزىم، نىمە ئولتۇرىسەن، قېتىقتىن ئالغىن، كوزنىڭ قېتىقى — قوينىڭ يېغى، دېيىشىدۇ، توگىتىپ ئىچكىن. ئامۇتتىنمۇ ئال،

تارتىنسا. مەن بۇنى ساڭا ئاتاپ ساقلىدىم.

سۈك مېي تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك رەڭلىنىپ پىشقان نوگاي ئامۇ
نى پىچاق بىلەن سويۇپ ئولتۇرۇپ، زەيتۇنەمگە شىكايەت قىلدى:

— سەن، زەيتۇنەم بۇ ئايىمگۈلگە گەپ قىلغىن، — دىدى ئۇ كې
لۇپ تۇرۇپ، — بۇ ئايىمگۈل تولا چاتاق. ئۇ نىمىشقا گەپ ئاڭلىما
دۇ؟ ئوپىراتسىيە قىلغىلى ئۇن نەچچە كۈنلا بولدى. ھېلىتىن ئىتىزغ
چىقىۋاپتۇ. مەن ھەر قېتىم بۇ قىزنى يوقلاپ كەلگەندە: دەم ئالغىن، ت
لۇق ساقاي، نىمىشقا ھازىرلا كەتمەن ئېلىۋالدىڭ، دەپ قايتا - قايت
ئېيتىمەن، ئۇ ماقۇل، شۇنداق قىلاي، دەيدۇ. لېكىن يەنەكەلسەم — يە
شۇ ئېتىزدا، سىلەر نىمىشقا گەپ قىلمايسىلەر ئۇ قىزغا.

— بۇ قىز شۇنداق، ئۇنىمايدۇ، — دىدى زەيتۇنەم كوك قوزىۋا
تاۋۇزدىن بىرنى تىلىپ تۇرۇپ، — بىز ئايىمگۈلگە ئاز بولغاندا بىر ئا
دەم ئېلىشنى، ئۇندىن كېيىن يېنىك ئىشلارغا قاتنىششنى ئېيتقان. ئەمە
ئايىمگۈل ئۇنىماي ئېتىزغا چىقىۋالدى. تۈنۈگۈن ئېتىزدا ئۇنىڭغا، سە
قايتىپ دەم ئال دىسەم، ئۇ، ساقايدىمغۇ، بولمىسا كېلىڭ، چېلىشىپ كو
رەيلى، دەيدۇ. ئەمگەك دىسە جېنىنى بېرىدۇ. ئەشۇنداق قىز ئۇ.

كەچلىك غىزادىن كېيىن، زەيتۇنەم سۈك مېينى ئۆز ھوجرىسىغ
باشلاپ كىردى. سۈك مېي بۇ دادۇيگە كەلسىلا، كىچىك ۋاقتىدىكى ئا
دىتى بويىچە، مۇشۇ ئويدە پاراڭلىشىپ قونۇپ قالاتتى.

ئىككى كارۋات قويۇلغان چاققان، ئازادە بۇ ئوي ھەممە جەھەت
تىن تازا - سەرەمجان بولۇپ، خۇددى خىلىلا باي كىتاپخانىغا ئوخشايتتى
ئۇيۇق-تەكچىلەردە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ۋە ماۋ جۇشى
نىڭ كىتاپلىرى، پەن - تېخنىكا كىتاپلىرى، يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىگە
دائىر تۇرلۇك قوللانمىلار ئۆز رېتى بويىچە تۇراتتى، سۈك مېي پاختا
ئوستۇرۇشكە ئائىت بىر كىتاپنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— زەيتۇنەم، سەن دادۇينىڭ فۇجۇرېنى ئەمەس، خېلىلا سالاپەت
لىك پەن - تېخنىكا تەتقىقاتچىسىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىسەن، راستمۇ؟!

— قويە ئۇ گەپنى، — دىدى زەيتۇنەم كۈلۈپ، — تەتقىقاتچى! قانداق
تەتقىقاتچى؟ مانا، سېنى تەتقىقاتچى دىسە بولىدۇ. دورا گىيالىرىنى

يىغىۋاتىسەن، بەزىلەردىن دورىمۇ ياسىدىلىك، بۇنىڭ ئۆزى چوك ئىش ئەمما كىتاپ ئوقۇش بۇ موھىم، جۇرىن بولغان كىشى تېخىمۇ كۆپرەك ئوقۇشى كېرەك، كىتاپ ئوقۇمىسا، قانداق جۇرىن ئۇ.

ئۇلار كىتاپ ئوقۇش توغرىسىدا، قانداق كىتاپلارنى تاللاپ ئوقۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر ئاز تالاش - تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن، زەيتۇنەم جاۋتيەن توغرىسىدا سورىدى.

— جاۋتيەن يېقىندا بىر خېتىدە، — دېدى سۇك مېي دېرىزە ئارقىلىق باغدىن كورۇنۇپ تۇرغان ساپ - سېرىق بېھى ۋە شېخىنى كوتىرەلمەي ئېسىلىپ تۇرغان كۆزلۈك ئامۇتلارغا قاراپ تۇرۇپ، — مانا سەن تازا كوڭۈل بولۈۋاتقان بىر مەسىلە ئۈستىدە، سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش زورۇرلۇكى توغرىسىدا يېزىپتۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بۇ ئىشنى ئاللىقاچان يولداش سابىر ئۆز بەستىگە ئالغان ئىكەن، جاۋتيەن بولسا پات ئارىدا كېلىپ ياردەم بەرمەكچى ئىكەن.

— بۇ ناھايىتى ياخشى خەۋەرغۇ، — دېدى زەيتۇنەم ئۇزۇن چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، — مەن يولداش جاۋتيەندىن تەسىرلىنىمەن. ئۇ يىراقتا تۇرسىمۇ، لېكىن كوڭلى ھېمىشەم بىزدە. بىزنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىمىزغا دىگۇدەك كوڭۈل بولۇپ كەلدى. ياخشى يولداش، شۇنداقمۇ؟

زەيتۇنەم سۇك مېينىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئېلىپ تۇرۇپ، كۈلۈپ چاقچاق قىلدى:

— مەن سىلەرنىڭ تېزرەك توي قىلىۋېلىشىڭلارنى خالايتتىم. يۈرۈۋېرەمسىلەر - ھە؟

سۇك مېي زەيتۇنەمنىڭ چېچىدىن تارتىپ كۈلۈپ قويدى:

— بىزدە بۇ ئىش ئېنىققۇ، ۋاقتى كەلسە تويىمۇ قىلىۋالىمىز، لېكىن، سەنچۇ؟

زەيتۇنەم قىزاردى، خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك رەڭلىنىپ قىزاردى. زەيتۇنەمدە ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس بىر خۇسۇسىيەت — تۇرمۇش قۇرۇش توغرىسىدا گەپ بولسا، ئۆزىنى تارتىپ قاچۇرىدىغان، ئاڭلىماي ھېس قىلىشنى ياخشى كورىدىغان بىر خۇسۇسىيەت ساقلىنىپ

قالغانلىقتىن، توي توغرىسىدا گەپ چىقسا، ئەنە شۇنداق ئىختىيارسـ
قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇ رەڭ تارتقان يۈزلىرىنى سۈك مېينىڭ يۈزلىرىگـ
يېقىپ تۇرۇپ:

— مەن ساڭا ئېيتسام، — دېدى پەس ئاۋازدا، — سەن يولداش
جاۋتيەن بىلەن توي قىلغان كۈنى مەن چوقۇم توي بېشى بولىمەن، قا
داق، خالامسەن؟

سۈك مېي بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئىمىشقا خالىماي، بىزمۇ سېنى چوقۇم توي بېشى قىلىمىز
لېكىن سەن گەپنى ئەپقاچما. سەن زادى ئويلاپ كورمىدىڭمۇ؟

— ياق، ئويلاپ كورمىدىم.

— ياق، ئويلاپ كوردۇڭ. سەن ھېمىشەم مېنىڭ جاۋتيەن بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىمگە قىزىقىسەن. لېكىن، ئۇزەڭ توغرىلىق ھېچنىمە ئېيتـ
مايسەن.

— ئېيتقىدەك نىمە بار. ئويلىغىنىمنىڭ ھەممىسى سۇ مەسىلىسى
بۇ ئىشتا جاۋتيەن بىلەن مېنىڭ پىكرىم بىر يەردىن چىقتى. يولداش
جاۋتيەننىڭ ئويلىغىنى بۇيەردىكى كەڭ كەمبەغەل دىخان، تووەن ئوتتۇرا دىخا
لارنىڭ ئويلىغىنى بىلەن بىر. شۇڭا مەن جاۋتيەننى سەممى ھورمەت قىلىمەن

سۈك مېي شوخلۇق بىلەن يەنە چاقچاق قىلدى:

— سابىر توغرىسىدىچۇ؟

زەيتۇنەم ئورنىدىن تۇرۇپ، سۈك مېينىڭ ئالدىدا ئورە تۇردى
قولىنى كەينىگە قوشتۇردى، خۇمالاشقان كوزلىرى خۇددى ئۇنىڭ قەلبىنى
نامايىش قىلىۋاتقاندەك، ئوچۇق، بەردەم چاقناپ تۇراتتى.

— مەن ساڭا ئېيتسام، — دېدى ئۇ سۈك مېينىڭ كوزىگـ
قاراپ، — يولداش سابىر شەرەپلىك ھالدا داجەينى كورۈپ كەلدى
داجەي روھىنى ئېلىپ كەلدى. سەن ھەدىسىلا سابىرنى قىستۇرۇپ چاق
چاق قىلىسەن، بىلسەڭ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەت ناھايىتى ئېغىر
ئۇ ئۇلگە كورسىتىۋاتىدۇ، مەن بولسام دادۇيىمىزدە سۇ مەسىلىسىنى ھە
قىلمىغىچە تۇرمۇش قۇرۇش دىگەن نەرسە ئۇستىدە ئويلانماقچى ئەمەسمەن
مۇبادا بۇ مەسىلە ئورۇنلىنىپ، توي قىلماقچى بولسام، تەبىي، سەن تو

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

بېشى بولسەن، قانداق؟

— توغرا، ئاداش، — دېدى سۇلۇك مېي زەيتۇنەمنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئويلانغان هالدا، — توغرا ئېيتتىڭ. مەن ساڭا قوشۇلىمەن. گۇگشېمىزدا سۇ مەسىلىسىنى ئۇزۇل - كېسىل هەل قىلىش چوڭ ئىش. چاۋار مەتقۇل شۇجى بۇنى «داجەيدىن ئۈگىنىش يولىدا بوسۇپ ئۆتىدىغان جىددى ئۆتكەل» دەيدۇ. مەنمۇ شۇنى بارغانچە چوڭقۇر هېس قىلىۋاتىمەن. نېمە دېسەم بولىدۇ، مەنمۇ هېمىشەم بۇ چوڭ ئىشقا بىر كىشىلىك هەسسە قوشۇشنى ئويلايمەن، بۇ ئىشتا مەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن، چوقۇم بىللە......

زەيتۇنەم سۇلۇك مېينىڭ سوزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، قانداقتۇ بىر شەپىنى سەزگەندەك، تۇرۇپ قالدى، دېرىزە تەرەپكە قۇلىقىنى تۇتتى، دېرىزىگە يېقىنلاپ باردى ۋە بىردىن سۇلۇك مېينىڭ قولىنى تۇتۇپ «يۈرگىنە، بىر يەردىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتامدۇ - نېمە» دېگىنىچە، يۈگۈرۈپ هويلىغا چىقتى.

ئۇلار هويلا سەيناسىغا چىققاندا، بۇ قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ يېڭىيەر تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدى ۋە شۇ پەيتتە، ئېتىلىپ دېگۈدەك، تاشقارقى هويلىنىڭ ئىشىگىدىن ئايىمگۈل كىرىپ كەلدى. قىز هودۇققان، كوزلىرىدە تەشۋىش ئالامىتى بار ئىدى.

— ئايىمگۈل، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، سەن تېخى تولۇق ساقىيىپ كەتمەي تۇرۇپ، نېمىشقا يۈگۈردىڭ؟ — دېدى سۇلۇك مېي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

— يېڭىيەردىن تېلېفون، ... «غالىبىيەت» يار ئاپتۇ.

— يار ئاپتۇ؟ قانداق يار ئاپتۇ؟ — زەيتۇنەم يۈرىگىنىڭ تۈز قويغاندەك ئېچىشقانلىقىنى سەزدى. «بۇ سۇ نۆۋەتتە قانداق زورۇر ئىدى - هە» دېگەننى كوڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا جىددى قىلىپ ئېيتتى، — ئايىمگۈل، يۈگۈر، تېز بول، مىنبىك سىگنالى چېلىنسۇن، دەرهال، هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ......

ئايىمگۈل قانداق تېز كىرگەن بولسا، شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. سۇلۇك مېي يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئايىمگۈلگە قارىدى - دە،

زەيتۇنەم تەرەپكە بۇرۇلدى:
— زەيتۇنەم، ئايسمگۇلنى بۇيرۇغىنىڭ نىمىسى، ئۇ ئاغرىق ئەمە‑
مۇ؟ — سوۋك مىي شۇنداق دىدى ‑ دە، ئالدىراپ چاپىنىنىڭ يېڭىنى
سىپىۋاتقان زەيتۇنەمگە قاراپ قويۇپ، — ئايسمگۇلنىڭ ئورنىغا مەن با
راي، مەن هازىرلا خەۋەر قىلىمەن، — دىگىنىچە تالاغا ئوزىنى ئاتتى.

ئەمما زەيتۇنەممۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا يۈگۈرگەن ئىدى. ئۇلار يو
لدا كېتىۋېتىپ، جاراڭلىق مىنبىنىڭ كارنىيىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. جە
ڭىۋار مىنبىنىڭ سىگنالى تايانچى مىنبىگلارنى تېز يىغىلىشقا چاقىرىپ
جەڭ مارشىغا سايرىماقتا ئىدى......

ئارىدىن يېرىم سائەتمۇ ئوتمەي، دادۇي ئىشخانىسى ئالدىدا يۈز
گە يېقىن قاۋۇل، جاسارەتلىك مىنبىگلار توپلاندى. ئۇلار قوللىرىغا كە
مەن، گۈرجەكلەرنى ئالغان، ئاتلىق قورالىق پەي مىنبىگلىرى بولسا ما
تىق ‑ ئاپتوماتلىرىنى ئاسقان ئىدى.

— يولداشلار، سۇ ئامبىرىغا ياردەمگە! — دىدى زەيتۇنەم كۈچ
لۈك، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، ئات ئۈستىدە ئۈزەڭگىگە پۇتىنى تاقا
ئولتۇرۇپ، — يېڭىيەر دادۇيى بىزنى ياردەمگە چاقىرماقتا. سىنىپ‑ي ق
رىنداشلىق ياردىمى كورستەيلى، ۋاقىتنى قولدىن كەتكۈزمەيلى، باشقى
لار تەخ بولۇپ تۇرسۇن، كېرەك بولسا، ھەممىمىز ياردەمگە بارىمىز.

زەيتۇنەم باشلىغان ئاتلىق دۇي جىددى ئاتلىنىش ئالدىدا تۇ
غاندا، تىببى ياردەم سومكىسىنى بوينىغا ئېسىپ، ئالدىراپ سوۋك مىي ي
تىپ كەلدى.

— سەن قالغىن، سوۋك مىي، — دىدى زەيتۇنەم كىشنەپ تۇرغان ئا
نىڭ يۈگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، — بۇ — كېچىنىڭ ئىشى. بىكار قىيىنىل
سەن، بارمىغىن......

— قىزىقسەن ‑ دە، زەيتۇنەم، — دىدى سوۋك مىي قاپاقلىرىنى تۈرۈپ نارازى
بولغان ھالدا، — سىلەر ئۇ يەرگە مەشرەپكە كېتىۋاتمايسىلەرغۇ. ئادەم ي
يەردە دوختۇر بولۇشى كېرەك، مېنىڭ ئۇ يەردە جەزمەن ياردىمىم تېگىد

سوۋك مىي جاۋاپ كۈتمەيلا، زەيتۇنەمنىڭ كەينىگە مىنگەشتى، ئ
لىق دۇي چېپىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتراپ قاراڭغۇ، ساي ئىچى جىمجىت؛ ئاسماندا ئاندا - ساندا كۆرۈنمىسىز بۇلۇت پارچىلىرى لەيلەپ يۈرەتتى. يىراقتىن قول چىرىغى، ماشىنىلارنىڭ «يالت - يۇلت» قىلغان يورۇغى كۆرۈندى. ئاتلىق دۈۋي يېقىنلاشقانسىرى، سۇ ئامبىرىنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن جايىدىن كەتمەن - گۈرجەك، پالتا - كەكىنىڭ ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە مەدەت بېرىپ ۋاقىراشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى......

## 3. كېچىدىكى كۈرەش

زەيتۇنەم باشلاپ كەلگەن ئاتلىق دۈۋي «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىنىڭ دومبىسىغا يېتىپ كەلگەندە، يار ئالغان قىرغاق ئىككى مېتىرچە كېڭىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەم ئېگىزلىكىدىكى سۇ شىددەت بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ئېتىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ تىنىق ئارىلىقىدا ئۇلغىيىپ، ئادەم يېڭىش قىيىن بولغان بىر خىل ياۋايى كۈچ بىلەن ئامبارنىڭ ئىككى قېشىنى خۇددى جادۇدا كەسكەندەك ئۈزۈمەكتە ئىدى.

ئامبارنىڭ ئىچىدە سابىر، تۇراخۇن، نىياز قۇربانلار گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ، سايغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان سۇنى كۆكرىكى بىلەن توسۇپ، ياۋايىلاشقان سۇغا قارشى شىددەتلىك ئېلىشىۋاتاتتى. مىنىبىنىڭ لېيەنجاڭى سادىق باشچىلىقىدىكى قەيسەر مىنىبىڭلار سۇ ئىچىدە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ يۈرۈپ، سۇنىڭ ئېقىمىنى بويلاپ، يار ئالغان ئېغىزغا بېسىلىدىغان شاخ - شۇمبىلارنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ كەلمەكتە ئىدى. سابىر، تۇراخۇن، نىياز قۇربانلار يار ئالغان ئېغىزدا بىلەكلىرىنى بىر - بىرىگە زەنجىردەك ئۆتكۈزۈپ، گىرەلىشىۋالغان ئىدى، تىكەنلىك شاخلار ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى، كۆكرەكلىرىدىن نىختاپ باساتتى ۋە مۈرە، قوساقلىرىنى پىچاقتا تىلغاندەك سىجاپ كېتەتتى. بەزىدە تۇرتۇپ كەلگەن سۇ شاخ - شۇمبىلار بىلەن بىللە، ئۇلارنى بىرقانچە مېتىر يەرگىچە داجىتىپ ئاپىرىپ، چوكتۇرۇپ، ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەمما، مىنۇت ئۆتمەي ئۇلار يەنە ئۆز ئورنىنى ئىگەللەپ، پولاتتەك بىر گەۋدە بولۇپ، مەھكەم گىرەلىشىۋالاتتى. «قەتئىي بەرداشلىق بېرىش كېرەك،

قەتئى بەرداشلىق بېرىش كېرەك» دېگەننىلا ئويلايتتى ئۇلار.
ئىككى قىرغاقتا ھەممىنى ئۇنتۇپ، شىددەت بىلەن ئىشلەۋاتقان ئەزا-
لار: «ئىتتىك بول!»، «مانا، ئال، كوزۇگگە قارا!»، «سول تەرەپكە سۇن-
ئوڭ تەرەپكە بەر، ئاۋايلا!» دېگەن قىقاس ـ سۈرەن ئىچىدە بىر ـ بىرىگە
مەدەت بېرىپ، چوڭ جەگە ياغاچ، شاخ ـ شۇمبا، توپا ـ تاشلارنى ئۇچمۇ-
ئۇچ يوتكەپ، ئالدىراشلىق بىلەن يار ئالغان جايغا سۇناتتى.
سابىر نەق ئىگىگىنىڭ ئاستىدىن گېلىگە ئىختاپ كېلىۋاتقان يوغان-
بىر باغ شاخنى بېسىپ ئاستىغا چۈشۈردى ـ دە، ئىككىنچى، ئۈچىنچى-
باغ شاخنى ئىرەجەپ توسۇپ تۇرۇۋالدى. سۇ بىرئاز قايغاندەك بولدى-
سابىر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، بېسىپ كېلىۋاتقان شاخلارنىڭ ئېغىر بېسى-
منى يەلكىسى بىلەن كوتىرىپ تۇرۇۋېتىپ، بىردىن زەيتۇنەمنى كورۈپ-
قالدى. زەيتۇنەم قىرغاقتا تۇرۇپ، جىددى بىر قىياپەتتە قوللىرىنى شىل-
تىپ ـ شىلتىپ، ئالدىراپ كىيىملىرىنى سېلىۋاتقان ئايدىڭكول مىنبىگلىرىغا
نىمىندۇ جېكىلەۋاتاتتى. شۇندىن كېيىن مىنبىگلار ئۇچقاندەك تېزلىك
بىلەن يار ئالغان قىرغاققا ئېتىلىپ چۈشتى ـ دە، سابىرنىڭ كەينىدە
سەپ تارتىپ، بىلەكلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئوتكۈزۈپ گىرەلەشتى. سابىر ئىك-
كىنچى قېتىم قىرغاققا قارىغاندا، دومبا ئۈستىدە يوغان جەگە ياغاچنى
مۈرىسىگە ئېلىپ كوتىرىپ كېلىۋاتقان گۈگشى داگۋېي شۇجىسى چاۋار مەت-
قۇلغا كوزى چۈشتى.
چاۋار مەتقۇل دومبىنىڭ چېتىگە كېلىپ، جەگە ياغاچنى بەرگە
قويدى، ئامبارغا ۋە يار ئالغان قىرغاققا سىنچىلاپ بىر قۇر كوز يۈگۈرت-
تى ـ دە، ئالدىدىن تاش كوتىرىپ ئوتۇپ كېتىۋاتقان تومۇر بوۋىنى چا-
قىرىۋالدى. تومۇر بوۋا مۇشۇنداق جىددى پەيتتە يەردىن ئۈنۈپ چىققان-
دەك پەيدا بولغان داگۋېي شۇجىسىنى كورۈپ، دىلى سۈيۈندى ۋە ئېقىپ
ئىسراپ بولۇۋاتقان سۇغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا ئۇنىڭغا نىمىندۇ
دىمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن، چاۋار مەتقۇل ھەممىنى چۈشەنگەندەك مۇلايىم
بىر قىياپەتتە:
— تومۇر بوۋا، سەن بىرنەچچە پېشقەدەملەرنى يىغىپ مەسلىھەتلى-
شىپ كورگىن، تۇرمەل ياسىساڭلار، قانداق؟ — دېدي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

— ھەي، مېنىڭ ئېسىم قۇرۇسۇن! بۇ بولىدۇ، بۇ دەل چارە ئە-
مەسمۇ، — تومۇر بوۋا بۇ پىكىر نىمىشقا بالدۇرراق ئېسىمگە كەلمىگەندۇ
دېگەندەك، خۇرسىنىپ ئېيتتى، — بولىدۇ ئوغلۇم، بۇ ئاسان، بىز بۇ سۇنى
توسۇۋېلىشنى ئاددىلا ھېساپلاپتىمىز - دە.

چاۋار مەتقۇل ئالدىراپ كىيىمىنى يېشىپ تۇرۇپ، تومۇر بوۋىغا يەنە
نىمىنىدۇ جېكىلىدى - دە، يار ئالغان جاينىڭ باش تەرىپى بىلەن سۇ
ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

تومۇر بوۋا داگۇيي شۇجىسىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇرە
تۇرۇپلا پېشقەدەملەر كېڭىشىنى ئۇتكۈزدى. تۇرمەل ياساشنىڭ تېخنىكىلىق
مەسىلىلىرى دەرھاللا ھەل قىلىندى. كوپنىڭ پىكرى بىلەن مۇستەھكەم-
لەنگەن بۇ چارە چاپسانلا جانلىق ھەركەتكە ئايلاندى. يېگىيەر ۋە ئاي-
دىڭكول مىنبىگلىرىدىن تەشكىللەنگەن قىرىق - ئەللىك بەرجەس، ئەزىمەت
يىگىتلەر سابىر ۋە تومۇر بوۋىنىڭ باشچىلىقىدا تۇرمەل ياساشقا كىرىشىپ
كەتتى......

تۇن تەك بولماقتا، تاغ تەرەپتىن نەم كۇز شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى.
جاسارەتلىك گۇگشىي ئەزالىرى نە سوغاقنى، نە ئۇيقىسىزلىقنى يادىغا
ئېلىشماي، ئوت يۇرەك مەردانىلاردەك قىزغىن ھەركەت قىلاتتى. يېرىم
كېچىگە يېقىن بىر - بىرىدىن چوڭ بولغان ئىككى تۇرمەل پۇتتى.

سابىر تۇرمەللەرنى ئاخىرقى قېتىم كوزدىن كەچۇرۇپ، ئۇنى سۇغا
دومۇلىتىش توغرىسىدا كوماندا بەردى. شىردەك ھەركەت قىلىۋاتقان مىن-
بىگلار قىرغاققا تۇت دانە جەگە ياغاچنى تىرەپ قويۇپ، تۇرمەللەرنى
ئارقا - ئارقىدىن سۇ ئىچىگە قويۇۋەتتى. مىنبىگ لىيەنجاڭى سادىق باش-
چىلىقىدىكى ئوتتۇز كىشىلىك زەربىدار دوي سۇ ئىچىدە ئۇزۇپ يۇرۇپ،
بىرىنچى تۇرمەلنى يار ئالغان قىرغاققا دومۇلاتتى، قەھرى بىلەن ئىختاپ
كېلىۋاتقان سۇ زەرىپ بىلەن كەينىگە يېنىپ، ئاستا - ئاستا ئالدىغا سىل-
جىپ تۇرمەلنى يار ئالغان ئېغىزنىڭ بىر چېتىگە يولەپ قويدى. ھايت-
ھۇيت دېگىچە ئىككىنچى تۇرمەل كەلتۇرۇلدى ۋە ئۇ ئوزىنىڭ غايەت
ئېغىر سالمىقى بىلەن ئېغىزغا — يار ئالغان قىرغاققا لەسسىدە كەپ-
لەشتى!......

سۇ تۇرمەلگە قاتتىق بىر ئۇرۇلدى - دە، تۇرۇلۇپ كەينىگە ياندى. سۇنىڭ شاقىراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان شىددىتى بىردىن جىمىپ كەتتى!......

دومبا ۋە قىرغاق ئۈستىدە خوشال قىقاس - چۇقانلار كۆتىرىلدى، جاراڭلىق غەلىبە ساداسى ياڭرىدى:

— يولداشلار، غەلىبە!......

— سۇ توختىدى!......

— يولداشلار، سۇ توختىدى!......

تومۇر بوۋا ئايدىڭكۆلدىن كەلگەن مىنبىڭلارنى ماختاپ:

— كوردۇڭلارمۇ باللىرىم، ئىش ئۇملۇكتە، كۈچ بىرلىكتە، ئىتتىپاقلىق — كۈچ، ئىتتىپاقلىق — غەلىبە، دىگەن مانا شۇ. سۇنىڭ تۇتتىن بىرىمۇ زايا بولمىدى. بۇ — قېرىنداشلىق، ھەمدەملىكنىڭ مېۋىسى، — دەيتتى......

سۇ ئامبىرىدا ھەركەت پەسلەپ، ئىش ئاياقلىشىشقا باشلىغاندا، شەرق تەرەپتىن سۇبھى كوتىرىلدى، كۈمۈش سۇيىدەك پاقىراپ تۇرغان نۇرلۇق چولپان يۇلتۇزى كوكتە پەيدا بولدى. يېزا ئىچىدە خورازلار چىللاپ يېڭى بىر تاڭدىن خەۋەر بەردى.

ئامباردا داۋۇي كادىرلىرى ۋە مىنبىڭ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭ، پەيجاڭلىرىلا قالغان ئىدى. گۇڭشې داڭۋېي شۇجىسى چاۋار مەتقۇل ئۇلار بىلەن قىسقا باش قوشۇش يىغىنى ئۇتكۇزۇپ، قوغداشنى كۈچەيتىش، يار ئېلىشنىڭ سەۋەپلىرىنى تەكشۇرۇپ ئېنىقلاشقا دائىر بەزى ئىشلارنى تاپشۇردى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، سابىرغا قاراپ ئېيتتى:

— سىلەر ئامباردىكى سۇنى ئوز بەدىنىڭلاردىكى قاننى ئاسرىغاندەك موھىم بىلدىڭلار، لېكىن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا سەل قارىدىڭلار، بۇ— جىددى ساۋاق، — داڭۋېي شۇجىسى ئامباردىكى سۇغا، ئېتىلگەن يارغا ۋە سۇ ئېقىپ كەتكەن سايغا تەمكىن قاراپ قويدى، — شۇنداق، بۇ بىر ساۋاق. يار ئېلىپ كېتىشنىڭ سەۋەپلىرىنى ھەر تەرەپتىن ئەستايىدىل ئېنىقلاش كېرەك، بىر تەرەپكىلا قارىغان بىلەن بولمايدۇ. ئىشنىڭ بىر تەرىپىگىلا قارىغاندا، تولا چاغلاردا خاتا خۇلاسىلەر كېلىپ چىقىدۇ. كىشى قايمۇقۇپ قالىدۇ، — چاۋار مەتقۇل سائەتكە قاراپ قويدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نىمىنىدۇ ئەسكە ئالغاندەك، ئالدىراپ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىشكە باشلىدى، — مۇنداق چوڭ ئىش يۈز بەرگەندە، دەرھال گۇگشىپنى خەۋەردار قىلىش كېرەك ئىدى. نىمىشقا بىخەستەلىك قىلدىڭلار؟ تۈنۈگۈن ئاخشام، ئايدىڭكول دادۇيىدىن بېرىلگەن تېلېفون ئارقىلىقلا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپالىدۇق. ھەقىچان سىلەرنىڭ تېلېفونچى قىزىڭلارمۇ بۇ يەرگە كېلىۋالغان بولسا كېرەك.

— شۇنداق، ئۇمۇ مەشەدە، كېچىچە تاش توشۇدى، — دېدى كىمىدۇ بىرەيلەن، — تېلېفونغا قاراش ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەپتۇ.

داگۆيي شۇجىسى خوشلاشتى، ئۇ شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ناھىيىگە يىغىنغا بارىدىغانلىغىنى، تۈنۈگۈن ئۇقتۇرۇش قىلىنغانلىغىنى ئېيتتى ھەمدە ئېتىلگەن يارنى يەنە بىر قېتىم كوزدىن كەچۈرۈپ، ۋېلسىپىتىگە مىندى......

سابىر دومبا ئۈستىدە ئويلانغان ھالدا ئويلاق - بۇياقتا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇيچان كوزلىرى بىلەن سۇ بىكار ئېقىپ كەتكەن سايغا، ئامبارنىڭ ئىچىگە قارايتتى، ئامباردىكى سۇنىڭ تەخمىنەن توتتىن بىرى زايا بولغانلىغى راست. سابىر، ئۆز بەدىنىدىكى قانىنىڭ توتتىن بىرى ئورۇنسىز چىقىپ كەتكەندەك، يۈرىگى ئېچىشقان ھالدا ئويلىدى: «يولداش چاۋار مەتقۇلنىڭ ئېيتقىنى توغرا، جەزمەن يار ئېلىشنىڭ سەۋەپلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش زورۇر. بىز ئامبارنىڭ سۈيىنى ئۆز تومۇرىمىزدىكى قاننى ئاسرىغاندەك ئاسرىدۇق. ئالدىراپ ئىشلىتىشكە كوزىمىز قىيمىدى. لېكىن... ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشنى چىڭ تۇتمىدۇق. بۇ — مېنىڭ ئېيىۋىم، ئەزالارنىڭ ئالدىدا جاۋاپ بېرىشكە تېگىشلىك ئېيىپ...».

ئۇ ئامبارنىڭ قىرغىقىغا چۈشۈپ، سۈپ - سۈزۈك، مۇزدەك سۇدا يۈز-كوزىنى يۇيۇشقا باشلىدى، «ئەجەپ ئىش، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — سۇ باشقا چاغدا ئەمەس، دەل مول ھوسۇللۇق يەرلەرگە ئوسا قىلىدىغان چاغدا يار ئالغان - ھە؟... بوپتۇ، ئامبار ئۆزلۈگىدىن يار ئېلىپ كەتكەنمۇ دەيلۇق، ئۇنداق بولسا، سۇ نىمىشقا دومبىنىڭ تېگىدىن تېشىپ يار ئالماي، قانداقسىگە دومبىنىڭ ئۈستىدىن پىچاقتا كەسكەندەك چۈشۈپ كېتىدۇ؟ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھېچقانداق شامالمۇ يوق، شامال بولمىسا، سۇ قانداق قىلىپ دومبىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ چۈشەلەيدۇ؟...».

شۇ چاغدا ئېرىقى قىرغاقتا تۇرۇپ، نىياز قۇربانمۇ چوڭقۇر خى
چوككەن ئىدى. «كاساپەت دومبا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىسراپ :
غان سۇغا قاراپ ئەلەم بىلەن، — ئۆزىنىڭ پىشمىغان، خام ئىكەنلىك
كورسەتتى. ئاز ۋاقىتتا بەرداشلىق بېرەلمەي يار ئېلىپ كەتتى. ئىسر
بولغان سۇ بىلەن يېگىيەر ئاز بولغاندا بىر يىل كەينىگە چېكىنىدۇ،
بولغاندا بىرنەچچە يۈز مو كۆزگى تېرىلماي قېلىشى، تېرىلغاندىمۇ ئە
يازلىققا قۇرغاقچىلىقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىشى مۇمكىن. دولەت پىلانىن
ئورۇنلاشقىمۇ، ئەزالارنىڭ دارامىتىگىمۇ زىيان يېتىدۇ. زىيان، ئاچچ
زىيان!...».

سابىرنىڭ خىياللىرى چىگىشلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ مۇزدەك سۇ
ئۇ ئالقىنىدىن بۇ ئالقىنىغا يوتكەپ ئولتۇرسىمۇ، كوڭلىدە ھەر تەرەپتى
ئىشلارنى تەھلىل قىلاتتى. «ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئامبارنىڭ ئوزلۇگىد
يار ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كورسىتىدىغان ئالامەت، سەۋەپنى كورگىلى بو
مايدۇ، — دەيتتى ئۇ ئوز - ئوزىگە، — ئۇنداق بولسا، بۇ سۇ نىمىشقا ئ
ئالدى؟ ئۇنىڭدا بىرەر يات قول بارمۇ - يوق؟...» سابىر يېقىندىن بۇيا
دادۇيىنىڭ پۇتۇن دىققىتىنى توپلاپ، كۆزلۈك يىغىم - تېرىمغا كىرىشكە
لىكىنى، قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىغا ئالدىراپ، باشقا ھېچنىمىنى ئويلىيالم
غانلىقىنى ئەسلىدى. «يات قول بولۇشى مۇمكىن، — دەيتتى ئۇ، — كۆ
لۈك ئىشلەپچىقىرىشنى، تېرىلغۇ سۇرئىتىنى قوغلىشىپ، ئامبارنى يادىمىزد
چىقىرىپ قويغانلىقىمىز — بىخۇتلۇق. مۇنداق بىخۇتلۇقتىن بەزى دۇ
مەنلەر پايدىلىنىپ كەتتىمۇ - يوق. دۇشمەن زادى كىم؟...».

نىياز قۇربانمۇ ئوز خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى: «قانداقلا بو
مىسۇن، زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش كېرەك. ئەمدى ئامبارنىڭ س
يىدىن بىر تېمىنىمۇ باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ! بۇ يىل قىشتا ھە
قانداق ئىشنى قويۇپ، بىرەر قوشۇمچە كەسىپ ئۇيۇشتۇرۇش، ئامبارن
دومبىسىنى پۇختىلاش لازىم. زىيان — ھامان زىيان. زىياننىڭ ئورنى
تولدۇرۇۋېلىشنىڭ چارىسى — باشقا دادۇيلەر ئامبارنىڭ سۈيىنى تەل
قىلسا، ھېلىمۇ يېتەر، كوز ئالايتماڭلار، ئوزىمىزگىمۇ يەتمەي تۇرۇپ
دىيىش كېرەك...».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سابىر يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، قىرغاقتىن كۆتىرىلىپ چىققان-
دا، نىياز قۇربان بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، زايا بولغان سۇغا ئېچىنغان هال-
دا يېنىپ كەلدى ۋە:

— سۇ يامان ۋاقىتتا يار ئالدى ئۇكا، بىز ئامبارغا مەخسۇس كىشى قويماي يامان قىلغان ئىكەنمىز، — دېدى.

— توغرا نىياز ئاكا، — دېدى سابىر ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بىزدە سەگەكلىك يېتەرلىك بولمىدى. بۇ ساۋاقنى ئۇنتۇماسلىق لازىم. يار ئې-
لىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى جەزمەن قېزىش كېرەك.

— سەۋەپ ئېنىققۇ، — نىياز قۇربان ئەجەپلىنىپ سابىرغا قارىدى.

— قانداق ئېنىق؟......

دومبا بەرداشلىق بېرەلمەي يار ئالغان ـ دە!

بۇ چاغدا خىلىلا يورۇق چۈشۈپ قالغان ئىدى. ساي ئىچىدە كا-
دىرلار ۋە بەزى ئەزالار نىمىنىدۇ تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. سابىر تەمكىنلىك بىلەن نىياز قۇربانغا: ئامبارنىڭ ئۆزلۈكىدىن يار ئېلىپ كېتىشى قىيىن ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە قانداقتۇ يات قول بار، دەپ قارايدىغانلىقىنى، هەر هالدا بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ماڭا قارا، ئۇكا، — دېدى نىياز قۇربان سابىرنىڭ پىكرىگە ئانچە قېتىلمىغان قىياپەتتە، — سەن بۇ ئىشتا سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بار، دەپ ئويلامسەن؟

— شۇنداق، شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

— هازىر ۋاقىت زىخ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، زىيانىنىڭ ئورنىنى تول-
دۇرۇۋېلىش كېرەك، — دېدى نىياز قۇربان نىمىگىدۇ ئالدىرىغان هال-
دا، — هوشيارلىقنى ئۇستۇرۇشنى تەلەپ قىلىش — بۇ بىر گەپ. لېكىن، بۇ ئېنىق كورۇنۇپ تۇرغان پاكىتقۇ. بىرىنچىدىن، ئامبار يېڭى؛ ئىككىنچى-
دىن، دومبا زەيلەشكەن، يار ئېلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش تەس. بۇ ئىشتا، بىخەستەلىك ئۆتكەن بولسا، ئۆتكەندۇ، نىملا بولسا مەيلى، زىياننىڭ ئور-
نىنى تولدۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ زىيان ناهايىتى ئېغىر. لېكىن ......

نىياز قۇربان ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇزۇن شاپ بۇرۇتلىرىنى

تولغاپ قويدى، چىرايىدا سابىرنىڭ «يات قول» توغرىسىدىكى مولچەر
قوشۇلمىغان بىر ئىپادە بار ئىدى. كوڭلىدە: «بۇ ئىشتىمۇ قاراپ تۇر...
سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ قولى بار دىيىش... قانداق بولاركىن. ئۇ نە...
لەر مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، كۆنىنىڭ سىرىنفىنى كورۇپ يۇرگ...
گە رازى. پومىششىك - باي دىخانلار بىشى كېسىلگەن ئىلان بول...
قالدى. بىشى كېسىلگەن ئىلان ئادەم چاقالامدۇ؟ مېنىڭچە، سىنىپىي د...
مەنلەرنىڭ ئىشى دەپ قالايمىقان گۇمان قىلىش... قانداق بولارك...
گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ، دەيدۇ. مۇنداق قاراش ئىشنى مۇرەككەپلەش...
رىدۇ، ۋاقىتنى تۇتۇپ، زىياننىڭ ئورنىنى پاتراق تولدۇرۇۋېلىشقا يار...
بەرمەيدۇ...» دەپ ئويلايتتى.

سابىر ئۇنىڭغا نىمىنىدۇ دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، لېكىن
چاغدا تومۇر بوۋىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى، مىنىڭ لېدىنجاگى سادى...
ساي تەرەپتىن بىر دانە تاماكا خالتىسىنى كوتىرىپ كەلدى. خالتا تول...
كونا ۋە ناھايىتى ئوڭگەن بولۇپ، ئەسلىدە ئىپسىل رەختتىن تىكىلگەنلى...
بىلىنىپ تۇراتتى، خالتىنىڭ ئىغىز تەرىپى رەڭلىك يىپەك يىپ بىلە...
نازۇك كەشتىلەنگەن، ئاياق تەرىپىگە چاچراس قىلىپ مىچىت كونگرى...
شەكلىدە گۈللەر ئىشلەنگەن ئىدى. سابىر خالتىنىڭ ئالدى - ئارقىسىن...
ئورۇپ ئۇزاق قارىدى، ئەستىرىنى ئورۇپ كوردى ۋە:

— سادىق، سەن بۇ تاماكا خالتىسىنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دىدى.

سادىق ئۇنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ساي ئىچىنى تەكشۈرگەن...
دە تاپقان ئىدى. ھەممەيلەن ئولاش - چولاش شۇ يەرگە باردى ۋ...
قويۇق ئوسكەن يۇلغۇننىڭ ئەتراپىدا يالاڭغىداق چىرىك ئادەمنىڭ ئىزلىرى...
نى كوردى. لېكىن بۇ ئىز باشقا كوپلىگەن كونا - يېڭى ئىزلار بىلەن...
ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ھېچنىمىنى پەرق قىلىپ...
بولمايتتى.

تۇراخۇن خالتىنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ ئاددى خالتا ئەمەس، ھازىر مۇنداق خالتىنى ھېچكىم ئىش...
لەتمەيدۇ، بۇنى پەقەت ئازاتلىقتىن ئىلگىرى بەزى يۇرت بەگلىرى، باي...
لارنىڭ قولىدىلا كورۇش مۇمكىن ئىدى، — دىدى ۋە ئويلىنىپ قالدى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سابىر خالتىنى قولىغا ئېلىپ، يەنە بىر قۇر قاردى ـ دە، مېنىڭ لېنجاڭنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەردى:

— بۇ بىر موھىم يىپ ئۇچى، — دېدى ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ، — يولداش چاۋارمەتقۇل ئېيتقاندەك، ئىشقا ھەر تەرەپتىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىندىن بۇيان سۇ ئامبىرى بىرقانچە دادۇيلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن ئېھتىياجلىق ئورۇن بولۇپ قالدى. دادۇيىمىز ئۈچۈن ئامبارنىڭ موھىملىقى چۈشىنىشلىك. بۇنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، ياخشى ئادەملەرمۇ، يامان ئادەملەرمۇ بىلىدۇ. خەلققە زىيان سېلىش — سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزگەرمەس تەبىئىتى. پاكىتلار، بولۇپمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى جەريانىدا ئېنىقلانغان پاكىتلار تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنىڭ زەھەرلىك ئويلىرىنى ھەركەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ تۈگىشىپ كېتىشىگە قول قوشتۇرۇپ رازى بولىدىغان ئىش ئەسلا يوق. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن كېيىنمۇ سىنىپىي كۈرەش تۈگىدى، دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. شۇڭا، ماۋ جۇشىنىڭ «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دېگەن تەلىمىنى ئەستىن چىقىرىپ قويساق بولمايدۇ، مۇجمەللىشىشكىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، شۇنداق.

نىياز قۇربان تاماكا خالتىسىنى كۆرۈپ، بىرئاز تەئەججۈپلىنىپ، «بۇ يەردە بىرەر ئىش بارمۇ ـ يا» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن، سابىرنىڭ گەپىنى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىگە تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كۆڭلىدە: «سابىر سەل چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتىمۇ ـ قانداق، ئامبارنىڭ يار ئېلىپ كەتكەنلىكى كۆزگە كورۇنۇپ تۇرغان پاكىت. ئۆزىمىزنىڭ بىخەستەلىكىمىز، ئادەم قويمىغانلىقىمىزدىن دېسىمۇ بىر گەپ. لېكىن، ئەرزىمىگەن ئەسكى خالتىغا قاراپ، بۇنى قانداقمۇ سىنىپىي دۈشمەنلەرگە دۆڭگەپ قويغىلى بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى ۋە ئاخىر ئۇ:

— مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بۇ سۇنى ئەمدى باشقا دادۇيلەرگە زادى بەرگىلى بولمايدۇ، بۈگۈندىن تارتىپلا ئۆزىمىزنىڭ بۇغداي ئۇسسىغا ئاچايلى، — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، باشقىلارغا زادى بەرگىلى بولمايدۇ......

سابىر بۇ گەپنى قىلغان بەشىنچى دۈي ئەزاسى ھاشىماخۇن ئىنـ
لىگىنى كوردى. ھاشىماخۇن ئىگىز بوي، قاراقاش، ئەللىك بەش ياشلـ
دىكى كىشى بولۇپ، دىخانچىلىققا پىششىق، ئالدى - ساتتىغا پۇ
پايدا - زىيانغا جىددى قارايدىغان ئادەم ئىدى ۋە بولۇپمۇ «زىيا
مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھېساپ - چوت قىلاتتى.

سابىر نىياز قۇربانغا قاراپ تۇرۇپ دىدى:

— نىياز ئاكا، بۇ خىيال سىزگە نەدىن كېلىپ قالدى؟

— خىيال! بۇ نەدىمۇ مېنىڭ خىيالىم بولسۇن، ئۇكا، — دىـ
نىياز قۇربان ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئىسپاتلاپ، — بۇ خىيال ئەمەس،
زالارنىڭ، دادۈيىمىزنىڭ مەنپەئەتى. يېگىميەر — ئوچقاندەك ئىلگىر
ۋاتقان دادۈي. زىياننى ۋاقتىدا تولدۇرۇۋالمىساق، دادۈينىڭ ئىقتىسا
چېكىنىدۇ. قالاق دادۈي بولۇپ قېلىش ئۇيات. باشقا دادۈيلەردىن
سۇ قەرز ئالغان ئەمەس......

— شۇنداق، باشقىلار بىلەن بىزنىڭ كارىمىز نىمە، جىق تېرىمـ
ئاز تېرىسۇن. سۇنى باشقىلارغا بەرمەي، زىياننىڭ ئورنىنى شاق - شۇ
تولدۇرۇۋېلىش يوچۇق...، — ھاشىماخۇن قايناپ، زىياننى تېز ر
تولدۇرۇۋېلىش توغرىسىدا سوزلەپ كەتتى.

نىياز قۇربان ھاشىماخۇننىڭ سوزىنى ئېلىۋېلىپ:

— بىزنىڭ دادۈي ئىقتىسادىي جەھەتتە كېيىنرەك قەد كوتەرد
يار ئالغان سۇ بىلىمىزنى ئۇشتىمۇەتسە، قاراپ تۇرامدۇق؟ — دادۈينىـ
شەرىپىنى ساقلىمىساقمۇ مەيلىمۇ؟ باشقىلار نىمە قىلسا شۇنى قىلسۇ
لېكىن، لېكىن، بۇ سۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمىز، — دىدى.

— نىياز ئاكا، بىز نىمە ئۈچۈن دىخانچىلىق قىلىمىز؟ نىمە ئۈچ
يەر تېرىيمىز؟ — سابىر ھاياجانلانغان ئىدى، يۈز - كوزلىرى ئ
بولۇپ يانغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا نىياز قۇربان بىلەن ھاشىماخۇننـ
سوزلىرىنى ئاڭلاش ئەلەم قىلدى، — باشقا دادۈيلەرگە ئامبارنىڭ سـ
يىدىن ئوتۇنۇپ بېرەمدۇق - يوق؟ بۇ چوڭ ئىش. بۇنى، ئەلۋەت
دادۈي ئىنقىلاۋىي ۋىيىۋەنخۇيىي مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدۇ. بۇ با
ئىش. لېكىن، بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز لازىمكى، بىر ئائىلە، بىر شىياۋدۈ

بىر دادۇي باي بولسىلا بولمايدۇ، يالغۇز بىر گۇڭشې باي بولسىمۇ بولمايدۇ. سوتسىيالىزم يولى ــ ئورتاق پاراۋانلىققا قاراپ مېڭىش يولى. بىز سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. «باشقىلار بىلەن بىزنىڭ كارىمىز نىمە»، «باشقىلار ئۇسساپ قۇرۇپ كەتسىمۇ مەيلى، ئۆزىمىزلا ئۇسسۇز قالمىساق بولغىنى» دىگەن سوزلەر سوتسىيالىزم يولى بىلەن چىقىشالمايدۇ، ماۋ جۇشى تەقدىرلىگەن داجەي روھى بىلەن چىقىشالمايدۇ. قىسقىسى، ئۆز كوموچىگىلا چوغ تارتىش ــ بىز كەمبەغەل دىخان، توۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ خىسلىتى ئەمەس.

ــ سابىرنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ــ دىدى تۇراخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ، ــ بىزنىڭ كاللىمىزدا سىنىپىي كورەش تارى چىڭراق تارتىلغان بولۇشى لازىم. بىز يېڭىيەرنى جەزمەن سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن، ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشىمىز، «پايدا - زىيان» مەسىلىسىگە داجەيلىك قېرىنداشلاردەك ئېگىزدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. ئوزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ كورۇش كېرەك.

نىياز قۇربان سابىرنىڭ دىگەنلىرىنى داۋلى جەھەتتىن شۇنداق چۈشىنىشنى خالايتتى: بۇنىڭ نىمىسى يامان، دۇنيادىكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نىيىتى بىر، تەڭ ئالغا بېسىش ــ بۇ ئوبدان. ھەر ھالدا بۇ ئېيتقانغا ياخشى. كونكرىت ئىش دىگەن كونكرىت ئىش. يېڭىيەر ئىقتىسادىي جەھەتتە كەينىگە چېكىنسە، بۇنىڭغا كىم مەسئۇل؟ دەيتتى كوڭلىدە.

ــ شۇنداقمۇ بولسۇن، ــ نىياز قۇربان قۇرۇقلا غۇدۇڭشىدى، ــ لېكىن، زىيان، زىيانچۇ؟......

ــ «زىيان» مەسىلىسىگە كەلسەك، ــ دىدى سابىر ئويلىنىپ تۇرۇپ، ــ بۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تولدۇرۇۋېلىشقا ھەركەت قىلىشىمىز كېرەك. بىزئەزالارنىڭ يىراق مەنپەئەتىنى ئويلىغاندا، ئۇلارنىڭ كوز ئالدىدىكى زورۇر مەنپەئەتىنى ئۇنتۇپ قالساق، ئەلۋەتتە بولمايدۇ. قىسقىسى، شۇنداق. لېكىن بۇ ھەرگىز ئۆزىمىزنىلا كورۇش، باشقىلارنى

كورمەسلىك، ھەتتا قېرىنداش قېرىنداشلارنىڭ بەكمۇ جىددى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەسلىك

مەنپەئەتىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ھېساۋىغا بولماسلىقى كېرەك. نەزىرىمىز

ئۆلۈق ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنى ۋە پۈتۈن دۇنيا بولۇشى كېرەك.

سوتسىيالىزىم يولى ئەنە شۇ.

ئۇپۇقنى يېرىپ كۈن چىقتى، قۇياش چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا

شەلپەر لىنىتىلار سوزدى، كۆپىنلۇن چوققىلىرىنىڭ ئەتراپىدا لەيلەپ

يۈرگەن بۇلۇتلارنىڭ بورتۇپ چىققان قىرغاقلىرىغا بەقەمدەك قىزىل نۇر

جىيەك تارتتى، قىزىلتاغ ئېتىكى چىرايلىق، جىلۋىلىك بىر تۈسكە كىردى.

سابىر كوتىرىلىپ چىقىۋاتقان قۇياشقا بىر پەس قاراپ تۇردى.

ئاندىن ئامبارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇرۇلغان ئەزالار بىلەن قىسقىچە

سوھبەتلەشتى ـ دە، تۇراخۇن بىلەن بىللە مەھەللە تەرەپكە كەتتى.

## 4. گۈزەل ئارزۇلار

ــ قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشى پىلانى تۈزۈش ئىشى كېچىكىۋاتىدۇ، ــ

دېدى سابىر تۇراخۇنغا قاراپ، ئۇلار ئىككى تەرىپىدە ئورۇلمىغان قو

ناقلار بىلەن تەكشى ئېچىلىپ كەتكەن پاختا ئېتىزلىرى بار چوڭ يول

كېتىۋاتاتتى، ــ ئەمدى بۇ ئىشنى دەرھال داگېجزبۇ يىغىنىغا

قويساق، قانداق؟

ــ سۇ ئامبىرىنىڭ يار ئېلىپ كېتىشى زادىلا ئويلىمىغان يەردىن

چىقتى، ــ دېدى تۇراخۇن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن، ــ بۇ ئىش ھە

قىسقەتەن يامان. لېكىن بىر يامانىڭ بىر ياخشىسى بار، دېگەندەك،

جىددى ۋەقە بىزنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، پىلان تۈزۈشكە، چوڭراق پىلا

تۈزۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. مەن قوشۇلىمەن، داگېجزبۇنىڭ يىغىنىنى ئېچى

مۇزاكىرە قىلايلى.

ئۇلار يىغىندا ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ كۈنتەرتىۋى

مەسلىھەتلىشىپ كېتىۋاتقاندا، ئامبارنىڭ يۇقۇرقى تەرىپىنى كۆزدىن ك

چۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتقان زەيتۈنەم بىلەن سۈك مىيىنى كوردى. بۇ

جۈپ قىز قۇياش نۇرلىرى كۈمۈشتەك چاقنىتىپ ـ يالتىرىتىپ تۇرغ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قارلىق تاغ ئۈستىدىكى ئاپپاق قار دۆۋىلىرىگە قاراپ، قىزغىن تالاش-تارتىش قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

سابىر بىلەن تۇراخۇن يېتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

— خوش، سىلەرنىڭ مۇنازىرەڭلارغا بىزمۇ قاتناشساق بولامدۇ؟ — دېدى سابىر چاقچاق قىلىپ.

— بۇ مۇنازىرە ئەمەس، سۈيىنى بەرمىگەن قارلىق تاغنى تىللاش، — دېدى سۇڭ مېي جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن خۇشخۇي كۈلۈپ، — ئەگەر قارلىق تاغ قار تېغى بولغىنىچە تۇرۇۋەرسە، ئۇنىڭ قار بىلەن سۈيىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىسا، مۇنداق تاغنىڭ نىمە كېرىكى بار؟ شۇنداقمۇ تۇراخۇنكا؟

— لازىمى بار تاشنىڭ ئېغىرى يوق، ئۇكام، مانا ئەمدى شۇنداق كېرەككە كېلىدۇكى...، — تۇراخۇن قارلىق تاققا قاراپ قويدى. كەكە ساقىلىنى تاراپ، بۇرۇتلىرى ئۈستىدىن بېسىپ قويدى، — سابىر داجەيدىن قايتقاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئوي-خىيالىمىز ئەشۇ تاغدا، قار سۇلىرىدا بولۇپ قالدى. ئەگەر بىز ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارساق؛ پات ئارىدا ئۇ سۇ چوقۇم كېرەكلىك سۇغا ئايلىنىدۇ. سۇسىزلىقمۇ تۈگەيدۇ.

— دېمەك، تومۇر بوۋام ئېيتقاندەك كورۇنگەن تاغ يىراق ئەمەس ئىكەن-دە، — سۇڭ مېي شوخلۇق بىلەن زەيتۇنەمنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — ئاڭلىدىڭمۇ زەيتۇنەم، خۇددى ئالدىن-ئالا مەسلىھەتلىشىپ قويغاندەك، تۇراخۇنكامنىڭ ئېيتقانلىرى سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭ بىلەن بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ، ئېيتقىنا، شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ؟

زەيتۇنەم بېشىدىكى چاقماق گۈللۈك زەڭگەر ياغلىقىنى تۈزەپ، قولىقىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالدىغا تاشلانغان، چىڭ، ساغلام كوكرىگىنىڭ ئۈستىدە ئويناپ تۇرغان ئورۇم چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئايدىڭكول دادۇيىدە تۇرۇپمۇ بۇ قارلىق چوققىنى دائىم كوز قىرىدىن كەتكۈزمەيدىغانلىقىنى، كۈمۈش قارلار ۋە ئۇنىڭ نەپ بەرمەس سۈيى توغرىسىدا ئويلىمايدىغان كۈنلىرى يوقلۇقىنى، ھەتتا ئەزالار بىلەنمۇ بەزى مەسلىھەتلەردە بولغانلىقىنى سوزلەپ بەردى.

— دادام ھېمىشەم: ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاققان سۇ، ئۆتىدۇ، كېتىد
يانمايدۇ، دەيدۇ، — دېدى زەيتۇنەم ئويناپ تۇرغان چېچىنى كەين
تاشلاپ، سۇلۇك مېينى قولتۇقلىغان ھالدا بىر خىل كېتىشۋېتىپ، — ب
تۇراخۇنكام بىر ياقىدىن باش، بىر يەگدىن قول چىقىرىپ، قارلىق ت
نىڭ سۇيىنى ئەكىلىش توغرىسىدا ئېيتتى. مەن سۇلۇك مېيىدىن يېگى
چوڭ، جىددى پىلان ئۈستىدە، سۇسىزلىقنى تۈگىتىدىغان پىلان ئۈست
ئويلىشىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم. مەن بۇ ئىشقا ناھايىتى قىزىقىپ قالد
— سەن ھەممە نەرسىگە قىزىقىسەن، — دېدى سۇلۇك مېي كۈلۈ
گەپ تېشىپ، — قىزىقمايدىغان نەرسەڭ يوق. ھەممە نەرسىنىڭ تېگى
تەكتىگە يەتمىگىچە قويمايسەن. شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق سۇلۇك مېي، ئەلۋەتتە قىزىقىش كېرەك، ئېرىقنى چوڭقۇر چ
سۇنى ئويناپ تۇت، دېيىشىدۇ. ھازىر ھەممىمىز سۇ قۇرۇلۇشى پىلان
ئۈستىدە ئويلىشىۋاتىمىز. شۇڭا، بۇ ئىشقا قىزىقماي بولامدىكەن. قى
قىشنىڭ يەنە بىر سەۋىيى، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمىسۇن، دەپ بىر ئاز
دىرايمەن - دە.
يېنىك تاغ شاملى ئەدىراسمان، شىۋاقلارنىڭ، شۇنىڭ بىلەن
لە كۈز ئايلىرىغا خاس باشقا گۈل - گىيالارنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى ئ
كېلىپ، كىشىنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇپ، ھوزۇر بېغىشلاپ ئۆتتى. س
مېي يول بويىدىنلا ئىككى تال غوزەكنى — ئاق بولۇپتەك كۆپۈپ
چىلغان پاختا گۈلىنى ئۈزۈۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن بىرىنى يەرلىك ق
لارنىڭ ئادىتى بويىچە ئوز قۇلىغىغا قىسىپ، بىرىنى زەيتۇنەمگە تۇتتى
— مەن شۇنىڭدىن خوشالمەنكى، — دېدى زەيتۇنەم پاختا گۈل
خوشاللىق بىلەن قۇلىغىغا قىسىپ تۇرۇپ ۋە تۇراخۇنغا قاراپ، — مەد
يەت زور ئىنقىلاۋى بىزنى چېنىقتۇردى، دۇنيانى كورۇش، ئىستىقبالم
نى تولۇق كورۇش، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە
دى. نىمىنى بۇزۇپ، نىمىنى تىكلەش، قايسى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىل
ئاڭلىقلىقىمىزنى ئوستۇردى. قارلىق تاغ ھەرقانچە ئىگىز ۋە قاتت
بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۇنى يېڭىش ئىرادىمىزدىن كۈچلۈك ئەمەس، قار
تاغنىڭ سۇيىنى ئەكىلىش يولىدىكى كۆرەش ھەرقانچە مۇشەققەتلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئۇنى جەزمەن ئەگىلىش كېرەك. بۇ كۈرەشتە ئايدىڭكۆل كەمبەغەل دېخان، تۇۋەن ئوتتۇرا دېخانلىرى جەزمەن سىلەر بىلەن بىللە بولىمىز. ئەمما، ئالدى بىلەن سىلەر ھەركەتكە كېلىڭلار، بۇ ئىشتا سىلەر ئاساسلىق تەرەپ. ھەركەتكە كەلگەندە ئادەتتىكىچىلا ھەركەتكە كەلمەي، جىددى ھەركەتكە كېلىدىغان ۋاقىت بولدى، قانداق دىدىم، تۇراخۇنكا؟ ياكى بىز بېقىنىڭلاردىن نوقۇۋېرەمدۇق؟...

سابىرنىڭ قەلبى شېرىن ھاياجان بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە زەيتۈنەم توغرىسىدا پات-پات ئويلاپ قالاتتى، ئۇنىڭ مەنىلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى خۇمار قىلاتتى. بىللە بولۇشنى، نېمىنىدۇ ئېيتىشنى خالايتتى. ئەمما تارتىناتتى، نېمىدىن تارتىنىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەزىدە زەيتۈنەم بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزىنىڭ بىئەپ-ناقولاي ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى، گەپ-سۆزلىرىنىڭمۇ ئانچە قوۋلاشمايۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ھەتتا قۇلاقلىرى قىزىغاندەك، بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچى تەرلەپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى ۋە كۆڭلىدە: «مۇشۇمۇ ئىش بوپتۇ-دە، ئۇسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا سەھنە تار كەپتۇ، دېگەندەك، ھودۇقۇپ يۈرگىنىم نېمىسى. ياخشىمۇ ئارىمىزدا بىر ئېغىز-يېرىم ئېغىز گەپ ئوتتۇلمىگىنى» دەيتتى. مۇھەببەت — بۇ ياخشى كورۇش تۇيغۇسىمۇ؟ شۇنداقلىقىغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ زەيتۈنەمنىڭ قايسى جەھەتىنى ياخشى كورىدۇ؟ سابىر زەيتۈنەمگە سەپ سېلىپ يۈرگەنىدىن بۇيان ئۇنىڭدا بىرەر سەلبى خۇسۇسىيەت بارلىقىنى بايقىمىدى. ئەمما بۈگۈن ئۇنىڭ جىددى، ئورۇنلۇق، ئەقىللىق پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىپ كېلىۋېتىپ، بۇ سوئالغا خېلى قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تېپىۋالغاندەك بولدى. بۇ جاۋاپ شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، زەيتۈنەم تامامەن سابىر بىلەن بىر پىكىردە ئىدى: قىز ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىنى بۇ تاغلىق كەنتتە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۈرىشىگە ئاتاپ قويغان، ئۇ كەينىگە چېكىنمەيدۇ، ھەرقانداق بوران-چاپقۇن، مۇشكۈلچىلىكلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ بۇ ئۇلۇق، گۈزەل غايە ئۈچۈن ئىگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ كۆپتىن بۇيانقى ھەركىتى، بۈگۈن بولسا ئىشەنچ-غورۇر بىلەن چاقنىغان كۆزلىرى،

مەزمۇت، يالقۇنلۇق سوزلىرى نامايىش قىلىپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق
زەل غايە بىلەن تولغان قەلبىنى ياخشى كورۇش، ئېزىزلەش ھەقىق
ئەرزىگىدەك ئىشتە......

سابىر شۇ كۇنى يىغىندىن كەچ قايتتى. داگجزبۇ: «غالىبىيەت»
ئامبىرىنىڭ يار ئېلىپ كېتىشى جىددى ئىش، ھۇشيارلىقنى ئۇستۇ
كېرەك، دەپ قارىدى ھەمدە مىنىڭ لىيەنجاگى سادىق باشچىلـ
ئۈچ كىشىلىك مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى
قوغلاپ تەكشۇرۇپ، داگجزبۇغا ئۇدۇللۇق دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تاپ
دى. بۇ ھەقتە ئانچە جىددى تالاش-تارتىش بولمىدى، پەقەت نى
قۇربانلا پىكىر بايان قىلماي جىم تۇردى.

ئەمما، ئىككىنچى مەسىلە، سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈش، قارلىق
يۇرۇش قىلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا، نىياز قۇربان بۇرۇتلىرى
ئۈزلۈكسىز تولغاپ، قانداقتۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان بىرەر ئىش يۈز
گەندەك، بىئارام بولۇپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالدى ۋە:

— مانا پىلان دېگەن! كوتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، دېگەننىڭ
زى شۇ، — دېدى ئۇ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ، — ئامبارنىڭ سۇيى د
ئېلىپ كېتىش مۇناسىۋىتى بىلەن بولغان زىياننى تولدۇرالماي تۇرۇ
قانداق قىلىپ پۈتۈن داۋيىنى كوز كورمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان نەد
سۇغا — قارلىق تاققا باشلىغىلى بولىدۇ. ئەقىل بىلەن ئىش قىلايـ
يولداشلار، ئەقىل بىلەن.

— قايناق سۇ ئىچ، كوكلۇك تېچ، دەپ يۇرىۋەرگەن بىلەن بولما
دۇ، — دېدى تۇراخۇن ئۇزۇن كوينىگىنىڭ ياقىسىنى تۈزەپ قويۇپ، —
داجەيدىن ئۆگىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئاز-تولا غەيرەت-جاسارەت بول
مىسا بولمايدۇ. تېرىقتەك زىياننى كورۇپ، تاۋۇزدەك پايدىدىن كەچمە
لىك كېرەك. قارلىق تاغدىكى سۇ كوز كورمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان
نەرسە ئەمەس. يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ بالىسىنى
تۇتقىلى بولامدىكەن؟......

— ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان يېزىمىزدا سۇ مەسىلىسى ئۈزۈل-
كېسىل ھەل بولمىدى، — دېدى سابىر سالماق ئولتۇرۇپ، — بۇنىڭ بىرلا

www.uyghurkitap.com

سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ خالىغىن ليۇ شاۋچىنىڭ چوڭ، زامانىۋى بولۇش دېگەن بىر نىمىلىرىنىڭ كاساپىتىدىن چوڭنى قالالمىدۇق، كىچىكنى ياراتمىدۇق. قىسقىسى، ئاسمانغا تايىنىش، يولاققا تايىنىش، دولەتنىڭ پۇل، ئادەم ئەۋەتىپ، ياردەم بېرىشىگە تايىنىش روھى ھالىتىدىن قۇتۇلالمىدۇق. بۇ قېتىم مەن داجەيلىك قېرىنداشلار ياراتقان موجىزىلەرنى كورۇپ، شۇنى چوڭقۇر قايىللىق بىلەن ھىس قىلدىمكى، ئاسمانغىمۇ، يەرگىمۇ يولاققىمۇ تايانغىلى بولمايدۇ. پەقەت ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋى لۇشيەنىگە، ئوز كۇچىمىزگە تايىنىشىمىز كېرەك. قارلىق تاغنى باش ئەگدۇرۇش ئىرادىسى بولماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى كورۇش مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ كورەشتە بىر ئاز جاپا تارتىشقا، رىيازەت چېكىشكە تەييارلىق قىلىپ قويۇشىمىز، ئاممىغا ئوبدان باشچىلىق قىلىشىمىز لازىم.

يىغىن جىددى، قىزغىن داۋام قىلدى، ھەممەيلەن پىكىر بايان قىلدى. ۋاقىتنى تۇتۇش زورۇر ئىدى. داگجۇبۇ دەرھال سابىر باشچىلىقىدا بەش كىشىلىك بىر گۇرۇپپا قۇرۇشنى، بۇ گۇرۇپپا قىزىلتاغنىڭ كەينىگە ئوتۇپ، قارلىق تاغنى، سۇ مەنبەئىنى، ئۇنى بۇ تەرەپكە ئوتكۇزۇش يوللىرىنى تەكشۇرۇپ دەسلەپكى لايىھە تەييارلاشنى بەلگىلىدى. نىياز قۇربان داۋۇي ئىچىدە كوزلۇك يىغىم-تېرىمغا يېتەكچىلىك قىلىشقا بەلگىلەندى.

سابىر يوتقىنىغا كىرىپ ياتقاندىمۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن داگجۇبۇ يىغىنىدا بولۇنغان قىزغىن، ئىشەنچ بىلەن تولغان سوزلەر كەتمەيتتى، كوز ئالدىدا قارلىق تاققا ھوجۇم باشلاشنىڭ جۇشقۇن مەنزىرىسى جىلۋە قىلاتتى.

ئۇ يەنە زەيتۇنەمنى ئويلىدى، زەيتۇنەم بولسا:

— سابىر بىز سىز بىلەن مەڭگۇ تاكى قىزىلتاغدا سوتسىيالىزىمنىڭ گۇزەل بىناسىنى بەرپا قىلغىچە مۇرىگە-مۇرە تىرەپ بىللە كورەش قىلىمىز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ..— دەۋاتقاندەك ئىدى، بۇ گۇزەل ئارزۇ سابىرنىڭ ۋۇجۇدىدا جاسارەت بىلەن تولغان يېقىملىق تۇيغۇلار ئوركىشىنى ھاسىل قىلاتتى.

# بەشىنچى باپ

## 1. تومۇر بوۋىنىڭ ھېكايىسى

سابىرنىڭ بۈگۈن تومۇر بوۋىنى ئىزلەپ بارمىغان يېرى قالمىد
تومۇر بوۋا بۇ كۈنلەردە زادىلا بىر يەردە ئولتۇرالمايدىغان بو
قالغان ئىدى. بىردەم تېرىلغۇ ئېتىزىدا، بىردەم قوناق ئورۇۋاتقان
قېشىدا، بىردەم قوناق ياكى پاختا خامىنىدا بولاتتى ۋە ئۇ يەردە
جەي ۋە داجەي قەھرىمانلىرى توغرىسىدا قىزغىن سوھبەت باشلاپ،
لىغانلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. مۇنداق سوھبەتلەر كوپىنچە «ك
نىڭ ئۇچ ئىشى» نى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۈچلۈك ھەركەتلەندۇرگ
كۈچ بولۇپ قالاتتى.

سابىر تومۇر بوۋىنى، ئىزلەپ، ئۇنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەن
خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئىشىك - دېرىزىلىرى سىرلانغ
چوڭ ئويدىن ھويلىغا پانار يورۇغى چۈشۈپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ئال
تەرىپىدە تاغ ئالمىسى، نەشپۈت، ئاق ئۈزمە ئوخشاش مېۋىلىك دەرە
لەر ئوستۇرۇلگەن، دېرىزە ئالدىدىكى بېدىشكە بولسا ئۈزۈم تاللىرى
تىلدۇرۇلغان ئىدى. كۆنگەي تەرەپتىكى ئوچۇق سەينادا ھەر خىل كۆ
لۈك گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ چىراق يورۇغىدا تېخىمۇ چ
رايلىق كورۇنەتتى. ھويلىنى چورىدەپ سېلىنغان كوڭگىرىلىك تاملار ئۇ
تېگىمۇ كاۋا پېلەكلىرى ياماشتۇرۇلغان بولۇپ، قويۇق پېلەكلەر ئارىسى
ساپ - سېرىق مانتا كاۋىلىرى، يومۇلاق، قارامتۇل چوڭ ئاش كاۋىلىر
كوزگە تاشلىناتتى.

سابىر: «كىشىلەر تومۇر بوۋامنى قولى گۈل ئادەم» دەپ بىكار ئېيت
مىغان ئىكەن - دە، دىگەننى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى ۋە ھويلىنى سەيل

قىلىپ، بېردىش ئاستى بىلەن ئۇي تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ، ئۇي ئىچىدىن تومۇر بوۋىنىڭ قاتتىق رەنجىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— ... سەن توختى، ئۇتمۇشنىڭ دەرت - ئەلەملىرىنى تارتمىغان، زۇلۇم - كۆلپەتلىرىنى كورمىگەن، سېنىڭ كاللاڭدا سىنىپىي كۈرەش دېگەن نەرسە يوق. سەن ھەممە كىشى ماڭا ئوخشاش ئاسان، خوشلۇق بىلەن تۇغۇلۇپ، ئويناپ - كۈلۈپ چوڭ بولىۋەرگەن دەپ خاتا ئويلايسەن. ئۇنداق ئىش يوق، ئۇنداق ئىش سېنىڭ ئايىغىڭ يەرگە تېگىشتىن ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان، — بوۋاي بىر ئاز يوتىلىپ جىمىپ قالدى، ئاندىن يەنە غەزەپلىنىپ سوزلەپ كەتتى، — سەن ھېلىقى نامان تۇلكە بىلەن سۇلايمان تىجىمەلىنىڭ ھازىرقى موللام موشۇك قىياپىتىگە قارىما. بۇ ئەبلەخلەر بىزنىڭ ئىسكەنجىمىزدە مۇشۇنداق يۇۋاش بولۇشۇپ قالغان، ئىسكەنجىنى سەل - پەل بوشىتىپ كورگىنە قېنى! شۇ چاغدا ئۇنىڭ كارامىتىنى كورىسەن. ئۇ نىمىلەر ئۇلىسمۇ بىزنىڭ نازارىتىمىز ئاستىغا چۈشۈپ قالغىنىغا تەن بەرمەيدۇ، ئىلانمۇ مەن ئەگرى ئەمەس، يولۇم ئەگرى دەپ، دۇنيادىن ئوتىدىكەن. دىمەك، دۇشمەن قوۋ، ئۇ نىمىلەر تاش سانغىچە، بىز قوم ساناپ تۇرۇشىمىز، سەگەك بولۇشىمىز لازىم......

— بۇ توختى زادى چوڭ بولمايدۇ! — ئويدىن تومۇر بوۋىنىڭ خوتۇنىنىڭ رەنجىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، — سەن توختى قاچانمۇ چوڭ بولىدىغانسەن - ھە؟

— چوڭنا، توختى ئاكام چوڭ بولدىغۇ، ئۇ مىنبىك ئەمەسمۇ؟ — ئويدىن تومۇر بوۋىنىڭ نەۋرىسى زۇمرەتنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مىنبىك، مىنبىك! مىنبىگىلىقا كىرسىلا بولامدۇ؟! — ئانا يەنە خاپا بولۇپ سوزلەپ كەتتى، — بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مىنبىك! بوۋاڭ بىلەن مېنى ئېلىشمىغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا مىنبىك. كوپچىلىك بىزنى: پارتىيىنىڭ سوزىنى ئاڭلايدۇ، كوللىكتىپ مۇلكىنى كوز قارچۇغىدەك ئاسرايدۇ، ياخشى ئۇگىنىدۇ، غەيرىتى بار، دەپ تەرىپلەيدۇ. توختى بولسا سەگەك ئەمەس، خاسىيەت بىلەن گۇلسۇمخانچىلىك بولالمىغان. بولمىسا قوتاننىڭ قاغا تۇمشۇغىدىن زەنجىرنى ئېلىۋېتەلەيدىغان

كالا ئەدە تۇرۇپتۇ! كالىنىڭ زەنجىرنى ئېچىپ ئىككى قېتىم قېچىش
زادى بىر گەپ بار.

— بوۋا، مەن چوڭ بولۇپ مىنىڭ بولغاندىچۇ قارا، — ئۇ
يەنە زۇمرەتنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازلىرى جاراڭلاپ كەتتى، — ھە
ئىمىگە كوز - قۇلاق بولۇپ، پوستا مىقتەك تۇرىمەن ......

سابىر ئىشىكنى «تاك - تاك» قاقتى ۋە جاۋاپ كۇتمەيلا ئ
ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

دېرىزىلىك چوڭ ئويگە تومۇر بوۋىنىڭ ئوغۇللىرى، كېلىنلىرى
ىلغان ئىدى. سەككىز ياشلىق نەۋرىسى زۇمرەت دېرىزە ئالدىدىكى —
ۋات ئۇستىدە ئولتۇرغان تومۇر بوۋىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى، قالغان
ئوينى توغرا كېسىپ سېلىنغان كاڭدا گۇللۇك زەدىۋال توتۇلغان تامغا
لىنىپ، كىگىز ئۇستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى.

تومۇر بوۋا سابىرنىڭ كىرىپ كەلگەنلىگىنى كورۇپ خوشال بول
كەتتى..

— كەل ئوغلۇم، كەل، قېنى يۇقۇرى ئوت.

سادىق، توختىلار ئورنىدىن تۇرۇشتى. سابىر مىنىڭ لىيەنجاڭ
سادىقنى كورۇپ، مەنىلىك قاراپ قويدى:

— سادىق، سەن بۇ يەرگە ئەمدى كەلدىڭمۇ؟

— شۇنداق، — دىدى سادىق ئولتۇرۇۋېتىپ، — بىز بۇ ئىش
قوراللىق مىنىڭ پەيىدە سۇرۇشتە قىلغان ئىدۇق. دادام يەنە، ئۇ با
ئىش. توختى ئائىلىمىزنىڭ ئەزاسى، ئوزىمىزمۇ ئويلاپ كورۇشىم
كېرەك، دەپ يىغىن چاقىرىپتۇ. مەن خامانغا كىشى بەلگىلەپ قويۇ
بايىلا كەلدىم.

تومۇر بوۋا سابىرنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ، توخت
كوزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە تەمكىن ھالدا سابىرغا قار
ئېيتتى:

— سۇ ئامبىرىنىڭ يار ئېلىپ كېتىشى، سايدىن تېپىلغان تامال
خالتىسى، بولۇپمۇ پاختا خامىنى يېنىدىكى قوتاندىن ئىككى كالىنى
ئۇشتۇمتۇت - غەلىتە قېچىپ چىقىشى — ئاددى ئىشلار ئەمەستەك تۇر

ئوغلۇم. بىز مۇشۇ ئىشلارنى تۇتۇپ، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاشقا دائىر بەزى ئىشلارنى قاراشتۇرۇپ چىقتۇق. ئۆزەڭگە ئايدىڭ، بىز كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلار ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان كىشىلەرمىز. قۇللۇقتىن خوجايىنلىققا ئايلىنىش ئاسانلىقچە قولغا چۈشكىنى يوق. ئومۇمنىڭ ئىشىغا بىز كۆڭۈل بۆلمىسەك، كىم كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ بىز ئازاپ دېگىنىزدىن قۇتۇلدۇق، بىز بۈگۈنكى بەختىنىڭ قەدرىگە يېتىشىمىز، ئۇنى قوغدىشىمىز كېرەك.

— مەن ھەممە گەپنى ئاڭلىدىم، بوۋا، — دېدى سابىر زۇمرەتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ۋە سادىقنىڭ يېنىدا بىرئاز خىجالەت بولۇپ ئولتۇرغان توختىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى، — توختى ياخشى يىگىت، يارامىلىق مېنىڭ، ئۇ شۇ كۈنى كېچىلىك كۆزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئادا قىلدى. ھازىر ئېنىقلىنىۋاتقان ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر يات قول باردەك قىلىدۇ، ئەگەر يات قول بار دەپ قارىساق، بۇ يات قول ئىنتايىن ھىلە-مىكىرلىك بىلەن ھەركەت قىلماقچى بولغان. ئۆزەڭ بىلىسەن، كالا قوتاندىن چىقىپ ئەمدىلا يەردىن باش چىقارغان يۇمران مايسىنى پېتىقلىسا، بۇزۇۋەتسە، مېنىڭ بولغان كىشى قاراپ تۇرالامدۇ؟ ئەلۋەتتە، قاراپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭغا ۋىجدان كوتەرمەيدۇ. دېمەك، خاسىيەت بۇ ئەھۋالنى كورگەن ئىكەن، خامانىنى تاشلاپ، كالىنى توساشقا كىرىشىشتىن باشقا چارىسى يوق. يات قول مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خامانغا ئوت قويۇۋېتىپ، سۇ ئامبىرىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇ تەرەپكە تارتىپ، ئامبارنىڭ سۈيىنى تولۇق زايا قىلىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، دەل توختىنىڭ مەھەللىنى ئارىلاپ يۈرۈشى، خامانىنى كوز قىرىدىن كەتكۈزمەسلىكى دۈشمەننى ئامالسىز قالدۇرغان بولۇشى ئېھتىمال.

— ئەگەر پاختا خامىنىغا گۈلسۇمخان ئاچا كەلمىگەن بولسا، — دېدى سادىق ئىگىز ئۆرە تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ مىجىقلاپ تۇرۇپ، — خاسىيەت كالا قوغلاپ كەتكەن بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە پاختا خامىنىدا ۋەقە تۇغۇلىدىغان كاۋاك بولۇشى مۇمكىن ئىدى. گۈلسۇمخان ئاچا بۇ يەردە چوڭ رول ئوينىغان. مىنىڭلار جىددىي پەيتتە كۆزەتكە

چىققاندا موھىم نۇقتىنى دۈشمەن ئەھۋالىنى بايقاشقا قارىتىشى كېرەك. دۈ
مەننىڭ ھەركەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆتتۇماسلىق، لازىم.
— بۇ يىل ھەممە ئىشلىرىمىز ئوبدان، شۇڭا، ھېچنىمە دەپ ب
مايدۇ. بەزى ئىچى قارىلار قۇترىسىمۇ قۇترىغاندۇ، — دېدى كېلىنلە
دىن بىرى غەزەپلىنىپ.
— شۇنداق، ئەھۋال مۇرەككەپ، تېخى تەكشۈرۈشكە توغرا كې
لىدۇ، — دېدى سابىر.
تومۇر بوۋىنىڭ ياشانغان خوتۇنى سابىرنىڭ ئالدىغا دەستىخان س
لدى، نان، ئۈزۈم قويدى، بوۋاي سابىرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، كا
ۋات ئاستىدىن يۇمۇلاق قاراقاشتىن بىرنى ئېلىپ تىلىشقا باشلىدى
تىلىدىن سۇ ئاققۇزىدىغان، ھەسەلدەك شىرىن قوغۇننىڭ ئەتىردەك پۇر
ئۇي ئىچىگە تارىدى.
— قېنى، ئال ئوغلۇم، تارتىنما، ئۈزەڭ نىمە يېسەڭ، دوستۇڭغا ش
نى قوي، دېگەن گەپ بار. زاغرىدىن، قوغۇندىن ئال، ئوچاق زاغرى
سىگىپ پىشىدۇ، تەملىك بولىدۇ، ئالغىن، — تومۇر بوۋا ئوغۇللىرى
كېلىنلىرىنىمۇ دەستىخانغا زورلىدى، زۇمرەت قوغۇننى بۇرنى تەرەپت
ئويۇپ يېيىشكە ئامراق ئىدى، بوۋاي ئۇنىڭغا كىچىككىنە كاسا قىلى
بەردى ھەمدە پىچاقنى قوغۇنغا سانچىپ قولىغا تۇتقۇزدى.
— مەن بايىلا سادىقتىن ئاڭلىدىم، — دېدى تومۇر بوۋا قوللىر
نى بەلۋېغىنىڭ ئۈچى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، سابىرغا قاراپ، — سىل
قىزىلتاغنىڭ كەينىگە ئۆتمەكچى بولۇۋاتامسىلەر، ئوغلۇم.
— شۇنداق، تومۇر بوۋا، بىز ئەمدى بۇ ئىشقا جىددى تۇتۇش
قىلمىساق بولمايدۇ، — سابىر بوۋايغا قاراپ جاۋاپ بەردى، ئۇنىڭ كو
لىرى ئىشەنچلىك، روشەن ياناتتى، — داگجېبۇ بۇ ئىشنى ئەتراپلى
مۇزاكىرە قىلدى، لېكىن تېخى ئاخىرقى قارار چىقىرىلمىدى. بىز چول
زورۇر ئىشقا كىرىشىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىمىز. شۇڭا ئاۋال تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، بىرىنچى قول ماتىرىيالغ
ئاساسقا ئىگە بولۇش كېرەك، دەپ قارىدۇق.
تومۇر بوۋا سابىرنىڭ پىكرىنى بېشى بىلەن ماقۇللاپ، جىمجى

ئولتۇردى، ئاندىن داۋام قىلدى:

— مېنىڭ سېنى ئىزلىشىممۇ شۇ ئىشى، — دېدى ئۇ، — يولغا چىقىش ئالدىدا سەن بىلەن بىر مەسلىھەتلىشەي دېگەن ئىدىم. قىسقىسى، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سېنى ئىزلەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.

— ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك، مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس، دېگەن ماقال بار، — دېدى بوۋاي ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، — كەلگىنىڭ ئوبدان بوپتۇ. خوش، ئۇ يەرگە كىم - كىملەر بارماقچى، ئوغلۇم؟

— تۇراخۇنكام، سېلىماخۇنكام، سادىق، ئابابەكرى، مەن بارماقچى بولدۇق.

بوۋاي ئۇۋادەك ئاقارغان ساقاللىرىنى، كۆپ قورۇقلار چۈشكەن مويسىپىت يۈزلىرىنى سىلاپ قويدى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچتى، ئوغۇل - كېلىنلىرىگە قاراپ، قانداقتۇ خاتىرىلەرنى يادىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقاندەك، قوشۇملىرىنى سەل - پەل تۈرۈپ، ئالدىرىماي سۆز باشلىدى:

— سەن ئوغلۇم، تېخى كۆپ ياش، ئەقىل - پاراسىتىڭ بىزدىن كۆپ بولسىمۇ، كۆرگىنىڭ بىزدىن ئاز، شۇڭا مەن گەپنى باشتىن باشلاي، — تۆمۈر بوۋا ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسكە ئالدى، قاغىش تەككەن كونا زاماندىن نەپرەتلەندى، ئەسلىگەنسېرى يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى ۋە مۇڭداق دېدى، — سەن بىلىسەڭ، يېزىمىزنىڭ «يېڭىيەر» دەپ ئاتالغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ماۋ جۇشى ئەۋەتكەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كادىرلىرىنىڭ قەدىمى بۇ يەرگە يېتىش بىلەن، باشقا ھەممە ئىشلارغا ئوخشاش، بىزنىڭ نام - ئاتىقىمىزمۇ ئۆزگەردى. ھەممە كىشى «يېڭىيەر» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يەرنى «پادىچىلار كەنتى»، «تاغلىقلار قوتىنى» دەپ ئاتىشاتتى. بەگ - بايلار بولسا ئوچۇقتىن - ئوچۇق «قەلەندەرلەر يېزىسى»، «خۇدانىڭ قاغىشى تەككەن ئەبگالار يۇرتى»، «مۇزەپپەر بەگنىڭ يالاڭتوش كۆچۈكلىرى» دەپ، يۈزىمىزدىن - يۈزىمىزگە ئېيتاتتى. بۇنىڭغا نېمە چارە؟ ھاقارەت، دەپسەندە قىلىشقا چىداشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. سەۋەپ: نامىمىز - كەسپىمىزگە، قەلەندەر - ئەبگالىق بولسا ھال - ئوقىتىمىزگە توغرا كېلەتتى، تەلپىگىمىز

بېشىمىزدىن چۈشسە، باينىڭ يېرىگە چۈشەتتى، ئۇسساپ ئېرىققا ق
سوزساق، ئىككى تەرەپكە قارايتتۇق — سۇ باينىڭ ئىدى. ئۆلۈكنى كومۇ
ئۈچۈن، يەرلىكنى بايدىن سوراشقا مەجبۇر ئىدۇق. قىسقىسى، كۈچى
لال، گوشى هارام هايۋانغا ئايلانغانمىز. ئەمما، ئىش بىر خىل بولمىد
جان تومشۇققا كېلىپ، ئۆلۈك-كىچىك تىنىپ ئۇھ تارتساق، ئېغىزىمى
دىن «هو» ئەمەس، ئوت چىقاتتى. سەۋرى قاچىمىز يېرىلىشقا ئاز قالغ
دا — بەختىمىزگە، پەلەكنىڭ گەردىشى ئوڭ ئايلاندى. قوياش بىزگە
لۇپ باقىدىغان بولدى. دۇنياغا يېڭىدىن تۆرەلگەن ئادەملەر بولۇپ ق
دۇق... ئەمدى ئويلاپ قارا، بىزگە قويۇشقان بۇ ئاچچىق بەدنام-
تاقلار هازىر بىزدىن قانچىلىك يىراقتا قالغان-هە؟......

تومۇر بوۋىنىڭ يۈزلىرىگە بىر خىل نۇر يۈگۈرگەندەك بولدى، م
قاللىرىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ ئىنىسىدۇ ئويلىدى. قۇچىقىدا تاتلىقىق
ئۇخلاپ قالغان زۆھرەتكە مەسلىگى كېلىپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستى
چاپىنىنىڭ پېشىنى يېپىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى:

— ئۆتكەن كۈنلەر ئەسكە چۈشسە يۈرەك ئېزىلىدۇ، — دېدى بوۋا
ئېغىر مۇڭغا چۈشكەن هالدا ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بىر يىلى يېزىمىز
قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولدى، بىر تېمىمۇ يامغۇر چۈشمىدى. يۇرت ئىچ
دوزاققا ئايلىنىپ كەتتى، ئۆلۈم-يېتىم كۆپەيدى، ئاچلىق-قەھەتچىلى
كەمبەغەل-نامراتلارنىڭ بوينىغا چۈشكەن سىرتماق بولدى. تۇرخۇنلاردى
تۈتۈن چىقماس بولدى. باينىڭ قوسىغى توق، قولى بىلەن كارى يو
دىگەندەك، باي-بېگىملەر قارنى يېرىلغىچە يەپ-ئىچىپ، توقلۇقتىن شو
لۇق چىقىرىپ، كېرىلىپ يۈردۈەردى. لېكىن بۇغدايلار قۇرۇپ كەتتى
قوناقلار تېرىلمىدى. سۇ بولمىغاندىكىن، ئەلۋەتتە، تېرىغىلى بولمايد
دۇ-دە. كەمبەغەلنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلىشى هېچگەپ ئەمەس، ئەمما يەردىن
ئاشلىق چىقمىغىنى بايلار ئۈچۈن زىيان. بىر كۈنى ئەتىگەندە زوھ.گە
مۇزەپپەر مېنى ئۈن-تۈنسىزلا ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. «ماڭا يول باشلا
قىزىلتاغنىڭ كەينىنى كۆرىمەن» دېدى. مۇزەپپەر ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى
ئاتلىق، مەن پىيادە يولغا چىقتۇق. شۇ كۈنى كەچتە قارلىق تاغقا يېتىپ
باردۇق. مۇزەپپەر ئاستىغا تۈلكە تېرىسىنى سېلىپ كېرىلىپ ئولتۇرۇپ،

سۇنى كورمەي ئۇتتۇك ساپتۇ، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چە-
لاپتۇ، دىگەندەك، يۇرتقا تېخى ئېلىپ بارمىغان سۇنىڭ پايدىسىنى ھې-
ساپلاشقا كىرىشىپ كەتتى. مەن بولسام كوڭلۇمدە جىننىڭ قەستى شاپ-
تۇلدا، دىگەن شۇ ئىكەن، دەپ ئويلاپ، بىر قىيا تاشنىڭ ئۇستىگە چىقىپ،
ئەتراپىقا قارىدىم: قىزىلتاغنىڭ كەينىدىن قارلىق تاققىچە پۇتۇن بىر
جىلغا قارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى بىلەن تولۇپ تۇرۇپتۇ. ھەممە يەر كوپ-
كوك سۇزۇك سۇ......

— كېيىن نىمە بولدى، — سورىدى سابىر.

— نىمە بولاتتى، موزاينىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە، دىگەندەك ئىش بولدى، — تومۇر بوۋا ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — قىسقىسى، ھېچ ئىش چىقمىدى. گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوق، دىگەننىڭ ئوزى بولدى. موزەپپەر بەگ تاغدىن چۇشكەندىن كېيىن، پۇتى كويگەن توخۇدەك بىر جايدا تۇرالماي، قىقاس-سۇرەن بىلەن قىزىلتاغ ئېتىكە-دىكى توققۇز يۇرتنىڭ ھەممىسىگە ھاشا-مەدىكار قويدى. توخۇ سۇتتى-دىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئالۋاڭ قىلىپ چاچتى. موزلىساڭ موز يە-ئۇسسىساڭ تالقان دىگەندەك، كەمبەغەل-نامراتلار، يىتىم-يىسىرلار كېلىپ، بىر ياز، بىر قىش ئىشلىدۇق. قانچە-قانچە سىنىپي قېرىنداشلىرىمىز قوم بىلەن تاشنىڭ ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولدى، قانچىلىرى بەگنىڭ زۇلۇم قامچىسى ئاستىدا ھالسىزلىنىپ قازا تاپتى. يۇرت ئىچىنى يىغا-زارە، ئىش ئورنىنى ھەسرەت، پىغان، نالەش ئوتلىرى قاپلىدى، تاغۇ-تاش كەمبەغەل ئىشلەمچىلەرنىڭ كوز ياشلىرى بىلەن نەمدىلىپ، قىزىل قېنى بىلەن بويالدى. . لېكىن، تاغ ئايلاندۇرۇپ چېپىلىدىغان بۇ ئوس-تەڭنىڭ ئەللىكدىن بىردىمۇ چېپىلمىدى. مۇشۇنداق چاپقاندا، بۇ ئوستەڭ-نىڭ ئەللىك يىلدىمۇ پۇتمەيدىغانلىقىغا باينىڭ كوزى يىتىپ، كاللىسى-غا ئەقىل كىردى، خەقلەرنى ئىش ئورنىدىن قوغلاپ، ئوستەڭ چېپىش دىگەننى تىلغا ئالماس بولدى......

— شۇ ۋەقەدىن كېيىن، — دىدى تومۇر بوۋا ھېكايىسىنى داۋاملاش-تۇرۇپ، — ئېشەككە كۇچۇك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى دىگەندەك، سۇيىنى بەرمىگەن تاغنى تىللاپ، ئاسمانغا نالە قىلىشقا كىرىشتۇق. موزەپپەر ھەر

يىلى بىر ـ ئىككى قېتىم ئەل ـ جامائەتنى توپلاپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئە
ئولتۇرغۇزۇپ، ئاسماندىن يامغۇر يېغىشىنى تىلەك قىلغۇزاتتى. زارەخەت
دۇئا ـ تەكبىر، نەزىر ـ چىراق دىگەنلەر ئۈزۈلمەيتتى — ئۆزىمىزنىڭ يېغ
ئۆزىمىزنىڭ گوشىنى قورۇيتتى. ناۋادا قىزىلتاغنىڭ كەينىدىن بۇلۇت
تىرىلىپ تەسادىپى يامغۇر چۈشۈپ قالسا، «دۇئايىمىز ئىجاۋەت بولد
خۇدايىم رەھىم ـ شەپقەت قىلدى» دەيتتى، يامغۇر چۈشمىسە، قۇرغاقچىل
ۋاقتى ئۇزارسا، ئاخۇنۇملارمۇ، بايلارمۇ ئۇچىنى بىزدىن ئالاتت
«ھەممەڭ گۇناكار، گۇناكارنىڭ تىلىگى ئىجاۋەت بولمايدۇ» دە
بىزنى ئەيىپلەيتتى. مانا بۇ، موللام دۇئاغا زورلاپتۇ، دىگەننىڭ دەل ئۆز

— مەن ئىسمىنى بىلگەندە، — دىدى تومۇر بوۋا ساقاللىرىنى
راپ، تەمكىن ئولتۇرۇپ، — قىزىلتاغ باغرىدا ھەممىسى بولۇپ ئالتە ب
لاق بار ئىدى، چوڭىدا ئادەم بىلىدەك، كىچىگىدە ئادەم يوتىسىدەك
ئاقاتتى. كېيىنكى قىرىق يىل مابەينىدە بۇلاق توققۇزغا كوپەيدى. ئۇنى
ئۇچىدە ھازىر تۈگمەن چۆگىلەيدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن ھېچقانداق دۇئا
تەكبىر، نەزىر ـ چىراق دىگەن ئىشلار بولمىدى. ئەمما، گەپنىڭ ئانىس
قۇلاق، سۇنىڭ ئانىسى بۇلاق دىگەندەك، بۇلاقلارنىڭ كوزىنى تازىلاش
ئېقىنىنى راۋانلاشتۇرۇش، سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولى بىلە
سۇ بىر مۇنچە ئاۋۇدى، تېرىلغۇ كولىمى بىر ھەسسىدىن كوپرەك ئاشتى
زىرائەتلەرنىڭ سۇ ئىچىش نوۋىتى كوپەيدى... شۇ بالىنىڭ — جاۋتىيەن
ئوغلۇمنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس. مېنىڭ بىلىشىمچىمۇ بۇ يەردىكى بۇلاق
سۇلىرىنى يەر ئاستىدىن قايناپ چىققان دىگىلى بولمايدۇ، ئۇ قارلىق
تاغ ئۈستىدە دوۋىلىشىپ ياتقان قار سۈيىنىڭ ساقىندىسى بولسا، ئەجەپ
ئەمەس......

تومۇر بوۋا ھەرقايسى بۇلاقلارنىڭ تارىخىنى، سۇنىڭ كوپىيىش ـ
ئازىيىش مەزگىللىرىگە، قىزىلتاغ كەينىدە بولغان ھول ـ يېغىننىڭ بۇ ـ
لاقلار ئارقىلىق بۇ تاغلىق كەنتكە كورسىتىدىغان تەسىرىگە ئائىت بىر ـ
مۇنچە ئەھمىيەتلىك تارىخىي ئەھۋاللارنى، زورۇر سانلىق مەلۇماتلارنى،
ئېيتىپ بەردى.

سابىر تومۇر بوۋىنىڭ سوزلىرىنى قالدۇرماي ئاڭلاپ كوڭلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەھكەم ئورناتتى ۋە ئارىلاپ- ئارىلاپ سوراپ، خاتىرە دەپتىرىگە نىمىنىدۇ يېزىۋالدى.

— شۇنداق ئوغلۇم، تاغ سۇلىرىغا ئوتمۇشتە بەگ- بايلارمۇ كوز ئالايتقان، لېكىن بۇنىڭدىن ھېچ ئىش چىقمىدى، نىمىشقا ھېچ ئىش چىقمىدى؟ - تومۇر بوۋا سابىرغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى، — سەۋەپ، باينىڭ تۆگمىنىگە سۇ قويۇشتىن كەمبەغەللەرگە نىمە پايدا بار؟ باي بايغا باقىدۇ، سۇ سايغا. دىمەك، ئۇ چاغدا ئېلىپ كەلگەن سۇدىن بىز مەنپەئەتدار ئەمەس ئىدۇق. ئاچكوز تويغىنىنى بىلمەس، بېخىل بېيىگىنىنى. باينى قانچە باي قىلساڭ، كەمبەغەلنى ئېزىش قۇربى شۇنچە كۆچىيىدۇ. تېخىمۇ كوپ رىيازەت چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر بولسا زامان باشقا، ئوزىمىز ئۇچۇن ئەكىلىمىز. ئوزىمىز ئۇچۇن جاپا تارتىش — بۇ جاپا ئەمەس، راھەت.

— سەن ئوغلۇم، بۇ ئىشقا بەل باغلىغان ئىكەنسەن، ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈز، — دىدى بوۋاي ياش كىشىدەك جۇشقۇنلىنىپ، — سەن بىر ئەمەس، مىڭ، ئونمىڭ! قىزىلتاغنىڭ شىمالىدىن ئەگىپ ئوتۈپ، قارلىق تاققا يېتىش ئۇچۇن، مەن بۇ يولنى بىر كۇن ماڭغانمەن. شۇ يولنى بويلاپ، تاغ ئايلاندۇرۇپ، ئوستەڭ چېپىشقا توغرا كەلسە، ھەقىقەتەن ئون، يىگىرمە يىللىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. سەن ئېيتقان ھېلىقى چارە — تاغنى تېشىپ ئوتۇش چارىسى خېلى تۈزۈك كورۇنىدۇ. قىزىلتاغ ئىگىز بولغىنى بىلەن قېلىن ئەمەس، پەمىمچە ئۇچ- تۇت يۈز غۇلاچتىن ئاشمايدۇ، قىزىلتاغ بىلەن يۇرت ئارىلىغى بولسا بىردەمچىلىك يول. ئەلنىڭ ئەقلى شەكسىز، كۈچى چەكسىز، دەپتىكەن. كوپچىلىك بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بەلنى چىڭ باغلايدىغانلا بولساق، چىققىلى بولمايدىغان تاغ، ئوتكىلى بولمايدىغان دەريا يوق. قارىماققا، تاغ بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. لېكىن بىزگە سۇ يوجۇڭ. يۈيگۈكگە ئوخشاش، ئالدىغا قاراپ تاغنى تېشىۋېرىش لازىم. ۋاقىت بولسا جىق. مىسال ئۇچۇن، مەن ئولسەم، كورۇپ تۇرۇۋپسەن، ئوغۇل- كېلىنلىرىم تۇرۇۋپتۇ. شۇنچە كوپ نەۋرىلەر چوڭ بولۇۋاتىدۇ. بىلىشىمچە، يۈيگۈك روھى — تاغنى توختىماي تېشىۋېرىش روھى......

تىنومۇر بوۋا سوزلەۋېتىپ، كوڭلى - كوكسى خوشاللىققا تولغان هالدا هاياجانلاندى. قاش - كىرپىكلىرى سەكرەپ، قاپاقلىرى لىپىلدىدى؛ كوزلىرى نۇرلىنىپ، يېقىملىق كۇلۇمسىرەپ قويدى:

— شۇنداق، ئوغلۇم، سەن ئوزەڭ بىلىسەن: بىز كەمبەغەل دېخان. تووەن ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ روھىمىز دۇنيانى ئوزلۇكسىز ئوزگەرتىش، يېڭىلاش روهى دەيتتىڭغۇ. هە، مانا شۇنداق، بۇ — جىڭ گەپ. پارتىيە-مىز، هوكۇمىتىمىز تاغدەك يولەنچۇك بولۇپ تۇرغان يەردە بىز يەنە نىمىدىن ئەندىشە قىلاتتۇق؟......

سابىر تومۇر بوۋىنىڭ ئويىدىن خوشال، قەلبى جۇشقۇنلانغان هالدا قايتتى، ئوزىنى يېنىك ۋە ئىشەنچلىك سېزەتتى، پۈتۈن تېنى يايراپ، ۋۇجۇدىنى كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىغۇچى بىر ئىسسىق ئېقىم ئەگىلەتتى.

ئۇ ئەتىكى يۈرۈشىنىڭ تەييارلىقىنى ئويلاپ، ئوز ئويىگە ئېلىپ بارىدىغان، بولۇق جىگدىلەر ئوسكەن ئارا يولدا ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا، بىردىن ئىشتىندىن باشقا هەممە نەرسىسىنى سېلىپ تاشلاپ، ئېرىق بويىدا نىمە بىلەندۇ هەپىلىشىپ تۇرغان بىر كىشىنى كوردى.

سابىر يېقىن كېلىپ، قولى بىلەن توپا ئىتتىرىپ ئېتىز قىرلاۋاتقان نامان تۇلكىنى تونىدى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا پومىششىك سۇلايمان يار ئېلىپ كەتكەن قىردا سۇنى بەدىنى بىلەن توسۇپ، توغرا ياتاتتى. ئۇنىڭ لەپ، كەتمەندە توپا تاشلاۋاتاتتى. يول ئۇستىگە ئېقىپ چىقىپ كەتكەن سۇ ئاي يورۇغىدا ئەينەكتەك پاقىراپ كورۇنەتتى.

سابىر نىياز قۇرباننىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، يار ئالغان جاي ئېتىلىپ بولدى. پۈتۈن كىيىملىرى بىلەن لايغا مىلىنىپ كەتكەن سۇلايمان ئورنىدىن تۇردى ۋە سەل خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن:

— هەر نىمە بولسا، ئېتىۋالدۇق، هېچقانچە سۇ ئىسراپ بولمىدى، — دېدى ۋە نامان تۇلكىگە قاراپ: — نامان ئاخۇن، سىلى كىيىملىرىنى تاپالىلىمۇ، يا ئەتە تېپىۋالامىلا، — دېدى.

— شۇنداق قىلايمىكىن، مەن ئۇنى سۇ كولاپ كەتكەن تۇشۇكلەر-گە تىقىۋەتكەن، سۇ ئىسراپ بولمىسىلا، كىيىم دېگەن چاغلىق نەرسە، —

www.uyghurkitap.com

نامان تۇلكە خوشامەت بىلەن سابىرغا قاراپ قويدى، — كورمەملا سابىر شۇجى، تاس قالدى بۇ سۇنىڭ ھەممىسى ئىسراپ بولۇپ كەتكىلى!

سابىر گەپ قىلمىدى، نىياز قۇربان سۇلايمان بىلەن نامان تۇلكىگە قاراپ:

— بولدى، قايتىپ كېتىڭلار، دەم ئالساڭلار بولىدۇ. نامان سېنىڭ كىيىملىرىڭ ئەتە چىقمىسا، دادۇي ئويلىشىپ كورىدۇ، — دېدى.

— رەخمەت، نىياز جۇرېن، رەخمەت، — نامان تۇلكە يالىڭاچ بەدەنلىرى بىلەن پۇكلىنىپ تازىم قىلدى، — بۇ — ئۇز ئىشىمىز، ھازىر سۇ دىگەن قان بىلەن باراۋەر، ئۇنى توسۇۋالغىنىمىز ئوبدان بولدى.

سۇلايمان بىلەن نامان تۇلكە كەتكەندىن كېيىن، نىياز قۇربان:

— بۇ ئىككى پومىششىكنىڭ ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشى، بولۇپمۇ سۇلايمان تۇزۇك، — دېدى ۋە، — ئۇزگىرىشىمۇ ياخشى، قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىغان بەزى پومىششىكلارغا سېلىشتۇرغاندا، سۇلايمان يامان ئەمەس، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— نامان تۇلكىنىڭ ئادەم بولغىنىنى بۇگۇن كوردۇم، — دېدى كەتمەن تۇتۇپ تۇرغان بىر ياش سۇچى، — ئەسلىدە سۇلايمان بىلەن نامان مىچىتتا ناماز ئوقۇشۇۋېتىپتىكەن، سۇنىڭ شىقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال يۇگۇرۇپ كەپتۇ. كاساپەت ئېتەزنىڭ قىرلىرى بوش ئىكەن، سۇ تېشىپ زادى ئارام بەرمەي تۇراتتى. ئۇلار كېلىپلا يار ئالغان يەرگە ئۇزىنى ئېتىشتى. نامان تۇلكە ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي، كىيىملىرىنى سېلىپ، سۇ كولاپ كەتكەن توشۇكلەرگە تىقتى. بولمىسا، بۇ كاساپەت سۇ خېلىلا بىسەرەمجان قىلاتتى، — ياش سۇچى ئويلانغان ھالدا قوشۇپ قويدى، — مەن بۇ نامان تۇلكىنى دەشنام يېگىنىم، بەش نان يېگىنىم، دەيدىغان داپ يۇز، ھورۇن بىر نىمە دەپ ئويلايتتىم، بۇگۇن ئۇنىڭغا ئەقىل كىرىپ قاپتۇ.

سابىر ياش سۇچىغا قاراپ قويدى ۋە:

— پومىششىكلارنىڭ ئۇزگىرىشىدىمۇ پەرق بار، — دېدى ئۇ كەتمىنىنى قىرغا ئېلىپ، يار ئالغان قاشنى ئىگىزلىتىپ تۇرۇپ، — ئامىمنىڭ نازارىتى، پارتىيە سىياسىتىنىڭ تەسىرلەندۇرۇشى، تەربىيىسى ئارقىسىدا

بەزىلىرى ئۆزگەردى، قالپىغى ئېلىپ تاشلاندى. لېكىن بەزىلىرىنىڭ بىردەملىك ئىشىغا قاراپ خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدۇ، ئەھۋال مۇرەككەپ. بولۇپمۇ سۇلايمان بىلەن نامانىنىڭ ئانچە-مۇنچە ئاكتىپلىق كۆرسەتكىنىگە قاراپ، بىرنەرسە دېيىش تېخى بالدۇر......

دەل شۇ چاغدا، سۇلايمان بىلەن نامان تۇلكە كونا مەسچىتنىڭ يېنىدىكى يالغۇز ئاياق يول بىلەن ئالدىراپ ئۆيىگە تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

— كىملىدىمۇ چوگام، — دېدى سۇلايمان ئالدى-ئارقىسىغا خۇدۇكسىنىپ قاراپ، — سابىر ئىشەنمىدى.

— راست، ئىشەنمىگەندەك قىلدى، ئەجەپ يامان نىمكەن بۇ سابىر.

— سابىر خەتەرلىك ئادەم، — دېدى سۇلايمان ئاستا خىرقىراپ، — ئابدۇراخمان لىيەنجاڭ ئۇنى يەر ئاستىدىكى ئىلانىڭ كۈشكىنىنى بىلىدىغان نەرسە، دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن. بۇ سابىرلا بولىدىكەن، سىلى بىلەن بىزگە كۈن يوق.

— بىكارغىلا ئاۋارە بولۇپ، ئۆزىمىزنى ئېچىقتا بېسىپتىمىز، — نامان تۇلكە پۇشايمان قىلغاندەك، ئۇچكە ساقىلىنى سىلاپ قويدى، — بەربىر ئىشەنمىدى!

— ياق، بۇ قىلغىنىمىز تازا جايىدا ئىش بولدى، — دېدى سۇلايمان قەتئىيەتلىك بىلەن، — مۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرگىلى بولمايدۇ. ئادەم كۆرگىنىگە ئىشىنىدىغان نەرسە، سابىر ھېچبولمىغاندا، بۇ ئىككىسى سۇ ئۇچۇن شۇنچە كويۇپ-پىشىۋاتىدۇ، مۇنداق ئادەملەر ئامبارغا ھەر ھالدا قول تەككۈزمەس، دەپ ئويلايدۇ، گۇمانى تارقايدۇ. ھازىر مانا شۇنداق جىددى پەيت. ئۇندىن قالسا، بۇ ئىشىمىزنى ئەزالار ئاڭلىسا، كۆڭلىدە بىزنى ئۆزگىرىپتۇ، دەيدۇ. ئادەتتىكى چاغدا، چەككەن جاپا ھېچكىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، مۇنداق پەيتتىكى ئىش، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ موھىم.

— شاگىيۇم، — دېدى نامان تۇلكە كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلغان ھالدا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — يۈرىكىم سەل ئېغىپ-ئېغىپ تۇرىدۇ، سىلى ئامبارنىڭ قېشىنى بۇزۇۋاتقاندا، خۇدا ساقلاپ، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چۈشمىسە-دە.

— يوقسۇ چوڭام، خۇدا ساقلىغان يەردە بالا يوق، دېگەن گەپ بار، — دېدى سۇلايمان، — ئىنشائاللا ھېچكىم كورمىدى ھەم ئادەم كورىدىغان چاغدا مەن ئۇ يەردە بولمىدىم. ئەممازە، ئالدىراشچىلىقتا، ھېلىقى نىجىس تاماكا خالتام چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ خالتا سۇ بىلەن ئېقىپ كەتكەن بولسىغۇ مەيلى، ھەرگىز ئۇ نىسىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولمىسۇن، ئىنگەكىم.

— ئەمما، بۇ ئىشنى قاسىم بىلدى، — دېدى نامان، — لېكىن، بىلمەسكە سالدى.

— بىلمەسكە سالدۇ، بىلمەسكە سالماي! — سۇلايمان پىچىرلاپ ئېيتتى، — ئەمدى ئۇ هارامزادىنىڭ نۇقتىسى قولىمىزدا. ئۇ تازا ئىككىلەندى، ئاخىر كېلىپ قولىمىزغا چۈشتى. قاسىم ئەمدى بۇ نۇقتىنى ئۈزۈپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ئۈزۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، بىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ پاش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئۇخلاپ، باشقىلار ئۈچۈن چۈش كورۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

— توغرا، قاسىم ئۈچۈن سابىرنى يىقىتىپ، زەيتۇنەمنى قولغا كەلتۈرىدىغانلا ئىش بولسا بولىدۇ، باشقىسى بەرىبىر......

## 2. قانلىق قاراياغاچ

يېڭىيەر دادۇيىنىڭ ئەزالىرى سابىر باشچىلىق قىلغان بىر گۇرۇپپا تومۇر بوۋىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قىزىلتاغنىڭ كەينىگە قارلىق تاغ ۋە سۇلۇق جىلغىنى كوزدىن كەچۈرۈپ تەكشۈرۈشكە كەتكەنلىكىنى ئەتىسى خوشال بولۇپ ئاڭلىدى.

تومۇر بوۋا سابىرنىڭ: «بوۋا، سەن ياشانغان ئادەم، بارمىغىن...» دېگىنىگە ئۇنىماي، ئۆزىنىڭ: يول ماڭسا ئېچىلىدۇ، ئادەم ئىشلىسە ياشىرىدۇ، دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يول باشلاشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ ئۈستىگە ئالدى:

— ئات ئالساڭ مىنىپ كور، چىنە ئالساڭ چېكىپ، — دېدى بوۋاي خوشاللىق بىلەن، — تاغنىڭ ئۆزىگە بارغىنىمىز تۈزۈك ئىش بولىدى.

ھەممىنى كۆرۈپ، ئىمدىتلاپ، ئاندىن ئىشقا كىرىشسەك، كۆڭلىمىز توق، ئىشە
چىمىز زور بولىدۇ، ئەزالار بىلەنمۇ ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىپ، بىر پىكىر
كەلگىلى بولىدۇ......

ھاۋا سۈتتەك ئوچۇق، ساي ئىچى تىپ - تىنچ ئىدى. قىزىلتاغ بو
لاپ، شىمالغا سوزۇلغان «پادىچىلار يولى» تەدرىجى ئىگىز كۆتىرىلى
باراتتى. ئاياقلار ئاستىدا شىغىل غىچىرلايتتى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردە تا
دىن غۇلاپ چۈشكەن ئويدەك، كات ساندۇقتەك چوڭ - چوڭ قورام تاشلا
كۆزگە چېلىقاتتى، غۇژمەك ئۆسكەن قىزىلىيۇلغۇن كەينىدىن توشقانلار چ
قىپ، ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ يولۇچىلار
ھەيران بولۇپ قارايتتى، ئاياق ئاستىدىن ئاغمىخان، لەغمەنتاقتاقلار شىپ
قىلىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشىپ ئوتۇشەتتى.

تەكشۈرگۈچىلەر بىر خىل، سالماق مېڭىشتى. سابىرنىڭ مۇرىسىد
ئوزۇق - تۈلۈك، روزىغار سېلىنغان خۇرجۇن بار ئىدى، ئۇ بويىنغا ئاپتو
مات ئېسىۋالغان مىنىبىڭ لىيەنجاڭى سادىق بىلەن گەپلىشىپ كېتىۋاتاتتى
ئۇلارنىڭ كەينىدە بەش - ئون قەدەم ئارقىدىراق تۇراخۇن بىلەن دادۇي
تۈەنجىبۇ شۇجىسى ئابابەكرى كېلىۋاتاتتى. ئابابەكرى گەپ خۇمار ئىدى.
تۇراخۇن بولسا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇزەپپەرنىڭ پالەچ قىزى ئۈچۈن بورى
ئىزلىگەن خاتىرىلىرىنى كۈلكىلىك ھېكايە قىلىپ سوزلەپ بەردى.
ئەڭ كەينىدە تومۇر بوۋا بىلەن سېلىماخۇن ماڭغان ئىدى. سېلىماخۇن —
دادۇي داڭجىزبۇسىنىڭ ۋېيىۋەنى بولۇپ، قىرىق بەش ياشلاردىكى كىشى
ئىدى. ئۇ تومۇر بوۋىنىڭ سوزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئويچان كېتىۋاتاتتى.
قوزا چۈش بولغاندا، يىراقتىن مال قوتىنى ۋە كوجۇمگىنە بوستانلىق كو
رۈندى. مال قوتىنىنىڭ يېنىدا ئۈچلىرى قۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىگىز، باراخ
سان ئۆسكەن بىر قارىياغاچ بار ئىدى. قارىياغاچ يىراقتىن كۆزگە تاشلىناتتى
ۋە ئۇنى كىشىلەر «قانلىق قارىياغاچ» دەپ ئاتايتتى. قانلىق قارىياغاچنىڭ ئەت
راپىدا بىر يۇرۇش ئاپپاق ئويلەر، كىچىككىنە باغ ۋە بۇلاق بار ئىدى.
دادۇينىڭ چارۋىلىرى يازلىقى ئەنە شۇ يەرنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپتىكى
جىرالاردا يايلايتتى.

مال قوتىنىدا ھازىر ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، ئېھتىمال، قوي - ئوچكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەرنى يايدىتىپ چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. سابىرلار مال قوتىنىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوجۇننى ئېچىپ، نان - پان يېيىشىپ، ناشتا - ناھار قىلىشتى، بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچىشتى. سابىر ئۇي ۋە قوتانلارنى قاراشتۇرۇپ چىقتى، باشقىلار بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، يامغۇر يالىغان پاكىزە، يۇمشاق شىۋىل ئۈستىگە سوزۇلۇشتى.

ئەمما، نىمە ئۈچۈندۇ سىلىماخۇن نانمۇ يىمىدى، سۇمۇ ئىچمىدى. ئۇ مال قوتىنىنىڭ ئەتراپىنى بىر قۇر كوزدىن كەچۈرۈپ ئايلىنىپ كېلىۋېتىپ، «قانلىق قاراياغاچ» نىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.

ئۇ قاراياغاچقا كوزىنى ئالماي ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئوتتۇرا بويى، يۈزلىرى يۇمۇلاق، چوڭ كوز، قاڭشالىق، قويۇق بۇرۇتلۇق بۇ ئادەمنىڭ ئەڭگىسىنىڭ ئۈچىدا كىچىككىنە ساقىلى بار ئىدى. ئۇ بىرەر ئىشتىن ئالدىراپ خوشالمۇ، خاپىمۇ بولۇپ كەتمەيتتى ۋە ناھايىتى كەم سوز ئىدى. ھازىر بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ ئويچان چوڭ كوزلىرىدىن ئاچچىق غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

تومۇر بوۋا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا قەدەم بىسىپ سىلىماخۇننىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ:

— بولدى قوي، سىلىماخۇن، بىزنىڭ يولىمىز تېخى ئۇزاق، ماڭايلى، — دىدى.

باشقىلار دەسلەپ نىمە بولغانلىقىنى چۈشەنمىدى، لېكىن سىلىماخۇننىڭ كوزلىرىدىكى غەزەپ ئوتلىرى سابىرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، بۇ يەردە قانداقتۇ بىر ۋەقە بولغاندەك ئىدى. سابىر:

— سىلىم ئاكا، ساڭا نىمە بولدى، بىر نەرسە يەۋالغىن، ماڭىمىز، — دىدى.

سىلىماخۇن قانلىق قاراياغاچقا بىر پەس قاراپ تۇردى - دە، بۇرۇلۇپ سابىر كوتىرىپ كېلىۋاتقان خوجۇننى مۈرىسىگە ئالدى.

— جۇرۇڭلار بالىلار، ماڭايلى......

تومۇر بوۋا نىمىنىدۇ ئەسكە ئالغاندەك، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، ئۇياق - بۇياقا ماڭدى، بەلۋىغىنى تارتىپ باغلىدى ۋە بەلۋىغىغا ئېسىۋالغان

غلاپ پىچىغىنى ئالدىغا سۇرۇپ قويدى، ئاندىن تاش ئۈستىگە سىلىپ قوي
غان ئالدى ئوچۇق يىلىڭ تونىنى مۇرىسىگە تاشلىدى - دە:

— قىنى ئەمسە كەتتۇق، باللار، — دىدى ۋە نابىر، سادىق، ئابا
بەكرىلەرگە قاراپ ئىغىر بىر ئاھاڭدا ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئىيت
تى، — سىلەر باللىرىم تىخى بەزىبىر ئىشلارنى دىگەندەك بىلىپ كەتمەي
سىلەر. كىشىلەر بۇ قارايىاغاچنى بىكارغا «قانلىق قارايىاغاچ» دىي
ئاتاشمىغان. بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق تەرىپى بار. قىنى بىز ماڭىلى، سى
لىماخۇن بىشىدىن ئۆتكەنلەرنى سوزلەپ بەرسۇن، قانداق، سىلىماخۇن، سوز-
لەپ بىرەمسەن......

ئۇلار قوتاندىن ئايرىلىپ، تاغ بىغىرلاپ يولغا چۇشتى. سىلىماخۇن
خۇجۇننى ئۇ مۇرىسىدىن بۇ مۇرىسىگە يوتكەپ تۇرۇپ، غەمكىن بىر قىيا
پەتتە سوز باشلىدى:

— مىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم قاچاندىن بۇيان زومىگەر مۇزەپپەرلەرگە
باغلىنىپ قالغىنىنى بىلمەيمەن، — دىدى ئۇ تاشلارنى غىچىرلىتىپ، سال
قا كىرگىنىمدە دادامىمۇ، ئانامىمۇ يوق ئىدى. كورگىنىم مانا شۇ قارايا
غاچ ھەم ئالدىمدىكى بىر پادا مال بولدى. چىرىپ كەتكەن زىغىر پاخى
لىنى سىلىنىجا، تاشلاندۇق پارچە - پۇرات تىرىلەرنى يىپىنچا قىلىپ، ئەتى
قارايىاغاچ تۈۋىدە ئۈچ تىمى بار، بىر تىمى يوق قوتاننى ماكان قىلىپ،
قوي - ئوچكىلەر بىلەن بىللە يىتىپ - قوپۇپ، ئون ئالتە ياشقا كىردىم
ئەتىيازنىڭ جۇت - شىۋىرغانلىق بىر كۇنى كەچتە مالنى قايتۇرۇپ قوتان
غا كەلسەم، قارايىاغاچقا مۇزەپپەرنىڭ ھىمىشەم ئۆزى مىنىپ يۇرىدىغان
تامدەك قارا جەدە ئىتى باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. يۇرىگىم مۇزدەك قىتىپ، دەر-
ھال قويلارنى ساندىم. مانا پىشكەلچىلىك!... تۇغۇلغىنىغا بىر ئايچە
بولغان ئۈچ قوزا ھىچنەدە يوق. مۇزەپپەر ئۆز ئادىتى بويىچە ھەريىلى ئەتى
يازدا يىڭى تۇغۇلغان ئەركەك قوزىلارنىڭ كورپىسىنى سويۇپ ئىلىۋىلىپ،
گوشىنى سوڭگىدىن ئايرىلغىچە قاينىتىپ، مۇسەللەس قاينىتىپ ئىچەتتى.
بىرمۇ قوزىنىڭ يوقىلىشىغا يول قويمايتتى. مەن «ئەمدى قانداق بولدى،
بۇ قوزىلار نەدە ئايرىلىپ قالغاندۇ، نىمىشقىمۇ بىخەستەلىك قىلغاندىمەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلاپ، بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، قوتان ئالدىدا مۇزەپپەر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇزەپپەرنىڭ يالاقچىلىرى ئۈچ تىللىق قامچىلىرىنى ئۆتۈگىنىڭ قونچىلىرىغا قىستۇرۇۋېلىپ، نىمىندۇ تىمىسقىلاپ ئەگىپ يۈرەتتى. ئەمما، ماڭا قارىمايتتى. مۇزەپپەر مېنىڭ سەل ھودۇقۇپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، زەھەر تامىدىغان كۆزلىرىنى ماڭا نەشتەردەك تىكتى ۋە ئۇشتۇمتۇتلا:

— ھە، ئېيتە، قانچە قوزىنى ئوغرىلىدىڭ؟ — دېدى.

— ئوغرىلىمىدىم، ئۈچ قوزا......

— ھە؟!... — مۇزەپپەر مېنى تىرىكلا يەۋېتىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن ۋاقىرىدى:

— يەنە بىر ئېيتە، قانچە؟

— ئۈچ، ئۈچ...قوزا پادىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوخشايدۇ......

مەن شۇ گەپنى ئېيتقىنىمنى بىلىمەن. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بەگنىڭ يالاقچىلىرى مېنى قاراياغاچقا تېگىۋەتتى. مۇزەپپەرنىڭ كۈمۈش ساپلىق قامچىسى يۈز-كۆزۈمگە نەشتەر سانچىغاندەك تاراسلاپ تېگىشكە باشلىدى. يۈزلىرىم تارشىدەك قېتىپ، تىلىم-تىلىم بولۇپ يېرىلىپ، بۇرنۇمدىن دۇقتەك قان كەتتى. بېشىم بىر تەرەپكە ئېسىلىپ چۈشۈپ، بارغانچە تاياقنى سەزمەس بولۇپ قالدىم. شۇ ئەسنادا قۇلىقىمغا ئىمىن ئاكىنىڭ ئاۋازى كىرگەندەك بولدى، — سىلىماخۇن ئۇزىنىڭ سول تەرەپىدە مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئالدىرىماي كېتىۋاتقان سابىرغا قاراپ قويدى، — سېنىڭ رەھىمدىلىك داداڭ ئىمىن ئاكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى:

— بېگىم، مەن تىلەي، بىز قوزىنى تاپىلى، قوزا يولدا قالغان ئوخشايدۇ......

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، راست ئىمىن ئاكا ئىكەن، ئۇ بەگنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ھەدەپ يالۋۇرۇپ، مېنى تىلەۋېتىپتۇ:

— سىلىم كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سىنايدىغان بالا ئەمەس، قوزا جەزمەن پادىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، بىز تاپىلى......

ئىمىن ئاكا يېلىنغانسىرى مۇزەپپەر تېخىمۇ ئەدەپكەتتى ۋە كالىدەك

ھـوكۇرەپ يەنە ماڭا ئېتىلدى. ئىمىن ئاكا يالۋۇرۇشنى قـويدى ـ دە
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، بەگنىڭ ئالدىدا گەۋدىسىنى كېرىـپ، قـەددىنى
تىك تـۇتۇپ، نىمە كورسەم شۇنى كورەي دىگەن بىر قىياپەتتە تۇردى
باشقا پادىچىلارمۇ ئىمىن ئاكىنىڭ كەينىگە كېلىپ، بەگكە مىقتەك قادال
دى. پادىچىلار ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تېرىسىگ
پاتماي تېشىپ تۇرغان غەزەپ ـ نەپرىتى بـەگنى «لەسسىدە» قـىلـىـ
قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇزەپپەر قولىدىكى كۇمۇش ساپلىق قامچىنى پـ
قىرىتىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، ئىمىن ئاكىغا گولىيىپ:

— ئىمىن! سېلىم كۇنىنىڭ سېرىغىنى كورسۇن دىسەڭ، ئەتە ئەتىگەر
چاي ۋاقتىغىچە ئۇچ قوزىنى مېنىڭ ئالدىمغا تىرىك ئەكىلىش. ئەكىلىش
مەيدىكەنسەن، مەن سېلىمنىڭ تېرىسىنى قوزىنىڭ تېرىسىنى سـويغانـدەك
سويۇۋەتمىسەم، ھېچكىم مېنى مۇزەپپەر بـەگ دەپ ئاتىمىسۇن! ـــ دىـدى

مۇزەپپەر ئوزىنىڭ دىگىنىنى قىلىدىغان قانخور ئىدى. ئۇنىڭدىـ
زادىلا ئىنساپ دىگەننى كۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىمىن ئـاكـا مېنى ۋ
باشقا پادىچىلارنى ئەگەشتۇرۇپ جىلغا تەرەپكە ئېلىپ كەتتى، يول بـويى
قوزىنى ئىزلىدۇق. تۇن قاراڭغۇ، شىۋىرغان قۇتراپ كەتتى، سوغاق سو
گەكتىن ئوتتى. مەن پۇتۇن بىر كـۇن ئىسسىق ئىچمىگەنلىگىم، ئۇنـىـڭ
ئۇستىگە بۇرنۇمدىن قان كەتكەنلىگى ئۇچۇن، بىردەم مېگىپلا ھالسىزلىنىپ
قالدىم. بىر تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە، ئىمىن ئاكا مېنى بىر ئـوڭـكـۇرگە
باشلاپ كىردى. پادىچى قېرىنداشلار ئوزلىرىنىڭ تېرە چاپانلىرىنى ئۇسـ
تۇمگە يېپىپ قويدى. ئىمىن ئاكام بەلۋېغىدىن نان ئېلىپ بەردى، چـاقـ
ماق تېشىنى مازغا سۇركەپ گۇلخان ياقتى. كوزۇم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر
چاغدا كوزۇمنى ئاچسام، شىۋىرغان توختاپ تاڭ ئېتىپتۇ، ئوڭكۇردە ھېچ
كىم يـوق... قـوزا چۇش بولغاندا، ئىمىن ئاكام ۋە بـاشقـا پـادىچىلار
ھەر تەرەپتىن كېلىشتى. ئولگەنىنىڭ ئۇستىگە تـەپكەندەك قـوزىلار يـوق.
ئىمىن ئاكامنىڭ يۇز ـ كوزلىرىنى ئەلەم ۋە ھەسرەت تـورلىرى چىرماپتۇ.
ئۇ ئوڭكۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئىمىن
ئاكام ئاز گەپ قىلىدىغان، مەرت، بىر سوزلۇك، مېھرىۋان ئادەم بـولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز پادىچىلارنىڭ بىردىن ـ بىر ھەماتىمىز ئىدى. مەن ئىمىن ئاكامنىڭ يۈز ـ كۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭ قەلبىدە پىغان، غەزەپ، نەپرەتلىك نالەش ئوتلىرى يېنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئاخىر مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سىلىم، سەن بىلەن بىز تەقدىرنىڭ تەتۈر كۆزىگە ئىلىنىپ قالغان ئادەملەر. ئىنىم، سەن زۇلۇم تىكەنلىرى ئۈستىگە تۇغۇلۇپ، شۇ تىكەن ئۈستىدە چوڭ بولدۇڭ، ئالەمگە تورۇلۇپ قىلچە خۇۋلۇق كۆرگىنىڭ يوق. سەن بۇ كۈنلەرنى ھەرگىز يادىڭدىن چىقارما. لېكىن، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سەۋرى ـ تاقەت قاچىسى يېرىلىشقا ئاز قالدى. قاراڭغۇ تۈن ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، بەربىر تاڭ ئاتماي قالمايدۇ، ئەلنىڭ پىغانى مۇزەپپەرلەرنىڭ زۇلمىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان چاغلارمۇ يىراق ئەمەس. بىزنىڭ يورۇق كۈنلىرىمىز ئاخىر يېتىپ كېلىدۇ... — دېدى.

مەن ئىمىن ئاكامنىڭ نىمىنى ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى تازا چۈشىنەلمىدىم، لېكىن، ئىمىن ئاكام كۆزى قىيمىغاندەك بولۇپ:

— سىلىم، سەندىن ئايرىلىش بىز ئۈچۈن ئېغىر. شۇنداق بولسىمۇ سەن بۇ يەردىن كەتكىن، ئۇكام. مۇزەپپەر — ئادەم قېنىنى ئىچىدىغان بۇ جاللات ئاخىر سېنىڭ ياش ھاياتىڭغا زامىن بولىدۇ، سېنى تىرىك يەپ قويىدۇ. بىلىسەڭ ئۇكام، سەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ مۇزەپپەرگە داداڭنىڭ نەچچە ئەۋلادى ئىشلەپ تۈگىتەلمەي كەتكەن «قەرزى» ھېساۋىغا ئىشلەۋاتىسەن. لېكىن بۇ «قەرز» نىڭ ئاخىرى ھېچ كۆرۈنمىگەندەك ئەمەس ... باي، بەگلەرگە بىزنىڭ ھەق ئالماي تىنىمسىز ئىشلەۋېرىدىغان كۈچىمىز لازىم. ئىشلىسەكلا باشقا يۇرتلاردىمۇ بىر ئامال قىلىپ كۈن ئالغىلى بولىدۇ، — دېدى.

ئىمىن ئاكام شۇنىڭدىن كېيىن، بىر نەرسىدىن خەۋپسىرەپ ئالدىرىغاندەك، ئۆزىنىڭ بىردىن ـ بىر مۈلكىنى — كوپ يىللار يېنىدىن ئاجراتماي كەلگەن غىلاپ پىچىقىنى سوغا قىلدى. باشقا پادىچىلارمۇ مېنىڭكىدىن تۈزۈكرەك دەپ ھېساپلىغان تېرە چاپان، ماتا بەلۋاغلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. قالغان ـ قاتقان نانلىرىنى يوللۇق قىلدى.

مېنىڭ ھەقىقەتەن بۇ يەردە تارتىشىدىغان ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمىم

يوق ئىدى. ئەمما، «مەن كېتىپ قالسام، ئىمىن ئاكام بىرەر بالاغا يولۇقۇپ قالارمۇ» دەپ ئەنسىرەپ:

— ئىمىن ئاكا، سىنى مۇزەپپەر تۇتارمۇ؟ سىلەمنى قاچۇرۇۋېتىپسەن دەپ، سىنى ئازاپلارمۇ؟ — دىدىم. ئىمىن ئاكام:

— مەن ھەر ھالدا كورگىنىمنى كوردۇم، سەن بولساڭ ياش، خاتىرجەم كېتىۋەرگىن، بىر نەرسە دەرمىز. ئۇنىڭسىزمۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى كۈنىمىز ئىت - ئېشەكنىڭ كۈنى. ئازاپ - ئوقۇبەت چېكىگە يېتىپ تۇرۇپتۇ، يەنە كورسەك شۇنچىلىك كورەرمىز، — دىدى ۋە ماڭا: ئىمكانىبار مەكىت تەرەپكە ئوتكىن، ئۇ تەرەپلەردە كۈن ئالماق ئاسانراق دەپ ئاڭلىدىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى. مەن ئىمىن ئاكام ھەم باشقا پادىچىلار بىلەن كوز يېشى قىلىپ، قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم......

سىلىماخۇننىڭ سەرگۈزەشتىسى ھەممەيلەننى چوڭقۇر ئويغا سالدى، ھەممەيلەن جىمجىت، ئۈن - تۈن يوق، ئاياقلارنىڭ شىرتىلىغىنىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئابابەكرى سىلىماخۇننىڭ مۇرىسىدىكى خۇجۇننى ئوز يەلكىسىگە ئالدى ۋە دىلكەش بولۇپ سورىدى:

— سىلىماخۇنكا، سىنىڭ مەكىت تەرەپتىكى كۈنلىرىڭ تۈزۈگرەك بولدىمۇ؟

— نەدىكىنى! — دىدى سىلىماخۇن جىلغا ئىچىدىن تاغ قاپتىلىغا كوتىرىلىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ۋە لەنىتى ئوتمۇشنى ئەسلەپ، قەلبى يارىلىنىپ قالغاندەك، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى، — نەدىكىنى تۈزۈك بولسۇن! ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىغى توت ئىكەن، مەن ئىمىن ئاكام ھەم پادىچى قېرىنداشلاردىن ئايرىلىپ، ئىزلەپ - سوراپ مەكىتكە باردىم، بەش - ئالتە باينىڭ ئويىدە ئىشلىدىم. ھەممىسى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان قان شورىغۇچى چايانلار ئىكەن... قانداق بولۇپ، بۇ بەختىيار زامانىمىزغا ئۇلىشىپ كەلگىنىمنى ئويلىسام، ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ دەپ قالىمەن......

تومۇر بوۋا ئوزىنى يولەپ، تاغ بېغىرلاپ يۇقۇرىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان سابىرغا قاراپ قويدى. بوۋايغا سابىرنىڭ كوزلىرى يېنىۋاتقاندەك، قاپاقلىرى لىپ - لىپ قىلىپ يۇقۇرى كوتىرىلىۋاتقاندەك ۋە ئوزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىمىگىدۇ تەقەززا بولۇپ ئالدىراۋاتقاندەك بىلىندى.

— دۇنيادا بولغان ياخشى-يامان ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتسە كېتىدۇ، — دېدى بوۋاي بىر قىيا تاشتىن ئەگىپ ئۆتۈۋېتىپ، — زالىم بايلار، قانخور بەگلەرنىڭ بىز كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا قىلغان دەرت-ئەلەملىرى، زۇلۇم-كۈلپەتلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ. سىلىماخۇننىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس. ئۇنىڭ ئاخىرىنى مەن ئېيتىپ بېرەي: كىچىك سىلىم قاچقاندىن كېيىن مۇزەپپەر ئەتىسى ئەشۇ قاراياغاچ تۈۋىدە يەنە ئىمىن ئاخۇننى تۇتتى، تولەپ بېرىشكە قىستىدى. ئىمىن ئاخۇن ئىشلەپ تولەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. لېكىن مۇزەپپەر: «ئىمىن، سەن ئېيتقىن، بىر قوي قانچە يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ؟» دەپ سورىغان. ئىمىن ئاخۇن «ئون، ئون بەش يىل» دەپ جاۋاپ بەرگەن. مۇزەپپەر: «بىر قويدىن قانچە قوزا ئېلىشقا بولىدۇ؟» دېگەن. ئىمىن ئاخۇن: «سەككىز-ئون قوزا ئېلىشقا بولار» دېگەن. مۇزەپپەر: «ئون ئەمەس، سەككىزدىن ھېساپلىغاندا، ئۈچ قوي قانچىگە كۆپىيىدۇ؟» دەپ سورىغان. ئىمىن ئاخۇن: «يىگىرمە تۆت قوي بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇزەپپەر:

— توغرا ھېساپلىدىڭ، دىمەك سەن، يىگىرمە تۆت قويغا قەرزدار بولدۇڭ، دېگەن.

كوردۇڭلارمۇ، بۇ قانخورنىڭ ھېساۋىنى! ئۇ ئەنە شۇنداق ھېساپلىغان. بۇ ئىشلار ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا ئىمىن ئاخۇن ئادەم سۈرەتلىك بۇ يالماۋۇزنىڭ نائىنساپ مۇددىئاسىنى پەملەپ، غەزىۋى تېشىپ:

— بېگىم، بۇ قانداق ھېساپ؟ يوقالغان ئۈچ قوزا ئەركەك قوزا ئىدى، ئەركەك قويمۇ كۆپىيەمدۇ؟ — دېگەن. مۇزەپپەر:

— نىمە؟... ئەركەك قوي كۆپەيمەيدۇ، دەپ ساڭا كىم ئېيتىدۇ؟ ئەركەك قوينى ئالماشتۇرسا، ساغلىق قوي ئالغىلى بولمامدىكەن؟ مەن تېخى بۇ ئۈچ قوزىدىن كۆپەيگەن يىگىرمە تۆت قوينىڭ يۈڭ-تېرىلىرىنى ھېساپلىمىدىم، تېخى ئوغۇتىمۇ بار، دېگەن.

ئىمىن ئاخۇن مۇزەپپەرنىڭ بۇ قىپ-يالىڭاچ قاراقچىلىق

ھێساۋىنى كوڭلىگە پاتۇرالماي:

— بێگىم، ئۆزلىرىگە مەلۇم، ئەر كىشى تۇغمىغاندەك، ئەركەك قويمۇ تۇغمايدۇ - دە، دەۋەتكەن.

مۇزەپپەر ئۆزىگە ياقمايدىغان گەپنى قىلغان ئادەمدىنلا ئەمەس، بىر ئازھازىر جاۋاپلىق قىلغان ئادەمنىڭ ھەرقاندىغىدىن شۇ زامات ئۆچ ئالاتتى. ئۆچەكەشسە نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتكىچە ئۆچەكىشەتتى. ئۇ ئىمىن ئاخۇننىڭ ھەقلىق سوزىنى ئاڭلىغاندىن كێيىن، ئىچىگە لازا قويۇۋەتكەندەك سەكرەپ

— نىمە؟ نىمە دىدىڭ! سەن تێخى مێنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەنا سێنىڭ تىلىڭ نىمانچە ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن - ھە؟ — دەپ چىچاڭشىپ كەتكەن. ئىمىن ئاخۇننى قارىياغاچقا ئاستۇرۇپ، يالاقچىلىرىغا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرغۇزغان. ئىمىن ئاخۇن قارىياغاچقا ئێسىغلىق تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن مۇزەپپەرگە:

— ھەي مۇناپىق، سێنىڭ بۇ ھێساۋىڭ كۇپ - كۈندۈزدە ئادەمنىڭ كوزىگە قۇم تىقىش ئەمەسمۇ، بۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ھێساۋى بولمىسا قانۇن، شەرىئەت ئايرىسۇن! — دەپ توۋلىغان. مۇزەپپەر:

— قانۇن؟ قايسى قانۇن! قانۇن دىگەن مانا مەن، يەنە قانداق قانۇن بولاتتى؟ — دەپ ئىككى كوزىگە قان قۇيۇلۇپ، ئێسىغلىق تۇرغان ئىمىن ئاخۇننى ئۆزى كالتەكلىگەن......

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىز ئىمىن ئاخۇننىڭ بێشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى ئاڭلاپ، بىر توپ كەمبەغەل دىخانلار، چاكارلار، پادىچىلار مەھەللىدىن قوتانغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتۇق. قارىساق، ئىمىن ئاخۇننىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىگى مەلۇم ئەمەس، قانلىق قارىياغاچ ئاستىدا جىمجىت يێتىپتۇ. ئێغىزىدىن قان ئێقىۋێتىپتۇ، بەدىنى پۈۋلىگەندەك ئێسىلىپ كێتىپتۇ. ئۇنى ئىككى يالاقچى بێقىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئىمىن ئاخۇننى ئێلىپ كەتمەكچى بولدۇق، لێكىن ھێلىقى يالاقچىلار:

— بێگىمنىڭ ئەمرى شۇنداق، تىرىگىنى بەرمەيمىز. ئۆلگەندىن كێيىن، بێگىم ئەگەرچەندە راۋا كورۇپ قالسا، بەگنىڭ ئىتلىرىغا بێرىمىز، — دىدى.

بۇ گەپ بىزنىڭ غەزىۋىمىزگە ياغ قۇيدى. يىغانىمىز پەلەككە يەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتىلىپ بېرىپ، قولىمىزغا كالتەك - توخماق ئېلىپ، يالاقچىلارنى سۇر - توقاي قىلدۇق. ئاندىن ئىمىن ئاخۇننى كوتە-كوتە قىلىپ، مەھەللىگە — ئۆز كەپىسىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدۇق. ئىمىن ئاخۇن ئىككى كۈنگىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ھۇشسىز ياتتى. ئۈگۈنى ئۇشتۇمتۇت ئەجەپ بىر كۈچ بىلەن ئۇختۇپ - سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، مۇزەپپەر چايانىنىڭ چوڭ ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېتىلىپ دىگۇدەك بېرىپ يىقىلدى، شۇ يەردە مۇشتۇملىرى تۈگۈلگەن، چىشلىرى كىرىشكەن، كوزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چېچىلىپ تۇرغان ھالدا جان ئۈزدى......

ئېغىر جىمجىتلىق ئىچىدە كېتىۋاتقان سادىق ئاپتوماتىنىڭ سىپىنى چىڭ تۇتقان ھالدا كوزلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتتى. ئابابەكرى پوكاندەك ئېسىلىپ، نېمە ئۈچۈندۇ ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلاپ، ئۇلاردىن ئۇزاپ كەتتى. سابىرنىڭ كوزلىرىدە غەزەپ ۋە ئەلەم ئوتلىرى ياناتتى. ئۇ دادىسى ئىمىن ئاخۇننىڭ مۇزەپپەرنىڭ بوسۇغىسىدا جان ئۈزگەنلىكىنى، دادىسىنىڭ قاتىلى مۇزەپپەر ئىكەنلىكىنى بىر قانچە قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن، گۈلسۈمخان ئاچا بۇ «يېتىم» يىگىتنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلماسلىق ئۈچۈن، بۇ خاتىرىلەرنى مۇنداق تەپسىلى سوزلەپ بەرمىگەن ئىدى.

تۇراخۇن ئويچان كېتىۋاتاتتى:

— ئەگەر ئازاتلىق كۈنلىرى يېتىپ كەلمىگەن بولسا، — دىدى ئۇ، — سېپىلىمىزنىڭ ئالدىدىن يوقالغان ئۈچ قوزىنىڭ سىرى ھازىرغىچە ئېچىلمىغان بولاتتى. ئەسلىدە مۇزەپپەرلەر سېپىلىمىزنىڭ پۈت - قولىنى مەڭگۈ چۇشۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئەتىگەندە — مال ھەيدەپ مېڭىش ئالدىدا ئوغۇرلاشقان ئىكەن. بۇنى مۇزەپپەر نەق خەلقنىڭ كۈرەش سەھنىسىدە ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

سابىر كوزلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى يەڭلىرى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— دادامنىڭ ئولۇمى — بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە بېسىلغان سىنىپىي غەزەپنىڭ تامغىسى. مەن بۇ سىنىپىي قىساسنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، — دىدى.

— توغرا، بۇ سىنىپىي ئوچ بىزنىڭ يۈرىكىمىزدىن مەڭگۈ

چىقمايدۇ، ــ دېدى تومۇر بوۋا سابىرنىڭ مۇرىسىگە قولىنى ئالغان ھالدا ئىگىزگە قاراپ كېتىۋېتىپ، ــ چولدە سۇ ئىچسەڭ، قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما، دېگەن گەپ بار. ئازاپ دېگىزىدىن قۇتۇلغاندا، ماۋ جۇشىنى، پارتىيىنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. سىلەر مېنى: سەن ياشانغان، تاغ تەكشۈرۈشكە چىقمىساڭمۇ بولىدۇ، بىز ئۆزىمىز ھوددىسىدىن چىقالايمىز، دېدىڭلار. دۇرۇس، سىلەر بۇ ئىشنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايسىلەر. بۇ تەھقىق. لېكىن، مېنى بۇ تاققا قايسى كۈچ ئېلىپ كەلدى؟ــ قان!... ئىمىن ئاخۇنغا ئوخشاش بىگۇنا ئولتۇرۇلگەن يۈزلىگەن سىنىپى قېرىنداشلارنىڭ قېنى ئېلىپ كەلدى!

بوۋاي ھاياجانلىنىپ قالدى، يۈزلىرىدىكى قورۇقلار تارايدى، يۈز-لىرى لىپىلداپ كەتتى، كوزلىرىدە ياشلارغا ئوخشاش بىر خىل قەت-ئىيەتلىك بار ئىدى.

ــ شۇنداق، قان ئېلىپ كەلدى! ــ دېدى ئۇ سابىرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان ھالدا يۇقۇرىغا كوتىرىلىۋېتىپ، ــ سىلەر بىلىسىلەر، بىز داجەيدىن ئۆگىنىشتەك چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىمىز. سوتسىيالىزىمنى، ئوز ھاكىمىيىتىمىزنى مۇستەھكەملەشكە تۇتۇش قىلىۋاتىمىز. بۇ ئىشلارنى قانچىكى بەلەن، بالدۇر، پۇختا ئىشلىسەك، زۇلمەت كولەڭگىلىرى شۇنچە يىراققا قوغلىنىدۇ. كوڭلۇم خاتىرجەم بولىدۇ. ئوتمۇشنىڭ قايتىپ كەل-مەسلىكى، ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزنىڭ بىز چەككەن رىيازەتلەرنى قايتا چەك-مەسلىكى ئۈچۈن، ئاز - ماز جاپا تارتىشقا تەييار تۇرۇشىمىز زورۇر. بىلسەڭلار، داجەيلىك قېرىنداشلارنىڭ ئويلىغىنىمۇ شۇ، بىزنىڭ ئوي-لىغىنىمىزمۇ يەنە شۇ......

تومۇر بوۋا قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا ئوتتى، تا-بىلىدە ئېسىلىپ تۇرغان ئىگىز قىيا تاش ئاستىدىن پەم بىلەن يېنىچە مېگىپ، يان تەرەپتىكى سەل دارىسىدىن ئەگىدى. ئاندىن چىرگىقۇر جىلغىنى توغرا كېسىپ توسۇپ تۇرغان يوتا تاغنىڭ ئۈستىگە تىك كوتىرىلدى. تاغنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، بېلىنى رۇسلاپ، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈنگە قاراپ قويۇپ، ئالدىدىكى مەنزىرىنى كورسەتتى:

ــ مانا، مەنزىلگىمۇ يېتىپ كەلدۇق، ــ دېدى ئۇ ساقاللىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـسلاپ تـۇرۇپ.

تاغ ئۈستىگە ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتىرىلىپ چىققان سابىر، سادىق، ئابابەكرى، تۇراخۇن، سىلىماخۇنلار ھاياجان بىلەن ئەتراپقا قارىدى: ئىگىز تاغ ئۈستىدە تۈگىمەس ـ پۈتمەس قار، تاغ قاپتاللىرىدا ياشىرىپ تۇرغان ئاندا ـ ساندا شالالاڭ قارىغاي، تۆۋەندە ـــ ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ كەتكەن جىلغا ئىچىدە بولسا، تىنىق كۆك ئەينەكتەك سۈزۈك سۇ......

سادىق ئاپتوماتنى سابىرغا بېرىپ، ئۆزى بىر قىيا تاشنىڭ پەـ لەمپىيى بىلەن تۆۋەنگە سىرىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئابابەكرى چۈشتى. سادىق بىلەن ئابابەكرى ئۇچقۇر كىيىكتەك تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ، جىلغا ئىچىدىكى سۇغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى. سابىر ئىگىز قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈردى. تۆمۈر بوۋا بىلەن تۇراخۇن بىرنەچچە كۈن پايدىلانغىدەك، بىرەر ئوڭكۈر تېپىش ئۈچۈن، ئەتراپنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

## 3. يول ماڭسا ئېچىلىدۇ

سابىرلار قارلىق تاغ ئېتىكىدە تولۇق ئۈچ كۈن بولدى. زورۇر تەكشۈرۈش، كۆزىتىشلەرنى ئېلىپ باردى. تانا ۋە يۈز مېتىرلىق ئۆلچەم سايمانلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتايىن موھىم بولغان ئىلمىي سانلىق مەـ لۇماتلارنى توپلىدى. مۇزدەك سۇ ئىچىگە كىرىپ، زاپاس سۇنىڭ ھەجمى ئۈستىدە ئومۇمى تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولدى. ئەڭ موھىمى، سۇ ئۆتكۈزىدىغان تاغنى تېشىش مەسىلىسى ئىدى. شۇڭا ئىزما تاغنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە قېتىم يامىشىپ چىقىشقا، چوخچىيىپ چىققان قىيا تاشلارغا ئاغامچا باغلاپ، تۆۋەنگە سىرىلىشقا، قايتا ـ قايتا ئۆلچەپ، مۇمكىن قەدەر ئاسانراق يەردىن سۇ ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ.

سابىرنىڭ پۇت ـ قولىنى ئۆتكۈر تاش قىرلىرى تىلىپ ـ سىجاپ قانىتىۋەتتى، سادىق تاغدىن سىرىلىۋاتقاندا، بېلىدىن ئاغامچا چىقىپ كېتىپ، ئون نەچچە مېتىر يەرگە دومىلاپ كەتتى، تۇراخۇن ئۆلچىگەن

يەرلەرگە تاش بەلگىسى ئورنىتىۋېتىپ، بىر چوڭ تاشنى كوتەرگەندە،بىلـ زىلڭ بولۇپ كېتىپ، خېلى بىر ۋاقىتـلارغىـچە بېلىنى ئورە قىلالمىدى شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ناھايىتى خوشال، ئوز ئىشىدىن چەكسىز راز ئىدى، ھەدەپ بىر - بىرىگە چاقـچاق قىلاتتى، كۈلۈشەتتـى. سـابىر تاختا قەغەزنى ياپىلاق تاش ئۈستىگە قويۇپ، سۈلۈق جىلغىنىڭ خـەر تىسىنى سىزىۋاتقاندا، سادىق:

— مـانـا سەن سـابىر، خېلىلا ئەمەلىي ئىش كورىدىغان ئىنجىـ بولۇپ قالدىڭ، — دېدى. لېكىن، سادىقنىڭ ئـوزىنى باشقىلار:

— سەن، سادىق، مىنىڭ لىيەنجاڭى ئەمەس، بەئەينى كىيىڭ! ئىـ تاقـا چىققۇچى ماھىر دىسە، سېنى دىسە بولىدۇ، ئـەگەر مـەشھـۇر مـ تاغنىڭ دەل ئۈستىگە چىقىش توغرا كەلسە، سەن ئوزەڭ يېتىپ ئاشسەن، دەپ چاقچاق قىلاتتى......

سابىرلار تـوتىنچى كۈنى تاغدىن قايتتى. ئۇلارنىڭ سەپىرى ئۇمىـ ئىشەنچ، خوشاللىق بىلەن تـولۇپ تاشقان ئىدى. ئـەسلىدە قىزىلتـاغـ ئايلىنىپ ماڭغاندا، قارلىق تاققا بىر كۈندىن ئوشۇغراق ۋاقىتـتا ئارا يەتكىلى بولاتتى، ئۇلار قىزىلتاغنى ئۇدۇل تېشىپ ئوتكـەندە ئـۈچ يـ غـۇلاچـقا يـەتمەيدىغانلىقىنى ئېـنىقلىدى. ئـۇلار يېگىيەرنىڭ ئارزۇسـ بـەختىيار كـېلـەچىگىگە ئالاقىدار بـولغان بۇ خوشخەۋەرنى سوغا تەـ گۈگشي ئـەزالىرىغا پـاتراق يـەتكۈزۈشكـە، ئوز خوشاللىقلىرىنى ئورتا لىشىشقا ئالدىرايتتى.

سابىرلار دادۈيگە كەچ يېتىپ كەلدى، ئەتراپ قاراڭغۇ ۋە جىمجىـ بولۇپ، پەقەت دادۈي ئىشخـانىسىدىلا چىراق يېـنىپ تۇراتتى. ئىشخاـ ئىچىدىن بولسا قاسىمنىڭ دوق ۋە تەھدىت ئارىلاش چىقىراپ چىقىۋاتـ قان ئاۋازى ئـاڭلاندى:

— قېنى، فۇجۇرېن نىياز قۇربان ئېيتىپ كورسۇن، — دەيتتى ئـۇ سەل بوغۇلغان ھالدا خىقىراپ، — ئامبارنىڭ رېمونتى تۇتۇلماي، بىر- مـۇنچە سۇ بىكـاردىن ئىسراپ بولۇپ كـەتتى، بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، سابىر دادۈي ئەزالىرى ئالدىدا ئوزىنى تەكشۈردىمۇ؟ ھېچبىرا خۇددى ھېچنىمە كـورمىگـەندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇۋالدى. يەنى مەسىلەن... سۇ قۇرۇلۇشى پىلانى تېخىچە پۈتمىگەن، سابىر بۇ پىلاننى كېچىكتۈرۈپ كۆكشىنىڭ ئومۇمى پىلان تۈزۈشكە تەسىر يەتكۈزدى. مەن دادۇي ئىنقىلاۋىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ بۇ ھەقتە سابىرنىڭ كوزىنى ئېچىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىمەن، يەنى مەسىلەن......

سابىر سالماق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن تومۇر بوۋا، تۇراخۇنلار كىرىپ كېلىشتى، ئىشخانىدا دادۇي ئىنقىلاۋىي ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ئەزالىرى، شياۋدۇيجاڭلار ۋە چەت-چورىدىن كىرىپ، يىغىنغا داخىل بولۇپ قالغان بەزى ئەزالار بار ئىدى. قاسىم كىدەيگەن ھالدا ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، نىياز قۇربان ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ، بېشى سىلىنغان ھالدا ئويلىنىپ ئولتۇراتتى، چەتتىرەك ئولتۇرغان ھاشماخۇن گەپنى ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان قاسىمغا قاراپ چەكچىيىپ قالغان ئىدى.

سابىرلارنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن يىغىن جانلىنىپ كەتتى. ئۇلاردىن ھاردۇق سورىدى، بارىكاللا ئېيتتى، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى بىلىشكە، سۇدىن بىرەر ئۇمىتنىڭ بار-يوقلۇغىغا قىزىقتى، ھەر تەرەپتىن ئالدىرىتىپ سوراشتى.

سابىر جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە قارلىق تاغ ۋە توسۇلۇپ قالغان سۇ ۋە ئۇنى ئەكىلىشنىڭ يوللىرى توغرىسىدا زوق-شوق بىلەن سۆزلەشكە كىرىشتى......

قاسىم كېزىت قەغىزىنى يىرتىۋېلىپ، كانەيچە قىلىپ تاماكا ئوراپ، دېرىزىدىن ياڭاق دەرىخى توسۇپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىغا قاراپ، يېنىچە ئولتۇراتتى. شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ مىجىقلايتتى، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرەتتى، مەيدىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ قوياتتى، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، ئوتتۇگىنىڭ پاشىنىسىنى بىر-بىرىگە سۈركەيتتى. پۈقىرىتىپ چېكىۋاتقان تاماكا تۇتۇنىدىن يۇمىلاق ھالقا چىقىراتتى ۋە ئۇ ھالقىنىڭ ئىچىگە مۇشتۇمىنى تىققۇسى كەلگەندەك، ئالدىغا ئىنتىلىپ-ئىنتىلىپ قوياتتى. كاللىسىدا بولسا گىدىرماش بىر خىيال تەۋرىنەتتى.

سۇ ئامبىرىنىڭ يار ئېلىش ۋەقەسىدىن كېيىن، قاسىم قارىمۇ-

قارشى ھېسسىياتلار بىلەن چىرمىلىپ، ئۆزىنى قورقۇش تۇيغۇسى ئىچىد چوچۇپ تۇرغاندەك سېزەتتى، تەسادىپى تېگى يوق غار ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك، غارغا ئۆچۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ئەندىكىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. بىر كۈنى، نامان تۆلكە: «قورقما ئىنىم، بىز ب ئىشنى پەقەت سېنىڭ ئابرويۇڭ ئۈچۈنلا قىلدۇق، يولۋاس ئىزىدى قايتماس، يىگىت سوزىدىن، دىگەندەك، سەن ئاخىر زەيتۇنەمنى قول ئېلىشىڭ كېرەك. مانا ئەمدى سەن، ئامبارنىڭ سۇيىگە مەسئۇل بولمىغا دەپ، سابىرنى خەلقى - ئالەم ئالدىدا بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەس قىل ۋېتىشىڭ مۇمكىن. خەق ئۇنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىسىمۇ ئەجەپ ئەمەس سېنى دىمىسەك، ئىنىم، بىز مۇنداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلالىدىغان ئاخما ئادەملەر ئەمەستە» دىگەن ئىدى. كېيىن قاسىم بۇ سوزنى ئەسلەپ، جا غىيىنى كېرىپ كۈلۈپ قويدى، لېكىن بۇ كۈلكىنىڭ زادى نىمىگە ھېسا ئىكەنلىكىنى ئوزىمۇ ئايرىيالمايتتى. چۈنكى ئەمدى ئۇ ئوز ئىختىيارىنى يوقاتقانلىقىنى، نامان تۆلكىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش قىيىنلىقىنى سېزەتتى. «ئۇلار ۋاپادارلىق بىلەن مېنى دەپ شۇنداق ق لىۋاتامدۇ؟ بەلكىم...» دەپ ئويلايتتى ئىچىدە.

قاسىمنىڭ خىياللىرىنى سابىرنىڭ ئاخىرقى سوزى ئۈزۈۋەتتى:

— «**يول ئەگرى - توقاي، ئىستىقبال پارلاق**» — بۇ سوزنى ئۇلۇق داھىمىز ماۋ جۇشى ئېيتقان، — دىدى سابىر تاغنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ، — داجەيلىك قېرىنداشلار بىز ئۈچۈن ئوبدان ئۈلگە. ئەگەر بىز جەزمەن داجەي تۇغىنى ئىگىز كوتىرىپ، جاپا - مۇشەق قەتتىن قورقمىساقلا، قارلىق تاغنىڭ سۈيى بىزنىڭ بولىدۇ، يېزىمىزنىڭ سۇسىز قىياپىتىنى جەزمەن تۈگىتەلەيمىز، قىزىلتاغدا داجەي گۈللىرىنى ئېچىلدۇرالايمىز.

— بەللى ئۇكا، ئەزىمەت ئىش قىپسىلەر، — دىدى شىياۋدۈيجال سەيپۇللا خوشاللىق بىلەن سابىرنىڭ خۇيباۋسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، — ما بىز نىمە ئويلاپتىمىز، سىلەر نىمە ئويلاپسىلەر. دەستىخان قانچە كەڭ بو سا، نىمەت شۇنچە مول بولىدۇ.

سەيپۇللانىڭ سوزى ئانچىلا ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن، كوپنى كورگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىزنىڭ دەردىڭنى تارتقان بۇ پېشقەدەم دېخاننىڭ چىرايىدىن سابىر يەتكۈزگەن خوشخەۋەردىن يۈرىگى قىنىپ سۇ ئىچكەندەكى بىلىنىپ تۇراتتى.

قاسىم يەر ئاستىدىن نىياز قۇربانغا قاراپ قويدى. سابىرنىڭ سوزى نىياز قۇربانغا ياقمىغاندەك ئىدى، بۇرۇتلىرىنى تىنىمسىز تولغاپ، ئۈستە-دىن تۈگمەن تېشى باسقاندەك، ئىگىشىپ ئولتۇراتتى. قاسىم:

— خوش، سۇ ئامبىرىنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىدىكى مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈز ئۈستىگە ئالىدۇ، — دېدى ئۆزىگە جىددى، ئۆلۈۋقۋار تۇس بېرىپ.

— ئامبارنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىدە بىزدىن بىخەستەلىك ئوتتى، — دېدى نىياز قۇربان يەردىن بېشىنى كوتىرىپ، — بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى سابىردىلا ئەمەس، مەندىمۇ بار. سۇ ھەممىمىزگە ئايانكى، دومبىنىڭ زەيە-لىشىشى، ئامبارنىڭ يېگى بولغانلىقىدىن يار ئېلىپ كەتكەن......

بۇ سوز قاسىمغا ياقتى، ئۇ بىر تال ئالتۇن چىشىنى پاقىرىتىپ قويۇپ:

— شۇنداق، دومبا زەيلەشكەن، زەي تارتىپ بەرداشلىق بېرەلمە-گەن. سۇنى ساقلاپ قېلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئازراق بولسىمۇ، ئەزالارنىڭ مەنپەئەتىگە كويۈنىدىغان ئىش بولسا، تامامەن ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن، خەلق ئىشىغا جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بولمىغان. ئىس-راپ بولغىنى سۇ ئەمەس، قان! ئەزالارنىڭ قېنى! بىلەمسىلەر، ئەزالار-نىڭ قېنى!...، — دېدى.

بۇ سوز شۇنداق كۈچ بىلەن، ئېغىر ئېيتىلدىكى، ئۇي ئىچى بىر مىنۇتقا قېتىپ قالغاندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. ھەتتا مۇشۇنداق ئوتكۇر سوزنىڭ ئېغىزغا تەسادىپى كىرىپ كەلگىنىدىن قاسىمنىڭ ئۆزىمۇ ھاياجانلانغاندەك ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— شۇنداق، بۇ — قان! ئەزالارنىڭ قېنى. بۇ ئىشنى مۇنداقلا ئوتكۇزۋېتىش مۇمكىن ئەمەس! — دېدى سوزىنى تەكرارلاپ.

— قاسىم، سىز ئۆزىڭىز يار ئالغان دومبىنىڭ قېشىغا بېرىپ باق-تىڭىزمۇ؟ — ئارقىدىراق بىر ئورۇندىن تۇراخۇننىڭ سالماق - تەمكىن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن تۇراخۇن ئالدىغا ئوتۇپ، سابىرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە قاسىمنىڭ كوزىگە تىكىلىپ قارىدى.

قاسىم كوزلىرىنى يوشۇردى ۋە كانەيچە قىلىپ ئورنىغان تاماكىسىن
ئاچچىق بىلەن بىر شورىدى - دە، غىڭشىپ قويدى:
— بارسام - بارمىسام ئوخشاش ئەمەسمۇ، قۇجۇرىن نىياز قۇربا
ئېيتتىڭغۇ، يەنى مەسىلەن، دومبىنىڭ زەيلىشىشىدىن، ياخشى قارىمىغانلىقتى
دەپ، دىمەك، ئوخشاش......

— ئوخشاش!.... قانداق ئوخشاش بولسۇن؟ سىز ئۇ يەرگە بارم
غان بولسىڭىز، بىز بۇ ئىشنى تەكشۈرگەن ۋە ئاخىرىغىچە تەكشۈرىمىز، -
تۇراخۇن سالماق ئولتۇرۇپ كوپچىلىككە قاراپ قويدى، — زەيلەشكە
قاشنىڭ يارغا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى يوق دىيەرلىك. سۇ قاشنى
ئاستىدىن سىرغىپ چىقىپ كېكەيگەن ئەمەس، بەلكى قاشنىڭ ئۈستىدى
پىچاقتا كەسكەندەك چۇشۇپ كەتكەن. شۇڭا سۇ يار ئالغان دومبىنى
ئاستىغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى قاشنىڭ تەگ يېرىدىمۇ توسۇۋېلىندى
بۇ — ھەممە كىشى كورگەن پاكىت. بۇنى قانداقمۇ سۇ ئوزى يار ئېلى
كەتكەن دىگىلى بولىدۇ؟......

— بۇ چۇشىنىشلىك، — دىدى قاسىم ھەدەپ تاماكىسىنى شورا
تۇرۇپ، — بوپتۇ، شۇنداقمۇ دەيلى. بىرەر دۇشمەن شۇنداقمۇ قىلغا
بولسۇن. خوش، بۇ جاۋاپكارلىقنى گەدەنگە ئېلىپ، ئاممىغا ھېساپ بېرىش
كېرەكمۇ - يوق؟ مەن دەيمەنكى، ئىسراپ بولغىنى سۇ ئەمەس، قان، ئەزا
لارنىڭ قېنى، يولداشلار، بۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەي مۇمكىن ئەمەس.

— ئەزالار مەسئۇلىيەتسىزلىكنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەر قاچان ھەقلىق، —
دىدى سابىر جىددى قىلىپ، — مەن ئوزەمنى تەكشۈرىمەن. سىزنىڭ ئال
دىڭىزدا ئەمەس، پارتىيە ئالدىدا، ئەزالار ئالدىدا ئوزەمنى تەكشۈرىمەن،
لېكىن، ھەممىدىن بۇرۇن شۇ نەرسە ئۈستىدە تەكشۈرىمەنكى، بىز كېيىنكى
كۈنلەردە ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتقاندا، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتالمىدۇق،
تىنچ - بىخۇتلۇق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدۇق، مانا بۇ مەسىلىدە
مەن ئوزەمنى جەزمەن تەكشۈرىمەن، بىز بۇنىڭدىن جەزمەن پايدىلىق
ساۋاق ئالىمىز.

ئوي ئىچى جىمجىت بولۇپ كەتتى. نىياز قۇربان: «بىز ئوزىمىز-
نى تەكشۈرسەكلا بولدى ئەمەسمۇ، بۇنى تېخى ئېنىق بولمىغان دۇشمەنگە

ئارتىشنىڭ نىمە ھاجىتى بار» دەپ ئويلايتتى ۋە سابىرنىڭ سۆزلىرىگە ئۆز ئىچىدە ئۇچايىسىزلىنىپ قالدى.

—بۇ — جاۋاپكارلىقتىن قېچىش، — دېدى قاسىم سابىرغا يەر ئاستىدىن قاراپ،— بۇ ئۆز - ئۆزىنى تەنقىت قىلىش روھىنىڭ كەملىكى... خوش، دادۇينىڭ سۇ قۇرۇلۇشى پىلانى نىمىشقا تۈزۈلمەيدۇ؟

— بىز دەل شۇ ئىش ئۈچۈن قارلىق تاققا باردۇق، — دېدى سابىر سەل ھاياجانلانغان ھالدا، — بىز ئەزالار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىشكە ئاتلاندىمىز.

— مەن ئۆتۈپ كەتكەن بىرنەچچە يىل ئۈچۈن ئېچىنىمەن، — دېدى ئابابەكرى تۇراخۇننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويغان ھالدا، — بىز چوڭ خائىن لىيۇشاۋچىنىڭ كاساپىتىدىن گەجگىمىزنىڭ ئۈستىدە سۇ بارلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، قول ئۈزىتىشقا جۈرئەت قىلالماي چاڭقاپ كەلدۇق. مەن بۇ قېتىم قارلىق تاققا بېرىپ ياياق كەتتىم، بىز جەزمەن تاغ سۈيىنى ئەكىلىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك. مەن بىلىمنى باغلاپ قويدۇم.......

— ئابابەكرى، سەن تولىمۇ ياش ئوخشايسەن، — دېدى قاسىم كېدەيگەن ھالدا ئابابەكرىنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ، — سەن بىرئاز بولسىمۇ ئەقىل بىلەن گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگىن. ئەگەر تاغ سۈيىنى ئەكېلىش مۇمكىن بولسا، كىم خوش بولمايدۇ. لېكىن، گەپ دېگەن نەرسە ئېيتقانغا ياخشى. پىلان بۇ ئويىنىشىدىغان نەرسە ئەمەس. يولداش سابىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىككى يۈز غۇلاچتىن ئارتۇق تاغ ئاستى ئۈستىكى قېزىلىدىكەن، يەنە تاغنىڭ ئۇ تەرىپى، بۇ تەرىپى بولۇپ ئىككى ئۈستەڭ چېپىلىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— ھازىرقى مولچەر شۇنداق، — جاۋاپ بەردى سادىق.

— دېمەك، ئىش خېلى مۈرەككەپ، — قاسىم يەنە ئابابەكرىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، — خوش، سىڭىلچە، ئىككى يۈز غۇلاچ تاغنى قانداق تېشىپ ئۆتمەكچىسەن؟

سىلىماخۇن ئابابەكرى ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى:

— بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاددى، — دېدى ئۇ قوشۇمىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، — داجەيلىك كەمبەغەل دېھقان، توۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار

شۇنداق قىلغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. ئۇلار جىلغىلارنى ئىزدەپ
رۇپ، قاقاس تاغ ئۈستىگە توپا ياتقۇزۇپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتە جاپا -
مۇشەققەتتىن قورقمىغان، ئۆز كۈچىگە تايانغان. بىزمۇ خۇددى شۇنداق
قىلىمىز، — سېلىماخۇن ئىشەنچ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى
نى ھاياجانلىنىپ داۋاملاشتۇردى، — «پولات - تۆمۈر» مەزگىلىدە بىز
ماۋجۇشىنىڭ لۇشيەنىگە تايىنىپ، كەتمەن، جوتۇ، لوم تومۇرلەر بىلەن
ھەر - ھەر تاغلارنى تېشىپ - قېزىپ دۆلەتنىڭ پولات سانائىتى ئۈچۈن
بىر مۇنچە بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ بەردۇق ئەمەسمۇ، ھېلىمۇ شۇ پەي
دە ئىشلەۋېرىمىز، بەلكى تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن ئىشلەيمىز.
قاسىم سېلىماخۇنغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ئالىيىپ بى
قارىدى - دە، ئېيتتى:
— سېلىم ئاكا، ئىككى يۈز غۇلاچتىن ئارتۇق تەشمە كېچىك ئىش
ئەمەس. مۇنداق بىر تاغنى تېشىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، تاغ تېشىدىغان ما
شىنا، يەنە رېلىسلىق ۋاگون، ئاز بولغاندا بىرنەچچە تونىنا پارتلىتىش
دورىسى بولۇشى كېرەك.
— بۇ مۇمكىن، بۇ نەرسىلەر بىزدە تېپىلمىدۇ، — دېدى تۇراخۇن
سەل كۆلكىلىك قىلىپ، — بۇ نەرسىلەر يېتىپ كەلگىچە — ۋاقىتنى ئۇز
كۈزۈۋەتكىلى بولمايدۇ - دە. شۇڭا، ھازىرچە، جوتۇ بىلەن بازغاننى تەش
كۈچى ماشىنا، ئەپكەش بىلەن غالتەكنى ۋاگون، ئىككى پۇتىمىزنى رېلىس
قىلىپ تۇرىمىز. موھىمى، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرىمىز، بەر
داشلىق بېرەلەيدىغان ئىرادىمىز بار.
قاسىم بۇ گەپنى ئاڭلىمىغاندەك بولۇپ، پىلان تۈزۈشنىڭ ئەھمىي
تى ئۈستىدە توختالدى، ۋاقىت — ساقلاپ تۇرمايدىغان نەرسە، دېدى. ئاندىن
تاغ سۈيىنى ئەكىلىش بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولى
دىغان ئىش ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى ئىش — نەق مەسىلە بۇ يىلنىڭ
پىلانى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۆز گېپىدىن ئۆزى گۇمانلىنىۋاتقاندەك
سابىردىن سورىدى:
— ياكى سىز تاغ سۈلىرىنى ئەكىلىشنى مۇشۇ ئىككى - ئۈچ يىل
دا ئىشقا ئاشىدىغان پىلان دەپ قاراۋاتامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇنى، ئەلۋەتتە، ئەزالار چوڭ يىغىنى قارار قىلىدۇ، — دېدى سابىر، — لېكىن بىز بۇ ئىشنى بىرقانچە يىل ئەمەس، هازىردىن باشلاپ، كېلەر يىل ئەتىيازغىچە ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ قاراۋاتىمىز.......

سابىرنىڭ بۇ قەتئىيلىكى نىياز قۇربانغا غەلىتە تۇيۇلدى. «بۇ پۈتۈنلەي ياشلىق قىلىۋاتقانلىق ئەمەسمۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇستەگىنە بۇ بىر ئىش قىلىش مۇمكىن، ئىككى يۈز غولاچ ئۇزۇنلۇقتىكى تەشمىنى ئانداق تېشىپ ئۇتكىلى بولىدۇ. ياق، سابىر ئالدىراپ قاپتۇ، بۇ ئاقمايدىغان گەپ».

نىياز قۇربانىنىڭ ئىككىلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى پەملىگەن هاشىماخۇن ئەسىرلىك قىلىپ ئىغىز ئاچتى:

— مەن دەيمەنكى، كۆچمىزگە يارىشا پىلان تۈزۈپ، سۇنى كوپەيتىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلساق بولماسمۇ؟ بۇ ئىشنى بولسا، بەش - ئون يىلدىن كېيىن، دادۇيىمىز راسا باي بولغاندا، قىلساقمىكىن - دەيمەنا......

— هاشىماخۇنكام توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ، سەل ئالدىغا سىلجىپ، — مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، يولداش سابىرنىڭ ئارزۇسى يامان ئارزۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ، بەربىر، سابىرنىڭلا ئارزۇسى. كىشىلەرنىڭ بېشى قايمۇقۇپ قالسا، بۇ يىلقى قىشلىق سۇ قۇرۇلۇشىغا تەسىر يېتىدۇ، ۋاقىت قولدىن كەتسە، تولىۋالغىلى بولمايدىغان زىيان، دېگەن سوز، يەنى مەسىلەن، شۇنداق، شۇڭا، بۇ پىلان هازىرچە قالسۇن، قالغىنى ياخشى......

— قالسۇن؟ قالغىنى ياخشى دەمسەنا؟!... — بىردىن تومۇر بوۋىنىڭ هاياجانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

بوۋاي باياتىن بېرى بولۇۋاتقان گەپ - سوزلەرگە زەڭ قويۇپ، مۇلاهىزە قىلىپ ئولتۇراتتى. سابىر، تۇراخۇن، سېلىماخۇننىڭ سوزلىرى ئەلۋەتتە، بوۋاينىڭ كوڭلىدىكى گەپلەر ئىدى. لېكىن قاسىمغا چۈشىنەلمەيتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى سوزلىرى، بولۇپمۇ، «بۇ پىلان قالسۇن» دېگەن سوزى بوۋاينىڭ يۈرىگىگە تاشتەك تەگدى. بوۋاي ئورنىدىن تۇردى، قاسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ هاياجانلانغان ئىدى، ساقاللىرى سەل تىترەيتتى ۋە ئۇزۇپ - ئۇزۇپ نەپەس ئالاتتى. بوۋاي قاسىمنىڭ كوزىگە

مىقتەك قادىلىپ، جەلپ قىلغۇچى ئاھاڭدا سوئال قويدى:
— خوش، قاسىم، سەن ئۆزەڭ قانچە ياشقا كىردىڭ؟
قاسىم كەينىگە سەل داجىدى، ئېھتىيات قىلغاندەك ئىتراپىغا قارا
قويدى. گۈگۈشى داگۇپيسىنىڭ ئالاھىدە ئېتىۋارىغا، بۇ يەردىكى ئەزالا
نىڭ چوڭقۇر ھورمەت ـ ئىشەنچىسىگە ئىگە بۇ پېشقەدەم كەمبەغەل دېخ
نىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغىنىنى كورۇپ، دەرھال ئۆزىنى قولغا ئال
ۋە مۇلايىم بولۇپ قالدى:
— ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ بوۋا، ئوتتۇز بەش، ئوتتۇز ئالتە ياشقا ك
گەندىمەن، سىزنىڭ يېرىم ئومرىڭىزنىمۇ كورگىنىم يوق.
— شۇنداق، بەك ياشمۇ، ئانچە قېرىغانمۇ ئەمەسسەن، لېكىن ـ
ئومرىڭدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقانمۇ؟
قاسىم:
— بۇ نىمە دىگىنىڭ بوۋا، مەن ئەزالار قانچىلىك چاڭقىسا، ش
چىلىك چاڭقاپ كەلدىم، — دىدى.
تومۇر بوۋا باشلىرىنى چايقاپ قويدى:
— ناتايىن، تولىمۇ ناتايىن، — بوۋاي قاسىمغا بىر قۇر سەپ ـ
لىپ چىقتى، — ئۇنداق بولسا، سەن نىمىشقا بۇ سۇ توغرىسىدىكى ئا
زۇنى سابىرنىڭلا ئارزۇسى دەيسەن. بۇ — سىنىڭمۇ ئارزۇيىڭ، مېنىڭ
ئارزۇيۇم ئەمەسمۇ؟
قاسىم جايىغا بېرىپ ئولتۇردى، بوۋاي داۋام قىلدى:
— سەن قۇلاق سال، قاسىم، تاغ سۈيىنى ئەپكېلىش — بۇ سابىر
نىڭلا ئارزۇسى ئەمەس، بۇ — يېگىيەر خەلقىنىڭ ئارزۇسى! بۇ بىزنىڭ
ھازىرقى ئارزۇيىمىزلا ئەمەس، ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا قېلىپ كېلىۋاتقان
ئىشقا ئاشمىغان ئارزۇ! بۇ بىر، — تومۇر بوۋا بىر تال بارمىقىنى كور
سەتتى، — ئىككىنچىدىن، ئۇلۇق ئاتىمىز ماۋجۇشى «يېزا ئىگىلىكىدە
داجەيدىن ئۆگىنىش كېرەك» دەپ كورسەتتى. داجەيدىن ئۆگىنىش —
داھىنىڭ كورسەتمىسى، سوتسىيالىزىم بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئېھتىياجى.
شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟ — تومۇر بوۋا قاسىمغا تىكىلدى.
— شۇنداق، ئەلۋەتتە، — قاسىم ئالدىراپ جاۋاپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق بولسا، داجەيلىكلەرمۇ ئادەم، بىزمۇ ئادەم. ئۇلاردىمۇ
ۋرتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بار، بىزدىمۇ شۇنداق. ئۇلار قىلغان ئىشنى بىز
مشقا قىلالمايدىكەنمىز؟ — تومۇر بوۋا كوپچىلىككە قاراپ جۇشقۇن بىر
ۋاز بىلەن ئېيتتى، — بالىلىرىم، دۇنيادىكى چىراقلارنىڭ ھەممىسى يانىدۇ،
چىدۇ، لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىزدە بىر چىراق بار، ئۇ مەڭگۈ ئۆچمەيـ
ۋ! بۇ چىراقنى ماۋ جۇشى ياققان، شۇڭا ئۆچمەيدۇ. ئۇمۇ قىيىنچىلىق
لسا، بۇمۇ قىيىنچىلىق بولسا، زادى ئاسان ئىش نەدە بار؟ بىز بەلنى
غلاپ قويدۇق. يول ماڭسا ئېچىلىدۇ، مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن يول
ڭمىش كېرەك. كورۇنگەن تاغنى يىراق دىگىلى بولمايدۇ. قاسىم، سەن
لىپ قويغىنىكى: بىزنىڭ داجەي يولى بىلەن ماڭغىنىمىز ماڭغان. تاغ
زىنى ئەكىلىش — بۇ چوڭ ئىش. موھىم پىلان. بۇ پىلاننى قالدۇ-
ۇشقا بولمايدۇ، قالدۇرۇشقا بولىدىغىنى سىنىڭ سوزۇڭ......

تومۇر بوۋا سوزلەۋاتقاندا، قاسىم داڭۋېي شۇجىسى چاۋار مەتقۇلنى
لىغا ئېلىپ، ھازىرلا بېرىپ ئەرز قىلىدىغان قىياپەتتە، تۇترۇقسىز غۇدۇڭـ
ىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورۇندۇقنى ئىتتىرىۋېتىپ، چېچىلغان
ىنى تالاغا ماڭدى. ئارقىدىن ھاشماخۇن جىممىدە ئورنىدىن قوزغالدى.
وپچىلىك يىغىندىن تارقىغاندا، پەقەت قۇجۇرېن نىياز قۇربانلا چوڭقۇر
ىيالغا پېتىپ، ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى يالماپ، بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى......

## 4. شىرىن كەپتۇ

قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، يېگىيەرنىڭ سۇسىز قىياپىـ
ـتىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ داۋۇي داڭجىبۇسىنىڭ قارارى بويىچە
ـڭ ئەزالارنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە تاپشۇرۇلدى. سابىر، تۇراخۇن،
بىلماخۇنلار ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىگە بېرىپ، قارلىق تاغنى
ەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئەھۋالىنى ۋە بۇ سۇنى ئەكىلىش يولىدىكى
يىنچىلىقلارنى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئەينەن سوزلەپ بەردى. شۇنىڭـ
ـن كېيىن بۇ تەكلىپ پۈتۈن داۋۇينىڭ قىزغىن سوزلىشىش، بەس - مۇ-
ازىرە تېمىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇيدە ئۇچاق ئالدىدا، تاماقتا دەستىخان ئۇستىدە، ئىپتىزدا نۇر
بەش ئادەم جەم بولغان يەردە — ئىشقىلىپ، ئىككى ئادەم بىر يەرگە ك
سىلا بۇ تەكلىپ مۇزاكىرە قىلىناتتى، بۇ ئەھۋال بەزىدە كىشىلەرنى كۈ
لمۇك، قىزغىن تالاش - تارتىشلار قوينىغا ئېلىپ باراتتى، بەزىدە ئۇلار
ئۇز ئارزۇ - ئۇمىتلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خوشاللاندۇرۇ
بۇ ئىشنى تېزرەك باشلىۋېتىش توغرىسىدىكى ئىستىگىنى كۈچەيتەتتى.
— جاپا تارتمىچە ھالاۋەت يوق، — دەيتتى بىرمۇنچە ئەزالار،
كوز قورقاق، قول باتۇر دەپتىكەن، قارىماققا، تاغ ئاستىدىن ت
مە ئۇتكۇزۇش ئەقىلغا سىغمايدىغاندەك كورۇنسىمۇ، داجەيلىك قېرىند
لارنىڭ ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ، جاپادىنمۇ، ئولۇمدىنمۇ قورقماسلىق
ئىنقىلاۋىي روھىنى جارى قىلدۇرغانلا بولساق، قارلىق تاغنىڭ سۇيى ئۇ
چوقۇم يول ئاچالايمىز.
قارلىق تاققا يۇرۇش قىلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىش بىلەن ن
غۇن ئەزالار ماۋ جۇشىنىڭ «يۇيگۇڭنىڭ تاغنى يوتكىشى» دىگەن شان
ئەسىرىنى يېڭىۋاشتىن ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشتى ۋە ئۇنى ئىنتايىن يېق
لىق ھېس قىلىشتى.
— بىز قەتئى نىيەتكە كېلىپ، ئاخىرغىچە ئېگىلمەي - سۇنماي
رەش قىلىشقا جۇرئەتلىك يۇيگۇڭ بولىشىمىز كېرەك، — دەيتتى ئ
ئوز ئىرادىلىرىنى بىلدۇرۇپ، — ھەرگىز قورقۇنچاق، ئۇمىتسىز جىۋ
مايمىز. داجەي قەھرىمانلىرىنىڭ ھەممىسى ھايات يۇيگۇڭلار، بىزمۇ
گۇڭنى، داجەيلىك باتۇرلارنى ئۇلگە قىلىپ، يېڭى يۇيگۇڭلاردىن بول
بۇ كۇنلەردە تومۇر بوۋا ھەم خوشال ئىدى، ھەم جىددى. ب
قارلىق تاغنى تەكشۇرۇشكە قاتنىشىپ، كوپ يىللاردىن بۇيانقى ئارز
ئۇمىدى كۇچلۇك ئىشەنچكە ئايلىنىپ قايتقاندىن كېيىن ئوزىنى ياشىرىپ قا
دەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنى ئېرىنمەي ئارىلاپ چىق
ئەزالارنىڭ ئويلىرىنى زىيارەت قىلىپ، كىمنى كورسە خوشاللىق بىلەن
— ھە، قېرىنداش، ئاڭلىدىڭمۇ؟ بىزنىڭ داگىجۇبۇ قارلىق تاققا
رۇش قىلىشقا تەكلىپ بەردى. سەن بۇ توغرىلىق ئويلاپ كوردۇڭمۇ؟
ئوزەڭنى دەڭسەپ جاۋاپ بەرگىن: سەن بۇ كۇرەشتە يۇيگۇڭ بولالامس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەيتتى ۋە يەنە بىرلىرىگە بولسا:

— قېنى بۇرادەر، سىز قانداق قارارغا كەلدىڭىز؟ — بىز بولساق يېگىيەرنى دەل قىزىلتاغدىكى داجەيي قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى. قېنى ئېيتىڭ: قارلىق تاقتا ھۇجۇم باشلاشقا بېلىڭىز چىڭمۇ - بوش؟ بازغان ئۇرغۇچى بولامسىز ياكى چىراق پەلىگۈچىمۇ، دەيتتى ئۇ.

بوۋاي ياش يىگىتلەرنى كورسە، كوكۇللۇك چاقچاق قىلاتتى. قار-لىق تاغدىكى سۇلارنى شىرىنغا، يېگىيەر يىگىتلىرىنى بولسا پەرھاتقا تەمسىل قىلىپ، ياش يىگىتلەرنى كۇلدۇرۇۋېتەتتى:

— ياش يىگىت، كوزۇڭنى ئېچىپ قارا! — دەيتتى بوۋاي ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ، — قارلىق تاقتا شىرىن كەپتۇ، بىز تەكشۇرۇشكە بارغاندا ئۇ گۇزەل قىزنى كوردۇق. شىرىن: «يېگىيەرلىك يىگىت، بېلىڭىز چىڭمۇ؟ ئەگەر سىز پەرھاتقا ئوخشاش، جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بول-ماس، دىگەندەك ئىرادە بىلەن تاغلارنى يېرىپ يول ئاچسىڭىز، مەن سىزنىڭ بولاي» دەيدۇ، — بوۋاي يىگىتلەرنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ: — ھە، كىم قىل، بېلىڭ چىڭمۇ؟ — دەيتتى.

ئومۇمەن بۇ تەكلىپ مۇناسىۋەتى بىلەن پۇتۇن دادۇيدە شادىيانە بىر خوشاللىق قانات قېقىشقا، ئەزالارنىڭ قەلبى ئۇلۇقۋار ئىستەك بىلەن جۇشقۇن-لىنىپ، ھەممە كىشى ھەركەتكە كېلىشكە باشلىدى. ئابابەكرى، خاسىيەتكە ئوخشاش يېگىيەرنىڭ جۇشقۇن - روھلۇق ياشلىرى ئارقا - ئارقىدىن تە-شەببۇسنامىلەر يېزىپ، پۇتۇن دادۇيي ياشلىرىنى قارلىق تاقتا ھۇجۇم قىلىش بولىدىكى كۇرەشتە مۇسابىقىداشلاردىن بولۇشقا چاقىردى. ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىمۇ مۇسابىقىنامىلەر ئېلان قىلدى. تەشەببۇسنامىلەر ئىچىدە تومۇر بوۋا ئائىلىسىنىڭ تەشەببۇسنامىسى ئالاھىدە كوزگە تاشلى-ناتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دىيىلگەن ئىدى: «ماۋ جۇشىغا ئەگىشىش — بەخت، غەلىبە. ماۋ جۇشى تەقدىرلىگەن داجەيلىكلەرنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى جارى قىلىپ، داجەيي يولىدا قەتئى مېڭىپ، داجەيي تۇغىنى قارلىق تاغ ئۇستىدە لەپىلدەتمىگىچە كۇرەشنى توختاتمايمىز......».

ئابابەكرى بىلەن خاسىيەت تومۇر بوۋا ئائىلىسىنىڭ تەشەببۇسنامە-سى چاپلانغان تامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ تەشەببۇسنامىنى يەنە بىر

قېتىم ئوقۇشتى. ئاندىن سوز باشلاپ كەتتى:

— نىمىلا قىلغان بىلەن بىز يەنە تومۇر بوۋام ئائىلىسىدىكىلەرد
يازالمايتىمىز، — دېدى خاسىيەت ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى قا
كوزلىرىنى ئوينىتىپ، — قىسقا يېزىلغان بولسىمۇ، دەل گەپنى دېگەن، گە
ئويناتمىغان، كوڭۇلدە نىمە بولسا شۇنى دېگەن. مۇنداق تەشەببۇسنا
كىشىنىڭ يۇرىكىنى ئوينىتىدۇ، ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىنى قارلىق تا
بېرىشقا ئالدىرىتىدۇ.

— توغرا، ئوز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئەينەكتەك روشەن كو
سەتكەن، — دېدى ئابابەكرى تامغا چاپلانغان تەشەببۇسنامىگە قاراپ قويۇپ،
مېنىڭچە، بۇ تەشەببۇسنامىنى كوچۇرۇۋېلىپ، ياشلارنىڭ يىغىنىدا ئوقۇ
مۇزاكىرە قىلايلى.

— مەن قوشۇلىمەن. يىغىننى قاچان ئاچىمىز؟

— بۇگۇن كەچتە.

— بولىدۇ، سەن ياشلارغا تېزرەك خەۋەر قىل، مەن بۇ تەشەببۇ
نامىنى كوچۇرەي......

ئابابەكرى كەتتى، خاسىيەت زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، تىزىنىڭ ئۇستى
دەپتىرىنى قويۇپ، ئالدىراپ كوچۇرۇشكە باشلىدى. خاسىيە
تەشەببۇسنامىنى كوچۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سىلىشتۇردى
دە، ئويى تەرەپكە كەتتى.

ئۇنى كول بويىدىكى ئۇژمىلىك ھويلىدا دادىسى ھاشىماخۇ
قاپىقى سىلىنغان ھالدا كۇتۇۋالدى. ئۇ پېشايۋان ئالدىدىكى كاداك ئۇژ
مىگە يولەنگەن ھالدا ئورە تۇراتتى. قىزىنى كورۇپ:

— قىزىم، سەن يەنە دادۇيگە مەجلىسكە باردىڭمۇ؟ — دېدى.

— ياق، دادا، بىز ھەممىمىز تەشەببۇسنامىلەرنى ئوقىدۇق، —
خاسىيەت خۇشخۇيلۇق بىلەن تەشەببۇسنامىلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەردى،
تومۇر بوۋىنىڭ تەشەببۇسنامىسىنى ئوقىدى، — مانا كوردۇڭمۇ، تومۇ
بوۋام تازا قاملاشتۇرۇپ يېزىپتۇ، ھەممىمىزنىڭ قەتئى نىيەتكە كېلىشىنى
چاقىرىپتۇ. ئەمدى بىزمۇ ئائىلىمىز بويىچە بىرنى يازساق قانداق؟

— ھىم ... — ھاشىماخۇن قولىنى بەلۋىغىنىڭ قېتىغا تىقىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويلانغان ھالدا مېڭىپ، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا كەلدى، — ماڭا قارا قىزىم، سەن ھەدىسىلا مەجلىس - پەجلىسلەرگە بېرىپ يۈرىسەن، سېنىڭچە، قارلىق تاققا بېرىشتىن بىر ئىش چىقارمۇ؟

— دادا، بۇ نىمە دېگىنىڭ، — قىز قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، دادىسىغا قارىدى، — سابىر ئاكام، تومۇر بوۋاملار بىزنى ھەرگىز زىيانلىق ئىشقا باشلىمايدۇ. قارلىق تاغنىڭ سۈلىرى كەلسە، يېگىيەرنىڭ قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق.

— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، — دېدى ھاشىماخۇن، — قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكەلگىلى بولسىغۇ شۇنداق. ئەمما، ئاللە ئاي ياز ئىشلەپ، قالدىم لىۋىمنى چىشلەپ، دېگەندەك ئىش بولسا، بىكاردىن - بىكار زىيان - دە، زىيان ......

ھاشىماخۇن قۇرۇق غۇدۇڭشىدى، گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتمىدى. ئەسلىدە ھاشىماخۇننىڭ بىر جۈپ ئېشىگى بولۇپ، ھەر يىلى كۈزلۈك يىغىم - تېرىمدىن كېيىن قىشىچە تاغدىن ئوتۇن توشۇپ پۇل قىلاتتى، دادۇيىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئانچە تەسىر يەتكۈزمەيتتى، بۇ ئىشنىمۇ قولىدىن بەرمەيتتى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىر ئات ھارۋىسى قىلىشنى ئويلىغان ئىدى، لېكىن، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ قېلىپ، بىر ئاز قاراپ بېقىش نىيىتىدە بۇ ئىشتىن يالتايدى. بۇ يىل بولسا ھەرھالدا بىر ئېشەك ھارۋىسى قىلدۇرۇۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى، ھارۋىنىڭ چاق - شوتىلىرىمۇ پۈتكەن، پەقەت چاتىسىلا ئىش پۈتەتتى. ئەگەر قارلىق تاققا بارىدىغان ئىش بولسا، تەبىي بىر قىش ئوتۇن توشۇپ تاپىدىغان پۇلغا زىيان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغنى تېشىپ ئۆتكىلى بولامدۇ - يوق؟ بۇمۇ بىر گەپ.

— دادا، يەنە شۇ كونا ھېساپمۇ؟ — دېدى خاسىيەت ئويلىنىپ تۇرغان دادىسىغا قاراپ.

— نىمە كونا ھېساپ؟ — ھاشىماخۇن خاسىيەتكە كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— ئاشلىق ھېيىشتە دادۇيگە تايىنىش، پۇل خەشلەشتە ئۆزىگە تايىنىش، شۇنداقمۇ؟

هاشىماخۇن گەپ قىلمىدى. بۇ توغرىلىق قىزى بىلەن پات - پات مۇنازىرىلىشىپ قالاتتى. خاسىيەت كويۇپ - پىشىپ چۈشەندۈرەتتى، هاشىماخۇن مۇنازىرە قىلاتتى، قايىل بولمايتتى. ھەتتا بىر قېتىم بۇ مۇنازىرە دادۇيگە ئاڭلىنىپ، هاشىماخۇننىڭ ئىسمى ئاتالمىغان بولسىمۇ، مۇنداق ئىدىيە توغرىمۇ؟ — دەپ ئەزالارنىڭ مۇنازىرىسىگە قويۇلغان ئىدى. بۈگۈن بولسا قىزى يەنە شۇ گەپنى ئېسىگە سېلىۋاتىدۇ.

ئاتا - بالا بىر هازا مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، هاشىماخۇن:

— ئاشلىق يېيىشتە دادۇيگە تايىنىش، پۇل خەشلەشتە ئۆزىگە تايىنىش، دىگەن گەپنى بىرنەچچە يىل بولدى، دەپ باقمىدىم. لېكىن تاغ تېشىشتىن ئىش چىقمىسا، ئەللىك ئىشەك ئوتۇن پۇلىغا زىيان، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى......

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن نامان تۈلكە ئاياق مەھەللىدىكى يالغۇز مىچىتنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، مىچىت سۇپىسىدا تەلپىكىنى چوكۇرۇپ كىيىپ، تەسۋى تارتىپ ئولتۇرغان پومىششىك سۇلايماننى كورۇپ قالدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاگىيۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا بىر كوز تاشلىۋالدى - دە، — ناماز خۇپتەننى ئوقۇۋالمىزمۇ، — دىدى.

— تەرىتىم سەل بوش، شاگىيۇم. مۇشۇ ئەتراپتا بىر ئىش قىلىۋالايمىكى، — نامان تۈلكە خۇدۇكسىنىپ ئەتراپقا قارىدى. لېكىن سۇلاي... مان «شاققىدە»:

— ھېچقىسى يوق، چوگام، ئاللانىڭ قوسقىنىڭ پايانى يوق، بىر دولۇققا كېچىرىپ قويار، — دىدى - دە، مىچىتكە قاراپ يول ئالدى.

نامان تۈلكە سۇلايماننىڭ غەرىزىنى دەرھال پەملەپ، «يائاللا — ياراخمان» دىگىنىچە مىچىتكە ماگدى.

ئۇلار مېھراپقا يېقىن كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىن، نامان تۈلكە سۇلايماننىڭ قولىغا تۇمشۇغىنى چاپلاپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— ئاخشام، بىزنىڭ ھېلىقى قاسىم بىلەن يولۇقتۇم، كورمەملا بـ... ئىشنى! سابىر يۇرتىنىڭ بېشىغا يەنە بىر ئاپەتنى تەگلەپ تۇرغىدەك. دا... جەي تاغنى ئورۇۋېتىدىغان كۆچ، يېگىيەرنى داجەي قىلىمىز، دىگۈدەك...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوتىرەلمىسەڭ، ھاپاش قىلدۇال دىگەنىدەك، مانا ئەمدى قىشچە تاغ تەشكە-
دەكمىز......

— مەنمۇ ئۇنى - بۇنى ئاڭلاپ قالـدىم، — دىـدى سـۇلايمـان ئېغىر تىنىپ، — ھەممىسى بىكار گەپ. بۇرۇنلاردا بىزگە بىر تال كىيـگىنى بەرمىگەن تاغ ئەمدى كېلىپ سۆيىنى بېرەمدۇ؟ دادىلىرى رەھمەتـى توققۇز يۇرتنى قوزغاپ، بىر قىش، بىر ياز ھـەشـەم قىلـىپ، ھېچنىمە چىقماي قول سىلكىۋەتكەن ئىش ئۇ. بۇمۇ ئېتى ئۇلۇق، سۇپرىسى قۇرۇق ئىش بولىدۇ. — سۇلايمان كوزلىرىنى يۇمۇپ، ئىڭىشىپ بىـرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەسرەت بىلەن ئېيتتى، — تاغ سۇلىرى بـۇ يـەرگـە ئېقىپ كېلىدىغان ئىش بولسا، قېرى تومۇر بىلەن تۇراخۇنىنـىڭ بېشـى ئاسمانغا تاقىشىدۇ، توگىنى شامال يەقىتسا، ئۇچكىنى ئاسمـاندا كـور دىگەنـدەك، ئۇ نىمىلەرنىڭ بىر نېپى ئىككى بولسا، بىزگە ئارام يوق. خۇدايىم بىزگە مۇنداق كۈننى ھەرگىز كورسەتمىسۇن. خوش، قاسىم نىمە دەيدۇ؟

— ئۇمۇ ...، — دىدى نامان تۇلـكە قاسىمـنى يامـان تىلـلار بىلەن قاغاپ تۇرۇپ، — قاسىم ئۇتۇپ كەتكەن كالىۋا بىر نىمە ئۇخشايدۇ. مەن بىـرنەچچە قېتىم: قۇيرۇق تۇتقۇزما، قوسىغىغا كىرىۋېلىپ ئىش تەۋرىتىۋەرگىن، دەپ تۇردۇم. لېكىن بۇ قاسىم، بۇرنىغا سۇ كىرمىگـەن ساراڭ، ھەدەپ پوچىلىق قىلىپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، تاس قاپتۇ بۇرنىدىن ئىلىنغىلى. تومۇر قېرىنىڭ پەنجىسـىگە چـىقىپ قـالاي - قـالاي دەپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ. تومۇر قېرى: «سەن ئۇمرىڭدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ سۇنىڭ دەردىنى تارتقانمۇ؟» دەپتۇ قاسىمغا. مانا شۇنداق گەپ، شاكىيوم. بۇ قاسىم ھەدەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئوتۇۋالماي، تاكاللاشقىنىنى كورمەمدىغان.

نامان تۇلكە سۇلايمانغا تېخىمۇ چاپلىشىپ، سىرلىق قىلىپ ئېيتتى:

— قاسىم: ھەممە ئىشنى بۇزۇۋاتقان سابىر، ئەزالار يـالتىيـۋالسا، ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس، دەيدۇ. ئەمما ئەزالار يالتىيىدىغانىدەك ئـەمەس. ئالتىنچى شياۋدۇيدە ئابدۇراخمان ليەنجاڭ يېقىن كورۇپ بـەزى قېـرى ئادەملەرگە: «داجەي — شياگدا، يىگىيەر — شىنجاگدا، داجەيدىن ئۇگىنىش بۇ يەرگە ماس كېلەرمۇ» دەپ ساپتىكەن، ئـەزالار شۇ زامات

ئېتىز ئۈستىدە پەيپەن يىغىنى ئېچىپ، بىر ئاش پىشىم پەيپەن قىپتۇ ھەم «كىمكى بىزنىڭ داچەيدىن ئۈگىنىشىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن، ئۇنداق ئىسىملەرنىڭ ھەممىسى بىر كەمبەغەل دىخان، تۇۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ دۈشمىنى» دەپتۇ. تىڭشىدىغان يەر يوق. قىسقىسى، يالتىيىدىغاندەك ئەمەس ......

— ياق، يالتىيىدۇ، ھېلىقى ھاشىماخۇن ھاللىقمۇ خېلى تۈزۈك ئادەم. ئۇمۇ «سابىر ياشلىق قىلىۋاتىدۇ، بۇ تەس ئىش» دەپتۇدەك، — دىدى سۇلايمان.

— شۇنداق، شۇنداق بولار، — دىدى نامان ئەتراپنى بىر ئاز تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن، — ئاڭلىسام، فۇجۇرېن نىياز قۇربانمۇ قېتىلمايدىكەن، ئۇنىڭ خېلى بىگىسى بار ئادەم. مۇنداق گەپلەردىن يالتىيىش كېلىپ چىقسا ئەجەپ ئەمەس.

— لېكىن، — دىدى سۇلايمان پەس ئاۋازدا، — يالتايغىنىدىن يالتايمىغىنى تۈزۈك، بۇ بىر ئىسىملەرنىڭ ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش كېرەك. ئىشقا دىمەملا، بۇ ئىسىملەر قىشچە ئوتتەك قىزغىن ئىشلەيدۇ، ھەممە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئايىمايدۇ، بىراق ئەتىيازغا كەلگەندە، بۇ ئىشتىن ھېچ نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بوشىشىپ كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ. قىشچە بىكار ئاۋارە بولۇپ، چوچۇرنى خام سانىغىنى بىر زىيان؛ ھەممە ئەمگەك كۈچىنى تاققا ھەيدەپ، كېلەر يىلنىڭ تەييارلىقىنى قىلالمىغىنى يەنە بىر زىيان. كەتكەن پۇل، سەرپ قىلغان كۈچ ئۈچۈن، داۋۇي ئۈچ يىلغىچە ئېسىنى يىغالمايدۇ، ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گوشىنى قورۇش، دىگەن مانا شۇ.

— كارامەت گەپ بولدى، شاگىيۇم، — دىدى نامان قاراڭغۇدا ھېچكىم كورمىسمۇ، ھىڭگىل چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ، — ئەقىللىرىگە تولا قايىلمەن، ئۇنداق بولسا بىزمۇ ھە - ھو، شۇنداق قىلايلى، دىسەك بولىدىكەن - دە.

— شۇنداق، ئەمما بىز كوپ ئارىلىشىۋالمايلى. — دىدى سۇلايمان، — بىز بەكرەك قوللاپ كەتسەكمۇ، دەرھال گۇمان قىلىدۇ، پومىشىكلار ياخشى دىگەن ئىش، بىز ئۈچۈن يامان، دۈشمەن بىلەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ىقىم بولۇپ قالدۇقمىكىن، دەپ يالتىيىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. قاسىم، مانا باپ
پىلىدۇ. ئۇ دەرھال ئۆزگىرىپ قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكەلمەي بولـ
مايدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا چىقسۇن. ئىمكان بار سابىردىن بۇرۇن گۇگشىغا
يرىپ، تاغ سۇلىرىنى ئەكىلىش تەكلىۋىنى مەن ئويلىغان،
ەن قويغان، دەرھال تۇتۇش قىلماي بولمايدۇ، دىسۇن. بۇ ھارامزادىـ
نىڭ كېيىن بىزگە يەنە جىق لازىمى بار. مۇشۇنداق قىلسا، ھەم قاسىمنى
اقلاپ قالغىلى بولىدۇ، ھەم بۇ نىملەر قۇرۇق تاغ ئىچىدە بىر يىل
اۋارە بولۇپ، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلايدۇ.

— دۇرۇس گەپ، تولىمۇ دۇرۇس گەپ، — نامان تۇلكە كەينىگە
ر قاراپ قويۇپ ئېيتتى، — قاسىمنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن تانا ئۇنى
ۇنىڭغىمۇ مايىل قىلىدۇ، مەن بۇنى دەي، خاتىرجەم بولىۋەسىلە شاگىيۇم.—
اندىن ئۇ ئاستا پىچىرلىدى، — ئۆزلىرى ئۆتكەن بازار كۈنى ناھىيە
بازىرىغا چۈشكەندە، ئەنۋەر ئىشاننىڭ ئوغلى ھوسەن بايۋەچچە بىلەن
يولۇقالىلمىدۇ؟

— يولۇقتۇم، يولۇقمامدىغان، — سۇلايمان سەل كېرىلىپ ئېيتتى،—
ۆزى بىلەن ئەمەس، باغاق ئارقىلىق يولۇقتۇم. ئاڭلىشىمچە، «بىرگە زەر-
بە بېرىش، ئۇچكە قارشى تۇرۇش» دىگەن ھەركەت بايۋەچچىنى بىر ئاز
خاپا قىلغان ئوخشايدۇ. بايۋەچچە «ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا،
مەن ھەرقايسىلىرىنى ئىزلەيمەن» دەپ يېزىپتۇ. مەن «شۇنداق بولۇپ
قالسا، خىزمەتلىرىگە بىز تەييار» دەپ جاۋاپ بەردىم ......

— تولا ئوبدان دەپلا شاگىيۇم، ھوسەن بايۋەچچە بىزنىڭ ئاخىر-
قى ئۈمىدىمىز - دە، ئۈمىت ......

— پەخەس بولىلى، پەخەس. چۈشۈم بۇزۇلۇپ - بۇزۇلۇپ
تۇرىدۇ.

— شۇنداق، پەخەس بولىلى، خۇدا ئۆزەڭ مەدەت قىل......
ھەر ئىككىسى دۇئاغا قول كوتەردى.

# ئالتىنچى باپ

## 1. چىراق ئالدىدا

سابىر ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ قوناق خامىنىدىن كەچ قايتتى. باش قوناقنى سوقۇش، تاسقاش، تاغارغا قاچىلاش، ئىككى يۈز جىڭلىق تاغارنى دۈمبىسىگە ئېلىپ يۈدۈپ ھارۋىغا بېسىش — بۇلار كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار. كۆزلۈك ئاشلىق كىرىم قىلىش — بىر جىددىي جەڭ. بۇ ئىش چىڭ تۇتۇلمىسا، ۋاقىت تارتىلىپ كېتىدۇ. سۇ قۇرۇلۇشىنى باشلىۋېتىشكە تەسىر يېتىدۇ. باشقا دۇيلەر خامانىنى تۈگەتكەن. ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ خامىنى تۈگىسە، دادۇي بويىچە «كۆزنىڭ ئۈچ ئىشى» ئاساسەن بىر يەرگە بارىدۇ، خاتىرجەم بولۇش مۇمكىن......

سابىر خامانىدىن چىققاندا، كۆينىكىنىڭ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغانلىقىنى، ئىككى يۈز جىڭلىق تاغار ئوبدانلا تەرلەتكەنلىكىنى سەزدى ۋە كۆينىكىنى بېشىدىن سىرىپ چىقىرىپ، يان ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا چىلاپ-مىلەپ سىقتى. باش-كۆزىنى، كۆكرەك-دۈمبىلىرىنى ئەندىكىپ-ئەندىكىپ تۇرۇپ، مۇزدەك سۇنى چېچىپ-سىرىپ يۇدى. ئاندىن ھۆل كۆينەكنى شۇ بويىچىلا كىيدى-دە، سەگىپ-يەڭگىپ چوڭ يولغا چىقتى، دوخمۇشقا چىقىشىغا، گۈڭشې تەرەپتىن ۋېلىسىپىت مىنگەن قاسىم يېتىپ كەلدى.

— مانا قاراڭ سىزنى، ئەمدى ئىزلەپ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇم، — دېدى قاسىم ۋېلىسىپىتتىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ، — دەل ئۈستىڭىزدىن چۈشۈپتىمەن-دە!

— خوش، ئېيتىڭىز ھېرىپ قالغانمۇ-نېمە؟ — دېدى سابىر چاقچاق قىلىپ، — بۇ ئۇزۇن يولدا سىز ۋېلىسىپىت مىنمەيدىغانغۇ.

ــ ھەي، ھازىر تازا قاتملاڭ چاغ ـ دە، ــ دېدى قاسىم ئادەت-
تىكىدىن باشقىچىرەك خۇشخۇيلۇق بىلەن، ــ ئېتىمنى ئايدىڭكـۇل داۋۇ-
بىگە بېرىۋەتتىم، بىر ئات ــ بىر ھارۋا دىگەن سوز. ئۇلارنىڭ خاماندىن
ئاشلىق يوتكىشىگە ياردىمى بولىدۇ.

ــ بۇ تۇزۇك ئىش بوپتۇ، ــ دېدى سابىر، ــ ئايدىڭكولـدىكى-
لەر ئەتىمالىم تازا ئالدىراش بولسا كېرەك، ئېتىڭىزنى بەرگەن بولسىڭىز
جېنىغا ئەسقاتىدۇ.

قاسىم ۋېلىسىپىتىنىڭ دىيىگىنى تىكلەپ، تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

ــ ئالدىراپ كېلىشىمدىكى سەۋەپ، ــ دېدى قاسىم تاماكـىسىغا
سەرەڭگە يېقىپ تۇرۇپ، ــ يەنە شۇ ئىش، پىلان مەسىلىسى. مەن بـۇ
بىرنـەچچە كۇندىن بۇيان «تاتلىق بۇلاق» قا باردىم، ھەممـە يـەرنـى
كوردۇم.

ــ شۇنداقمۇ، قاچان باردىڭىز؟

ــ ئولۇشكۇن، بىزنىڭ چوڭ مىراپمۇ باردى.

ــ ھە، مۇنداق دەڭ، قاۋىلكامۇ بېرىپتۇ ـ دە.

ــ شۇنداق، قاۋىلكام ــ پىشقەدەم مىراپ. ئۇنىڭ پەمى بار ئادەم.

ئۇ ـ ئۇ سىنچىلاپ كوردى.

ــ خوش، قارلىق تاققا ئوتتۇڭلارمۇ؟

ــ بارمىدۇق، بارمىساقمۇ قايىل بولدۇق، ــ قاسىم توش يانچـۇ-
غىدىن قانداقتـۇ بىر قەغەزنى ئالدى ـ دە، قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ
ئۇزى سىزىپ چىققان تەخمىن خەرىتىسىنى كورسەتتى، ــ دەسلەپ، بـۇ
ئىشقا مېنىڭ ئانچە كوزۇم يەتمىگەن. تەكشۇرگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ
روياپقا چىقىدىغانلىقىغا كوزۇم ئىلىناشتى. شۇ كۇنى كەچتە چاۋار شۇجىنى
ئىـزلىدىم، تاپـالمىغاندىن كېيـىن، تۇنۇگۇن ناھىيىگە ــ سۇ بولۇمىگە بار-
دىم. كورمەمسىز، سۇ بولۇمىدىكىلەر بۇ ئىشنى پۇتۇنلەي قوللىدى، زورۇر
تېپىلسا، بىرنـەچچە يۇز مىڭ يۇەن پۇل بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىنى
بىلدۇردى. مانا بۇ چوڭ ئامەت. ئەمـدى بىـزنىـڭ دەرھـال ناھىيـىگـە
رەسـمـى پـۇل تەلەپ قىلىپ دوكلات يېزىشىمىزغا توغـرا كېلىدۇ.

قاسىم چېكىپ بولغان تاماكىنى ئـوچەردى ـ دە، يـەنـە ئـوراشقـا

باشلىدى. ئۇ تاماكا ئوراۋېتىپ، سابىرغا بىلمىندۇرمەي قاراپ قويدى. سابىر-
نىڭ كوزلىرى ئويچان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى بىلمىش قىيىن
ئىدى. ھەتتا قاسىمغا سابىرنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، چىرايى تۇتۇلغانـدەك
بىلىندى.

— بىز پۈتۈن ناھىيە قايىل بولغىدەك ئۈلگىلىك بىر سۇ قۇرۇلۇ
شى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، — دىدى قاسىم ۋەزمىنلىك بىلەن، —
ئۇنىڭغا قانچىلىك كۈچ، مەبلەغ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، يەنى مەسىلە
ھەقىقى قۇرۇلۇش بولسۇن. بىز بۇنىڭدا بەش - ئون يىلنى ئەمەس، پۈ
تۈن بىر ياكى ئىككى - ئۈچ ئەۋلاتنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك
قىزىلتاغ ئېتىگىدە سۇ بولدى دىگەن سوز — ئاشلىق بىلەن پاختى
كومۇلۇپ كېتىسەن، دىگەن سوز. قانداق، سىزدە باشقا پىكىر يوقتۇ؟

سابىر قـاسىمغا سەپ سېلىپ قارىدى. تۈزۈكلا بىر ئادەم، گەپلى
رىمۇ جايىدا، ھەتتا كويۇپ - پىشىپ ئالدىراپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، بىر ھەپتە
بۇرۇن بـۇ ئىـشقا پۈتۈنلەي باشقىچە مۇئامىلە قىلغان، بۇگۈن بولسا...
«بەلكىم، تەكشۈرگەن بولسا، بۇ ئىشنىڭ ئوبدان بولىدىغانلىقىغا كـوزى
يەتكەندۇ، — دەپ ئويلىدى سابىر، — ئادەم ئۆزگىرىدۇ، پاكىت مۇنازىر
دىن ئۈستۈن. قايىل بولسا بولغاندۇ...»

— خوش، دوكلات يازىمىزمۇ؟ — دىدى قاسىم ۋېلىسىپىتنىڭ دىيىكىنى
چۇشۇرۇپ تۇرۇپ ۋە بىرئاز جىددىلىشىپ.

— پۇل تەلەپ قىلىپمۇ؟

— ئەلـۋەتتە، — قاسـىم ئالـدىراپ جاۋاپ بەردى، — پۇل بول
جاڭگالدا شورپا، دەيدۇ. سۇ بولۇمىدىن ھېچبـولمىغاندا، بىرەر يۈزمى
يۈەن پۇل يولۇۋالغاندىلا، ئاندىن قارلىق تاغنىـڭ سۈيى بۇ يەرگە كېل
شى مۇمـكىـن. يـەتمىگـىنىگە كۈچىشى، دادۇيلەرمۇ قاراپ تۇرمايـدۇ - د
غەنىمەت پۇل......

— ياق، بىز بۇ يولغا ماڭماسلىغىمىز كېرەك، — سابىـر سالماقلى
بىلەن ئېنىق قىلىپ ئېيتتى، — دۇرۇس، بىـز بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلسا
دولەت ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايدۇ، سىز دىگەن پۇلنى ئايىمايدۇ. بۇ مۇ
كىن. لېكىن ئۇنداق قىلغاندا، بىز قەدىرلەپ ئۈگىنىۋاتقان داجەي روھ

نەدە قالىدۇ؟ داچەيلىكلەر ھېچقاچان دولەتكە قول سوزغان ئەمەس، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، نامراتلارنىڭ ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلىش روھىغا تايىنىپ، يېڭى داچەينى ياراتقان. بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، قىسقىسى، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ.

— سۇ بولۇمىدىكىلەر ۋەدە قىلدى، ئۇلار پۇل بەرمەكچى......

— دولەتنىڭ پۇلى — ئۆزىمىزنىڭ پۇلى، — دېدى سابىر ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ۋەدە قىلغان بولسا، سىزگە ۋەدە قىپتۇ، بىز رەخمەت ئېيتىمىز، لېكىن رەت قىلىمىز. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش — ماۋ جۇشى كورسەتكەن ئەنگۈشتەر. ھەممە ئىشتا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىمۇ بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىمىز. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش — ئىشەنچلىك بولىدۇ، ھەممە ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، ھورۇنلۇقتىن، بىغەملىكتىن، باشقىلارغا تايىنىۋېلىشتىن ساقلايدۇ. قىسقىسى، داچەي يولى بىلەن مېڭىش كېرەك......

— سىز ئەزالارنىڭ پىكرى بىلەن ھېساپلىشىپ كورۇشىڭىز كېرەك، — دېدى قاسىم سەل پوپوزا قىلغاندەك، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋاز بىلەن.

— ئەزالار بۇنى چۈشىنىدۇ، — دېدى سابىر ئىشەنچ بىلەن، — پارتىيىمىزنىڭ زۇڭلۇشيەنى: كوپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزىم قۇرۇش. بۇنىڭدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش — سودىلاشقىلى بولمايدىغان چوڭ پىرىنسىپ. قىسقىسى، داچەيدىن ئۆگىنىشنى قۇرۇق شوئارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ......

قاسىم بۇتىنغاندەك تۇگۇلدى، ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىدى. قوسىقى ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەندەك بولدى، بېلىنى چىڭىتتى ۋە تاتارغان ھالدا:

— مەيلى، بۇ سىزنىڭ قارىشىڭىز، ئەزالار نىمە دەيدۇ، كورىمىز يېخى، — دېدى ـ دە، ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ، دادۇي تەرەپكە كەتتى.

سابىر ئويگە قايتىپ كەلگەندە، تۇراخۇن گۈلسۇمخان ئانا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇ سابىرنى كورۇپ، گۈلسۇمخان ئانىغا كوز قىسىپ قويدى:

— گۈلسۇمخان، ئەمسە گېپىمىز ـ گەپ، ھېچكىمگە دىمەيمىز، ۋاقتى كەلسە ئۆزىمىز توغرىلاۋېرىمىز، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، تۇراخۇن، سابىر ئۇزەڭلارنىڭ بالىسى ئەمەسمۇ، مەن نىمە دەي، — دىدى ۋە ئاشخانا ئۇيگە چىقىپ كەتتى.

— ھە، تۇراخۇنكا، ئانام بىلەن تىل بىرىكتۇرۇۋاتامسەن نىمە؟ — دىدى سابىر كۇلۇپ ۋە كوينىگىنى يېشىپ تاشلاپ، يېلىك چاپىنىنى كىيدى.

— ئالتۇندەك خوتۇن جۇمۇ، سىڭلا غېمىڭنى يەيدۇ، — دىدى تۇراخۇن ئويلىنىپ، — ئويلەن ئۇكا، ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

— ھەي... ماڭا قىز نەدە تۇرۇپتۇ؟

— قىزىق ئىكەنسەن، سەن ئاۋال ماقۇل دىگىن، قىز دىگەن ئازمۇ؟ چىرايلىقنى ئالمىساڭ، سەتنى ئالارسەن، ۋاپادار بولسىلا، بىر كوزى ئەما چوقۇر قىزدىنمۇ گۇلدەك خوتۇن چىقىدۇ، — دىدى تۇراخۇن ۋە قاقاخلاپ كۇلۇپ كەتتى.

— قويە، ئۇ گېپىڭنى!... — دىدى سابىر كۇلۇپ.

— چىرايلىقنىڭ نازى يامان، سەتنىڭ ھالى، دىگەن گەپ بار، — دىدى تۇراخۇن كەكە ساقىلىنى سىلاپ، چاقچاقنى چىڭغا چىقىرىپ، — قورقامسەن - يە؟

— قورقىمەن، — دىدى سابىر كۇلۇپ تۇرۇپ، — چىرايلىقنىڭ نازى، سەتنىڭ ھالى يامان بولسا، ياخشىسى بولمىسا، ئۇنىڭدىن كورە ئويلەنمەي قويغاننىڭ ئوزى تۇزۇك ئىكەن - دە......

ئۇلار بىردەم كۇلۇشمەك قىلىپ، چاقچاقلىشىۋالدى. ئاندىن تۇراخۇن:

— سەن، كەچلىك غىزا - پىزا يىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، مانا ئەمدى، بىللە يەيمىز، تەڭ يىگەن تەنگە سىڭار، يالغۇز يىگەن يەرگە......

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئوز گېپىمىزگە كېلەيلى، مەن ئالدىراپ كەلدىم، — دىدى تۇراخۇن تەمكىنلىك بىلەن ئالدى ئوچۇق كوينىگىنىڭ ياقىسىنى تۇزەپ، قوشۇمىسىنى بىر يەرگە يىغىپ، — تېخى بايىلا چاۋار شۇجى «قىزىليۇلتۇز» دادۇيىدىن تېلېفون قاقتى. ئۇ كىشى سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىنى سۇرۇشتۇرۇۋاتىدۇ، ئارقىغا تارتماڭلار، دەيدۇ. خوش، يىغىننى ئاچىمىزمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاچايلى، — دېدى سابىر، — ئەمدى ۋاقتى كەلدى. ئەزالارنىڭ
مۇ، بىزنىڭمۇ پىكرىمىز بىر يەرگە كەلگەن بولسا كېرەك.
— ئۇنداق بولسا مەن قايتاي، — دېدى تۇراخۇن ئورنىدىن
تۇرۇۋېتىپ.
— توختا، ساڭا تېخى يېڭى گەپ بار......
تۇراخۇن ئولتۇردى. سابىر قاسىمدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى:
— كوردۇڭمۇ، مانا شۇنداق ئىش. مەن مۇنداق تەكلىپنى قەتئىي
رەت قىلدىم. لېكىن، ئۇ قايىل بولمىدى.
گۈلسۇمخان ئانا سۇپىغا دەستىخان سالدى. چىنىدە چوچۇرە، پەتنۇستا
وچاقتا ياققان كاۋا سامسىسى ئەپكەلدى، كىچىككىنە تەخسىگە قارىـ
ۇچ، زىرە قويۇپ:
— قېنى ئېلىڭلار، سوۋۇتماڭلار، — دەپ چىقىپ كەتتى.
ئۆينىڭ ئىچىگە ئاش كوكىنىڭ مېزىلىك پۇرىقى تارقىدى. تۇرا-
ۇن چىنىسىگە زىرىدىن چىمدىپ ئېلىپ سالدى. ئۇ قولىغا ياغاچ
شۇقنى ئېلىپ، بىر پەس پىقىرلىتىپ، ئىمىنىدۇ ئويلىنىپ تۇردى-دە،
ابىرغا قاراپ:
— شۇنداق قىلىپ، قاسىمنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلدىم، دېگىن، —
دى.
— شۇنداق، سىنىڭچە......
— رەت قىلغىنىڭ توغرا بوپتۇ، كوپچىلىك ئەزالارمۇ رەت قىلىدۇ، —
دى تۇراخۇن، — بۇ قاسىم غەلىتە ئادەم ئىكەن، ھېچ چۈشەنگىلى بول-
مايدۇ. دەسلەپ بۇ ئىشقا خۇددى ئەزرائىلدەك ھوكۇرەپ قارشى چىقتى.
مانا ئەمدى، ھە دېگەندىلا، دولەتنىڭ يانچۇغىنى پۇراپ تاپقىنىنى كورمەم-
ەن. داجەيدىن ئۆگىنىشتە ئوز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش يوجۇڭ.
ئەگەر ھەممە داۋۇي دولەت بېرىۋاتقاندىكىن دەپ، ھە دەپ دولەتنىڭ
غەزىنىسىگە قول سوزۇۋەرسە، ئوز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش دېگەن
گەپ قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇنى قانداقمۇ داجەيـ
دىن ئۆگىنىش دېگىلى بولسۇن؟ بىز داجەي يولى بىلەن مېڭىشتا چىڭ
تۇرۇشىمىز كېرەك.

تۇراخۇن پانارنى ياندۇرۇۋاتقان گۈلسۇمخان ئانىغا بىرپەس قاراپ
تۇردى ۋە سابىرغا:

— سەن قاسىمنىڭ «تاتلىق بۇلاق» قا بارغىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ئاڭلىدىم، ئۆزى ئېيتتى، قاۋۇل مىراپمۇ بىللە بېرىپتۇ.

— قاۋۇل مىراپ تەجرىبىلىك، ئوبدان ئادەم، — دېدى تۇراخۇن، — ليكىن، قاسىمنىڭ قوسىقىدا نىمە جىن بار، بىلگىلى بولمايدۇ.

ئۇلار غىزا يىگەچ بىرئاز پاراڭلاشتى، يىغىننى ئەتە كەچتە ئېچىشقا كېلىشتى. تۇراخۇن چىقىپ كەتتى.

سابىر غىزادىن كېيىن، پانارنى جوزا ئۈستىگە يۆتكىدى، ئەتە ئېچى لىدىغان داۋۇي داگېجىزبۇسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ھەل قىلىنىدى غان مەسىلىلەرنى پۇختا ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇردى.

سابىر كىتاپ ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىدى. پۇرسەت تاپسىلا كىتاپ ئوقۇيتتى. داھى سوزى — ئەقىلنىڭ چىرىغى، ئىنقىلاپنىڭ ئەنگۈشتىرى كۆرەش قىلىپ، غەلىبە قىلىشنىڭ قورالى، دەيتتى ۋە زادى كىتاپتىن ئايرىلمايتتى. بىرەر زىددىيەتلىك مەسىلىگە يولۇقسا، ماركس، ئېنگېلس لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىگە، ماۋ جۇشىنىڭ كىتاپلىرىغا مۇراجەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ئەقىل-پاراسەت، يول، نىشان ۋە ئۇسۇل تاپاتتى. كېيىنكى كۈن لەردە ئۇنىڭ چىراق ئالدىدا قادىلىپ ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇيدىغان ۋاقىتلىرى كوپەيدى. ئوقۇغانلىرىنى داۋۇيدىكى ئەمەلىي كۆرەش مەسىلى رىگە تەتبىقلاپ، بىرمۇنچە جىددى، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى نەزىرىيە جە ھەتتىن ئېنىقلاپ ئايدىڭلاشتۇراتتى، ئەمەلىي جەھەتتىن ھەل قىلىشنىڭ يو لىغا ئېرىشەتتى. ئوقۇغانسىرى قەلبى نۇرلىنىپ، ۋۇجۇدى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ جۇشقۇنلىشىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

سابىر چىراقنى ئالدىغىراق تارتتى، ماۋ جۇشىنىڭ كىتاۋىنى ئاستا ۋاراقلىدى ۋە ھەر قېتىم ئوقۇسا يېڭى ئوزۇق ئالىدىغان مۇنۇ جۈملىنى قايتا ئوقۇدى:

«... ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھامان تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز

www.uyghurkitap.com

يەكۈنلەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، كەشىپ قىلىشقا، ئىختىرا قىلىشقا، ئىجات قىلىشقا، ئالغا بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. توختاپ قېلىش نۇقتىسىنەزىرى، ئۈمىتسىزلىك نۇقتىسىنەزىرى، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ دەيدىغان نۇقتىسىنەزەر ۋە مەغرۇرلىنىش، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش نۇقتىسىنەزىرى — ھەممىسى خاتا...»

سابىر گويا ئەقىل دەرياسىغا چۆمۈلگەندەك، بۇ پارلاق، ئىلھامبەخش جۈملە ئۈستىدە قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا قان ئەمەس، يورۇتقۇچى نۇر ئايلىنىپ يۈرگەندەك، كوزلىرى چاقنايتتى، قاناتلىنىپ ئۇچۇش جاسارىتىگە ئىگە بولۇۋاتقاندەك، قەلبى ھاياجان بىلەن ئۇشقۇنلىناتتى. قارلىق تاققا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، كادىر ۋە ئەزالارنىڭ ئىدىيىسىدە پەيدا بولغان تۈرلۈك زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئۆز رېتى بويىچە تۈرگە ئايرىلغاندەك بولدى. سابىر قەلەمنى قولغا ئېلىپ، ئادىتى بويىچە ئالدىراپ يېزىشقا كىرىشتى......

گۈلسۈمخان ئانا كەچتە سابىرنىڭ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە كىتاپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇ بەزىدە ئۆزى بىر ئۇخلاپ ئويغانغاندىمۇ، سابىرنىڭ يەنىلا چىراق ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كورەتتى، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، قېشىغا كىرمەيتتى. لېكىن ئانا بۈگۈن سابىرنىڭ قېشىغا بىرنەچچە قېتىم كىردى، نىمىنىدۇ ئېيتقۇسى كەلگەندەك، بىرئاز ئەنسىز تەقەززا بولدى، ئەمما ئېيتمىدى، يەنە چىقىپ كەتتى.

گۈلسۈمخان ئانا سابىر داجەيدىن قايتقاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ بېشىنى ئوگىلاپ، ئوي-ئوچاقلىق قىلىش ئىستىكىدە ياندى. لېكىن، سابىرنىڭ ئىشلىرى كوپ، مەسلىھەتلىشىپ كورۇشكە چولىسى تېگىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كېيىنكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە يەنە باشقا ئىش پەيدا بولدى. سابىر كەڭ كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، قارلىق تاغنىڭ سۇلىرىنى ئەكىلىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئانا بۇنىڭدىن چەكسىز خوشال ئىدى: «ئوغلۇم ئەلنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى ئۈچۈن كويۈپ-پىشىۋاتىدۇ، داجەي گۈل-چېچەكلىرى بىزنىڭ بۇ تاغلىق كەنتىمىزدىمۇ پورەك-پورەك بولۇپ ئېچىلىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتسۇن» دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى.

ئەمما، بۈگۈن كەچتە ھاشىماخۇندىن ئاڭلىغان بەزى سۆزلەر ئانىنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئانا بۈگۈن كەچقۇرۇن ئېتىزدىن يېنىپ كېلىۋېتىپ، ھاشىماخۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ھە، گۈلسۈمخانمۇ سىلە، — دېدى ھاشىماخۇن ئانىنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، — سابىر شوجى بىلەن بىر كورۇشەي دېۋىدىم، ھېچ ئۇچ رىتالمايۋاتىمەن.

— سابىر ھېمىشەم ئەزالارنىڭ قېشىدىغۇ، ئۇ ئۆيگە كەمدىن-كەم كېلىدۇ، نېمىشقا كورمىگەنلا ھاشىماخۇن، — دېدى ئانا.

— شۇنداقتۇ، ئەستا، سابىر شوجىنىڭ غەرىزىنى جىق ئادەم چۈ شىنىپ يەتمەيۋاتىدۇ-دە. بۇ ئۆزى قانداق بولغىنى......

ئانا ئەنسىزلىنىپ ھاشىماخۇنغا قارىدى:

— ھاشىماخۇن، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟.. ....

— دىگۈدەك بىر ئىشقۇ بولمىدى، — ھاشىماخۇن مۇجەمەل قىلىپ ئېيتتى، — ئامبارنىڭ سۈيىنى مۇندىن كېيىن ئۆزىمىزلا ئىشلەتسەك، باشق ھېچكىمگە بەرمىسەك، تاغدا كەتمەن چاپىدىغان ئاۋارىچىلىقمۇ بولمايتتى ئۇنىڭ ئۈستىگە.. ئەستاغپۇرۇللا.

— نېمە «ئەستاغپۇرۇللا»، زادى بىر ئىش بولغان چېغى، ئېيتسىلا

— مەنغۇ خېلى چۈشەندىم. ئەمما، فۇجۇرىن نىياز قۇربان تاغ سۇ يىنى ئەكىلىش بىكار گەپ دەپ قوشۇلمايدىكەن، گۈگىشې سۇ كادىر قاسىم باشتىلا قوشۇلمىغانمىش. ئەزالار ئىچىدە ھەر قىسما گەپ؛ «ساب شوجى ياشلىق قىلىپ، بىزنى ئايغى چىقمايدىغان ئىشقا باشلاپ قوي سۇن يەنە» دېيىشىدۇ، كورسىلە. قالغىنى ئەمدى سابىر شوجىغا باغلىق مەن دەيمەنكى، دادۇينىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا، ياش ئادەم تەمك رەك بولغىنى ياخشى......

ئانا ھاشىماخۇندىن ئاڭلىغانلىرىنى ئويلاپ ئەنسىرەپ قالدى ئاخىر سابىرنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشنى لازىم تاپتى.

— ئوغلۇم، مەن ساڭا بىر نەرسە ئېيتاي، — دېدى ئانا جوزىن يېنىغا كېلىپ ۋە كارۋاتتا ئولتۇردى. ئانىنىڭ كوزلىرى غەمكىن ۋە مېھرىۋان ئىد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سابىر قەغەز-قەلەمنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى ئۇۋۇلى-
دى ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئانىسىغا قاراپ:
— ئانا، بۈگۈن ئىمىشقا غەمكىن بولۇپ قالدىڭ، — دېدى.
— ئولتۇر بالام، مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان گەپلىرىم تولا. لېكىن،
سىنىڭ ئىشىڭ بېشىڭدىكى چېچىڭدىن كۆپ ... — ئانا بىر ئاز
ەنزىلىك ئىچىدە ھاشىماخۇندىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى، — ھاشى
ماخۇن ئېيتقان بۇ سۆزلەر، — دېدى ئانا، — مېنى خېلى خوپ گاڭگىرىتىپ
ويدى، بالام. ھاشىماخۇن «بۇ قىيىن ئىش، ئاسان ئەمەس» دەيدۇ. سەن،
وغلۇم، بۇ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئويلاپ كوردۇڭمۇ؟ ......
سابىر ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغۇچ نۇر چېچىپ تۇرغان پانارنىڭ
لىگىنى سەل چىقاردى، ئىمىنىدۇ ئويلاپ قوشۇمىسىنى تۈردى، دېرىزە
الدىغا كەلدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ
وختىدى:
— ئانا، سېنىڭ بۇ ئىشقا كوڭۇل بولگىنىڭ ئوبدان، — دېدى سابىر
ە سەممىي ھالدا ئېيتتى، — تاغ سۇلىرىنى ئەكىلىش ئامىنىڭ ئىشى.
وپچىلىك قەتئىي نىيەتكە كەلسە، بىر ياقىدىن باش چىقارسا، بۇ ئىش
ەزمەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. گۇمانلىنىدىغانلارنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ،
ېكىن، ئۇلارمۇ تاغ سۇلىرى كەلسىلا خوش بولىدۇ. — سابىر چىراق
الدىغا كېلىپ، ماۋجۇشىنىڭ بىر كىتاۋىنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىدى.
ۋاراقلاپ تۇرۇپ ئېيتتى، — تاغ سۇلىرىنى ئەكىلىش ھەقىقەتەن خېلى
جاپالىق ئىش، بىزمۇ قولىنى سوزسىلا كېلىدۇ دەپ قارىمايمىز. ئۇنى
التۇن كېلىدۇ يەردىن، بەخت كېلىدۇ تەردىن، دىگەندەك، راسا جان
تىكىپ ئېلىشمىغىچە ئەكىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھاشىماخۇنكام «قىيىن ئىش»
دەپتۇ، بۇ راست. — سابىر كىتاپنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ، ئۆزى ئاستىغا سى-
زىپ قويغان بىر بەتنى تاپتى، — مانا سەن قارىغىن، ماۋجۇشى: «بىز
قىيىنچىلىقلارنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، قىيىنچىلىقلارنى تەھلىل قىلىشى-
مىز، قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك. دۇنيادا
تۈز يول يوق، ئەگرى-توقاي يولدا مېڭىشقا تەييار تۇرۇشىمىز،
ئاسانغا يۈگۈرمەسلىگىمىز كېرەك» دەپ كورسەتكەن.

ئانا ئۆزىنى يېنىك سەزدى، ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ، كۆزلىرى ئۈمىت - ئىشەنچ بىلەن ياندى. سابىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتتى:

— ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ماۋجۇشى بۇ يەردە بىزگە «قىيىن ئىش» قا قانداق مۇناسىۋەت قىلىش ۋە ئۇنى قانداق يېڭىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. — سابىر كارۋاتقا كېلىپ ئانىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى، — ئەتە داگجىبۇنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بولىدۇ. داگجىبۇ بۇ ئىشنى ھەر تەرەپلىمە قاراپ چىقىدۇ، مەن بۈگۈن مانا شۇ يىغىنغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن. بۇ ھەقتە ھەممىمىز بىرلىكتە قارار چىقىرىمىز.

— شۇنداق قىل ئوغلۇم، — دېدى ئانا قانائەت ھاسىل قىلىپ، — مەن ياشانغانمەن، كۆپ نەرسىلەرنى ئېسىمدە قالدۇرالمايمەن. لېكىن ماڭا ئەينەكتەك ئايدىڭ بولغىنى يېزىمىزدا يەچەيكا پەيدا بولغاندىن تارتىپ، بىز كەمبەغەل - يالاڭاچ دىخانلار تاغدەك يۆلەنچۈككە، ئادىل راۋرۇس باشلامچىغا ئىگە بولدۇق. يەچەيكىغا قېتىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ بىزگە تونۇش بولغان ئۆز ئادەملەر، سەن ئۇلارنىڭ گېپىگە بەكلا قولاق سال بالام......

ئۆيگە تۆەنجىبۇ شۇجىسى ئابابەكرى كىرىپ كەلدى. ئۇ سابىر بىلەن گۈلسۈمخان ئانىسىنىڭ يانمۇ - يان ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— سابىر ئاكا، سىلەرمۇ مۇنازىرە قىلىۋاتامسىلەر - نېمە؟ — دېدى كۈلۈپ خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ھەئە، ئازراق مۇنازىرە قىلدۇق، ئابابەكرى، — دېدى سابىر ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — ئانامۇ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ.

— ھازىر ھەممە يەردە مۇنازىرە، — دېدى ئابابەكرى خۇشچاقچاقلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن بۈگۈن بىرقانچە ئۆيدە بولدۇم. ئەزالار بەك خوشال، ئېچىلىپ - يېيىلىپ مۇنازىرە قىلىشىۋاتىدۇ. يۈيگۈڭ بار يەردە قورقۇنچاق جىسۇمۇ بولىدىكەن. كۆپچىلىك قورقۇنچاقلىق، ھورۇنلۇق - لىكتاسىملىق قارىشىنى راسا پىپەن قىلىۋاتىدۇ، قىسقىسى، يۈيگۈڭدەك ئۈمىتۋار، داجەي قەھرىمانلىرىدەك قورقماس بولۇش بىزنىڭ بىردەك ئىرادىمىز بولۇپ قالدى ......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈلسۇمخان ئانا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چايدان، پىيالە قويۇپ، چىقىپ كەتتى. سابىر:

— خوش، يىغىننى ئاچتىڭلارمۇ ئۇكا، — دېدى.

— ئاچتۇق، يىغىن تازا قىزغىن ئۆتتى، — دېدى ئابابەكرى روھلىنىپ، — ھەممەيلەن بەس-بەستە پىكىر بايان قىلدى. تومۇر بوۋىنىڭ تەشەببۇسنامىسىنى ئوقىدۇق. ئاخىرىدا ئىتتىپاق ئەزالىرى باشلامچى بولغان ھالدا، بارلىق ياشلارنىڭ قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىغا بىردەك قاتنىشىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا قارار ماقۇللىدۇق.

ئابابەكرى خوشاللىق بىلەن توش يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، سابىرغا سۇندى. سابىر خەتكە بىر قۇر كوز يۈگۈرتۈپ:

— ھە، بۇ خاسىيەتنىڭ قەلىمىمۇ؟ — دېدى.

— قەلەمنى خاسىيەت تۇتتى، ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن سوز قاتتى. گېپى قاملاشمىسىمۇ، ئىرادىمىز تولۇق چۈشسۇن، دېدۇق.

— ياخشى ئۇكا. بۇنى دازىباۋ قىلىپ چاپلاڭلار، — سابىر قەغەزنى ئابابەكرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى ئابابەكرى سەل ئويلىنىپ، — بايا داۋۇيگە بارسام، گۈڭشې سۇ كادىرى قاسىم ناھىيىدىن ئەپچىققان بىر خوشخەۋەرنى ئۇنىڭغا-بۇنىڭغا يەتكۈزۈۋېتىپتۇ. جىقلا بىر پۇلنىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ.

— خوش، سېنىڭچە قانداق؟

— بىلمىدىم. بىز ئىرادىنامىمىزغا، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، ئوز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئىككى بىلىگىمىزگە تايىنىپ، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئېلىپ كېلىمىز، دەپ يازغان.

ئابابەكرى بىر ئاز دەرگۇماندا بولغاندەك، سابىرغا قارىدى:

— سىلەرنىڭ يازغىنىڭلار توغرا، پەقەت ئىككىلىنەمەڭلار، — دېدى سابىر ۋە ئابابەكرىنى ئاسرىغاندەك، قولىنى ئاستا ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئالدى، — بىز ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئاممىغا ئىشىنىش، ئاممىغا تايىنىش ئەڭ موھىم. يىگىيەرنى ھەقىقى يوسۇندا

داجەيچە دادۇي قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولساق، ئۇ هالدا، جەزمەن ئۇز
كۇچگە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، دولەتكە قول سوزماسلىقىمىز لازىم
دولەت چوڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا پۇل كېرەك
مەن بۇياقتىن، سەن ئۇياقتىن دولەتنىڭ پېشىگە ئېسىلساق، سوتسىيال
لىستىك قۇرۇلۇشقا تەسىر يېتىدۇ. ئوڭ ياكى سول تەرەپتىن كەلگەن
شاماللار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز چوڭ ۋەزىيەتنى، دولەتنىڭ ئېهتىيا
جىنى نەزەردە تۇتايلى، سەن بۇنى چۈشىنەمسەن؟
— نىمىشقا چۈشەنمەي، چۈشىنىمەن، — دىدى ئابابەكرى قەتئى قى
لىپ، — مەنمۇ قاسىمنىڭ گېپىگە هەيران بولدۇم. ئۇ تېخى بىرقانچ
كۈن ئىلگىرى مېنى «ئەقىل بىلەن گەپ قىلىشقا ئادەتلەن» دىگەن ئىدى
بۈگۈن ئوزى شۇ يەرگە كەپتۇ. ئەگەر بىز دولەت هېساۋىغا سۇ قۇرۇلۇشى
قىلساق، بۇنى قانداقمۇ داجەيدىن ئۈگىنىش دىگىلى بولىدۇ؟
ئابابەكرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سابىر يەنە چىراق ئالدى
كەلدى، كىتاپنى ئېچىپ قويۇپ، قەلەمنى قولىغا ئالدى ۋە كوڭلىدە
قاسىم زادى قانداق ئادەم؟ ... دەپ ئويلاپ قالدى.

## 2. ئېچىق بېشىدا

— هە شۇنداق، بۇرنى ئۇزۇن، سالپاڭ قۇلاق ... توغرا، كوزى
بىرئاز ئەلەس، — مىنىڭ لېەنجاگى سادىق تۇرۇپكىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ
قەيەر بىلەندۇ تېلېفوندا جىددى سوزلىشىۋاتاتتى، — ياق، ياق، بى
بىلىمىز، شۇنداق، قويۇۋېتىڭلار، هە، ياق، گۇمان قىلىشنىڭ هاجىتى يوق
بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن ......
سادىق ئىگىز بوي، غوللۇق، ئوتكۈر كوزلۈك يىگىرمە ئالتە ياش
لاردىكى يىگىت بولۇپ، هېمىشەم بېشىغا يېگىسارچە ئىگىز ئورە تۇماق
كىيىپ، كالتە كەمزۇلى ئۈستىدىن بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ يۇرەتتى، گەپ
قىلغاندا تەمكىن بولۇپ، سول قولىنىڭ پەنجىسىنى بەلۋىغىغا ئوتكۈزۈۋا-
لاتتى. هازىرمۇ ئەنە شۇ قىياپەتتە تۇراتتى.
ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرگەن هالدا بىر مىنۇتچە

ئويلىنىپ تۇردى ـ دە، دېرىزىنىڭ قېشىدا ئۆرە تۇرغان ياش مىنىبېك
ابلىكىمگە قارىدى:

— سىڭلىچە، يوچۇن ئادەمنىڭ ئادرىسى ئېنىقمۇ؟

— ئېنىق، بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن، ئايدىڭكوللۇكلەر ئۇنى ئۇر-
ۇتۇۋەتمىگەندۇ؟

— مەن قويۇۋېتىڭلار، گۇمانلىنىشىنىڭ هاجىتى يوق، — دىدىم.

— نىمىشقا تۇتۇۋاپتۇ ئۇنى؟

— يول بويىدىكى قوغۇنلۇقتىن ئىككى تاۋۇزنى كوتىرىپ ماڭغان
لسا كېرەك. سەن نىمە ئادەم، دەپ سوراپتۇ. ئۇ بولسا دۇدۇقلاپ، سۇ-
يمانىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزدىن ئېنىقلاشقا توغرا
ىپتۇ.

— ئەمدى ئۇ ئادەم بۇ يەرگە كەلمەيدۇ ......

— كېلىشى مۇمكىن، كەلمىسە بىز بارىمىز. — سادىق ئويلىنىپ
رۇپ ئابلىكىمغا ئېيتتى، — سەن ئىشىڭغا بېرىۋەر. ئەمما، سەزدۇرمە.
زىر تېخى پالان دەپ هوكۇم چىقىرىشقا بالدۇر ......

ئابلىكىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سادىق خاتىرە دەپتىرىگە نى-
نىدۇ ئالدىراپ يازدى ۋە تارتمىسىغا سېلىپ، قۇلۇپىنى باستى. ئاندىن
تمەتنى مۇرىسىگە سېلىپ، دادۇي ئىشخانىسىدىن چىقتى.

كۈن پېشىن، قۇياش ئىللىق نۇر سېپىپ تۇراتتى. سادىق ئۇچىنچى
شلەپچىقىرىش دۇيىنى توغرا كېسىپ ئاياق مەهەللىگە چىقتى. بۇ يەردە
ابىر ئەزالار بىلەن بۇغداي كانىجىلاۋاتاتتى.

— كەل سادىق، بۈگۈن كەچتە يىغىن بارلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ —
دى سابىر ئېتىزنى قىرلاپ تۇرۇپ.

— خەۋىرىمغۇ بار، لېكىن، سېنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەت-
ى، — دىدى سادىق كەتمىنىنى مۇرىسىدىن ئېلىپ چاقچاق قىلىپ، —
ىشخانا شۇجىسى بولغانمۇ يامان ئەمەس ئىكەن، ئېتىز شۇجىسى بولسا،
كەينىدىن قوغلاپلا يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن.

— دادۇي دىگەندە ئىش ئېتىزدا، بۇنىڭ نىمىسى يامان......

— شۇڭا دەيمەن ـ دە. سەن بىلسەڭ، «ئېتىز شۇجىسى» بۇ —



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خىقلەر ساڭا بەرگەن ئام.

— قويە ئۇ گەپنى، سادىق، — دېدى سابىر كۆلۈپ ۋە مەلىلىك قىلىپ ئېيتتى، — خوش، ئۆزەڭنىڭ ئىشلىرىڭ قانداق؟

— بىر ئەتىزال... — سادىق كەتمىنىنى مۈرىسىدىن ئالدى-دە، سۇ كىرىۋاتقان ئېتىزغا قارىدى، — بۇ ئېتىز توشۇپتىمۇ. ئاياقتىكى ئېتىزغا ئاچامدۇق؟

— ئاچايلى ......

ئۇلار سۇ كىرىۋاتقان ئېتىزنىڭ ئېغىزىنى بوغۇپ، چوڭ ئېتىزنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋەتتى. كۆز سۇلىرى يېشىل مەخمەلدەك يەلپۈلۈپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرىنىڭ يۇمران ئېنىنى يالاپ-سۈيۈپ، ئېتىز ئىچىگ يۈگۈرۈشتى ......

ئۇلار ئېرىق بېشىدا ئولتۇرۇشتى، سادىق گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى جىددى ئىشلەۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئويلانغان هالدا، — بەزى نەرسىلەر ئايدىڭلاشتى. بەزىلىرى بولسا چىگىشلەشتى. تاماكا خالتىسى توغرىسىدا تۇراخۇنكام ناهايىتى توغ پەرەز قىلغان. بىرمۇنچە پېشقەدەم كەمبەغەل دېخانلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ئازاتلىقتىن بۇرۇن مۇنداق ئىپەك گۈللۈك رەڭلىك خالتا يىگىيەرد پەقەت ئۇچلا كىشىدە بولغان. بىرسى، قالپىغى ئېلىپ تاشلانغان بىر باي دېخان. ئۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇن تاماكا چېكىشنى تاشلاپ مۇنداق خال تىنى ئىشلەتمەس بولغان. ئىككىنچىسى، نامان تۇلكە، ئۇ هېلىمۇ شۇ خال تىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئۈچىنچىسى، سۇلايمان. سۇ ئامبىرى ۋەقەسىدىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ تاماكا خالتىسىنى ئىشلەتكىنىنى كورمىگەن. هازىر تاماكا قۇتىسى ئىشلىتىدىكەن. بىز سايغا چۈشۈپ قالغان خالتا سۇلايمان نىڭ خالتىسى، دېگەن يەرگە كەلدۇق. بەزى مويسىپىتلارنىڭ دەلىللەپ كورسىتىشىچە، سۇلايماننىڭ مىچىت كونگىرىسى چۈشۈرۈلگەن تاماكا خالت سىنى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن، ئۇ شىيەنجاڭ يامۇلدا شاگىيۇ بولۇپ يۈرگەندە، بىر بۇزۇق سودىگەر ئايال تىكىپ تەقدىم قىلغان. سۇلايمان، ماختىنىپ، كىشىلەرگە كوز-كوزمۇ قىلغان ئىكەن ......

— ئۇنىدىن باشقا، — دېدى سادىق سۇ كىرىۋاتقان ئېتىزغا قاراپ

ۇرۇپ، — ھېچ ئويلىمىغان يەردىن قاسىم پەيدا بولدى. قاسىمنىڭ كې
ىدە ئاتلىق كىرىپ نامان تۇلكىنىڭ ئۇيىدە قونۇپ، سەھەر قايتىپ
ىقانلىقى ساڭا مەلۇم، ئېنىقلىشىمىزچە بۇ — قاسىمنىڭ ئۇن نەچچە
ىل ئالاقە قىلمىغان تۇققىنىنىڭ ئۇيىدە بىرىنچى قېتىم قونۇپ قېلىشى.
ل شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى سۇ ئامبىرى ۋەقەسى يۈز بەردى. كىشىلەر:
ىم بىلەن نامان تۇلكىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق مۇناسىۋەت؟ ئەگەر
لاردا ئۇرۇق - تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار دىسەك، ئۇ ھالدا، بۇ ئىك
ى نىمىشقا ئوچۇق - ئاشكارا كىرىش - چىقىش قىلماي، ئوغرىدەك
شۇرۇن ئۇچرىشىدۇ، دەيدۇ. بۇمۇ بىر چىگىش مەسىلە......

— ئەمدى ئاخىرقى بىر ئىش، — سادىق پەنجىسىنى بەلۋىغىنىڭ ىغا قىستۇرۇپ، كوكرىگىنى ئالدىغا چىقىرىپ تۇرۇپ ئېيتتى، — تېخى ىلا ئايدىڭكول مىنبىك لىيەنىدىن تېلىفون كەلدى. تېلىفوندا ئوزىنى لايماننىڭ قېرىنىدىشى دىگەن بىر يوچۇن ئادەمنى گۇمان قىلىپ سۇ- شتە قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى، بىز ئۇلارغا: قويىۋېتىڭلار، ئۇنىڭ ىگىنى توغرا، دىدۇق.

سابىر دىققەت قىلىپ، سادىققا قاراپ قويدى:

— سىلەر بۇ ئادەمنى بىلەمسىلەر؟

— بىلمىمىز، — دىدى مىنبىك لىيەنجاڭى، — بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنىڭ ەن يېڭىيەرگە بىر يىل ئىچىدە ئۇچىنچى قېتىم كېلىشى. ئۇ — سۇلايمان ىنىڭ ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇققىنىنىڭ سېتىقچىلىق قىلد ىغان ئوغلى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن ھالقىغاندا بۇ يەرگە كەلدى. سۇلاي- اننىڭ ئۇيىدە يېرىم سائەتچە بولدى، ئالدىراپ قايتتى. ئۇنىڭ مۇنداق الدىراپ كېلىپ - كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس......

سابىر قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، نىمىنىدۇ ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى. سۇ ىرىۋاتقان ئېتىزغا كوز يۇگۇرتتى، پادىسىدىن ئايرىلغان ئوچكىدەك، وچۇق ھاۋادا لەيلەپ يۇرگەن كۇلرەڭ بۇلۇت پارچىسىغا قاراپ قويدى. ئاندىن سادىققا قاراپ ئېيتتى:

— ھازىرقى گەپ يالغۇز سۇلايماننىڭلا مەسىلىسى ئەمەس، بۇ يەر- دە خېلى مۇرەككەپ بىر ئىچكى باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن. بىز

ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى كۆرۈشكە ھەركەت قىلىشىمىز كېرەك.
سابىر دادۇينىڭ سىنىپىي كۆرەش ۋەزىيىتىنى، دۇشمەن ھەركىتىنى
نۆۋەتتە قايسى تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىنلىگىنى تەھلىل قىلدى.
— ھازىر بىز داجەيدىن ئۆگىنىش تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئال
قاراپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى سابىر، — داجەيدىن ئۆگىنىش — سوت
يالىزىم ئارقىلىق كاپىتالىزىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، تەبىەتنى ئۆزگە
تىش يولىدىكى ئۇلۇق كۆرەش. داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ قانات يېيىشى پرو
لېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى كۈچەيتىدۇ، سوتسىيالىزىمنى كۈچەيتىدۇ. شۇندا
ئىكەن، بۇ ھەركەتنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەر ۋە كاپىتالىزىم كۈچلىرىنى
جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمە
دۈشمەن پۇرسەت كۈتىدۇ، ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇڭا، نۆۋەتتىكى
كۈرەشكە ئومۇمىي ۋەزىيەت نۇقتىسىدىن قارىشىمىز، سەگەكلىك بىلە
مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر......
ئۇلار ئېچىق بېشىدا ئولتۇرۇپ، يېقىندىن بۇيان دادۇيدە يۈز ب
رىۋاتقان پارچە - پۇرات غەلىتى ھەركەتلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى
تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئىشقا قاسىمنىڭ قىستۇرۇلۇپ قېلىشى ئۇلارنى بى
ئاز ئەجەبلەندۈردى. سابىر سورىدى:
— قاسىم نامان تۇلكىگە راستىنلا تۇققان كېلەمدۇ؟
— مەن ئانچە بىلمەيمەن، — دېدى سادىق، — سۈرۈشتۈرۈشىمىز چ
قاسىمنىڭ دادىسى نامان تۇلكىنىڭ كونا، لېكىن ئانچە كۆزگە ئىلمايدى
غان ئېلىپەتداشلىرىدىن بولسا كېرەك.
— بۇمۇ بىر مەسىلە، — دېدى سابىر ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مەدىنى
يەت زور ئىنقىلاۋىدا پاش قىلىنغان پاكىتلاردىن بىز بەزى پومىشچىكلارنىڭ
كادىرلارنى چىرىتىپ، ئالداپ سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى قانداق كاردىن چىقى
رىۋەتكەنلىگىنى كۆردۇق. نامان ھەققەتەن قۇۋ، ھىلىگەر تۇلكە. خەلق
ئۇنى بىكاردىن «قېرى تۇلكە» دېمىگەن. بۇ تۇلكە قاسىمنىڭ بۇرنىدىن
يېتىلەپ، پېقىرىتىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە......
— مۇمكىن، ھېچنىمە دەپ بولمايدۇ، — سادىق سەل مەسخىرىلىك
ئاۋاز بىلەن ئېيتتى، — ئەسلىدە قاسىم چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا ھەدىسە

www.uyghurkitap.com

ـنىپىي كۈرەش، سىنىپىي دۈشمەن، ھوشيارلىقنى ئوستۇرۇش...دېگەن
ۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. «سىنىپىي كۈرەش تارىنى بىر
ىكونت بوشاتساڭ، بىر يىلنىڭ ئىشىغا زىيان» دېگەن سوزنى مەن بىرىنـ
ى قېتىم قاسىمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن، ھالا بۈگۈنكى
ۈنگە كەلگەندە، نامان تۈلكىنى تۇققان تېپىۋاپتۇ......

— بىز بۇ ئىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى سابىر قوشۇـ
ىنى تۇرۇپ، نىمىنىمدۇ ئەسلەۋاتقان بىر قىياپەتتە، — كادىرلارنى
ىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزىگە تارتىپ، ئىچ ئوزگەرتىۋېتىشىدىن قوغـ
اش — بۇمۇ بىر جىددى كۈرەش. ھازىر قاسىم توغرىلىق بىر نەرسە
ېيىشكە تېخى ئاساس يوق. ئەمما، قاسىمنىڭ نامان تۈلكە بىلەن بولغان
ناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىگە دىققەت قىلىش زورۇر. بۇ زادى قانداق مۇناـ
ۋەت؟ ئادەتتىكىچىمۇ ياكى باشقىچىمۇ؟ ئېگەللەپ كورگىن. ئەگەر نامان
لكە شەيتانلىق قىلىۋاتقان بولسا، بۇنى قاسىمنىڭ ئوزىگە ئۇقتۇرۇپ،
زۈگىنى ئاچ، دېيىش كېرەك......

شۇ چاغدا، مەھەللە تەرەپتىن قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان باي دېخانـ
ڭ ئون توققۇز ياشلىق ئوغلى سەمەت چىقىپ كەلدى. سەمەت ئېچچىق
ىشىغا كېلىشكە ئون - ئونبەش قەدەم قالغاندا، سەل تارتىنغان ئاۋاز
ىلەن:

— سادىقكا، سەن بىلەن كورۇشەي دەپ كەلگەن ئىدىم، — دېدى.

— كەل، كېلىۋە، نىمە قىز بالىدەك تارتىنىسەن، خوش، بىرەر
ىشىڭ بارمىدى؟

سەمەت ئېچچىق بېشىغا كېلىپ، قوينىدىن بىر ئوگگەن تاماكا خالتىـ
نى چىقىرىپ، سادىققا سۇندى:

— دادامنىڭ تازا ئېسى جايىدا ئەمەس، — دېدى ئۇ، — مەن
ۇراخۇنكامدىن سايىدىن تېپىلغان تاماكا خالتىسىدەك خالتىدىن يىگىرمە
ىرى ئەمەس، ئۈچى بار، دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىق ئويـ
لاپ كەتتىم. دادامدىن سورىسام، «مەنمۇ شۇنداق بىر خالتا ئىشلەتكەنـ
ىدەك قىلىۋىدىم» دېدى. ئاغا - ئىنى ئىككىمىز شۇ خالتىنى نەدىن بولسا
تاپقىن، دەپ قىستاپ تۇرۇۋالدۇق. ئۈچ كۈن تىتقىلاپ يۈرۈپ، ئاخىر

بۇ خالتىنى تاپتى. پايدىسى تېگىپ قالارمىكىن دەپ ئەپكەلدىم......

سادىق خالتىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كوردى، ئاندىن سابىرغا بېرىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— بۇ خالتا ئېيتقاندەك، سايىدىن تېپىلغان خالتىغا ئوخشايدىكەن — دېدى سادىق ئوچۇق چىراي بىلەن، — بۇنى ئەكىلىپ ياخشى قىپسەن. بەزى نەرسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردىمى بار. لېكىن، داداڭنى تەمىنلەيدىغان رىتسۇەتمە. ئۇنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا قالپىغىنى ئېلىۋەتكەن. هازىر بولسا گۆكشى ئەزاسى. داداڭدىن هېچكىم گۇمان قىلغىنى يوق. سەن خاتىرجەم بولغىن.

سەمەت كەتكەندىن كېيىن، سابىر:

— سەمەت مىنبىنىڭ بولسام دەپ ئەرز يازغانىۇ، — دېدى.

— شۇنداق، ئۇ هازىر مىنبىڭلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ. ياشلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى، ئۆزى تېتىك. يېقىندىن بۇيان شياۋدۇيىنىڭ يېڭى يېزىق ساۋات چىقىرىش سىنىپىغا مۇئەللىملىك قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭدا يەنە بىر ئاز تارتىنىش - قورۇنۇش باردەك قىلىدۇ، — دېدى سابىر، — ئۇنىڭغا پارتىيىنىڭ ياخشى ئۆزگەرگەن پومىشچىك، باي دېخانلار هەم ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قاراتقان سىياسىتىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئىشەنچلىك ئالغا ئېيسىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

— ئەمسە، مەن كەتتىم، — دېدى سادىق ئورنىدىن تۇرۇپ. — يەنە چۈن ئادەمنىڭ زادى بۇ يەرگە مۇنچىۋالا ئالدىراپ چىقىپ - ئالدىراپ قايتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش زورۇر. بازارغا ئادەم كىرگۈزۈشنى ئويلىشىمەن

— بولىدۇ، لېكىن، تاماكا خالتىسى سۇلايمانىنىڭ ئىكەنلىكىگە هازىرچە ئېچىۋەتمەڭلار. ئۇنىڭ هەممە باغلىنىشىنى ئېنىقلاپ بولۇپ ئاندىن بىر قارارغا كېلىمىز......

## 3. هەل قىلغۇچ قەدەم

يېڭىيەر دادۈي داگېجۇبۇسىنىڭ ئومۇمى يىغىنى داۋام قىلىۋاتقىنى ئىككى سائەتتىن ئاشتى.

سابىر يىغىندىن بۇرۇن قارلىق تاغقا قىلىنىدىغان ھۇجۇمنىڭ تەپ-
سىلى پىلانى ۋە كىچىككىنە خەرىتىسىنى ئىشلەپچىققان ھەم دەسلەپكى سان-
لىق مەلۇماتلار، ئەزالارنىڭ مۇزاكىرىسىگە ئاساسەن، سەرپ قىلىنىدىغان
ەمگەك كۈچى، ماتېرىيال، ۋاقىت، خىراجەتلەرنى مۇمكىن قەدەر ئېنىق
لىپ، مولچەرلەپ تەييارلىغان ئىدى.

ماتېرىياللار يېيىلغان جوزا ئۈستىدە ئونىنچى لامپا يېنىپ تۇراتتى.
امپىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، سابىر سۆزلىمەكتە. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، بەزى-
ە قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ، يۈزلىرى سەل - پەل ئاقارغاندەك كۆرۈنەتتى،
زىدە خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۆز سۆزىنى ئەمەلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپات-
پ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈيتتى. مۇنداق
اغدا ئۇنىڭ روشەن، دېدىل كۆزلىرى ئويچاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كىشى-
رگە تىكىلىپ قارىغاندا، كۆزلىرىدە بىر خىل غالىبانە كۈچ - قۇدرەت
تەۋرەنمەس ئىشەنچ چاقنايتتى.

سابىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، فۇجۇرېن نىياز قۇربان جەينىكىنى جو-
غا تىرەپ يېنىچە ئولتۇراتتى. ئۇ قارا كۆپىدە تىكىلگەن ئورە تۇمىقىنى
زىنىڭ ئۈستىگە دىگۈدەك كىيىپ، ئۇزۇن، كەڭ كۆلرەڭ خادانى چاپا-
نىڭ ئۈستىدىن بېلىنى شايى بەلۋاغدا چىڭ قىلىپ باغلىۋالغان ئىدى،
چىكىمگە دىگۈدەك قارىمايتتى، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئۇسكىلدەك شاپ
رۇتلىرىنى بەزىدە تىلى بىلەن يالىماپ، بەزىدە قوشقارنىڭ مۈڭگۈز-
دەك ئەگمە قىلىپ تولغاپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇراتتى. يولەنچۈگى
ار، ئىككى قاتار قىلىپ قويۇلغان ئۇزۇن بەلدىگىلەرنىڭ سول تەرىپى-
ە بۇ تاغلىق كەنتتىكى پېشقەدەم كوممۇنىستلار تۇراخۇن، سىلىماخۇن
ۋە ئاياللار جۇرىنى رەھناخانلار ئولتۇراتتى.

شانلىق «9 - قۇرۇلتاي» دىن كېيىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان
مىنىڭ لىيەنجاڭى سادىق، تۈەنجىبۇ شۇجىسى ئابابەكرى ۋە ياش ئۇلاق
باققۇچى ئايال رازىخانلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە ئولتۇرغان
يىگىرمە تۇققۇز پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھەممىسى ئازاتلىقتىن كېيىنكى جەڭ-
گىۋار يىللار ئىچىدە كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، نەمۇنە-
لىك رول ئويناپ كېلىۋاتقان جۇشقۇن - غەيرەتلىك يالقۇنما دىخانلار، كونا

كەمبەغەل دېخانلار ئىدى. يەر ئىسلاھاتى، كوپېراتسىيىلىشىش، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇشتىن تارتىپ، تاكى ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى سىنىپ، ئىككى يول، ئىككى لۇشيەننىڭ شىددەتلىك ئېلىشىشلىرىدا كەڭ يېڭىيەر خەلقى مانا شۇ جەڭگىۋار قورغانغا — پارتىيىگە، خەلققە چەكسىز سادىق ئەزىمەت كۆرەشچان كىشىلەر كوللېكتىپىغا تايىنىپ، سوتسىيالىزم چوڭ يولىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىپ كەلدى.

بۇ قورغان — داڭجىزبۇ ئىچىدىمۇ ھېمىشەم دىگۈدەك ئوخشاش بولمىغان دۇنياقاراش، ئوخشاش بولمىغان لۇشيەننىڭ كۆرەشلىرى، يا ئۇ يا بۇ مەسىلىدە جىددى پىكىر ئىختىلاپلىرى بولۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ قورغان ئاڭلىق ھالدا ماۋ جۇشىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، پۈرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنى قەتئىي، جانپىدالىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلمەس ياشلىق باھارىنى ساقلاپ كەلدى. كەڭ كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلار بولسا، بۇ قورغاننى ئىپتىخارلىق بىلەن «بىزنىڭ ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇدرىتىمىزنىڭ جەۋھىرى، پىداكار تەشكىلاتچىمىز» دەپ پەخىرلىنىپ تىلغا ئالاتتى......

— داۋۇيمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى شارائىتىدىن ئېيتقاندا، — دېدى سابىر يېڭيەر داۋۇينىڭ سۇ قۇرۇلۇشى سېپىدىكى ئىككى لۇشيەن كۆرەشى تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، — سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى — بىر ئاساسىي، چوڭ زىددىيەت، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش - چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ جىددى توسالغۇسى. بۇ زىددىيەت كۆپتىن بېرى ھەل بولمىدى. بۇنىڭ پۇتلىكاشىكى نىمە؟

سابىر چوڭ خائىن ليۇ شاۋچى قاتارلىقلارنىڭ بىر يۈرۈش ئەكسىلئىنقىلاۋىي سۇ باشقۇرۇش لۇشيەنىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ئۈستىدە كەڭ توختالدى. ئاندىن ئۇ ئۆز سۆزىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دېدى:

— بىز بىلىمىز، قەھرىمان داجەيلىكلەر ھەر رەڭ، ھەر شەكىلدىكى خاتا ئىدىيىلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش، تەبىەتكە قارشى كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئالغا باستى. بىزنىڭ يولىمىزمۇ ئەنە شۇ......

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سابىر سوزلەۋاتقاندا، نىياز قۇربانىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، بۇ يىل سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزىمىز، دېگەن نەرسىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، نەچچەن-نەچچەن يىللاردىن بۇيان شىرىن ئۇيقۇدا ياتقان قەدىمى قارلىق تاغنى بىئارام قىلىپ، ئۇنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش، دېگەن نەرسىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قانچە ئويلاپ كور-سىمۇ، بۇ ئىشنى زادىلا كاللىسىغا سىغدۇرالمىدى.

نىياز قۇربان سابىرنىڭ ئېيتقانلىرىنى نەزىرىيە جەھەتتىن ماقۇل كورەتتى: ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك، ليۇ ئوغرىنىڭ سالغان زىيان-لىرى ئازمۇ، دەيتتى كوڭلىدە. لېكىن، مەسىلە «ئوز كۈچىگە تايىنىپ تاغنى تېشىپ ئوتۇپ، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىش» كە بېرىپ تا-قالغاندا، ئىختىيارسىز بېشىنى چايقاپ، بۇرۇتلىرىنى يالماپ، كوزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ خىيالغا پاتاتتى.

— گەپ يۈزدە ياخشى، كاۋاپ زىختا، — نىياز قۇربان بىرقانچە نىشدىن كېيىن پىكىر بايان قىلدى، — مەن كوڭلۈمگە كەلگەننى ئېيتىمەن. بۇ پىلاننى بىرقانچە يىل كېچىكتۈرۈش كېرەك. بىز خەلققە مەسئۇل، خەلق بىزگە ئىشەنچ قىلىپ ھوقۇق تۇتقۇزغان. دادۇيىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كوتەرگىلى ئانچە ئۇزۇن بىرلىمىدى. ئاز-تولا جامائەت مەبلىغى توپ-لىدۇق. مانا ئەمدى، ئەزالارنى شۇنچىۋالا چوڭ ئىشقا باشلاپ قويۇپ، بارىنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەممال دېگەندەك، قولنى چىشلەپ قال-غانىنىڭ پايدىسى يوق. بىرقانچە يىل ئوتسۇن، قارلىق تاغ ھېچنەگە كەت-مەيدۇ. قاراپ باقمايمىزمۇ؟ يېتقانغا قاراپ پۇت سۇن، دېگەن گەپ بار. بىرقانچە يىل ئوتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى باشلاپ، ئاز-تولا زىيان تارتساقمۇ، دادۇينىڭ بېلى ئۇشتۇلمايدىغان بولىدۇ... ئەدناسى، دادۇي ئىچىدە قىشچە قىلىدىغان ئىشمۇ ئاز ئەمەس......

— قېنى يولداشلار، بۇ پارتىيە يىغىنى، ھەممە نەرسە ئوچۇق بولۇ-شى كېرەك، كوڭلىمىزدە غۇم قالمىسۇن، ھەممە نەرسىنى ئوتتۇرىغا توكەيلى، — دېدى سابىر يىغىننى باشقۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

— بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككىلا يول بار، — دېدى سېلىماخۇن ئالدىرىماي سوز باشلاپ، ئۇ ئەلتىرە قولاقچىسىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە

قويۇپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇراتتى، كوزلىرى خيالچان بولۇپ،
كەپ قىلىۋاتقاندا پات - پات ئىككى تەرىپىدىكىلەرگە «شۇنداق ئەمەسمۇ»
دىگەندەك قىلىپ قاراپ قوياتتى.— شۇنداق، ئىككىلا يول بار،— بىرى
جۇرئەت قىلىش، ئىشنى تەس يەردىن تۇتۇش قىلىش؛ يەنە بىرى، ئوس
لەش، ئوملەپ مېڭىش. باشقا يول يوق. دەرۋەقە، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى
ئەكىلىش تەس. جان تىكىپ جۇرئەت بىلەن ئىشلەش روھى. بولمىسا
ئۇ سۇ ئوزى كەلمەيدۇ. ئوملەپ ماڭغاندا، بۇلاقلارنىڭ كوزىنى كوچلاي
مىز، چاپاممۇ تارتمايمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟
سېلىماخۇن ئىككى تەرىپىدىكىلەرگە قاراپ قويىدى. قۇلاقچىسنى
بېشىغا كىيدى، چاپىنىنىڭ تۇگمىسىنى ئېتىپ سوزىنى داۋام قىلدى
— نىياز قۇربان توغرا ئېيتتى، بىز خەلققە مەسئۇل بولۇشىمىز كې
رەك،— سېلىماخۇن سالماق قىلىپ ئېيتتى، ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ ئاستى
لىپىلداپ، كوزلىرى ئوتكۇرلەشكەندەك بولدى،— لېكىن خەلق نىمە دەۋا
تىدۇ، بىز بۇنىڭغا قۇلاق سېلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى بىزنىڭ
كوزىمىزنى يوغان ئېچىپ قويدى، كوزىمىزنىڭ نۇرىنى كۇچەيتتى. خەلق
ئاللىقاچان ئويغاندى. يېڭىيەرنىڭ قىياپىتىنى تۇپتىن يېڭىلاش ئەزالارنىڭ
ئومۇمى تەلىۋى بولۇپ قالدى. كومسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ، دىگەن
بىلەن ئىش تاگاتمايدۇ. جۇرئەت قىلىش يولى— داجەي يولى. ئۇشىەن
توغرا بولسا، قىيىنچىلىق بولسىمۇ يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ. مەن، قارلىق
تاققا يۇرۇش قىلىش پىلانى بىزنىڭ قىشچە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۇ
رەش نىشانىمىزغا ئايلىنىشى كېرەك، دەپ ھېساپلايمەن.
ئايالار جۇرىنى رەھناخان باياتىن بېرى نىياز قۇربانىنىڭ «ئەدنا
سى، قىشچە داۋى ئېچىدە قىلىدىغان ئىشمۇ ئاز ئەمەس» دىگەن سو
زىنى ھېساپ - چوت قىلىپ ئولتۇراتتى.
— بىز سۇنىڭ دەردىنى يېتەرلىك تارتتۇق،— دىدى ئۇ،— ئالدىنقى
بىر يىلى قۇرغاقچىلىق بولغاندا، قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان ھەر بىر تۇپ
قوناقنىڭ تۇۋىگە قاپاقتا سۇ توشۇغىنىمىز ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.
قىشچە، داۋى ئېچىدە قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھوددىسىدىن ئاياللارمۇ
بەخۇدۇك چىقالايمىز. زورۇر تېپىلسا، سۇ قۇزۇلۇشى ئورنىغىمۇ بارىمىز.

ئۇڭا، دادۇي ئىچىدىكى ئىشتىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

— غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق؟! — نىياز قۇربان ئەتتىك بېشىنى ۇتىرىپ رەھناخانغا قارىدى، — ئويناپ گەپ قىلساڭمۇ، ئويلاپ گەپ ل، دىگەن سۆز بار، جۇرىن، دادۇي ئىچىدىكى پۈتۈن ئىشنى ئاياللار-لا تاپشۇرۇپ قويۇش دىگەن قانداق گەپ ئۇزى! ئۇلار پۈتۈن بىر يىل-ڭ تەييارلىقىنى قىلىدىغان قىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟

— ئىمىشقا چىقالمايدىكەن، ئەلۋەتتە چىقىدۇ، — دىدى رەھناخان ىلىنىڭ ئۇچىنى ئىڭىگىنىڭ ئاستىدىن تارتىپ چىگىپ، — خەلق گۇڭ-ى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاياللار چوڭ بىر قىسىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن قىۋاتىدۇ. بۇنى ھەممەيلەن كورۇۋاتىدۇ. ئاياللارنىڭ كۈچىگە ئىشىنىش رەك......

يەنە بىرقانچە كىشى پىكىر بايان قىلدى: ئوتمۇشنى، سۇسىزلىقنىڭ ردىنى ئەسلىدى، تاغ سۇلىرى كەلسە، دادۇينىڭ قىياپىتىدە بولىدىغان گىرىشلەرنى كوز ئالدىغا كەلتۇردى، بىلىمىز ئۇشتۇلمايدۇ، بەلكى ىمۇ بەردەم بولۇپ قالىمىز، قارلىق تاغ ھېچنەگە كەتمىگەن بىلەن ن كېتىپ قالىدۇ، دىيىشتى.

— ئەنە سۇ، مانا سۇ دەپ ئون نەچچە يىلىنى ئوتكۇزۇۋەتتۇق، ىلەپ مېڭىشتىن ھېچ ئىش چىقمىدى. بولار ئەمدى! بەلنى باغلاپ ۇش قىلىش كېرەك. قورقۇش، جۇرئەتسىزلىك، كەينىگە تارتىش — تىنىڭ كوزىگە توپا چاچىدۇ، — دىدى سادىق.

بۇ سوز نىياز قۇربانغا ياقمىدى، ھەتتا پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. نىڭ قارىشىچە، سۇ ئەلۋەتتە لازىم، ئۇنىڭغا كىم قارشى چىقىپتۇ، لېكىن، ىكى يۈز غولاچتىن ئارتۇق تاغنى تېشىپ ئوتۇش — ئويۇن ئىش ئە-س، — دەيتتى. ئۇ بۇ كوزقارىشىنى ئىسپاتلاپ سوزلىگىنىدە ھاياجانلىنىپ نداق دىدى:

— مەن سۇنى ياخشى كورمەيمەنمۇ؟ مېنىڭ ئون نەچچە يىلدىن ۇيان سۇ توغرىلىق ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. يكىن، پىلان ئەقىلگە سىغىدىغان بولۇشى، ئىشقا ئاشىدىغان بولۇشى كېرەك. قارلىق تاغ سۈيىنى ئارزۇ قىلىش — ئاتام زاماندىن تارتىپ

كېلىۋاتقان چوچەك. چوچەكنى پىلانغا ئايلاندۇرۇش، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈز
لىگەن ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ، يېڭنە بىلەن قۇدۇق كولاش — خەلققە مەسئۇل
بولمىغانلىق، چوچەك دىگەن چوچەك. ئۇنى ئېيتماققا ياخشى......

— دەرۋەقە، بۇ ئوتمۇشتە بىر چوچەك بولغان، — دىدى تۇراخۇ
كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇ ئالدىنغىراق سىلجىدى، بەلۋىغىنىڭ ئ
چىنى كەينىگە قىستۇردى. يېنىدىكىلەرگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى، ك
لۈمسىرىگەندە كوزلىرىنىڭ ئەتراپىدا بىلىنەرلىك قورۇق پەيدا بولدى،
شۇنداق، چوچەك بولغان، — تۇراخۇن بىر پەس جىم تۇرۇۋېلىپ ئېيتتى،
ئەسلىنى سۇرۇشتۇرگەندە، مەن مۇزەپپەرنىڭ يەللىقچىسى بولغاندا، بۇگ
كىدەك ئوز-ئوزىگە خوجا بولغان كۈنىنىڭ كېلىشىنى بەئەينى چوچەكلەر
ئېيتىلغان ئارزۇ-ئارماندەك كوز ئالدىمغا كەلتۇرەتتىم. لېكىن، پار
يىمىز، ماۋجۇشىمىز باشلىغان يول — ئارزۇ-خىيالىمىزنى ئەمەلىيەتك
چوچەكنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇردى. قارلىق تاغنىڭ سۇيىنى ئەكىلىش
قارىماققا، چوچەككە ئوخشايدۇ. لېكىن بۇ خېلىلا تۇزۇك چوچەك.

تۇراخۇن قەددىنى تىك قىلىپ، بىرئاز جىددىرەك ئېيتتى:

— لېكىن بىز چوچەككە تايىنىپ، ھەۋەس بىلەنلا قارغۇلارچە ئىش
قىلىۋاتقىنىمىز يوق. بىز بۇ ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى دەڭسەپ كوردۇق
كوز بىلەن كورۇپ، قول بىلەن تۇتۇپ تەكشۇردۇق. بىزدىكى ئىشەنچ ئە
شۇنىڭدىن كەلدى. بۇنى قانداقمۇ چوچەك دىگىلى بولسۇن......

يەنە بىرنەچچە كىشى پىكىر بايان قىلدى. سابىر قاسىم ئېلى
كەلگەن تەكلىپنى — سۇ بولۇمى تەقدىم قىلماقچى بولغان پۇل مەسىلىسىن
ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ گەپ ئەزالار ئىچىگە تارقالغان، مۇزاكىرە قىلى
كورەيلى، دىدى.

— بۇ گەپنىڭ ئەزالار ئىچىگە تارىلىشى تازالدى، — دىدى سادىق، —
ئەزالار دولەتنىڭ ھىممىتىگە خوش بولدى، خالاس. ئەمما، بۇ داجەيلىك
لەر ماڭغان يول ئەمەس، دىيىشتى. داجەينىڭ بىر ئەنگۇشتىرى — ئوز كۈ
چىگە تايىنىپ ئىش كورۇش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش.
بۇ — ھەممە ئىشتا غالىپ ئورۇندا تۇرۇشنىڭ توغرا يولى. بىز مۇشۇ
پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىمىز......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىر نەچچە يىلەن پىكىر بايان قىلدى. ئۇلار: داجەيدىن ئۆگىنىش
ھەققى بولۇش كېرەك. داجەيدىن ئۆگىنىشتە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش
كۆرۈش چىقىرىپ تاشلانسا، داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ جېنى تۈگەيدۇ. دا-
جەيدىن ئۆگىنىشنى پۈچەكلەشتۈرۈشنىڭ، نامدا بار، ھەممەمدە يوق ھەر-
ىكەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بىز دولەتكە قول سوزماي،
ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇشتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، — دېيىشتى.
شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇت نىيازقۇربان ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە:
— سىلەر دادۇينىڭ بىلىنى ئۇشتۇيسىلەر، بۇنىڭغا چىداش مۇمكىن
ئەمەس. — دەپ ۋاقىرىدى، كېيىلى بوغۇلغانلىقتىن ئاۋازى چىقمىدى
ۋە ئۆز ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
سابىر يۈرىگى سىقىلغاندەك بولدى ۋە ئۆزىنى بېسىپ ئېيتتى:
— نىياز ئاكا، سەن مۇشۇ گەپنى ئويلاپ دەۋاتامسەن؟
نىيازقۇربان گەپ قىلمىدى، تۇمىغىنى چوكۇرۇپ كىيدى، بۇرۇتلى-
رىنى تىلى بىلەن يالىماپ ئىچىگە تارتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ -
چوڭ قەدەم تاشلاپ، ئىشىك تۈۋىگە باردى:
— شۇنداق، سىلەر بۇ ئىش بىلەن دادۇينىڭ بىلىنى ئۇشتۇيسىلەر، —
نىياز قۇربان كەينىگە قاراپ، زەردە بىلەن ئېيتتى، — دادۇي ئەمدى قەد
كۆتەردى. ئاز - تولا ئىقتىسساتقا ئىگە بولدى. بۇ نەرسە بىر تال، بىر
تالدىن توپلانغان. ئۇنى بۇزۇپ - چېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئىگىز تاغنى
ئەگىپ ئوتۇش، كورۇپ كېلىش دېگەن بىر گەپ، تېشىپ ئوتۇش دېگەن باش-
قا بىر گەپ. — نىياز قۇربان بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ ئېيتتى، — شۇنداق، سى-
لەر دولەتتىن ئۈنىمىڭ، يۈزمىڭ يۈەنلەپ پۇل ئالماي تۇرۇپ، ھەرگىز ئۇ
تاغنى ئەگىلەلمەيسىلەر. قۇلىقىمنى كېسىپ قەسەم ئىچىمەنكى، مۇمكىن
ئەمەس! بۇ ئىشتا ياشلىق قىلىپ، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش — دادۇينى
ۋەيران قىلىش دېگەن سوز!......
نىيازقۇربان ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.
يىغىن بىر مىنۇتچە ئىمتاس بولۇپ قالدى. ھەر كىمنىڭ كوڭلىدە
بۇ ئادەمگە نىسبەتەن بىر خىل ئېچىنىش، ھەيران بولۇش، ئاسراش
تۇيغۇسىغا ئوخشاش ناراز ىلىق بار ئىدى.

يىغىن تۈن تەڭ بولغىچە داۋام قىلدى، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى جىددى، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن پىكىر بايان قىلدى. ئۇلار: پارتىيە ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ بەزىلەر داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ موھىم ئەھمىيىتىنى ئوبدان تونۇيالمايۋاتىدۇ، ھەتتا گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، ئۆگى نىش - ئۆگەنمەسلىكنىڭ كارى چاغلىق، ئۆگەنمىسەكمۇ، ئازراق ئۆگەن سەكمۇ سوتسىيالىزىم بىلەن شۇغۇللىنالايمىز، دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟ ماۋجۇشى «**يېزىدىن ئىبارەت بۇ جېنىدىنى سوتسىيالى زىم ئىگەللىمىسە، كاپىتالىزىم مۇقەررەر ئىگەللەيدۇ**» دەيدۇ. داجەي — كەسكىن ئېلىشىش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، راۋاج تاپقان. كۈرەش داۋام قىلىشى، پۈتلىكاشاڭلار بولۇشى مۇمكىن. سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن، داجەي يولى بىلەن مېڭىش كېرەك، بۇ — غەلىبە يولى بىزنى بۇ يولدىن ھېچكىم چەتنىتەلمەيدۇ. بىزنىڭ ئىرادىمىز ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىگە، ئىككى بىلىگىمىزگە تايىنىپ، قارلىق تاغنىڭ سۈ يىنى ئەكىلىشتە چىڭ تۇرۇش، — دېيىشتى.

يىغىن سىلىماخۇن، سادىقلارنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، «داجەي تۇغى نى ئېگىز كۆتىرىپ، قارلىق تاغنى بويسۇندۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، يېڭىيەرنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن يېڭىلاشقا ئاتلىنىش» توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى.

## 4. ئەر - خوتۇن

سابىر داگجزبۇ يىغىندىن كېيىن ئىشخانىدا يالغۇز قالغان ئىدى. ئۇ يېنىپ تۇرغان لامپا يورۇغىدا ئولتۇرۇپ، قارلىق تاققا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى، سىنچىلاپ تەكشۈردى، ئوتتۇرىغا چۈشكەن تەكلىپلەرنى مەيلى پىلاننى تولۇقلىسۇن ياكى رەت قىلسۇن، ئېتىۋار بىلەن تەھلىل قىلىپ، پىكىرلەرنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشكە، ئىمكان بار ئۇ- نىڭدىن پايدىلىنىشقا ھەركەت قىلاتتى.

سابىر پىلانىنىڭ ھەرقايسى بولەكلىرىنى كوزدىن كەچۈرگەندە، ئۇ- نى ھەممىدىن كوپرەك قۇجۇربىن نىياز قۇربانىنىڭ بۇ ئىشقا نىسبەتەن

زىمان ۋە رەت قىلغۇچى پىكىرلىرى ئويلاندۇراتتى. نىياز قۇرباننىڭ نە-
نى ياخشىمۇ؟ ياخشىلىقىغۇ ياخشى، بىراق ئۇنىڭدا جۇرئەت قىلىش
م، دادۇيىمىز روناق تاپسا، ئىشلەپچىقىرىش گۈللەپ – ياشنىسا، ئۇنىڭ
براپ خوش بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق. لېكىن، بۇنىڭغا «ئاز، ئاستا...»
شلەش بىلەن ئەمەس، «كۆپ، تېز...» ئىشلەش بىلەن يېتىش مۇمكىن
ئۇنداق قىلىش كېرەك. ھەي نىياز ئاكا، ھەي نىياز ئاكا، سەن
دى نېمە بولغانسەن – ھە؟......
سابىرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىختىيارسىز نىياز قۇرباننىڭ ئۆزگە
ى قولدەك ئايدىڭ بولغان تارىخى تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.
نىياز قۇربان ئازاتلىقتىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ نەزىرىدە بولمىغان
دى ئىشلەمچى مەدىكار ئىدى. ئۇنىڭ خارۇ – زارلىق، نەپرەت – ھا-
ەت بىلەن تولغان ئۆتمۈشى بۇ يېزىدا ئۇ تەقدىرداش بولغان كۆپچى-
ك ئەمگەكچى دېھقانلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ ئۆز تەبىئىتىدە
ەر، بىر سۆزلۈك، مەرت ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ كوپېراتسىيىلىشىش،
ىق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەركەتلىرىدە دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىغا قىز-
نىق بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ، بوران – چاپقۇنلۇق بۇ ئاممىۋى
ركەتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولدى. ئەللىك توققۇزىنچى
لدىن ئېتىۋارەن فۇدادۇيجاڭ بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم ئىش تەجرى-
سىنىڭ موللىقى، تېرىقچىلىقنىڭ كۆزىنى بىلىدىغانلىقى، ئىقتىساتچىللىق
لەن ئىگىلىك باشقۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ئامما ئىچىدە ئىنا-
تكە ئىگە ئىدى......

سابىر كېيىنكى چاغلاردا جاۋتيەننى تېخىمۇ كۆپرەك ئەسلەيدىغان
ولۇپ قالغان ئىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ نىياز قۇرباننىڭ ئېسىل تارىخىنى
خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، جاۋتيەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، جاۋ
نيەننىڭ جۇشقۇن، دېدىل، ھەمسۆھبەت ئوبرازى كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە
كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى، «قېنى، يولداش جاۋتيەن، سىز ئېيتىڭا، – دەپ
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى سابىر، – نېمە قىلسام بولىدۇ، نىياز ئاكىنى ھۆر-
ەت قىلىمەن. ئۇ بەلەن، تەجرىبىلىك كونا كادىر، ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم
ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ئىشلەش لازىم. لېكىن، بۇ چوڭ ئىشتا ئۇنىڭ

مەيلىگە بـويسۇنـۇپ بولامدۇ؟... جاۋتيەن ھازىر نەدىكىن، ئۇنىڭ ئۇز
ۋەدىسىگە مۇۋاپىق بۇ يەرگە كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدىغۇ... ئەي
نىياز ئاكا، ھەي، نىياز ئاكا......»
سابىرغا نىياز قۇربانىنىڭ «بۇ ئىشتا ياشلىق قىلىپ، ھاۋايى
ھەۋەسكە بېرىلىش — دادۇينى گۇم قىلىدۇ»، «دادۇينىڭ بىلىنى ئۇشتۇ
سىلەر...» دىگەن سوزىنى ئاگلاش ئەلەم قىلدى، ۋۇجۇدىنى شۇركەندۇر
دى، ھەتتا ھاقارەتتەك بىلىندى. دىمەك، نىياز ئاكا، ماڭا ئىشەنمەيد
سەن ياش، ئىشىڭدىغان يېرىڭ يوق، دەپ قارىدى. خوش، ماڭ
ئىشەنمىسۇن، ئەمسە، ئاممىغا ئىشىنىش كېرەكقۇ. «سىلەر دادۇينىڭ بىلىن
ئۇشتۇيسىلەر...» — بۇ قانداق گەپ، ئاما ئۇزىنىڭ بىلىنى ئوز
ئۇشتامدۇ، نەدىمۇ شۇنداق ئىش بار ئىكەن؟......
سابىر: مەيلى نىياز ئاكا نىمە قىلسا - قىلسۇن، بىز ئوز يولىمىز
سادىق دىگەنمۇ بولاتتى. لېكىن، قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن بىر س
سادا قىلىپ چىققاندەك بولدى. **«... ئوزى بىلەن بىر پىكىردە بولغا**
**كىشىلەر بىلەنلا ئىتتىپاقلىشىپ قالماستىن، بەلكى ئوزى بىلەن ب**
**پىكىردە بولمىغان كىشىلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىششقا ماھىر بولۇشى**
**كېرەك».**

سابىر ۋۇجۇدىدىن يېقىملىق بىر ئىسسىقلىقنىڭ تەپتىنى سەزدى
كوڭلى يورىغاندەك بولدى ۋە ئەمدى «مەيلى نىياز ئاكا نىمە قىلسا
قىلسۇن» دىگەن سوزنى ئويلىغىنىغا خىجالەت بولۇپ، تۇرۇپ قالدى.
شۇ چاغدا ئىشىكنى ئېچىپ، تۇراخۇن كىرىپ كەلدى. سابىر سە
ھەيران بولۇپ:
— تۇراخۇنكا، بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دىدى ئورنىدىن تۇرۇپ
— ياق.
— تېخى ئۇخلىماپسەن - دە.
— ئۇيقۇم كەلمىدى، ئوكام، ئۇيقۇم كېلىدىغاندەكمۇ ئەمەس ... —
تۇراخۇن دېرىزىنىڭ گىرۋىكىگە تايىنىپ بىر پەس تۇردى، بەلۋىغىنىڭ
ئۇچى بىلەن كوزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يەنە قىستۇردى ۋە سەل غارىڭ - غۇ
رۇڭ ئاۋاز بىلەن ئېيتتى، — بىز نىياز قۇربانىنى ئىزلەپ تاپىلى، ئوكا،

...تۈزۈك ئادەم، چۈشىنىدۇ، بىز ياردەم قىلىلى......

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم، — سابىر ھاياجانلاندى ۋە قا...
...ل بولۇپ تۇراخۇننىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئالدى، — مەنمۇ ئىزلەپ ئويـ...
...ە باراي دەپ تۇراتتىم تۇراخۇنكا......

— شۇنداقمۇ! — تۇراخۇن خوش بولۇپ، سابىردىن رازى بولدى، —
...تا بۇ بەك بەلەن بولدى. ئىككىمىزنىڭ خىيالى بىر يەردىن چىقتى
...كا، جۇر، كەتتۇق ئەمسە......

ئۇلار كوپ گەپ قىلىشمىسىمۇ بىر - بىرىنى چۈشەندى ۋە ئالـ...
...راپ ئىشخانىدىن چىقتى......

...دەل مۇشۇ پەيتتە، نىياز قۇرباننىڭ بىر چىتىدىكى ئىشىك -
...رىزىلىرى يولغا قاراپ ئېچىلغان، ئىشىك ئالدىدا چەللە - بارىگى بار
...يۋان ئويدە، گۈللۈك يەكەن كىگىزى سېلىنغان كات ساندۇق ئۈستىدە
...ازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چوككەن ئىدى. ئىختىيارسىز
...لدا قوللىرى بىلەن ئۇسكىلەڭ بۇرۇتلىرىنى تولغايتتى ۋە ياكى تىلـى
...ەن يالماپ - يالماپ قوياتتى. تەكچىدە چىراق پىلدىرلاپ يېنىپ
...رۇپتۇ. نېرىقى كاڭ ئۈستىدە تەڭتۇش چوڭ بولغان بىر جۇپ خوڭـ
...ياۋبىڭ ئوغلى ۋە ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇدرۇقىنا قىزى بىر
...ىرايلىققىنا ئۇخلىماقتا. قەدىناس ئايالى زەينەپخان نىياز قۇرباننى ئۇخـ...
...دىقا خېلى كوپ زورلاپ چارچىدى. ئۇ ئېرىنىڭ نىمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا
...خىيالغا چوكۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. بەزىدە تەكىيدىن بېشىنى
...كوتىرىپ، نىياز قۇربانغا قاراپ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قوياتتى.

— ھەي سابىر، ھەي سابىر، ئۇكام، سەن مېنى نىمە دەپ ئويلايـ...
...دىغانسەن - ھە؟......

نىياز قۇرباننىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ، ئېغىزىدىن قاڭقىپ چىقىپ
...كەتكەن بۇسوز بىردىن زەينەپخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى. كەم سوز، مۇلايىم،
ئىشقا دېدىل قارايدىغان بۇ ئايال دەرھال تەكىيدىن بېشىنى كوتىرىپ،
قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئېرىگە قارىدى:

— ماڭا قارىسىلا ھوي... سىلىگە نىمە بولدى. سابىر بالا سىلىگە
نىمە قىلدى؟ — دىدى ئۇ.

— بولدى، سەن ئارىلاشما! — نىياز قۇربان ئايالىنى ئاچچىق بىلەن سىلكىشلىدى - دە، زەردە بىلەن تاماكا ئوراشقا تۇتۇندى.

— ئارىلاشما!... نېمىشقا ئارىلاشمايدىكەنمەن، — زەينەپخان ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنى كاڭدىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى، — مەنمۇچۇ، خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئەزاسى. مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئاۋازىم بار.

— تولا ۋالاقلىما، سەن نېمىنى بىلىسەن؟!

— نېمىنى بىلىسەن؟!... نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن، سۇ كەلـ يامانمۇ؟

— نېمە؟ سۇ دەمسىنا! قانداق سۇ؟ — نىياز قۇربان ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

— ھە، سۇ! قارلىق تاغدىن كېلىدىغان سۇچۇ؟

— ھەي خوتۇن، سەن بىر نېمىنى چۈشىنىپ دەۋاتامسەن - يا...؟ — نىياز قۇربان چېچىلغان ھالدا كاتىدىن سۇپىغا كەلدى، — ئۇ سۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسى. غاز شورپىسى ئىچىش ئۈچۈن، ئاۋال ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈش كېرەك. غاز تېخى ئاسماندا، ئۇچۇۋاتقان نەرسە. يەنە نېمە سۇ؟

— توۋۋا خۇدايىم، — دېدى زەينەپخان ھەسرەتلىنىپ، — بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ. پۈتۈن داۋۇي يېڭىيەرنى داجەي قىلىپ قۇرىمىز، دەپ كۆتىرىلىپ كېتىۋاتسا، تىغدەك بىر جىنىغا — شۇنچىۋالا كوپچىلىككە توساق بولغىنى نېمىسىدۇ، بايىزە سىلى شۇ سابىر بالىغا بۇتناپتىكەنلا - دە! توساق بولۇش توغرا ئەمەس......

— توساق! كىم توساق؟ — نىياز قۇربان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، تۇمىغىنى چوكۇرۇپ كىيدى، ئىككى قولىنى بەلۋىغىغا قىستۇرۇپ، باشمالتىقى بىلەن قىستى، — سەن ئېيىت، مەن توساقمۇ؟ توساق دېگەن نېمە؟

زەينەپخانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، چاچلىرىنى سىلكىپ كەينىگە تاشلىدى ۋە ئېرىگە مىقتەك تىكىلدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىدە نارازىلىق ئوتلىرى ياناتتى:

— شۇنداق، توساق، ئەدناسى، توساق! — زەينەپخان قەتئىي قىلىپ ئېيتتى، — كوپچىلىك بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ قىلىمىز دەۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ىشقا پۈتلمكاشاك بولۇش — دوساق! بىز شياۋدۈيدىكى ئەزاكىرىدە بۇ
پىلاننى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدۇق، بىز بۇ ئىشتا يۈيگۈك بولساق بولى-
مىزكى، ھەرگىز بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكىدىن باشقىنى كورمەيدىغان قورقۇنچاق
جىڭسۇ بولمايمىز، دەپ ئىرادە بىلدۇردۇق!... ...
— نىمە؟ جىڭسۇ دەمسەن! مەن جىڭسۇمۇ، مەن قورقۇنچاقمۇ؟......
— مەن، — دىدى زەينەپخان، ئالدىغا دىگۈدەك كېلىپ قادىلىپ
تۇرغان ئېرىنىڭ غەزەپلىك كوزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — مەن سىلىنىڭ
جىڭسۇ ياكى جىڭسۇ ئەمەس ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەيمەن. لېكىن بىز ئەزالار جۇر-
ئىتى يوق قورقۇنچاقلارنى جىڭسۇ دەپ ئاتايمىز......
بۇ گەپ نىياز قۇربانغا شۇنچىلىك ئەلەم قىلدىكى، بىر ھازاغىچە
ىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي، تاش-
ك قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.
ئۇنىڭ خىياللىرى گىدىرماچ بولۇپ كەتتى. «... مەيلى، ئەتە سەھەر
كېيىنغا — چاۋار مەتقۇل شۇجىنىڭ ئالدىغا بارىمەن. مۇنداق ياشلىق-
ھۇۋاشلىقىقا چاۋار شۇجى چەك قويىدۇ، سابىرمۇ توغرا قىلمايۋاتقانلىقىنى
بىلىپ قالىدۇ، نىياز ئاكىسىنىڭ كىملىگىنى بىلىپ قالىدۇ، ھەي سابىر،
ھەي سابىر، جىنىم ئۇكام، سەن مىنى نىمە دەپ ئويلايدىغانسەن ـ ھە؟...».
ئويگە سابىر بىلەن تۇراخۇن كىرىپ كەلدى. نىياز قۇربان سابىر
بىلەن تۇراخۇنغا كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويدى ـ دە، گەپ قىلمىدى.
زەينەپخان دىدىل ئورنىدىن تۇرۇپ:
— كېلىڭلار، يۇقۇرى ئوتۇڭلار، تۇراخۇن، قېنى سۇپىغا كەلسىلە،
سابىر ئۇكام، يۇقۇرى ئوت، — دىدى خوشاللىق بىلەن.
لېكىن، ھەر ئىككەيلەن ئولتۇرمىدى. سابىر:
— نىياز ئاكا، سىزنىڭمۇ ئۈيىڭىز كەلمەپتۇ، بىزنىڭمۇ شۇنداق،
بىرئاز سوزلەشسەك قانداق؟ — دىدى.
— شۇنداق قىل سابىر ئۇكام، — دىدى زەينەپخان دىلى سۇ-
زۇلۇپ، — مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىڭىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى دى-
گەندەك ئىش بولۇۋاتامدۇ نىمە؟ نىياز ئاكاڭنىڭ مىجەزى قوداڭشىپ
قاپتۇ، سەن ئوبدان بىر گەپ قىلىپ قويغىن......

نىياز قۇربان ئايالىغا ھەمىيىپ، ئاچچىق بىلەن بىر قارىدى - دە،
ئورنىدىن تۇردى.
ئۇلار تالاغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا ئېرىق بار ئىدى، بۇلاق سۇ
يى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ھاۋا خېلىلا سوغاق بولۇپ، بەدەننى
قورۇيتتى. ئەتراپ جىمجىت. يىراق بىر يەردىن كوكىرامغا چۇش
ۋاتقان سۇنىڭ بىر خىل شاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
سابىر ئېرىق بويىدا ئىگىز - زىلۋا ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكك
يولىنىپ، تۇراخۇننىڭ قېشىدا ئولتۇردى. نىياز قۇربان ئۇلارنىڭ قارشىسىد
ئولتۇرۇپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا زەڭ قويدى. ئۇلار بىردەم جىمجى
ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۇراخۇن سوز باشلىدى. تۇراخۇن ئوزىنىڭ ۋ
نىياز قۇربانىنىڭ يىراق، ئېچىنىشلىق ئوتمۇشىنى ئەسكە ئالدى، بۇ تاغ
لىق كەنتتە ئازاتلىقتىن كېيىن بولغان، كىشى قەلبىنى سۇيۇندۇرىدىغا
چوڭ - چوڭ ئوزگىرىشلەرنى ۋە بۇ يولدا بولۇپ ئوتكەن كۈرەش
ئېلىشىشلارنى ئەسلىتىپ ئوتتى. ئاندىن:
— بىز توختاپ قالماسلىقىمىز لازىم، — دىدى.
نىياز قۇربان مىدىراپ قويدى، ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى:
— مەنمۇ ياخشى بولسۇن دەيمەن، — دىدى ئۇ سەل بوغۇلۇپ،
ئوزەڭلار ئويلاپ كورۇڭلار، بۇ ئېرىق - ئوستەڭ چېپىش مەسىلىسى ئە
مەس، پۈتۈن بىر تاغنى تېشىپ ئوتۇش مەسىلىسى. قول بىلەن تۇتۇپ
پۇت بىلەن مېڭىپ قىلىدىغان ئىش. بىز خەلققە مەسئۇل بولۇشىمىز كې
رەك. يېڭىيەر خەلقى ئوبدان، جاپادىن قورقمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنى ب
ئىشقا باشلاپ قويۇپ، نەتىجە چىقمىسا رەسۋا بولىمىز، قىشنىڭ ئىشى
ھارام، يازنىڭ ئىشى بەدازكالام بولىدۇ. بىز بۇ يىلمۇ ئامبارنىڭ قېشىنى
مۇستەھكەملەپ، بۇلاقلارنىڭ كوزىنى تازىلاشنى موھىم نۇقتا قىلىپ
ئىشلەيلى......
— نىياز ئاكا، سىز كونا كادىر، بىزگە باشلامچى بولۇشىڭىز كې
رەك، — دىدى سابىر، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — بىز كەمبەغەل
دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارغا ئىشىنىشىمىز، نامراتلارنىڭ توختى
ماي ئالغا بېسىش روھىنى ساقلىشىمىز لازىم. بىز قارلىق تاغنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەكشۈردۇق. سىزمۇ تەكشۈرۈپ كورۈڭ، بۇ كوزىيەتمەيدىغان ئىش ئەمەس......

سابىر داجەيدە كورگەنلىرىنى ئەسكە ئالدى. تۇراخۇن ئەۋلاتلار-
مىڭ ئارزۇسىنى، ئەزالارىنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتتى:

— كۈرەش قىيىن، غەلىبە شىرىن، — دېدى تۇراخۇن ئويلىنىپ
ۇرۇپ، — ئاما قوزغالدى. ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇس. بىز
امىدىن ئايرىلىپ قالمايلى. ئوملىشىپ قىلغان ئىش — ئۇتۇمسىز بول-
اس، دېگەن گەپ بار. ئاز - تولا چىقىم، جاپا بولۇشى بولىدۇ. ئەمما،
اپانىڭ تېگى راھەت. بىز سوتسىيالىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن چوڭراق تەۋە-
قوشۇشنى ئويلىشىمىز كېرەك.

— شۇنداق، نىياز ئاكا، — دېدى سابىر تەمكىنلىك بىلەن، — سىز
يلىنىپ كورۈڭ، بىز چوقۇم مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

— ياق، بۇ ئويىنشىدىغان ئىش ئەمەس، — نىياز قۇربان ئورنىدىن
ردى، چاپىنىنىڭ پېشىنى قېقىپ، تۇمىقىنى قولىغا ئالدى، — مەن، «تە-
كىكۆل دەرياسىغا سالغىن كېمە، خاھى چۆكسۇن، خاھى ئاقسۇن، غەم
يمە» دېگەن بىلەن كېلىشەلمەيمەن. مەن بۇ ئىشنى بۇگۇنلا ئويلىمىدىم،
ابىر داجەيدىن كېلىپ، قارلىق تاغ مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندىن تار-
پ ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. مۇمكىن ئەمەس. قولىغىمنى ساپالدا كېسىپ
رىمەنكى، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدۇ......

نىياز قۇربان ئويىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئېيتتى:

— مەن ئەتە گۇڭشېغا بارىمەن. لېكىن ئىسىڭلاردا بولسۇنكى،
ۇەككۇلچىلىك قىلىش يارىمايدۇ. خىش قېلىپىدا ياخشى، پىچاق
لىپىدا. كېيىنكى پۇشايمان باشقا چۇماق، دېگەننى ئۇنتۇماڭلار......

# يەتتىنچى باپ

## 1. توغرا يول

تومۇر بوۋا دادۇي ئىشخانىسىدا، نىياز قۇربانىنىڭ تاك سەھەرد
ئات بىلەن؛ سابىرنىڭ ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك چوڭ بوزلۇقنى توغر
كېسىپ، پىيادە گۇڭشېفاكەتكەنلىگىنى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، قاپاقل
رىنى تۈرۈپ، قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئويلىنىپ قالدى. «بۇ نېمىسى..
ئىككىسى ئىككى يول بىلەن كېتىشكەن - ھە؟ تولىغانىنىڭ تورى بار
ئايرىلغانىنىڭ سورى بار ئەمەسمۇ، بۇنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ
بولامدۇ؟...»

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي ئالدىراپ ئۆيىگە كەلدى - دە، ئوزنىڭ
ئايرىلماس «سالپاك قۇلىغى» — قېرى ئېشىگىنى توقۇۋېتىپ، ئايالىغ
ئېيتتى:

— خوتۇن، ھېلىقى يەكتىگىمنى بېرىڭلار......

موماي تەئەججۇپلەندى:

— بۇگۈن دەم ئېلىش كۈنى ئەمەسقۇ، يېڭى يەكتەكنىڭ نېمە
ھاجىتى چۈشۈپ قالدى سىلىگە؟

— بۇنى ھازىر سورىماڭلار خوتۇن، — بوۋاي جىلى بولۇپ تېرىك
تى، — سىلىنىڭ - زە، شۇ ئالدىرىغاندا ئەزمىلىك قىلىدىغىنىڭلا.......

موماي بۇنداق چاغدا گەپ تالىشىپ ئولتۇرمايتتى. كات ساندۇق
تىن يەكتەكنى ئېلىپ چىقتى. تومۇر بوۋا بىر ھېيت - ئايەملىك كېي
منى ئۇچىسىغا ئارتىپ، يېڭىنى ساپتى - دە، ئېشىگىنى ئالدىغا
سېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

تومۇر بوۋا سابىر بىلەن نىياز قۇربان ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۈركىلىش كىچىك ئىش ئەمەسلىكىنى، بۇنىڭدا نىياز قۇرباننىڭ كۆز-
ە قاراپ، رايىغا بېقىپ سۈكۈت قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى.
گا بوۋاي ئالدىرايتتى، ئېشىكى بولسا شۇ بىر خىل مېڭىشتا كېتىۋات-
ىدەك ۋە كەينىگە تارتقاندەك قىلاتتى.

تۆمۈر بوۋا چوڭ بوزلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئايدىڭكۆل داۋىنىنىڭ
ەسكە كىرگەندە، كانجىلىنىۋاتقان بوغدايلىقتىن مورىسىگە كەتمەن
ىغان هالدا زەيتۇنەم بىلەن ئايىمگۈل چىقىپ كەلدى. بوۋاي «هوتچۇش»
پ ئېشىكىنى توختىتىپ، زەيتۇنەم بىلەن ئامان-ئېسەنلىك سوراشتى
بىر قاراپلا داڭقى كەتكەن مىنبىنىڭ قىز ئايىمگۈلنى تونىدى.

— هە، هە. ئايىمگۈلمۇ سەن قىزىم، — تۆمۈر بوۋا ئايىمگۈلگە قاراپ
يتتى، — سۆڭەك مېغى قىز سىنى ئۇشتۇمتۇت كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ،
ىرەتسىيە بىلەن ساقايدى دېگەنتى، ئوبدان بولۇپ قالدىڭمۇ بالام؟

— مانا قارىسىلا بوۋا، سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىم، — ئايىمگۈل مۈرى-
ىكى كەتمەننىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، قەددىنى رۇسلاپ كۈلۈمسىرى-
، — بىزنىڭ سۆڭەك مېغى ئاجايىپ بەلەن دوختۇر-دە، ئۇ مېنى
ام گىرداۋىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.

— بۇ دېگىنىڭ دۇرۇس، مەن چۈمپۈتىمەن، — تۆمۈر بوۋا ساقاللىرىنى
لاپ قويدى، — سۆڭەك مېغى قىزنىڭ قولى گۈل دېسە بولىدۇ. ئۇ بىز كەمبە-
دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ ئوبدان دوختۇرى. باسقان هەر بىر
مىدىن گۈل ئۈنىدۇ، دېسە، مانا شۇ قىزنى دېسە بولىدۇ، — تۆمۈر بوۋا
رۇلۇپ زەيتۇنەمگە قارىدى، — خوش باتۇر قىز، ئۆزەڭنىڭ ئەهۋالى
اق؟

— بىر ئەتىزال، ئالدىراپ تۇرۇپتىمىز بوۋا، — زەيتۇنەم مۈرىسىدىن
تمەننى ئالدى، تۈرۈلگەن يەڭلىرىنى چۈشەردى، — ئاڭلىساق، تۆمۈر
ا، سىلەرنىڭ پىلانىڭلار قالتىس ئىكەن. ئىشەنسەڭلار، سىلەردىن خەۋەر
، بىزمۇ مەسلىهەتىمىزنى پىشىرىپ داجەي تۇغىنى قارلىق تاغ ئۈستى-
سىلەر بىلەن بىللە قاداشقا بەلنى راۋرۇس باغلاپ قويدۇق، سىلەرگە
راپ تۇرۇۋاتىمىز.

— شۇنداق، بىز ئايدىڭكۆللۈكلەر تەق بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز، —

ئايىمگۇل كوزلىرىنى ئويناتىپ سوز قىستۇردى.

— تولا بەلەن بوپتۇ، — دىدى بوۋاي خوشال بولۇپ رازىمەنلىك
بىلەن، — داجەي يولى — داغدام يول. خەلق گۇگشىسى — ئالتۇن بۇ
لاق. يېگىيەرنىڭ بولسا دەستىخىنى كەگرى. بىز سىلەر بىلەن دەرت
ئەلىمى، توي - توكۈنى بىللە خوشنىلار ئەمەسمۇ. بەلنى چىڭ باغلاگلار
بالىلىرىم. يالغۇز ئاتنىڭ چىڭى چىقماس، چىگى چىقسا دىگى چىقماس
دىگەن گەپ بار، كوپنىڭ كۈچى كوپ، قولنى قولغا تۇتىشىپ تاغ سۇلى
رىنى بىللە ئەپكىلىمىز......

تومۇر بوۋا ئۇلار بىلەن يەنە بىرئاز شىرىن - تاتلىق سوز ئېيت
ىسپ، مىڭىپ كەتتى. «مانا كوردۇگمۇ، — دەيتتى بوۋاي ئېشىگىنى «قىت
چۇ» دەپ ئالدىغا سىلىپ كىتىۋىتىپ ئوز - ئوزىگە، — باشقىلارمۇ بوش
كەلمەپتۇ، ئايدىڭكوللۇكلەرمۇ بىلىنى باغلاپ قويغانلىغىنى ئېيىتىۋاتىدۇ
داجەي يولى ھەق يول، قالتىس توغرا يول. بۇ يول بىزنىڭ نىيەت - ئىقبال
مىزنى، ئارزۇ - ئۇمىتلىرىمىزنى بىر - بىرىمىز بىلە
چىتىپ - باغلاپ، بىزنى تېخىمۇ يىقىنلاشتۇردى
كۈچىمىزنى ئاۋۇتۇۋاتىدۇ. كىچىك ئېرىقلار قوشۇلۇپ ئوستەڭ، ئوستەڭلە
قوشۇلۇپ دەريا بولدى دىگەن مانا شۇ......»

تومۇر بوۋا گۇگشى ئىدارىسىگە يىتىپ كەلگەندە، كۈن چۈش بولغا
ئىدى. چوڭ دەرۋازا ئالدىدا بىر كىچىك ماشىنا تۇراتتى. بوۋاي «بۇگۇ
ناھىيەدىكى چوڭلىرىمىزدىن بىرەرتىسى چىقتىمىكىن» دىگەننى كوڭلىد
ئوتكۈزۈپ، ئېشىگىنى بىر چەتكە باغلىدى - دە، ئۇدۇل داگۈيى شۇجى
نىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

چاۋارمەتقۇلنىڭ ئىشخانىسى ئادەم بىلەن لىق تولغان. بۇ يەردە شيەنۇ
شۇجىسى سۇڭجىڭشىڭ، گۇگشى داگۈيى شۇجىسى چاۋارمەتقۇل، ساب
نىيازقۇربان، جاۋتيەن، قاسىم ۋە باشقىلار ئولتۇراتتى.

— مەن ئويلايمەن، — دىدى سابىر خۇيباۋسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ،
ئالدىمىزدا كوپلىگەن جاپا - مۇشەققەتكە، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كىلىش
تۇرغان گەپ، بىز بۇنىمۇ مولچەرلەپ قويدۇق. لېكىن بىز داجەي يو
بىلەن ماڭىدىغانلا بولساق، چوقۇم قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەپكىلەلەيم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

- تولا چىقىم - دەخمىزىلەردىن قورقماي تاغ سۈيىنى ئەپكېلىشكە
رئەت قىلىش — يېڭىيەرنىڭ چىقىش يولى، ئاشلىق - پاختا بىلەن كەڭ
غۇللىنىش، گۈزەل كەلگۈسىمىزنى يارىتىش ئۈچۈن مىسلىسىز ئىمكا-
مەت يارىتىش دېگەن سۆز......

تۇمۇر بوۋا سابىرنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئويلىغان،
ردىشە قىلغان ئىشنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، ھېچبىر
ىنىشسىزلا ئىشخانا ئىچىگە قەدەم قويدى.... شيەنۋېي شۇجىسى ئۆز-
ن كونا سوھبەتدىشى، بۇ تاغلىق رايوندا ئەڭ دەسلەپ دىلكەش بول-
پىشقەدەم مەسلىھەتچىسى تۇمۇر بوۋىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ۈپ ئىنتايىن خوشال بولۇپ كەتتى - دە، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ،
ىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قاتمال قوللىرىنى ھۆرمەت بىلەن
پ، قايتا - قايتا ئامان - ئېسەنلىك سوراپ:

— ئاتا، سالامەتلىكىڭىز ئوبدانمۇ، مانا بىز خېلى بولدى كۆرۈش-
ۈق، مەن بايىلا كېپىڭىزنى قىلغان ئىدىم، سىزنى سوراۋاتاتتىم، — دېدى
ومۇر بوۋىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ. يولداش سۈڭ جىڭشىڭ ئىگىز بويى،
قارا قاش، چوڭ كۆزلۈك، بىرئاز ئورۇق ۋە ھېمىشەم كۆك خادانى
ىمەت، قىش - ياز قېلىن چەملىك قاراخەي كىيىپ يۈرىدىغان ئاددى -
ئاددە، خۇشپىچىم ئادەم ئىدى.

— رەخمەت ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي ساقاللىرىنى سىلاپ، يەكتە-
ىنىڭ ياقىسىنى ئالدىغا تارتىپ، خوشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، —
بدانلا تۇرۇۋاتىمەن، زامانىمىزنىڭ شاراپىتىدىن
وزەمنى ھېمىشەم ياشىرىپ قېلىۋاتقاندەك
ىمەن. يۇرتداشلار سېغىنىپ قالدى، يېڭىيەرگە ئۆتەي دېمىدىڭىز.

— مانا ئەمدى ئاتا، مانا ئەمدى......

تۇمۇر بوۋا شيەنۋېي شۇجىسى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىردىن
زىگە مۇلايىملىق بىلەن قاراۋاتقان جاۋتيەننى كۆرۈپ قالدى:

— باركاللا ئوغلۇم، مانا سەن جاۋتيەن ئەمەسمۇ؟ سېنى قارا، مانا
ۇ تازا بەلەن بولدى، — تۇمۇر بوۋا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا
خۇشخۇيلۇق بىلەن كەلگەن جاۋتيەن بىلەن كونا تونۇشلاردەك ئىككى

قوللاپ كورۇشۇپ ئەتتى، — بىر كورگەن تونۇش، ئىككى كورگەن تۇغ
قان، دىگەن گەپ بار ئوغلۇم. كەلگىنىڭ تۈزۈك ئىش بولدى. ئەمدى
سەن كەتمىگىن، يېگىيەر هازىر سەن كورگەن يېگىيەر ئەمەس. بىز داجەي
لىنىڭ قېرىنداشلار ماڭغان يولدا مېڭىشقا بەل باغلاپ قويدۇق، بىزنىڭ
ئەمدى قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى قانداق ئەكەلگىنىمىزنى بىر كورگىن.

— ئەلۋەتتە، بوۋا، مەن كەتمەيمەن. سىلەر باشلىغان چوڭ ئىشنى
سىلەر بىلەن بىللە ئاخىرىغا يەتكۈزمىگىچە هېچنەگە كەتمەيمەن، — دىدى
جاۋتيەن خوشاللىق بىلەن.

يىغىن ئەسلىگە كەلدى. يىغىننى چاۋار مەتقۇل باشقۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— يولداش سابىر، يەنە ئېيتىدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

— هازىرچە شۇ، يولداش شۇجى.

— خوش، يولداش نىياز قۇربان، سىزنىڭ يەنە قوشۇمچىڭىز بار
مۇ؟ — داگۈيي شۇجىسى سابىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان نىياز قۇربانغا
قاراپ ئېيتتى.

نىياز قۇربان بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، قوشۇمىلىرىنى هىملەپ، نىمىنى
ئويلاپ بىر پەس تۇرۇۋالدى - دە، ئېيتتى:

— داجەيدىن ئۆگىنىش — قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىش د
گەن سوزلا ئەمەس. سۇ ئامبىرىنى قاشلاش، كېلەر يىلنىڭ تۇرلۇك — ت
مەن تەييارلىغى — بۇلارنىڭ هەممىسى ۋاقىت، كۈچ تەلەپ قىلىدىغا
ئىشلار. قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىش مۇمكىن بولسا، باشقىلار ئىكك
قولىدا چاۋاك چالسا، مەن توت قولۇمدا ئالقىشلايمەن. لېكىن، ئۇ ئۇنچ
لىك ئاسان ئىش ئەمەس، قىسقىسى، بىر تاغنى يوتكەيدىغان گەپ. خەلق
يەتتە ئولچەپ، بىر كەس دەيدىغان ماقال بار. هەر هالدا ئويلاپ، ئالدى
كەينىنى دەڭسەپ، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەنچە، د
دۈيىمىز بىلىنى راسا ئوڭشىۋالغىچە، بىرقانچە يىل تۇرۇپ تۇرايلى. خە
بىزدىن نارازى بولمايدىغان ئىش بولسۇن. بۇ ئېيتقانغا ئاسان، قىلىش
تەس ئىش، قىسقىسى، شۇنداق......

قاسىم سوز ئالدى. ئۇنىڭ رەڭگىدە بىر خىل جىددىيلىك، سى
ياسالما ئەستايىدىللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ يىراق ئوتمۇشتىكى س

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرچى تورىسى

...ەۋالىنى تىلغا ئالدى، كېيىنكى يىللار ئىچىدە سۇ قۇرۇلۇشى سېپىدە ...ولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى قالدۇرماي ساناپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «تاتلىق ...ۇلاق» نى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئۈستىدە ئۇزۇن توختالدى، ئۇ ئۆزى سىز- ...ان لايىھە - خەرىتىنى يېيىپ كۆرسەتتى، ناھىيىلىك سۇ بولۇمىنىڭ ...ىللىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئەسلەتتى ۋە ئاندىن مۇنداق دېدى:

— قورقۇش مۇمكىن ئەمەس. چوڭ، زامانىۋى بىر قۇرۇلۇش ئال- ...ىمىزدا چىراي ئاچتى. ئولتۇرسام - قوپسام ئويلايدىغىنىم شۇ ئىش. سۇ ...چۈن كۈرەش — بىزدە جىددىي، ئۇلۇغ ئىش. دەرھاللا، بۈگۈنلا ئىش ...شلاشقا بولىدۇ، دەپ قارايمەن، — قاسىم نىياز قۇربانغا قاراپ، ئىشى- ...ۇرلىك قىلىپ ئېيتتى، — دۇرۇس، نىياز ئاكىدا پەيدا بولغان قاراش ...سلەپ مەندىمۇ بولغان. تەبىكى بۇ خەلققە مەسئۇل بولۇشتىن، ئىشقا ...ستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن تۇغۇلغان. بىز خەلققە، خەلقنىڭ يۈرىكى- ...قۇلاق سېلىشىمىز كېرەك......

...يىغىندا يەنە بىرنەچچە كىشى سۆز قىلدى، ئۇلار بىرنەچچە دادۇي- ...ڭ بىرلەشمە جېڭىنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، سۇ قىسلىقى — باشقا ...دۈيلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. تومۇر بوۋا:

— بۇ — دەل گەپ، يىگىتلەرنىڭ دەستىخىنى كەڭرى. قارلىق تاغ- ...ىڭ سۈيى ئامەت، دەستىخان قانچە كەڭ بولسا، نېمەت شۇنچە مول، — ...ەپ سۆز قىستۇردى.

يولداش سۇڭ جىڭشىڭ سوھبەت يىغىنى باشلىنىشتىن ئىلگىرى ...چاۋار مەتقۇلنىڭ خۇيباۋسى بويىچە قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىدىن ...خەۋەر تاپقاندىن باشقا، ناھىيىدە جاۋتىيەننىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىلىرىنى ...ئاڭلىغان ئىدى. يىغىن باشلىنىش ئالدىدا يەنە نىياز قۇرباننىڭ ئوخشاش ...بولمىغان كۆزقارىشىنى ئاڭلىدى.

شيەنۋېي شۇجىسى سۆز قىلغانلارنىڭ ئاساسلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى ...مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرۇپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە ...ئىنقىلاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور ...ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا، ناھىيىنىڭ داجەيدىن ئۆگىنىش چوڭ ۋەزىيىتى ...ئۈستىدە توختالدى......

سابىر پۈتۈن دىققىتى بىلەن شيەنۋېي شۇجىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلايد
تى. پات - پات يولداش سۇڭ جىڭشىڭنىڭ قول ھەركىتىگە، مۇلايىم،
شۇنىڭ بىلەن بىللە يېنىپ تۇرغان كوزلىرىگە قاراپ قوياتتى ۋە بۇ سوز-
لەردىن يۈرىكى يايراۋاتقاندەك بولاتتى.

يولداش سۇڭ جىڭشىڭ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىمىنىدۇ ئى
لەش ئۈچۈن بىر پەس تۇرۇۋالغاندا، سابىرنىڭ كوزى ئىختىيارسىز بىر
ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ كەڭ ماڭلىيىغا قاتار چۈشكەن قورۇقلارغا ۋە
ئاق ئارىلىغان چاچلىرىغا كېلىپ توختاپ قالدى......

يولداش سۇڭ جىڭشىڭ بىر مىڭ توققۇز يۈز ئەللىكىنچى يىلى بۇ
يەرگە چۈيۋېي شۇجىسى بولۇپ كەلگەندە، تېخى ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەس
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ ياشقا كىرگەن قىزى سۇڭ مېينى تۇنجى بالىسى دەپ
ھېساپلىغاندىمۇ كىشىلەر ئۇنى: كوپ بولسا ئوتتۇز ياشقا كىرگەندۇ، دەپ
مولچەرلەشكەن ئىدى. مانا يىگىرمە يىل!...... يىگىرمە يىل سۇڭ جىڭ
شىڭنىڭ ماڭلىيىغا كوزگە كورۇنمەس قوللىرى بىلەن قورۇقلاردىن
نەقىش ئويۇپ قويۇپتۇ. يىگىرمە يىل قىسقا، ئەمما ئۇ نەقەدەر ئۇلۇق،
چوڭ ئوزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن يىللار - ھە؟......

سۇڭ جىڭشىڭ بۇ يەرگە كېلىش ھارپىسىدا، نەچچە مىڭ يىللاردىن
بۇيان ئەمگەكچى دېخانلار گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۇك —
زۇلمەتلىك فېۋداليزىم تۈزۈمى ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت، غەيرەت -
شىجائىتىنى چىرمىۋېلىپ، پۇت - قولىنى كىشەنلەپ تۇراتتى. ئىشلەپچىقى
رىشتىكى قالاقلىق، تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، ھوقۇقسىزلىق، ساۋاتسىزلىق
بۇ تاغلىق رايون خەلقىنىڭ ئومۇمى قىياپىتى ئىدى. ھەرخىل ئەكسىيەتچى
قانۇن - نىزاملار تېخى دېخانلارنىڭ قانسىراپ كەتكەن يۇرەك -
باغرىدىن ئاخىرقى تامچە قانىنى زورلۇق بىلەن شورىماقتا ئىدى......

يولداش سۇڭ جىڭشىڭ ماۋجۇشىنىڭ ئاۋازىنى ئېلىپ كەلدى. پار-
تىيىنىڭ مېھرى - شەپقىتىنى ئېلىپ كەلدى. قاينام - تاشقىنلىق سىنىپى
كۇرەش بورىنى كوتىرىلدى. بۇ كۇرەشتە نامراتلار، مەدىكارلار، يىللىقچى-
لار، ياللانما دېخانلار، يەرسىز قەددى پۇكۇلگەنلەر يولداش سۇڭ جىڭ-
شىڭ بىلەن بىرلىكتە زۇلۇم - كۇلپەت زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى.

قوزغال، ئېزىلگەنلەر قەد كۆتەر، ئالغا باس؛ زامان بىزنىڭكى، يەر ـ سۇ بىزنىڭكى!» — بۇ ئەشۇ يىللاردا نامرات دېھقانلار كۆتىرەگگۇ ئاۋاز بىلەن ياڭراتقان جەڭگىۋار كۈرەش ناخشىسى ئىدى......

زۇلمەتلىك تۈن ئۇيقۇسىدا خاراموش بولغان، ھالسىزلىنىپ قەددى پۈكۈلگەن ئون مىڭلىغان دېھقاننى كىشىلەر بىزار بولغان كونا، چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارشى ئىسيان كۆتىرىشكە قوزغاپ، ئۇلارنى يەككە ـ يىگانە قارشىلىق كۆرسىتىش يولىدىن ئومۇمىي كۈرەش سېپىگە ئۇيۇشتۇرۇش ئاسان ئىشمىدى؟ ... يولداش سۇ كجىگشىڭنىڭ ئاقارغان چاچلىرى، پېشانىسىگە چۈشكەن قورۇقلار — ئەشۇ كۈرەش يىللىرىنىڭ قۇتلۇق خاتىرىسى......

يولداش سۇ كجىگشىڭ بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ئۆتكۈزۈلگەن گوڭشې پارتىيە قۇرۇلتىيىدا كونا يالانما دېھقان پەرزەنتى، كۈرەش يىللىرىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدا تاۋلانغان خەلق ئوغلى چاۋارمەتقۇلغا گوڭشې داگۆۋيىسىغا باشچىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئۆزى ناھىيىگە كەتكەلگەندە، كەڭ گوڭشې ئەزالىرى، ئۆزلىرى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك ئوگقۇر سىنىپىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى روشەن ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئىدى... ..

سابىر شيەنۋېي شۇجىسىنىڭ ئاقارغان چاچلىرىغا، پېشانىسىدىكى قورۇقلارغا يەنە بىر قېتىم قارىدى ۋە ئۇنى تولىمۇ يېقىملىق، خاسىيەتلىك ھېس قىلىپ ھاياجانلاندى......

— شۇنداق، يولداشلار، — شيەنۋېي شۇجىسى سۇ سەپكەندەك جىمجىتلىق ئىچىدە دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان يىغىن قاتناشچىلىرىغا كۆزىمىرەپ قاراپ قويدى، بىر تال تاماكا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئالدىرىماي سەرەڭگە ياقتى، — دېمەك، «قىزىلتاغ» خەلق گوڭشېسىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى سۇ قۇرۇلۇشى تارىخىنى ئەسلىسەك، ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ ئىككى لۇشيەننىڭ كەسكىن كۈرىشى سىڭگەنلىكىنى كۆرىمىز. دەرۋەقە نەتىجىلەر ئاز ئەمەس. لېكىن، چوڭ خائىن ليۇ شاۋچى قاتارلىقلار يولغا قويغان خاتا سۇ باشقۇرۇش لۇشيەنى ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا، سۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇشىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزدى، ھەتتا
بىرمۇنچە جايلاردا جىددى بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بۇ — سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ
ئون نەچچە يىل بىر مىزدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنىڭ، جىددى ئېھتىياجنى
قاندۇرالمىغانلىقىنىڭ بىر تۈپ سەۋەبى. شۇنداقلا بىر تارىخى
ساۋاق. شۇڭا، بىز جەزمەن ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلاۋى لۇشيەنى بويىچە ئام
مىغا تايىنىپ، سۇ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم......
سۇك جىڭشىڭ قارلىق تاغ سۇلىرىنى ئەكىلىش يوللىرى ئۈستىد
ھازىرقى مولچەرنى ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، سابىر غاقاراپ سورىدى
— خوش، بۇ ياخشى، ئەلۋەتتە يۈكسەك ئىنقىلاۋى قىزغىنلىق بىلەن
قاتتىق ئىلمى ئىش كورۇش پوزىتسىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. سىلە
يېڭىيەر دادۇيىنىڭ ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشتىڭلارمۇ؟
تومۇر بوۋا ئىككى قولىنى كوكرىكىگە ئېلىپ، خوشاللىق بىلە
جاۋاپ بەردى:
— ئەزالارنىڭ ھەممىسى ماقۇل، نوغلۇم. پارتىيىمىز، ھوكۇمىتىم
باشپانا بولۇپ تۇرغان يەردە، كوڭلىمىز تاغدەك ئىشەنچكە تولدۇ - د
ئالدى - كەينىگە قارايدىغان يەنە نىمە ئىش بولسۇن!
يولداش سۇك جىڭشىڭ سائەتكە قارىدى ۋە يېنىدا ئولتۇرغا
چاۋارمەتقۇل بىلەن كۇلۇمسىرەپ، مەنىلىك كوز ئۇرۇشتۇرۇپ قويدى:
— ئۇنداق بولسا، مۇنداق قىلايلى، بايا يولداش چاۋار مەتقۇل بى
لەن مۇنداق قارارغا كەلدۇق. يېڭىيەر دادۇيى ئەزالىرىنىڭ تاغ سۇلىرىنى
ئەكىلىشكە بەل باغلاش روھى ناھايىتى ياخشى. داجەيدىن ئۇگەنگەند
ئەشۇنداق غەيرەت - جاسارەت بولۇشى كېرەك. لېكىن، يولداش نىيا
قۇرباننىڭ ئوخشاش بولمىغان پىكرى بار. بۇگۇن - ئەتە بىز نەق مەي
داندا بېرىپ، يەنە بىر قېتىم كورەيلى، شۇنىڭدىن كېيىن بىرلىكتە قارا
چىقارساق قانداق؟......
شيەنۋېي شۇجىسىنىڭ قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئوزى
بىۋاستە قاراپ چىقماقچى بولغانلىقى يىغىندىكىلەرنى جانلاندۇرۇۋەتتى
تومۇر بوۋا ھاياجانلاندى، كوزلىرى نۇرلاندى ۋە خوشاللىق بىلەن ئور
نىدىن تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بەك بەلەن بولدى ئوغلۇم، — دېدى قولىنى كوكرىگىگە
يۇپ، — مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم يول باشلاي. نىياز قۇربان
ەمۇ بارغىن، تۇر، تىمەنرەك بول. بىلىق سۇدىن ئايرىلالماس، باتۇر
ر ئەلدىن......

ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە، سۇك جىمگىشلىك، چاۋار مەتقۇل، ۇر بوۋا، نىياز قۇربانلار ئولتۇرغان يېنىك ماشىنا گۇگۇشتى ئىدارىسى ن قوزغىلىپ، يېڭىيەر دادۇيى تەرەپكە كەتتى......

## 2. قېرىنداشلار ئارىسىدا

گۈلسۈمخان ئانا پولوغا تۇتۇندى. سەۋزىنى قىرىپ - تازىلاپ تەگ ە باستى - دە، قولتۇغىغا قىسىپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق بويىغا تى.

مۇزدەك سوغاق، سۈزۈك بۇلاق سۈيى سەۋزىنى غۇچۇرلىتىپ يۇيۇشقا لىك. ئانا سەۋزىنى يۇيۇپ بولۇپ، تەگنىنىڭ سۈيىنى ساقىتىۋاتقان يولدىن راۋاپ چېلىپ ئوتۇپ كېتىۋاتقان ئابابەكرگە كوزى چۈشتى. ابەكرى زوق - ئىشتىياق بىلەن راۋاپنى سايرىتىپ كېتىۋېتىپ، ئانا ەن كوز ئۇرۇشتۇرۇپ كۇلۇمسىرەپ سالاملاشتى.

— ئابابەكرى، سەن دادۇيدىن كېلىۋاتامسەن، بالام؟ — دېدى ئانا ە تەگنىنى قولتۇغىغا قىسىپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئانا، دادۇيدىن كېلىۋاتىمەن. — ئابابەكرى زەخمەكنى ەم تارغا بىرنەچچىنى چېكىپ توختىدى. — هازىر ياشلارنىڭ يىغىنىغا تىۋاتىمەن، يىغىن......

— ماقۇل، هە، راست، سەن دادۇيدە سابىر ئاكاڭنى كورمىدۇڭمۇ؟

— كوردۇم، يولداش جاۋ تيەن بىلەن دادۇيدە سىزىپ - چىزىۋاتىدۇ.

— سىزىپ - چىزىۋاتىدۇ، دەمسىنا؟

— شۇنداق، قىلىنى قىرىق يېرىپ، قىرىقتىن بىرىنىڭ ئوزىنى يەنە قىرىققا ئايرىپ، قىزىلتاغنىڭ هېساۋىنى چىقىرىۋاتىدۇ......

ئابابەكرى راۋېپىنى سايرىتىپ يولىغا كەتتى. ئانا ئويگە كىرىپ

سۇيىغا جايلاشتى، ئالدىغا دوشىنى قويۇپ، سەۋزىنى ئىنچىكە قىلىپ قەلەمچە
ئەتتى، پىيازنى يالپاق - يالپاق قىلىپ توغرىدى، تازىلانغان توخۇ گوشىنى
سەۋزە قەلەمچىسى بېسىلغان تەگنىگە سالدى. ئاندىن تاختىۋىشىدىن
بىر چىنە قايماقنى ئېلىپ، ئۇنى ئۇچاققا يېپىش ئالدىدا تۇرغان سام
نىڭ خېمىرىغا يىگۇزۇشكە باشلىدى. ئانا خېمىرنى تەگنىگە چىلاپ بېسىپ
قولىنىڭ كەينى بىلەن مۇشتەكلەپ پىشىرىۋىتىپ، كۈنگە قارىدى. كۈ
كەچ كىرگەن بولۇپ، دېرىزىدىن قۇياش نۇرلىرى ئۆي ئىچىگە ئالتۇ
لېنتىدەك تارتىلىپ، تام گىلىمى ئۈستىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئانا كۈ
نۇرى جىلۋىلەنگەن گىلەم يېنىدىكى قوزۇقتا جاۋ تيەننىڭ چاپىنى، بەندا
تىسى ئېسىغلىق تۇرغىنىنى كوردى ۋە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئانا جاۋ تيەننى ئوز ئوغلىدەك كورەتتى. جاۋ تيەن قىزىلتاغ سۇ قۇ
رۇلۇشىنىڭ پىلان - لايىھەلىرىنى سابىر بىلەن بىللە ئىشلەش ئۈچۈ
مۇشۇ ئۆيگە چۈشكەن ئىدى......

شيەنۋېي شۇجىسى سۇڭ جىنگشىڭ چاۋارەتقۇل، جاۋ تيەنلەر بىلە
قارلىق تاغدا تولۇق بىر كۈن بولدى، سابىرنىڭ لايىھىسىگە ئاساسە
قارلىق تاغ، سۇلۇق جىلغا، تەشمە ئوتكۈزىدىغان تىزما تاغنى سىنچىلا
تەكشۈردى. جاۋ تيەن ئولچەش - سىزىش سايمانلىرىدىن پايدىلىنى
زورۇر بولغان ئىلمىي سانلىق مەلۇماتلارنى توپلىدى. ئاندىن ئۇلار تا
نىڭ بۇ تەرىپىگە ئوتۇپ، تاتلىق بۇلاق ئەتراپىدا بىرنەچچە سائەتچ
تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ئولچەش - سىزىش بىلەن بولدى.

يولدا قايتىپ كېلىۋىتىپ شيەنۋېي شۇجىسى نىياز قۇرباندىن:

— خوش، نىياز قۇربان، سىزچە قانداق، مۇمكىن بولامدۇ؟ — دەپسورىدى

نىياز قۇربان گەپ قىلمىدى، بۇرۇتلىرىنى تولغىدى، بېشىنى تۆۋە
سېلىپ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى ۋە ئاخىر:

— كوپچىلىك قىلىمىز دىسە، مېنىڭ پۈتلىشىدىغان يېرىم يوق
كورۇپ باقمايمەنمۇ، — دىدى.

نىياز قۇربان قايىل بولمىغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل
ئەنسىرەش، تەمتىرەپ ھودۇقۇش ئالامىتى بار ئىدى. يولداش سۇڭ جىنگ
شىڭ ئۇنىڭغا غەمخورلۇق بىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سىز ئۈيلىنىپ كورۇڭ. بىز جەزمەن ئاممىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.
ما — ھەقىقى قەھرىمان، — دېدى.
ئۇ كۈنى كەچتە شياۋدۇيى، داۋۇي كادىرلىرىنىڭ، كەمبەغەل دىخان،
ۈن ئوتتۇرا دىخانلار ۋەكىللىرىنىڭ سوھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يە
دىن ئىلگىرى يولداش سۇڭ جىڭشىڭ تومۇر بوۋا بىلەن بىللە مەھەل
رنى ئارىلاپ، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆزى بىلەن تونۇشقان
ا كەمبەغەل دىخانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ ھال سورىدى، قىزغىن
اڭلاشتى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. قېرىنداشلار
رىدا بىللە بولۇش كۆڭۈللۈك ۋە يېقىملىق ئىدى.
سوھبەت يىغىنىدا سۇڭ جىڭشىڭ يىغىن ئەھلى بىلەن خوشال
اڭ سىلىشتى.
— داجەيدىن ئۆگىنىشتە چوڭ ئىشەنچ ۋە غەيرەت بولۇشى لازىم، —
ى شيەنۋېي شۇجىسى، — قورقۇنچاقلىق، ئالدى - كەينىگە قاراپ
نەتسىزلىك قىلىش، ئۆزىگە ۋە ئاممىغا ئىشەنمەسلىك قارىشى، يېزا
لىگەندە داجەيدىن ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ زور توسالغۇسى.
ڭ غەيرەت - جاسارەت بولغاندىلا، قىيىنچىلىقلارنىڭ گەجگىسىدىن
ىپ ئوتۇپ، غەلىبىنىڭ پارلاق مەنزىلىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.
جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە گويغانغان، قەد كو-
گەن، تەشكىللەنگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ باتۇر ئىككى قولى ئالدىدا
ى ئېگىپ، تىز پۈكمەيدىغان ھېچقانداق تاغ - دەريا يوق......
شيەنۋېي شۇجىسى يېڭىيەر داۋۇي داگجىربۇسى ئوتتۇرىغا قويغان
اجەي تۇغىنى ئىگىز كوتىرىپ، قارلىق تاغنى بويسۇندۇرۇشقا جۈرئەت
لىپ، يېڭىيەرنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن يېڭىلاشقا ئاتلىنىش» دېگەن
قىرىق ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:
— بۇ شوئار — ئىنقىلاۋىي. ئۇ كەڭ كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن
ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ داجەيدىن ئۆگىنىش، يەر بىلەن، ئاسمان بىلەن،
غ - دەريالار بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش جاسارىتىنى
ەكس ئەتتۈرگەن. مەن قوشۇلىمەن... مەن ئىشىنىمەنكى، ناھىيىلىك
نقىلاۋىي ۋېيىۋەنخۇي سىلەرنىڭ بۇ پىلانىڭلارنى چوقۇم قوللايدۇ......

يولداش سۇڭ جىڭشىڭنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تومۇر بوۋىنى ھايا
جانغا سىلىپ قاناتلاندۇرۇۋەتتى. بوۋاي قەلبى شاتلانغان ھالدا ئورنىدىن
تۇردى ۋە مۇنداق دېدى:

— شۇنداق ئوغلۇم، قىزىلتاغ ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ، بىز
كەمبەغەل دېھقان، توۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىرادىمىز
ئۇنىڭدىنمۇ زور. قىزىلتاغنىڭ ئۇيۇل تاشلىرى ھەرقانچە قاتتىق بول
سىمۇ، ئۇ بىز كەمبەغەل دېھقان، توۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ گاڭ بى
لەكلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. داجەيدىن ئۆگىنىش — ئۇلۇغ داھىم
ماۋ جۇشى كورسەتكەن پارلاق يول، بىزنىڭ بۇ يولدا ماڭىشىمىز ماڭغان!....

يىغىندىن كېيىن، سۇڭ جىڭشىڭ نىياز قۇربان بىلەن يەنە ب
پەس سوھبەت ئوتكۈزدى ۋە خوشلىشىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— گۆڭچەندالڭ ئەزاسى يىراقنى كورىدىغان بولۇشى، پىداكارل
بىلەن كۈرەش قىلىش روھىنى ھېمىشەم ساقلىشى، ئاممىدىن ھەرگ
ئايرىلىپ قالماسلىقى لازىم. خاتالىق ئوتكۈزۈش ئەيىپ ئەمەس، تۈزە
مىگەن ئەيىپ......

شيەنۋېي شۇجىسى يېڭىيەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاۋ تيە
بىرنەچچە ياش ئەزىمەتنى ئېلىپ، قارلىق تاقڧا يەنە بىر قېتىم چىقتى
تەشمە ۋە تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان ئۇستەڭنىڭ دىڭ-ۇڭ
ئاتكوسلىرىنى ئولچەپ ھېساپلىدى: «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىغا قوي
لىدىغان توما بېشىغا ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنىڭ لايىھىسىنى ئىشلە
چىقتى. بۇ ئىشلار ئۇچۇن جاۋ تيەن سابىر بىلەن بىللە بىرنەچچە كېچى
ئۇيقۇسىز ئوتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئۇلار پىلان - لايىھە ئۇستىدە باش
قاتۇرغاندا ئاددى، پۇختا، تېجەشلىك يولنى — گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ
ۋاقتى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى تېجەپ ئىشلىتىشنىڭ ئۇنۇملۇك يولىنى ئىز
لەيتتى. بۇنىڭ ئۇچۇن قېزىپ چىقىرىلىدىغان توپا - تاش، كېتىدىغا
ئەمگەك كۈنى، سەرپ قىلىنىدىغان ماددى نەرسىلەرنىڭ مۇرەككەپ، زورۇر
بىر قەدەر توغرا، ئىشەنچلىك سان - سىپىرلىق ئاساسلىرى ئۇس
تىدە ئىزلىنەتتى.....

بابا ئابابەكرى گۈلسۇمخان ئانىغا: «شۇنداق، قىلىنى قىرىق يېرىپ»

قىرىقنىڭ بىرىنى يەنە قىرىققا ئايرىپ، قىزىلتاغنىڭ ھېساۋىنى چىقىرىۋاتىدۇ» دېگەندە، ئۇ جاۋتىيەن بىلەن سابىرنىڭ مانا شۇ ئەستايىدىل ئىلمىي ئىزلىنىشىنى نەزەردە تۇتقان ئىدى......

گۈلسۇمخان ئانا چۈچۈتۈلگەن ياققا پىياز، ئاندىن كېيىن گۆشنى سالدى. بىر ئاز قورۇغاندىن كېيىن قازانغا سەۋزىنى توكتى. ئانا كەپكۈر بىلەن سەۋزىنى قورۇپ تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدا جانان چىنىدەك جاراڭلاپ، قاقاخلاپ كۈلگەن سۇك مېينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

— راست ئېيتتىم، جىلىڭ گەپ......

— ياق، ياق، نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بار ئىكەن.

— مەن مۇشۇ دادۇيدە قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقاندا ئەشۇنداق گەپ بولغانلىقى راست.

— ئۇ چاغدا بولسا بولغاندۇ، لېكىن ھازىر ئۇ گەپنىڭ قويرۇغىنى قوم باستى. ھەممىسىنى قويۇپ، سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىمىز......

گۈلسۇمخان ئانا ئىشىك ئالدىدا چاقچاقلىشىپ سوزلىشىۋاتقان سۇك مېي بىلەن خاسىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدى. خاسىيەت:

— سۇك مېي، نىمىشقا بىزنىڭ ئۆيگە بارمايدىغان بولۇپ قالدىڭ، ئانام سېنى يىراقتىن كورۇپتىمۇ، — دېدى.

— بارىمەن دوستۇم، بارىمەن، — سۇك مېينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئۆزەڭ كورۇپ تۇرۇپسەن، ھازىر قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ ھەشەمى خېلى چوڭ. ئايدىڭكول، قىزىليۇلتۇز دادۇيلىرىمۇ بۇ ئىشقا قاتناشماقچى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشلار تازا ئالدىراش بولدى. ئەمدى ھەممە كۈچ قارلىق تاققا قارىتىلدى. مەن قىشچە مۇشۇ دادۇيدە قېلىشنى ئويلىدىم. قارلىق تاغدا بولىمەن. مانا شۇ چاغدا سەن بىلەن دائىم بىللە بولىمىز، قانداق؟

— بەك ياخشى، — دېدى خاسىيەت خوشال بولۇپ، — بىزمۇ پۈتۈن ئائىلىمىز بويىچە سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئوزىمىزنى تىزىمغا ئالدۇردۇق.

— ھاشىماخۇنكام چۈشەندىمۇ؟......

— چۈشىنىشنىمۇ چۈشەندى، بەزىدە ئازراق خىيال سۈرۈپمۇ قالىدۇ،

ھەر ھالدا سۇك شۇجى قارلىق تاغنى ئۇز كوزى بىلەن كورۇپ كە
گەندىن كېيىن، زىيان تارتمايدىغان ئوخشايمەن، دىگەن يەرگە كېلىپ
كوڭلى بىرئاز تىنغان بولسا كېرەك، ھازىر ياخشى.

— سىلەر قىزىق، ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار پات ـ پات تالاش ـ تار
تىش قىلىسىلەر، شۇنداقمۇ؟......

— شۇنداقلىغىغۇ ـ شۇنداق، دادامغا پات ـ پات تەربىيە بېرە
تۇرمساق، ئاسانلا ئەگرى يولغا كېتىپ قالىدۇ......

شۇنىڭدىن كېيىن گەپ ئۈزۈلدى. گۈلسۇمخان ئانا ئىشىك
بېشىنى چىقىرىپ قىزلارغا:

— نىمە تالادا تۇرىسىلەر، كېلىڭلار، ئويگە كىرىڭلار، — دە
ۋاقىرىدى. — سۇك مېي قىزىم، تازىمۇ ئوبدان ۋاقىتتا كەپسەن
ئويگە كىر، بالام......

خاسىيەت كەتتى، سۇك مېي تىببى ياردەم سومكىسىنى بويىنغا ئا
قان ھالدا خوشال ئويگە كىرىپ كەلدى.

— كەل قىزىم، كەل، نىمىشقا يوقاپ كەتتىڭ، بالام، — دىدى ئ
قازانغا سۇ قۇيۇپ تۇرۇپ، — بۇگۇن نەدىن كېلىشىڭ؟

— ئايدىڭكول دادۇيىدىن كېلىۋاتىمەن ئانا، — دىدى سۇك مې
سومكىسىنى مۇرىسىدىن ئېلىپ كارۋاتقا قويۇپ، — باللارغا كوزلۇ
ۋاكسىنا ئۇرۇۋاتىمىز. ئەتە بۇ يەردىن باشلايمىز... ھە، راست، زەيتۇنە
سىلىگە سالام ئېيتتى.

— سالامەت بولسۇن...—ئانا قازانغا گۇرۇچنى سېلىپ تۇرۇپ
ئېيتتى، — زەيتۇنەم ئۇزۇن بولدى، بۇ تەرەپكە ئوتمىدى.

— ئەمدى كېلىدۇ، ئۇلارمۇ سۇ قورۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ.

— ئۇلاھىم، شۇنداق بولسۇن......

شۇ چاغدا ئويگە تومۇر بوۋا، جاۋتيەن، سابىرلار كىرىپ كەلدى.
تومۇر بوۋا سۇك مېي بىلەن قىزغىن كورۇشتى:

— مانا سەن قىزىم، بۇ يەرگە قايتا تەربىيە ئالغىلى كەلمىگەن
بولساڭ، جاۋتيەن ئوغلۇمنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى
گەپ ئىدى. مەن سېنى شۇڭا ماڭغان ئىزىڭدىن گۇل ئۇنىدىغان قىز دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىكار ئېيتمايمەن، — دېدى ۋە جاۋتيەنگە قاراپ، — خوش ئوغلۇم، سېنىڭ ھازىرقى ھېساۋىڭ بىلەن بىزنىڭ ھېساۋىمىز ئوخشاش چىقتىمۇ؟

جاۋتيەن تەشمىنىڭ ئىككى يۈز ئەللىك غۇلاچتىن كوپرەك بولۇش ئېھتىمالى بارلىغىنى، تەشمىنىڭ ئاستى تەكشىلىگەندە بەش مېتىردىن كوپرەك پەرق بولىدىغانلىغىنى، لېكىن، توپا - تاش، دىڭگۈك - ئاتكۇس ئولچەشتە پەرق يوقلۇغىنى تەپسىلى سوزلەپ بەردى.

گۈلسۇمخان ئانا خوشال ئىدى. «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە كەپتۇ دېگەندەك، سۈڭ مېي قىزنىڭ ئوبدان سائەتتە غىزا ئۈستىگە كەلگىنىگە بەك خوشمەن» دېدى ۋە ئويگە چىراق ياقتى.

سابىر چۈچىسى بار چوتا لوگگىنى مۈرىسىگە سېلىپ، ھەركىمنىڭ قولىغا ئاپتاۋا بىلەن سۇ قۇيدى. سۈڭ مېي ياردەملىشىپ، سۇپا ئۈستىگە كەڭ يېيىپ دەستىخان سالدى. قىزىرىپ پىشقان ئوچاق سامىسى قويۇلدى، ئارقىدىن پۇقۇراپ ھورى چىقىپ تۇرغان پولو كەلتۈرۈلدى. گۈلسۇمخان ئانا:

— قېنى ئېلىڭلار،... كوپچىلىك بۇ ئىشقا قول تىققاندىن كېيىن، كوڭلۇم تىنىدى. كوپىنىڭ ئەقلى كوپ، تاغ سۈرلىرى كەلسە، بىر راھەت، — دېدى.

— تازىكەنلا، گۈلسۇمخان، — دېدى تومۇر بوۋا بىر كاپام پولونى ئېغىزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — مانا ئەمدى سۈنىڭ كېلىشىنىڭ ئوزى ئازلىق قىلىدۇ. جاۋتيەن ئوغلۇم، ئېلىكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنىڭ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومرىمىز بولسا، كېلەر يىلى ئېلىكتىر نۇرىدا ئولتۇرۇپ ئوز بەختىمىزنى ھېكايە قىلىمىز. مانا شۇ چاغدا بۇ ئويدىكى تويىنىڭ پولوسىغىمۇ داخىل بولىمىز، ......

ئويدىكىلەر كۈلۈشتى. تومۇر بوۋا بۇ سوز بىلەن ئانا ئالدىرايدىغان سابىرنىڭ تويىنى ئىما - ئىشارە قىلغان ئىدى. ئانا:

— شۇنداق بولار، توي ئۈستىگە توي بولۇپ كەتسىمۇ ئەجەپ ئەمەس، — دېدى ۋە جاۋتيەن بىلەن سۈڭ مېيغا قاراپ كۈلۈپ قويدى......

# 3. يۈرۈش قىلىش مارشى

ئون بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى يېڭىيەر دادۇيى ئۈچۈن قۇتلۇق بىر كۈن بولدى.

شەرقتىن سۈبھى كۆتىرىلىشى بىلەن تەڭ، دادۇي ئىشخانىسى جاي لاشقان ئىگىز ئوگزىدىن پىشقەدەم ناغرىچى بايىز ئاكىنىڭ چوڭ ئاۋاز لىق جۈپ ناغرىسى شادىيانە گۈمبۈرلەپ، ئويغاتقۇچى جاراڭلىق مۇقا ئاھاڭلىرى تاڭ شامالىرى ئارقىلىق يىراقتىن - يىراقلارغا كەتتى. يېزىنىڭ ئاتا مىراس سۈنەيچىسى ھېلەك سوپى بۈگۈن بولەكچە غەيرە بىلەن ئوز سۈنىيىنى جۇشقۇن، شوخ مۇقام مەشرەپلىرىگە ساز قىلدى كىشى قەلبىگە گۈزەللىك، غەيرەت، جاسارەت بەخش ئەتكۈچى نەغمە مەشرەپلىرى پۈتۈن دادۇي ئەزالىرىنى ئاجايىپ ئۇلۇغ باشلىنىشنىڭ زو بىلەن شاتلاندۇرۇپ، ئوز ئەتراپىغا توپلاشقا باشلىدى.

دادۇي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ھەممىدىن بۇرۇن يېڭىيەر قىز يىگىتلىرىنىڭ خوشال كۈلكە، شوخ چاقچاقلىرى جاراڭلاپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تۆەنجىربۇ شۇجىسى ئابابەكرى ئېغىرلىقى توت جىڭلىق ۋە ئال جىڭلىق ئىككى قىرلىق جوتۇلارنى ئوندىن - ئوندىن قىلىپ باغلا تاتتى، ئۇ بىر چەتتە ئۆزۈن خادىلارغا قىزىل بايراقلارنى بېكىتىۋاتقان خا يەتكە قاراپ كۈلۈپ:

— خاسىيەت، سەن بۇ كىچىككىنە بەستىڭ بىلەن تاققا بېرى نىمە ئىشمۇ قىلىپ بېرەرسەن، — دىدى چاقچاق قىلىپ.

— كىچ بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە دىگەن گەپنى بىلەمسەن ئوزەڭ، دىدى خاسىيەت بوش كەلمەي، — بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمە باش تارىغىنى بىلەن ئايال ... دىمەك، ئالتۇننى ئوتتا سىنا، باتۇرنى مەيداندا. تاقىر تاغنى تېشىپ ئوتۇشتە قېنى كىم «ۋاي» دەيدىكەن، چاغدا كورىمىز ......

— كورۇپ بوپسەن، ياغ ئالغان قاپاق تېشىدىن مەلۇم، چوڭ گ قىلما ......

www.uyghurkitap.com

— يوقسۇ، ئۇنداق ئىش يوق. پاقىرنىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن بولۇۋەرمەيدۇ. چوڭ گەپنىڭ تېگى بوش. ئوزەڭگە ئاگاھ بول، يىگىت......

سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا تومۇر بوۋىنىڭ كىچىك ئوغلى توختى بىلەن ياش مىنبەك ئابلىكىم قىزىلتاغ باغرىغا تىكىلمىدىغان چېدىرلارنىڭ ياغاچلىرىنى ئەپلەك قىلىپ تېگىپ، ھارۋىلارغا بېسىشقا تەييارلاۋاتاتتى. سىلىماخۇن، سادىقلار چوڭ داش قازانلارنى كوتىرىشىپ كەلمەكتە. تۇراخۇن ھارۋىلارنى ئالدىن ماڭغۇزۇۋېتىش ئۈچۈن، ھارۋىكەشلەرنىڭ ھارۋا قېتىشىغا ياردەملىشىپ يۈرەتتى. سۈك مېي بولسا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قۇلىقىغا تۇتۇۋېلىپ، گۆگشى دوختۇرخانىسىدىن كېرەكلىك دورا ـ سايمانلارنى تېز يەتكۈزۈپ بېرىشنى سۆيلىمەكتە ......

سابىرنىڭ قەلبى خوشال ھاياجان بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى.

سابىر قارلىق تاققا ھۇجۇم باشلىنىدىغان بۇ قۇتلۇق كۈننىڭ ئاخىر يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، قەھرىمان داجەيلىكلەرنىڭ خىسلەت ـ پەزىلىتى يېگىيەردە چوقۇم غايەت زور كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي داجەيىنى، داجەيلىكلەرنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى تەشۋىق قىلدى. كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلار، كادىر ۋە تېخنىكلاردىن ئىبارەت «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن لايىھىلەش گۇرۇپپىسى» نى باشلاپ، قىزىلتاغنىڭ ئالدى ـ كەينىنى قانچە ـ قانچە رەت كەزدى. يولداش جاۋ تيەن بىلەن كېچە ـ كېچىلەپ ئولتۇرۇپ، پىلان لايىھىلىرى ۋە خەرىتىلەر ئۈستىدە باش قاتۇردى. جاۋ تيەننىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىسىنىڭ بۇ ئىشقا يېڭى مەزمۇن، ئۈنۈملۈك تەدبىر كورسىتىپ بەرگەنلىگىدىن رازى بولدى. ئەزالار يىغىنلىرىنىڭ قايتا ـ قايتا مۇزاكىرىسىدىن، تولۇقلىشىدىن ئوتكۈزدى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىدىيە ۋە ماددى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىنچىكىلەپ سەرەمجانلاشتۇردى.

تۈنۈگۈن كەچتە، گۆگشى داگۈبېي شۇجىسى چاۋار مەتقۇل يېتىپ كەلدى. سابىر، جاۋ تيەن داگۈبېي شۇجىسى بىلەن بىللە كېچىچە ئولتۇرۇپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم كوزدىن كەچۈرۈشتى ۋە كوڭلىدە

قانائەت ھاسىل قىلىشتى ......

تاڭ سۈزۈلدى، دادۈي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيـ
ئادەملەر بىلەن تولدى. ھاياجانلانغان، شاتلىقتىن كوزلىرى ئويناپ كـ
كەن تومۇر بوۋا خوشنا دادۈي ئەزىمەتلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىگـ
خەۋەر قىلىپ، قۇرۇلۇش جىرخۇيبۇسىدىكىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقـ
قارشى ئېلىشقا ئالدىراتتى.

— قۇتلۇق كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، بالىلىرىم، — دەيتتـ
بوۋاي خوشاللىق بىلەن، — داجەي بايرىقى ھەممە تەرەپتىن ئىگىز كوتىـ
مەكتە. خوشنىلىرىمىز يېتىپ كەلدى، جۇرۇڭلار ئالدىغا چىقايلى......

ئىشخانىدىكىلەر تالاغا چىقىشتى. يېگىيەر بىلەن ئايدىڭكول دادۈ
ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بوزلۇقنى كېسىپ ئوتكەن كاداڭ ھارۋا يولىدا ١
زۇندىن - ئۇزۇنغا سەپ تارتىپ، ناغرا - سۇنەي، دۇتتار - تەمبـ
راۋاپ ۋە داپلىرىنى چېلىشىپ، زەيتۇنەم باشلىغان ئايدىڭكول دادۈيـ
ئەزالىرى، ئارقىدىن ھېكىم رازىق باشلىغان قىزىلىيۇلتۇز دادۈيىنىـ
ئەزالىرى سان - ساناقسىز قىزىل بايراقلار ئارىسىدا ئوتقاشتەك رەڭلىـ
دولقۇنلىنىپ يېتىپ كېلىشتى ......

دادۈي ئىشخانىسىنىڭ ئىگىز تېمىغا: «داجەي تۇغىنى ئىگىز كو
رىپ، قارلىق تاغنى باش ئەگدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇ
ئۈچۈن ئالغا!» دىگەن خەت يېزىلغان قىپ - قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغـ
ئىدى. سەينادا بىر مىڭ ئىككى يۈز كىشىلىك سۇ قۇرۇلۇشى جەڭچىلىر
سانجاق بولۇپ تۇراتتى. يېگىيەر دادۈيى تەشكىل قىلغان چوڭ قـ
شۇن ئالدىدا تۇراخۇن، سىلىماخۇن، سادىق ۋە تومۇر بوۋىلار بار ئىدى
ئايدىڭكول دادۈيىدىن كەلگەن توت يۈز كىشىلىك قوشۇن ئالدىدا زەيتۇنە
ھەم ئۇنىڭ دادىسى ھامۇتاخۇن، ياش مىنبىڭ ئايىمگۇللەر مەغرۇر كوك
رەك كېرىپ تۇراتتى. قىزىل بايراقلار كىشىلەرنىڭ بېشىدا جەۋلان قىلىپ
لەپىلدەيتتى ......

چاۋار مەتقۇل قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغان سۇپىغا چىقتى. ئۇ بېشىغا
قارا كوپە قۇلاقچا، ئۇستىگە نىل رەڭ شىرما چاپان كىيگەن ئىدى. قو-
لىدا قەغەز تۇتقان بولۇپ، يۈز - كوزلىرىدىن رازىمەنلىك يېغىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داگۋېي شۇجىسى ئالدى بىلەن قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشى پىلانىنى ئەستىقلىغان گوڭشې داگۋېيىسىنىڭ قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە بۇ قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچى جىرخۇيبۇنىڭ تەركىۋىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭغا: سابىر، جاۋ تيەن، زەيتۇنەم، تومۇر بوۋا، سېلىماخۇن، ھېكىم رازىق، قاسىملار كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

— بىز ھەممىمىز ئازاتلىقتىن كېيىنكى بىۋاستە ئەمەلىيەت ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، — دېدى چاۋار مەتقۇل كوتىرەڭگۈ جۇشقۇن ئاۋاز بىلەن، — ئۇلۇق پارتىيىمىزگە، ئۇلۇق داھىيمىز ماۋ جۇشىغا زىچ ئەگەشكەن خەلق مەڭگۈ يېڭىلمەستۇر. شان - شەرەپ، بەخت - ئامەت، قۇياشتەك نۇرلۇق ئىستىقبال ھەر قاچان پارتىيىمىزگە، ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىزىم داغدام يولىدا باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسقان خەلق تەرەپتە، بىز تەرەپتە. داجەي بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز. داجەي تۇغى — غالىپ تۇغ. قەھرىمان داجەيلىكلەر ماڭغان يول — سوتسىيالىزىم قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، كوممۇنىزىمغا ئېلىپ بارىدىغان پارلاق يول. ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنى — كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - پاراسەت، غەيرەت - جاسارەتنىڭ ئالتۇن بۇلىقى. بىز ھەممىمىز ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلاۋىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىزىلتاغ ئېتىكىدە گۈللەنگەن، ئاۋات، باي، مەدىنىيەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنى تېز ئارىدا قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدۇق. قۇرغاقچىلىققا، سۇسىزلىققا قارشى ھېچبىر ئىككىلەنمەي قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش — ئىنتايىن موھىم، جەڭگىۋار ۋەزىپە... يولداشلار، داجەي تۇغى قارلىق تاغ ئۈستىدە لەپىلدىسۇن، سۇ يولىنى توسۇپ ياتقان جاھىل تاغنى كۆمپەيكۇم قىلايلى ......

ئالقىش ۋە چاۋاك سادالىرى بېسىققاندىن كېيىن، سابىر سۇپىغا چىقتى. ئۇ تاغلىق كەنتنىڭ ئادىتى بويىچە بېشىغا يارىشىملىق يېڭىلىك ئورە تۇماق كىيىپ، كەمزۇلىنىڭ ئۈستىدىن بېلىگە قىزىل بەلۋاغ باغلىۋالغان ئىدى. يۈزلىرى نۇرلىنىپ تۇراتتى، يېنىپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرىدە بىر خىل جەسۇرلۇق، ئۆزىگە ئىشەنچ، خەلققە بولغان سادىقلىقنىڭ پارلاق نۇرى چاقنايتتى.

سابىر «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن لايىھىلەش گۇرۇپپىسى» نامىدىن

ئاخىرقى قېتىم بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سابىر-نىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلادى ئېنىق كورسەتكۈچ، ئۈنۈملۈك تەدبىر، ئۇلۇق ئارزۇنى پات ئارىدا رىياللىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەقىل چىرىغى بىلەن يوروتۇلغان ئىدى. مەيداندا سانجاق بولۇپ تۇرغان كىشىلەر بۇ دوكلاتتىن سابىر بىلەن جاۋ تيەننىڭ بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى جاپالىق تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش جەريانىدىكى ھالال تەر، مۇشكۈل ئەمگەكلىرىنى روشەن ھالدا كوز ئالدىغا كەلتۈردى. سابىر ئوز دوكلادىنى مۇنۇ ياڭراق سوزلەر بىلەن تۈگەتتى:

— بىز مەقسىدىمىزگە چوقۇم يېتىمىز، ماۋ زېدۇڭ سىشياڭى بىلەن قوراللانغان، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ جاسارەتكە كەلگەن گوڭشې ئەزالىرى ئالدىدا پولاتتىن ياسالغان تاغمۇ قەغەز يولۋاس.

مەيدان تەۋرىدى. ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا يېگىيەر دادۈيىنىڭ كوتىرەڭگۈ روھلۇق قوشۇنى قىزىلتاغ باغرىغا قاراپ جاسارەت بىلەن قەدەم تاشلىدى. ئۇزۇن سەپ ئۈستىدە قىزىل بايراقلار لەپىلدەيتتى. جوتۇ - كەتمەنلەر بەرجەس مۇرىلەردە پاقىرايتتى. قىزىلتاغ باغرىدا جاسارەت جۇشقۇنى بولۇپ، راۋاپ، تەمبۇرگە تەڭكەش قىلىنىپ ناخشا سادالىرى كوككە كوتىرىلدى:

باشلاپ ماڭدى ماۋ جۇشى گۈزەل ئىقبال تامان بىزنى،
ئۇلۇق ماۋزېدۇڭ سىشياڭى يوروتتى بۇ دىلىمىزنى.

داجەي يولىدا ماڭدۇق، تولۇپ چەكسىز جاسارەتكە،
قىزىلتاغ باش ئىگەر جەزمەن ئۇيۇشقان كۈچكە - غەيرەتكە.

داجەينىڭ قىزىل تۇغى ھامان بۇندا قىلار جەۋلان،
قىزىلتاغ باغرىدا ئاخىر، بولار پەيدا يېشىل بوستان......

## 4. قۇرۇلۇش ئورنىدا

گوڭشې داڭۋېي شۇجىسى چاۋار مەتقۇل يېگىيەر دادۈيگە چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بىلەن يېتىپ كەلدى، مەھەللە ئىچىدە ھېچكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمىغاللىقتىن، ئەگراپ چۆلدۈرەپ قالغان ئىدى. چاۋار مەتقۇل ئېتىنى دادۇي ئىشخانىسىنىڭ بىر چېتىدىكى لاپاس ئاستىغا باغلىدى ـ دە، ئىشخانا ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە، چاۋار شۇجى ......

تېلېفونغا قارايدىغان قىز ئايشەم چاۋار مەتقۇلنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە بىردىن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى:

— نىمە مەن، كىچىك بالىمەنمۇ، ياشلارنىڭ ھەممىسى قىزىلتاققا كېتىشتى. مەن بولسام كەچكىچە بۇ «گەپ يولى»نى بېقىپ، ئېزىلىپ ئولتۇرىمەن. نىياز ئاكىغا تۈمەن مىڭ قېتىم ئېيتتىم. مەن بىلەن ئۇرۇشقىنى تۇرۇشقان: «بارمايسەن دىدىممۇ، بارمايسەن، تېلېفونغا قاراشمۇ ئىش» دەيدۇ. ھەممە ياشلار تاغ بىلەن ئېلىشىپ، بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇۋاتسا... تېلېفونغا قاراشمۇ ئىشمىش ......

— ئوھو ... مۇنداق دىگىن، — داگۋېي شۇجىسى مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا ئورىدى، تاماكىغا سەرەڭگە يېقىپ، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى، — ھە، ھە، گۇڭشېمۇ؟ ياخشى. ناھىيىدىن چىقىدىغان ماشىنا كەلدىمۇ؟ ھە، ياخشى، بولىدۇ. ئۇنداق بولسا ئۇدۇل قۇرۇلۇش ئورنىغا كەلسۇن. ھە، شۇنداق، مەن قۇرۇلۇش ئورنىغا كەتتىم ......

چاۋار مەتقۇل تۇرۇپكىنى قويۇپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، نىمىنىدۇ ئويلاپ بىر پەس تۇردى ـ دە، تېخىچە ئۆرە تۇرغان ئايشەمگە قارىدى، — ئايشەم، ئۆرە تۇرۇۋېرەمسە، ئولتۇر قىزىم، خوش، ھازىر دادۇي ئىچىدە نىمە ئىشلار قىلىنىۋاتىدۇ؟

ئايشەم كوزىنىڭ قىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، فۇجۇرېن نىياز قۇربانىنىڭ دادۇي ئىچىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ مەشەدە قالغانلىقىنى، بىر گۇرۇپپا ئەزالار تىراكتورنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئېچىلغان بوز يەرگە قىر ـ تىرگەن سوقۇۋاتقانلىقىنى، قالغان ـ قاتقان ئەزالارنىڭ كۆزنىڭ قويرۇغىنى بېشقىتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— شۇنداق قىلىپ، زېرىكتىم دىگىن.

— زېرىكمىدىم، قىزىلتاغقا بارالمىغىنىمغا ئىچىم پۇشىدۇ......

— بولىدۇ، قىزىم، بىز سىنىڭ ئىچىڭ پۇشمايدىغان ئىشنى قىلى
مىز، — چاۋار مەتقول ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ ئېيتتى، —
بۈگۈن كەچتە قۇرۇلۇش ئورنىغا ماتور ئەپكېلىدۇ، ئەتە ئىش ئورنىنىڭ
ھەممە يېرىدە لامپا بولىدۇ. ئاندىن قۇرۇلۇش جىرخۇيبۇسى بىلەن سەن
ئارقىلىق گۈڭشېغا ۋە ناھىيىگە تېلېفون چاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن سەنم
بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ھەممە يېڭىلىقتىن خەۋەر تاپ
سەن. ئەڭ مۇھىمى، سەن بۇ ئاپارات ئالدىدا ئولتۇرۇپ قۇرۇلۇش مەي
دانىنى پۈتۈن ناھىيە بىلەن ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىسەن
بۇ — مۇھىم ۋەزىپە، خەلق خىزمىتىنىڭ چوڭ - كىچىكى يوق، خاتى
جەم ئىشلىگىن، بولامدۇ؟

— ماقۇل ......

چاۋار مەتقول ئېتىغا مىندى - دە، يېرىم سائەتكە قالماي قىزىلتا
باغرىغا يېتىپ باردى.

قىزىلتاغنىڭ چوققىسىدا ۋە قولتۇق، مۈرىلىرىدە قىزىل بايراقلا
يەلپۈنۈپ تۇراتتى. تاغ باغرىدا قىزغىن ئەمگەك مەنزىرىسى ئېچىلغان، تا
بېغىرلاپ چېدىرلار تىكىلگەن، گەمىلەر قېزىلغان ئىدى. تاش توشۇۋاتقا
ئات، كالا، ئېشەك ھارۋىلىرى ئايغى ئۈزۈلمەي ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆ
تۇشۇپ تۇراتتى. تەشمە ئېغىزىدىن باشلاپ، تۆپ - تۈز كەتكەن سا
ئىچىدە تاش ئۇستەڭ قۇرۇلۇشچىلىرى ئىشلەۋاتاتتى. گەمىلەرنىڭ ئالد
دىكى تاش ئوچاقلارغا داش قازانلار ئېسىلغان، سەۋزىلەر قەلەمچە قىلى
قويۇلغان ئىدى، چۈچۈتۈلگەن ياققا سېلىنغان پىياز ئەتراپقا مېزىلىك
پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى.

چاۋار مەتقول ئېتىنى گەمىلەرنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا قالدۇرۇپ
ئۆزى تاش ئۇستەڭ قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقان يەرگە كەتتى.

تاش ئۇستەڭ قىزىلتاغ باغرىدىكى تەشمە ئېغىزىدىن باشلىنىپ، بىر
كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇققا سوزۇلۇپ، شاقىراتما ئالدىغا كېلىپ
توختايتتى. شاقىراتمىنىڭ ئايغىدىن چىققان سۇ سەل سۇلىرى مەركەز-
لىشىپ ئاقىدىغان كونا ئۇستەڭگە چۈشۈپ، «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۈزۈلاتتى. تاش ئۇستەگىنىڭ ھۇلى قېزىلىپ بولغان، ئەمدى ئۇستەگگە تاش تىزىش باشلانغان ئىدى.

تاش ئۇستەڭ ئىچىدە ئايدىڭكۆل دادۇيىنىڭ ئەزالىرى ھەممە يەرگە تەكشى يېيىلىپ قىزغىن ئىشلەۋاتاتتى. ئۇستەڭ ئىچىدە كىچىك گۇ- رۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ئەزالار زەيتۇنەمنىڭ دادىسى ھامۇتاخۇن ۋە مۇسا دۇيجاڭلارنىڭ كورسەتمىسى بىلەن ئۆلچەملىك تاشلارنى ئەپچىللىك بىلەن رەتلىك قىلىپ تىزىۋاتاتتى.

چاۋار مەتقۇل ئەزالار بىلەن سالام-سائەت قىلىشىپ، ئۇستەڭ ئىچىگە چۈشتى ۋە پاراڭلاشقاچ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ تاش تىزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەزالار ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى ھېكايە قىلدى. ئۆزئارا چاقچاق قىلىپ كۈلۈشتى. داڭۋېي شۇجىسى ھامۇتاخۇننىڭ ئەپچىللىك بىلەن يۈ- نىڭنى سۇنىغا كەلتۈرۈپ تاش تىزىۋاتقان قولىغا قاراپ:

— ھە، ھامۇتكا، سەن مۇنداق چىرايلىق قىلىپ تاش تىزىش ھۈنىرىنى قەيەردىن ئۈگىنىۋالغان ئىدىڭ، — دېدى كۈلۈپ.

ھامۇتاخۇن مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، ئالدىدىكى سوقىچاق، ئىگىر-قىيشىق، بەپىلە تاشلارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— بىز تاش-شېغىل ئىچىدە يۇرسەكمۇ، — دېدى ھامۇتاخۇن داڭۋېي شۇجىسىغا قاراپ، — لېكىن-زە، تاشتىن مۇنداق چىرايلىق گۈل چىقىرىپ ئۇستەڭ ياساشنى قىلىپ كورمەپتىكەنمىز. مانا ئەمدى ئىشلەپ يۇرۇپ، ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى تېپىۋالدۇق......

... زەيتۇنەم يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن تانا ۋە ئۈچ قىرلىق كىچىك قوزۇقلار بار ئىدى. چاۋار مەتقۇل زەيتۇنەم بىلەن سالاملىشىپ تۇرۇپ:

— ھامۇتكام يارايدۇ، زەيتۇنەم. ئىشنىڭ بىر ئوبدان ئېپىنى ئېلى ۋاپتۇ، — دېدى.

... — دادام يامان ئەمەس، — دېدى زەيتۇنەم قولىدىكى تانىنى قو- زۇققا يوگەپ تۇرۇپ، — ھە دېگەندىلا قوزۇق قېقىش، تانا تارتىش، تاش تاللاش، تىزىشقا ئوخشاش بەزى تېخنىكىلىق ئىشلار ئالدىمىزنى توستى.

سۇپەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا بولمايتتى. يولداش جاۋتيەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرقانچە زەربىدار گۇرۇپپىنى كەينىگە سېلىپ تېخنىكا ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردى. بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا يۈزدىن ئارتۇق تېخنىك، تاش ئۇستىلىك قۇرۇش ماھىرى يېتىشتى. دادام ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

— كوز قورقاق، قول باتۇر. ئۆگەنسىلا ئېپىنى تاپقىلى بولىدىكەن، — دېدى مۇسا دۈيجاڭ كۈلۈپ.

چاۋار مەتقۇل ئەزالار بىلەن بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، تاش ئۇستىگىنىڭ ئايىغىغا ئۆتتى. بۇ يەردە بىر گۇرۇپپا ئەزالار ئېلېكتىر ئىستانسا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھۇل قېزىۋاتاتتى. جاۋتيەن ئولچىگۈچ ئەسۋاپنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۈچ بۇرجەكلىك بايراق بىلەن يىراقتىن بەلگە بېرىپ تۇرغان ئايىمگۈلگە قاراپ، قانداقتۇ كورسەتكۈچ سانلارنى خاتىرىلەپ، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنى خەرىتىلەشتۈرۈۋاتاتتى.

— ھە، شياۋجاۋ، ئىشلار قانداق؟ — دېدى چاۋار مەتقۇل جاۋتيەن بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشۇپ.

— ئىش پىلان بويىچە كېتىۋاتىدۇ، يولداش شۇجى، — جاۋتيەن بويىندىن لوڭگىسىنى ئېلىپ، يۈز - كوزلىرىدىكى توپىلارنى ئېرتىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى، — ھازىرقى سۈرئەتتىن قارىغاندا، تاش ئۇستەڭ قۇرۇلۇشى تېز ئارىدا تاماملىنىدۇ. ھازىر ھەممە كۈچنى تەشمىگە مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس — تەشمە ئىچى تار. شۇڭا، تەشمىدىن ئاشقان بىر قىسىم كۈچنى ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا يوتكەشنى ئويلىشىۋاتىمىز......

جاۋتيەن خوشال بىر قىياپەتتە سەل ھاياجانلىنىپ ئېيتتى:

— يولداش شۇجى، ئېلېكتىر نۇرى بۇ تاغلىق كەنتنى نۇرغا چۆمدۈرمىسە، كوڭلۈم زادى ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ. مۇنداق ئېيەلىك شارائىت ھەممە يەردە بولىۋەرمەيدۇ - دە. تەييار سۇ، تەبىي شاقىراتما — ھېچقانداق يىقىلغۇ كېرەك ئەمەس، بۇنداق ئىشنى قىلماي بولامدۇ؟......

داگۈيې شۇجىسى جاۋتيەننىڭ سوزلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈپ قويدى.

— بىز غايەت زور ئۆزگىرىشلەر دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، شياۋجاۋ، — دېدى چاۋار مەتقۇل ۋە يېنىدىن تاماكا چىقىرىپ جاۋتيەنگە سۇندى، — داجەيدىن ئۆگىنىش دولقۇنى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بىلەن ئېلېكتىرلەشتۈرۈشنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ — مۇقەررەر يۈزلىنىش. سۇڭ شۇجى ناھىيىدىن ئېلېكتىر ئىستانسىسىگە كېرەكلىك ماشىنىلارنىڭ ھەل بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، ئېلېكتىر سىملىرى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ماشىنا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭدا مەسىلە يوق. لېكىن، ھازىر ئاساسىي ئىش — تەشمە مەسىلىسى. ئۇ يەردىكى ئىشلار قانداق؟

— ھازىرچە ئىش سۈرئىتى ياخشى. تەشمىدىن ساپلا تاش - شېغىل چىقىۋاتىدۇ. مولچەردىكى قۇرام تاشلارغا تېخى يولۇقمىدۇق. تۈنۈگۈنكىچە قىرىق مېتىردىن كۆپرەك ئويۇلدى......

چاۋار مەتقۇل قوشۇمىلىرىنى تۈردى، ئىنىدىن ئويلىدى:

— ئىككى يۈز ئەللىك غۇلاچتىن كۆپرەك تاغ تەشمىسىنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي تاش - شېغىل بولۇشى ناتايىن، كۆپ ئۆتمەيلا تەشمە يېرىنى توساپ تۇرغان چوڭ قۇرام تاشلارغا دۇچ كېلىش ئېھتىمالىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، بۇنى ئويلىنىپ كۆردۈڭلارمۇ؟

— باشقا چارە يوق، پارتلىتىمىز، — دېدى جاۋتيەن.

— پارتلىتىش دورىلىرىنى نەدىن ئالىسىلەر؟

جاۋتيەن بۇ ھەپتە تېخى ئويلىنىپ كۆرمىگەنلىكىنى، سابىرنىڭ بەزى پىلانلىرى بارلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ ھەپتە ئىش قىستالغاندا ئويلانغاندىن كۆرە، ھازىردىن باشلاپ ئويلانغان ياخشى، — داگۇبىي شۇجىسى جاۋتيەنگە قاراپ تەمكىن ئېيتتى، — تاغنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە تېشىپ ئۆتۈش يولىدىكى كۈرەش — قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىدىكى جاپالىق ئۆتكەل، پۈتۈن ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ياكى مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچ. چوڭ قۇرام تاشلارنى جوتو بىلەن لوم تومۇرلەرگە تايىنىپ باش ئەگدۈرۈش قىيىن، ئەلۋەتتە. بۇ ئېھتىمالنى ھازىردىن باشلاپ نەزەردە تۇتۇش، تەييارلىق قىلىش كېرەك......

— بىزدە يەتتە كىشىلىك تېخنىكا - تەتقىقات گۇرۇپپىسى بار. بۇ

مەسىلىنى شۇ گۇرۇپپىدا مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى، — دېدى جاۋتيەن.

— شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى چاۋار مەتقۇل، — يۇقۇرى ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىق بىلەن تاغنى تالقان قىلىدىغان جاسارەتكە، يەنە جىددى، ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيىدە ئىش كۆرۈش روھى قوشۇلسا، ئۇ حالدا بىزنىڭ يولىمىزنى ھېچنېمە توسالمايدۇ.

ئۇلار يەنە بەزىبىر ئىشلارنى مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، داگۋيبي شۇجىسى چاۋار مەتقۇل جاۋتيەننى باشلاپ، تەشمە تەرەپكە كەتتى.

پېشىندىن كېيىنكى ھاۋا خېلىلا سوغاق ئىدى. ئەمما سوغاق ھاۋا گۇڭشې ئەزالىرىغا ھېچبىر تەسىر قىلغاندەك ئەمەس. قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ھەممە يېرىدە خۇشچاقچاق گۇڭشېچىلارنىڭ شوخ ناخشىلىرى، كەتمەن، گۈرجەك، غالتەك، قول ھارۋىلىرىنىڭ تاراق - تۇرۇق ئاۋازلىرى گويا توي - تۆكۈن نەغمىلىرىدەك قىزىلتاغ ئېتىكىنى جانلاندۇرۇپ تۇراتتى.

تەشمە ئېغىزى — ھايات قاينىغان يەر. بۇ يەردە غالتەك، زەمبىل، ئەپكەش ۋە تاغار بىلەن تاش - شېغىل توشۇۋاتقان يېڭىيەر دادۈيىنىڭ ئەزالىرى خۇددى باپكاننىڭ مۆكىسىدەك تەشمە ئىچىگە كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ئىگىزلىكى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىردىن كۆپرەك بولغان تەشمە خۇددى تۈنىلگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئىچكىرىلىگەنسىرى يۇقۇرى كۆتىرىلىپ باراتتى ۋە ھەر بەش مېتىر يەرگە بىردىن مادېڭ ئېسىلغان ئىدى.

چاۋار مەتقۇل تەشمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئالدى تەرەپتىن تۆمۈر بوۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى:

— مۇزەپپەر پوم ئۆتمۈشتە ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن داڭ چىقاردى، دېگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ ئاخماقلىقى بىلەن داڭ چىقاردى، دېگەن تۈزۈك، — دەيتتى بوۋاي، — نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى توشۇك دېگەندەك، بۇ خۇمپەر قارلىق تاغنىڭ سۈيىگە كۆز ئالايتقاندا، ئۆز نەپسانىيىتىنىلا ئويلىدى، ئەلنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىدى. نەتىجىدە، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى. ئەلنىڭ قاغىشى ئوق بولدى. مۇزەپپەرنىڭ توققۇز يۇرتنى قوزغاپ، تاغ سۈيىنى ئەكىلىمەن دەپ ھەشەم قىلىشىدىن ھېچنېمە چىقمىدى......

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تومۇر بوۋا چاۋار مەتقۇلنى كورۇپ، خوشاللىق بىلەن:

— كەل ئوغلۇم، تاغنىڭ دەل يۈرىگىدىن يول ئېچىۋاتىمىز، — دېدى ۋە ساقاللىرىنى سىلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى، — قورققانغا قوش كورۇنۈپتۇ دىگەندەك، دەسلەپ، پۈتۈن بىر تاغدىن لەخمە ئويۇش ئاجايىپ بىر ئىشتەك ئاڭلانغان ئىدى. قول سېلىۋىدۇق، ئىشنىڭ سىرىنى بىلىۋالدۇق. راۋرۇس ئالغا كېتىۋاتىمىز......

— ياخشى،... ساكا، بۇ يەردە ئىشلەش ئېغىر ئەمەسمۇ؟ — دېدى داگۆبي شۇجىسى تومۇر بوۋىغا غەمخورلۇق بىلەن قاراپ تۇرۇپ.

— قىزىق ئىكەنسەن، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي، — بايا مەن ياش يىگىتلەرگە، مۇزەپپەر پومىنىڭ قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىمەن، دەپ، خەلققە سالغان مۇشكۇلچىلىكلىرىنى سوزلەپ بەردىم. ئۇ چاغدا سۇ — بايغا، جاپا — كەمبەغەلگە بولىدىغان تۇرسا، كىممۇ كۈچ چىقىرىپ، ئەقىل كورسىتىپ ئىشلىسۇن. ئەمدى ئىش باشقا، ۋەتەن ئۈچۈن، چوڭ ئائىلەمىز ئۈچۈن، ئوزىمىز ئۈچۈن ئىشلەيمىز - دە، شۇڭا، مەن ۋۇجۇدۇمدا ئېغىرچىلىق ئەمەس، تاغنى تالقان قىلغىدەك غەيرەت سېزىۋاتىمەن ......

تەشمىنىڭ تورى — ئەڭ مۇشكۇل جەڭ مەيدانى. بۇ يەردە سابىر، تۇراخۇن، سادىقلار تاغنى بوسۇپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئالتە جىڭ ئېغىرلىقتىكى ئىككى قىرلىق پولات جوتۇلار تاش - شېغىلغا چاراقلاپ ئۇرۇلغاندا، ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى ۋە ئەكس سادا قايتۇرۇپ، پاتمان - پاتمان تاشلار تۆۋەنگە سىرىلىپ چۈشەتتى. چۈشكەن تاش - شېغىللارنى بولسا سېلىماخۇن، ئابابەكرى، توختىلار كەتمەن - گۈرجەكلەر بىلەن غالتەك، زەمبىللەرگە ئۇساتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشتانلىرىنى تىزىنىڭ يۇقۇرىسىغىچە تۈرۈۋالغان ئىدى، كوينەك - مايكىلىرى ئۇچىسىغا چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ساغلام، كۈچلۈك بەدەنلىرىدىن ئاچچىق تەر سۇدەك قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

چاۋار مەتقۇل چاپىنىنى سېلىپ، تەشمىنىڭ تورىدە ئىشلەۋاتقان تۇراخۇننىڭ قولىدىن جوتۇنى ئېلىپ، ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. كىشىلەر داگۆبي شۇجىسىنىڭ بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغانلىقىنى بىر قاراپلا كوردى. ئۇ تىزلىنىپ تۇرۇپ، جوتۇنى يانتۇ تۇتۇپ، تەشمىنىڭ تورى تېمىغا



ئاستى تەرەپتىن ئەپچىل ئۇراتتى، ئۇ بىر دەمدە ئاستىنى يېرىم مېتىرچە كولاپ بولدى. ئاندىن ئۈستى تەرەپتىن كۆچەپ بىرنەچچە جوتۇ ئۇرۇۋىدى، بىر ھارۋا كەلگىدەك تاش - شېغىل ئۆزىلا يىمىرىلىپ شاراقلاپ چۈشتى.

جاۋتيەن زەمبىلگە شېغىل ئۇسۇۋېتىپ:

— بۇ ئۇسۇل ئۈنۈملۈك ئىكەن، چوڭ تاشلار چىقىپ قالسىمۇ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن كولاش ئاسانەك قىلىدۇ، — دېدى.

— ئېرىق چاپقاندا ئۈستىدىن، تاش قازغاندا ئاستىدىن بولۇشى كېرەك، — دېدى چاۋار مەتقۇل يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — ئاستىدىن كولىغاندا، تاشنىڭ ئۆز سالمىقى ئاسانىراق ئۆرۈپ چۈشۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ......

ئۇلار قىزغىن ئەمگەك، شېرىن پاراڭلار بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. تەشمىنىڭ سىرتىدىن رەھناخان:

— يولداشلار، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولغىنىغا نىكەم، غىزا - پىزاغا رايىڭلار يوقمۇ... — دەپ ۋاقىرىدى.

تەشمىنىڭ تۈرىدىكىلەر ئىشنى توختاتتى. چاۋار مەتقۇل چاپىنىنى كىيدى. بۇ يەرگە ھېلىلا كىرىپ كەلگەن قاسىم داڭۋېي شۇجىسىغا قاراپ:

— ئىش سۈرئىتى بەك ئاستا بولۇۋاتىدۇ، نۆۋەتلىشىپ كېچە - كۈندۈزلەپ ئىشلەشنى يولغا قويساقمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ھازىرقى ئىش سۈرئىتىنى ئاستا دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى چاۋار مەتقۇل ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ — بىر قىش ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش، ئەزالارنىڭ تولۇق دەم ئېلىشىغا، ياخشى ئوزۇقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سەككىز سائەتلىك ئىش ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتنى دەم ئېلىشقا، مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ئاجرىتىش لازىم.

ئۇلار تەشمىنىڭ سىرتىغا قاراپ مېڭىشتى، تەشمە يولىدا مادىڭلار پەلدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى. چاۋار مەتقۇل سابىرغا قاراپ:

— تەشمە يولى ئۇزارغانسېرى مادىڭلارنىڭ ئىس - تۈتۈنى كۆپىيىدۇ، بۇ — ئەزالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق، سىلەر بۇنى ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

— ئۆيلىدۇق، لامپۇچكا بېكىتىسەكمىكىن دېيىشىۋاتىمىز، — دېدى سابىر.

... — توغرا، بۈگۈن ماتور ئەپكېلىدۇ. كېچىكتۈرمەي ئېلېكتىر چىراقلىرىنى بېكىتىش كېرەك، — دېدى داگۇيبى شۇجىسى كېتىۋېتىپ، — قۇرۇلۇش رەھبىرى بولغان كىشى باشلامچىلىق بىلەن ئەمگەكمۇ قىلىشى، ئاممىنى تەشكىللەشكە، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ماھىرمۇ بولۇشى كېرەك......

شۇ كۈنى كەچتە جىژخۇيبۇ چېدىرىدا قۇرۇلۇش يېتەكچىلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى بولدى. ھەرقايسى ئىش تارماقلىرى ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا خۇيباۋ قىلدى. سابىر ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق خىزمەتتىن خۇلاسە چىقاردى. چاۋار مەتقۇل چېدىرغا يۆلىنىپ، تومۇر بوۋىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. ئۇ كوپچىلىكنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇلۇش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى: سۇنى سۇ ئۈزۈش جەريانىدا ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. يولداش سابىر تەشمە تېشىش جەريانىدا يەكۈنلەپ چىققان بىر يۈرۈش ئىش ئۇسۇلى، قىزىليۇلتۇز داداۋىنىڭ تاش توشۇشنى غالتەكلەشتۈرۈش تەجرىبىسى، زەيتۇنەمنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنى ئەممەكتەپ، ھەم ئەمگەك مەيدانى قىلىش چارىسى ناھايىتى قىممەتلىك، دېدى.

چاۋار مەتقۇل كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— سۈك شۇجى ناھىيىنىڭ چوڭ ئىشلىرى بىلەن بەنت بولسىمۇ، لېكىن، كوڭلى ھامان بىزدە. ناھىيىلىك ئىنقىلاۋىي ۋېيىۈەنخۇي قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنى ناھىيە بويىچە بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىيازغىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان موھىم نۇقتىلىق سۇ قۇرۇلۇشلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتتى. قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك سېمونت، بېتونلارنى؛ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئۈچۈن زورۇر بولغان ئەسۋاپ - ئۈسكۈنىلەرنى يېقىن ئارىدا ئەۋەتىپ بەرمەكچى. دولەتنىڭ بۇ ئىشقا كوڭۈل بولۇشى تەبىي. لېكىن، بىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئاممىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە، كوپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم......

— بىز پارتىيىمىزنىڭ، ھوكۇمىتىمىزنىڭ غەمخورلۇغىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز، — دېدى تومۇر بوۋا خوشاللىق بىلەن چاۋار مەتقۇلنىڭ

قولىنى تۇتۇپ، — غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ ئىشلەيمىز. بۇنىڭدا گەپ يوق. بۇ غەمخورلۇققا بىز جەزمەن مۇناسىپ جاۋاپ قايتۇرىمىز......

يىغىن جاۋتىيەننىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن» ئېخىندا - تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى باشقۇرىدىغان ياشلارنى ھازىردىن باشلاپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلدى......

## 5. تاغ مەشرىپى

خېلىلا سوغاق چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەتىگەندە چېدىر - گەمىلەرنىڭ ئۈستىدە ئاپپاق قىرولار پەيدا بولدى، كەچقۇرۇنلىرى قىزىلتاغنىڭ كەينىدىن قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ چۈشەتتى.

لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، قىزىلتاغ ئېتىكى ھېچبىر سوغاقنى سەزمەيتتى. كۈندۈزى خوشال، قىزغىن ئەمگەك ئىسسىق تەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ياشلارنىڭ چېلىشىش، ئاغامچا تارتىش ھەرىكەتلىرى ئەۋجىگە چىقاتتى. ئاخشاملىرى قاتار تىكىلگەن چېدىر ۋە تاغ باغرى بويلاپ سېلىنغان ئىسسىق گەمىلەردە كوپ تارلىق قالۇن - ساتارلارغا تەڭكەش بولۇپ مۇقام ئاھاڭلىرى، لەرزان، شوخ تاغ ناخشىلىرى ياڭرايتتى. داپلارنىڭ رېتىملىق ئۇرۇلۇشى، تەمبۇر - راۋاپلارنىڭ ئويناق پەدىلەرگە چېكىلىشى بىلەن چاڭ كەلتۈرۈلگەن نەغمە - ناۋالار ئىچىدە «كاچۇك مەشرىپى»، «مەكىت سەنىمى»، «يەكەن ئىر - ئايال قوشاق ئېيتىشىشى»، «قاغىلىق قىز - يىگىت ئولتۇرۇشى»غا ئوخشاش ھەر خىل مەشرەپ نەغمىلىرىگە يايراپ ئۇسۇل ئويناۋاتقان ئەر - ئايال ئەزالارنىڭ شوخ چاقچاق، جاراڭلىق كۈلكىسى ھەممە چېدىر - گەمىلەردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكنىڭ ھاردۇغى چىقىپ كېتەتتى. كىشىلەر كوڭۈللۈك، قىزىق مەشرەپ كېچىسىنىڭ ھوزۇرىدىن بەھرى ئېلىپ، ئەتىسى يېڭى كۈچ - غەيرەت بىلەن ئىشقا ئاتلىناتتى.

بۈگۈن جىرخۇيبۇ چېدىرىدا يىغىن كەچ تۈگىدى. يىغىندا قاسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تاش ئۇستەڭ قۇرۇلۇشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇچۇن ئازراق ئادەممۇ كۇپايە قىلىدۇ. شۇڭا ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي، ئايدىڭكۆل دادۇيى بىلەن قىزىليۇلتۇز دادۇيىنىڭ ئەزالىرىنى تاغ ئارقىسىغا يۆتكەپ، سۇلۇق جىلغىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلساق، — دەپ مەسىلە قويدى.

بۇ پىكىر دەرھال كەسكىن، جىددىي مۇنازىرە قوزغىدى. سابىر.

— بۇ قانداق مۇمكىن، «سۇلۇق جىلغا» ھازىر كۆپ - كۆك مۇز. بۇ يەردە شىۋىرغان ھۇۋلىسا، ئۇ يەردە قار لەپىلدەپ چۈشىدۇ. ئەزالار-نىڭ جېنى تومۇر ئەمەستە. تاش ئۇستەڭ قۇرۇلۇشى تۈگىگەن ھامان ئۈچ دادۇينىڭ تاللانغان بىر قىسىم كۈچلىرى پىلان بويىچە تەشمە ئېچىدە داۋاملىق ئىشلەشكە قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغانلار ئۆز دادۇيلىرىغا قايتىدۇ، سوغاق پەسەيگەندىن كېيىن ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ پىلاندا كۆرسىتىلگەن ئىشقۇ، — دىدى.

قاسىم ئۆز قارىشىنى ھەر تەرەپتىن ئاساسلاپ كۆرسەتتى، قۇرۇلۇش ۋەزىيىتىنى نەزىرى - ئەمەلىي جەھەتتىن كېلىشتۈرۈپ تەھلىل قىلدى، ئاندىن ئۆز سۆزىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دىدى:

— پىلان دىگەن پىلان، ئەھۋال ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى — پىلاندا بەزى ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشنى مۇمكىن. ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت، قۇرۇلۇش بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر پۈتسۇن - دە. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھازىر ئەزالارنىڭ غەيرىتى بەك چوڭ. ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغاق سۇ سەپمەسلىك كېرەك. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، يەنى مەسىلەن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش پىرىنسىپى جاپادىن - ئۆلۈمدىن قورقماسلىقنى، توختىماي ئالغا بېسىشنى كۆرسىتىدۇ ئادەمنىڭ روھى بۇ ئاجايىپ نەرسە، — دىدى.

كىشىنى گاڭگىرىتىدىغان بۇ سۆزلەر يىغىننىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى. قارىماققا، بۇ پىكىرنىڭ سالمىقى باردەك ئىدى. ھەركىم ھەرخىل تەرىزدە ئويلىنىپ قالدى.

سابىر. قاسىمغا قارىدى، قاسىم گويا مۇشكۇل بىر مەسىلىنى ئۆزۈن بىر جەريانىدا ھەل قىلىپ، ھاردۇق يەتكەن كىشىدەك، كۆزلىرىنى يېرىم

يۇمۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ تەقدىرىگە — تېزرەك پۈتۈشىگە ئالدىراپ تۇرغاندەك بىر قىياپەتتە ئولتۇراتتى. قايسى كۈنى ئۇ چاۋار ھەتقۇلغا كېچە-كۈندۈزلەپ ئىشلەشنى تەكلىپ قىلغانىدىمۇ، خۇددى مانا شۇنداق پايپېتەك ھالدا سوزلىگەن ئىدى.

— ئىنقىلاپ ئۈچۈن جاپادىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق — بىز كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ ئېسىل خىسلىتىمىز، — دېدى سابىر تەمكىن ئولتۇرۇپ، — لېكىن، زورۇر بولمىغان مۇشكۇل ئىشقا كىشىلەرنى ئىتتىرىش قانداقمۇ ئەزالارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش بولسۇن؟ دەل ئەكسىچە، سوغاق سۇ سېپىش بولىدۇ. سۇلۇق جىلغىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر جەھەتتىن مولچەرلىنىپ، ئەتىيازلىققا ئىش باشلاش بەلگىلەنگەن. ئۇ يەر ھازىر كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان جاي. ئەزالارنىڭ غەيرىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۈستۈن. لېكىن، كىشىلەرنى تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئۇ يەرگە باشلاش خەلققە مەسئۇل بولغانلىق بولامدىكەن؟......

— بىز بىردەملىك قىزغىنلىقنى ئەمەس، ئۇزۇن مۇددەتلىك قىزغىنلىقنى كوزلىشىمىز كېرەك، — دېدى تۇراخۇن جىددى، ئەستايىدىل قىلىپ، — ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى ياخشى. لېكىن، تەبىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىمۇ بار. شۇڭا، پىلاننى يېنىكلىك بىلەن ئوزگەرتكىلى بولمايدۇ. پىلاننى ئاممىۋى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكەن. ئەھۋالغا قاراپ بەزى نەرسىلەرنى ئوزگەرتىشمۇ مۇمكىن. لېكىن، ھازىر ئەزالارنى سۇلۇق جىلغىغا باشلىغىلى بولمايدۇ.

باشقىلارمۇ مانا شۇنداق قاراشتا بولدى: ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئايرىلىپ، ھازىرنىڭ ئوزىدە سۇلۇق جىلغىغا يۈرۈش قىلىشقا بولمايدۇ، دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن يىغىن تۈگىدى، قاسىم نىمىنىدۇ دەپ غۇدۇڭشىدى ۋە يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرگەن، تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ تارتقان ھالدا چاپىنىنىڭ يېڭنى ساپمايلا تالاغا ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار قوزغىلىشتى.

جاۋتىيەن ئەتراپتىن ئاڭلىنىۋاتقان نەغمە-ناۋا ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، تېلېفون قويۇلغان جوزا ئالدىدا ئويلىنىپ ئورە تۇرغان سابىرغا قارىدى:

www.uyghurkitap.com

— ئاڭلاۋاتامسىز، بۈگۈن گەمنالەردە مەشرەپتىن ئۇت چىقىپ كەتكەن ئوخشامدۇ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

سابىر كۈلۈپ قويدى ۋە:

— ھازىر سائەت نەچچە بولدى، — دېدى.

— بېيجىڭ ۋاقتى ئون، — جاۋتيەن سائىتىگە قاراپ جاۋاب بەردى.

— جۈرۈڭ بولمىسا، بىر پەس ئايلىنىپ كېلەيلى......

سابىر جاۋتيەن بىلەن پاراڭلىشىپ چېدىرنىڭ سىرتىغا چىققاندا، جىڭخۇيبۇ ئۇدۇلىدىكى تىببى پونكىتتىن زەيتۇنەم بىلەن سۈك مېي قاقاخلاپ كۈلۈشكەن ھالدا چىقىپ كېلەشتى.

— مەشرەپكە ماڭدىڭلارمۇ، — دېدى زەيتۇنەم سابىر بىلەن جاۋتيەنگە قاراپ، — بۈگۈن ئاخشام يولداش جاۋتيەننىڭ ئۇسۇل ئوينىغىنىنى كورىدىكەنمىز - دە.

— نەدىكىنى. مەن ئۇسۇل ئوينىالامدىم، مانا سابىر تازا ئۇستا، بىر چۈشۈۋالسا ئويناۋېرىدۇ. — جاۋتيەن سابىرنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويدى، — شۇنداقمۇ، يولداش سابىر.

— بۈنىڭدا گەپ يوق، — دېدى سابىر نەغمە ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە كېتىۋېتىپ، — بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ئادىتى شۇنداق. باللار تاپىنى يەرگە تەككەن كۈندىن تارتىپ ئۇسۇل ئوينايدۇ، تىلى چىققىسىلا غەزەل ئېيتىدۇ. مەندىن قانچىلىك تەلەپ قىلسىڭىز شۇنچىلىك ئوينايمەن. بۇنىڭدا چاتاق يوق، لېكىن بۈگۈن سىز بىلەن سۈك مېينى ئۇسۇلغا سالىمىز......

— سۈك مېي بىلەمنمۇ؟ ياق، مانا سۈك مېي ئوينىسا بولىدۇ، ئەپلەشتۈرىدۇ. مەن ئوتتۇرىغا چۈشسەم، توگە ئۇسۇلغا چۈشسە، يەتتە مو يەردىكى سەۋزىگە زىيان، دېگەن ئۇيغۇر خەلق تەمسىلىدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، چېدىردىكى كىشىلەرنىڭ يېرىمى تالاغا چىقىپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ، بولمىسا، كىشىلەرنىڭ پۇتلىرىنى دەسسەپ رەسۋا قىلىمەن......

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى، سۈك مېي:

— ئېشىپ قېلىپ.. ئويناۋېرىڭ، تارتىنماي ئويناۋەرسىڭىز، بىر كۈنى

رپولمسا بىر كۈنى ئۈگىنىۋالىسىز... — دېدى.

سابىرلار بىر گەمىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، گەمىنىڭ ئىچىدىن قالۇن بىلەن ساتارنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىدىغان يېقىملىق، خۇشپەيزى ئاۋازى ئاڭلاندى. سابىر بىلەن جاۋتىيەن گەمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

گەمىنىڭ تورۇسىدا چىراق يېنىپ تۇراتتى. گەمە ئىچىگە، ئاساسەن پېشقەدەم — مۇيسىپىتلەر يىغىلغان، يان تەرەپتىكى پاخال سېلىنغان كىگىز ئۈستىدىن تومۇر بوۋا بىلەن تۇراخۇن جاي ئالغان، ئۇلار ھېرىسمەنلىك بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. قالۇن بىلەن ساتارنى بايىز ئاكا بىلەن ھېلەك سوپى چېلىۋاتاتتى. بۇ ئىككەيلەن ناغرا - سۇنەي چېلىشقىلا ماھىر بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئومۇر بويى ئۇن ئىككى مۇقامغا ئىشىق باغلاپ كەلگەن پېشقەدەم سازەندىلەر ئىدى. ئۇلار قايسى بىر مۇقامنى تۈگىتىپ، پەدە يوتكىدى — دە، ئىككىنچى مۇقامغا ئۆتتى. ساتارنىڭ تارلىرى يۈرەكنىڭ بىغىشىنى تىترىتىپ، ئۇزاق ئوتمۇشنىڭ نالەش - پىغان، مۇڭ — زارلىرىنى ھېكايە قىلدى. زالىم پادىشا ۋە قانخور بەگ - بايلارنىڭ زۇلمىغا قارشى غەزەپلەنگەن مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تۆكۈلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش، ئوتتەك يانغان غەزەپلىك كوزلىرىنى سۈرەتلىدى. ئاندىن بۇ قوش ساز كوكۆل جامىغا شەرۋەت قۇيۇپ، دەۋرىمىزنىڭ يېڭى كۈيلىرىگە كوچتى. ئازاتلىق تېگىغا تەنتەنە قىلدى، تاغلىق كەنتنىڭ ھوزۇر — ھالاۋەتلىك بەختىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە بولغان جاسارەتلىك ئىنتىلىشلەرنى چوڭ ئىشەنچ بىلەن بايان قىلدى، ئاندىن زاماندىن رازى بولغان قەلب كۈيلىرىنى يۇقۇرى ئەۋجىگە كوتىرىپ جاراڭلاتتى:

كوكۆل يايرايدۇ شاتلىقتىن، ئەجەپ ئوبدان زامان بولدى،
ۋەتەن باغرى سائادەتلىك، قۇياشلىق ھۆر ماكان بولدى.

ئۇلۇق ماۋجۇشى، گۈگچەنداڭ يولى ئاچتى يېڭى تارىخ،
بۇگۈن قۇدرەتكە تولدۇق بىز، جېمى مۇشكۇل ئاسان بولدى.

... .... ... ... ... ... ....

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سابىر بىلەن جاۋتيەن ناخشىنىڭ پەيزىدىن بەھرى ئېچىلىپ، گەمىنىڭ ئالدىدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ناخشا - ناۋا قاينىغان ئاياقتىكى چوڭ چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

بۇ يەردە يىگىت - قىزلارنىڭ مەشرىپى قىزىغان ئىدى. چېدىرنىڭ ئىگىز ياغىچىدا گازۋاي لامپا يېنىپ تۇراتتى. ھەرقايسى داۋۇيلەرنىڭ ياشلىرى چېدىرنى چۆرىدەپ، خوشال ئولتۇرۇشاتتى. ئوتتۇرىسىدىكى يۇمۇلاق مەيداندا خوشال قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە بېقىپ، يايراپ - پىقىراپ دولان سەنىمىگە ئۇسۇل ئويناماقتا ئىدى.

سابىر بىلەن جاۋتيەن ئىشىكتىن قىستىلىپ چېدىر ئىچىگە كىردى. شۇ چاغدا ساز توختىدى، ياشلار ئولتۇرۇشنىڭ سەركەردىسى قىلىپ سايلانغان ئابابەكرى:

— يولداشلار، نۆۋەتتە جۇپ بولۇپ ئېيتىشىشنى باشلايمىز. كىمنىڭ قانچىلىك بىگىسى بولسا ئىختىيار...، — دەپ ئېلان قىلدى.

ئېيتىشىش ئىختىيارى بولاتتى، كىم خالىسا شۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قوشاق توقۇيتتى، بۇنىڭ شەرتى: يېڭى، تېز، دەل، ھازىر جاۋاب بولۇشى كېرەك ئىدى. قوشاق توقۇشقا ھېچكىمنى ھېچكىم زورلىمايتتى، لېكىن ياشلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئانچە تارتىنىپ ئولتۇرمايتتى.

ئايدىڭكۆللۈك مىنبىنىڭ قىزى ئايىمگۈل بوستان چاچلىرىنى شوخلۇق بىلەن كەينىگە تاشلاپ، كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى:

— مانا مەن قوشاق توقۇيمەن، كىم جور بولىدۇ، — دېدى ئۇ قىزىلگۈلدەك رەڭلىنىپ، خۇما كۆزلىرىنى ئويناتقان ھالدا.

چېدىرنىڭ سول تەرىپىدىن ياش مىنبىنىڭ ئابلىكىم ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھىلە - ھەييارلىق بىلەن يوق بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، كۆزلىرىنى قىسىپ، كۈلكىلىك بىر تەرىزدە يەر ئاستىدىن ئايىمگۈلگە قاراپ قويدى:

— قېنى باشلاڭ، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

ئۇلار «سىز باشلاڭ»، «ياق، سىز باشلاڭ» دېيىشىپ، بىرىنچى بولۇپ باشلاشنى ئۆزئارا ئۆتۈنۈپ، ئادەت بويىچە بىرئاز تەكەللۇپ كۈلكىسى پەيدا قىلىشتى، ئاخىرى ئايىمگۈل چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ تۇرۇپ باشلىدى.

ئايىمگۈل:

ئىگىز تاغدا كورۇلگەن،

كۆەۈشمىكىن، قارمىكىن؟

ئابلىكىم:

كۈمۈش سۈنى ئەپكىلىشكە،

غەيرىتىڭىز بارمىكىن؟

ئايىمگۈل:

قەلبىمىزدە قۇياش بار،

غەيرەت دىگەن يۈرەكتە.

ئابلىكىم:

غەيرەتكە قوشۇپ غەيرەت،

ئىشلەيلى جاسارەتتە.

ئايىمگۈل:

جۇشقۇنلاندى قەلبىمىز،

تاغ كورسۈن كارامەتنى.

ئابلىكىم:

يۈيگۈك روھى يار بىزگە،

يېڭىمىز تەبىەتنى.

ئۇلار يەنە بىر ئاز قوشاق توقۇشقاندىن كېيىن ئورنىغا ئولتۇرۇشتى. تومۇر بوۋىنىڭ كىچىك ئوغلى توختى بىلەن خاسىيەت ئورنىدىن تۇردى، توختى قولىنى كوكسىگە قويۇپ:

— خوش، خاسىيەتخان، سىزدىن كەلسۇن، — دىدى.

— يول بولسۇن توختىجان، ئوتەندىم سىزگە، — دىدى خاسىيەت كۈلۈپ - يايراپ.

توختى:

تۈرنىلار ئۇچۇپ كەلدى،

باھارنىڭ شامالىدا.

خاسىيەت:

گۈللىمەكتە بەختىمىز،

ماۋجۇشى زامانىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

توختى:

سۇزۇك سۇ تولۇپ ياتار،
گۇگشىمىزنىڭ كولىدە.

خاسىيەت:

ماۋجۇشىنىڭ مېھرى بار،
قەلبىمىزنىڭ تورىدە.

توختى:

داجەينى قىلىپ ئۈلگە،
سۇ باشلايمىز بوز - چۆلگە.

خاسىيەت:

گۇگشىمىز قىزىلتاغنى،
پۈركەيمىز قىزىلگۈلگە.

يەنە بىر نەچچە قىز - يىگىت قوشاق توقۇشتى. ئوزئارا ئېيتىشىش قىلدى. ئاندىن سازەندىلەر دۇتتار - تەمبۇر، داپ - راۋاپ، نەيلىرىنى ئاھاڭدار، شوخ مۇقام مەشرەپلىرىگە ساز قىلدى. چېدىر ئىچىدىن قىز - يىگىتلەرنىڭ كوللېكتىپ ناخشىسى ياڭرىدى:

چومدى قۇياش نۇرىغا،
قىزىلتاغنىڭ بويلىرى.
جاراڭلىدى ئىناقلىق —
غالىبىيەت كۈيلىرى.

چاپساق يېڭى ئۆستەڭنى،
سۇلار ئاقىدۇ ئويناپ.
بىر نىيەتتە ماڭىمىز،
داجەي يولىنى بويلاپ.

........... .........

ئۇسۇل باشلاندى. قائىدە بويىچە مەشرەپ سەركەردىسى ئالدى بىلەن مەيدانغا چۈشەتتى — ئابابەكرى قوللىرىنى كەڭ كېرىپ ئۇسۇل باشلىدى، كوكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ، يېنىك ئورە تۇمىغىنى قېشىنىڭ

ئۇستىگە ئېتىرىپ قويۇپ، بارماقلىرىدىن «تارس - تارس» قاس چىقىرىپ، مەيداننى لەرزان ئايلاندى، ئايلىنىۋېتىپ مەشرەپ ئەھلىگە بىر - بىرلەپ، بويۇنلىرىنى لىغىرلىتىپ كوز ئويۇنى قىلىپ ھۇرمەت بىلدۇردى. ئاندىن چوگىلەپ - پىقىراپ، قاشلىرىنى شوخلۇق بىلەن سەكرىتىپ، قولىنى كوكرىگىگە قويۇپ، جاۋتيەنىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

جاۋتيەن ئوزىنىڭ ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىنىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، دەرھال قاچماقچى بولىۋىدى، لېكىن بىرنەچچە ياش يىگىت چاققان كەلدى — خوشال قى - چۇلار ئىچىدە ئۇنى مەيدانغا سورەپ چىقتى. ئارقىسىدىن سۇڭ مىينى ئېتىرىپ چىقاردى. سۇڭ مىي ئۇسۇلنى كىلىش- تۇرۇپ ئوينايتتى، پۇت - قوللىرى رىتىملىق - شوخ ھەركەتلىنەتتى- ئۇلار بىرئاز ئوينىغاندىن كېيىن سابىر بىلەن زەيتۇنەمنى تەكلىپ قىلدى.

سابىرمۇ، زەيتۇنەممۇ ئاممىۋى مەيدانلاردا ئۇسۇلغا چۈشۈپ قالا- ئۇسۇلنىڭ بىخىنى يىرىۋىتەتتى، ناھايىتى ئەركىن - ئازادە ئوينايتتى سابىرنىڭ ئۇسۇلىدا بىرخىل تەبىي گۈزەللىك، خۇش پېئىل سالماقلىق جۇشقۇن مەردانىلىق جىلۋە قىلاتتى. زەيتۇنەمنىڭ ئۇسۇلى بولسا ئەپچىل- ئەۋرىشىم ئىدى. قوللىرىدىن تەكشى قاس چىقىرىپ، ئىككى تەرەپكە جۇلا تاشلاپ، زوق - شوخ بىلەن لىۋەن ئايلىنىپ - پىقىرايتتى.

سابىر بىلەن زەيتۇنەم قى - چۇ، چاۋاك - ئالقىشلار ئىچىدە دولان ئۇسۇلىغا ئويناۋاتقاندا، ئىشىك تۈۋىدە قاسىم پەيدا بولدى.

قاسىم سابىر بىلەن زەيتۇنەم ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە بېقىشىپ «قوغلاپ - قېچىش» ئويناۋاتقانلىغىنى كورۇپ، خۇددى بېشىدىن بىرسى بىر قاپاق مۇزدەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك، رېشىمك بىلەن چوچۇپ كەينىگە داجىدى. يۇزلىرى تارتىشىپ، ئاستىنقى قاپىغى لىپىلداپ، كوزلىرى تىنى- غاندەك بولدى. ئىتتىك كەينىنى قىلىپ، تالاغا چىقىپ كەتتى.

قاسىم سۇ ئامبىرىنىڭ يار ئېلىش ۋەقەسىدە سابىرنىڭ ئابرويىنى توكۇپ، ئۇنى غۇلىتىش مەقسىدىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، سۇلايمان بىلەن نامان تۇلكىنىڭ جىنايى شۇملۇقلىرىغا سۇكۇت قىلىپ ئوتكۇزۇ- ۋەتكىنىگە ئىچىدە پۇشايمان قىلغاندەك بولغانمۇ ئىدى. لېكىن، نامان تۇلكە ھېمىشەم ئۇنىڭ روھى - كەيپىياتىغا يەر ئاستىدىن كوز يۇگۇرتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈرەتتى. بىر كۈنى نامان تۈلكە قاسىمنى يولدا ئۇچرىتىپ: «ماڭا قارا ئوكا، ئالدىراپ كەتمە، زەيتۇنەمنىڭ سىڭدىڭ قولۇڭغا كىلمىدىغان كۈنلىرى كوزگە كورۈنۈپلا قالدى. سابىر — بىر تۇخۇم. ئۇ ئوزىنى قارلىق تاغقا ئورۇپ هالاك قىلىشقا ماڭدى. تۇخۇم تاشقا تەگسە، چىقمايدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن! چىقىلىدۇ، راست ئېيتىپتىكەن دەپ قالارسەن، چىقىلىدۇ. مانا شۇ چاغدا، خەقلەر ئۇنى بىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، تۇخۇمنىڭ تاشقا ئورۇلۇشىنى ئالدىرىتىش كېرەك. ئوزەڭ بىلىسەن، بىز پەقەت سەن ئوچۇنلا، سەن گەپ قىلماي بىر ئاز رازى بولغاندەك قىلغاندىن كېيىنلا، قانۇنغا توغرا كەلمەيدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇق. هېچگەپ يوق. هېلىمۇ يەنە سەن ئۇچۇنلا غەم يەۋاتىمىز، بولمىسا، بۇنىڭغا باش قاتۇرۇشنى بىزگە كىم قويۇپتۇ...» دىگەن ئىدى.

قاسىم بۇ گەپكە ئانچىلا ئىشىنىپ كەتمىدى. ئۇنداق ئاسان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ، دەيتتى ئىچىدە. لېكىن قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىش مۇمكىن ئىكەنلىگىگە ئوزىمۇ قىلچە ئىشەنمەيتتى. شۇڭا، نامان تۈلكىنىڭ قەستىدىن چىقالمايتتى. سۇ ئامبىرىدىكى كورۈپ تۇرۇپ كورمەسكە سالغان جىنايەتنى ئەمدى پاش قىلىش مۇمكىن ئەمەس... پاش قىلدىڭ دىگەن سوز — ئىككى قولۇڭ گەجگەڭگە چىقمىغاندىمۇ، كادىرلىغىڭ يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە ئۇچۇپ كېتىدۇ، بۇزۇق ئۇنسۇر دىگەن قالپاقنى كىيدىڭ دىگەن سوز... كۈتۈشتىن، يەنە بىر ئاز قاراپ بېقىشتىن باشقا چارە يوق... سوغاق كۈچىيىۋاتىدۇ. قارلار مۇزغا ئايلىنىپ، قارلىق تاغدا سۇ دىگەن مەڭگۈ كوزگە كورۈنمەيدىغان بولۇپ كەتسە؛ تېشىپ ئوتكىلى بولمايدىغان ئۈيۈل قورام تاشلار پەيدا بولۇپ تەشمە يولىنى توسسا، قانداق ياخشى بولاتتى - هە... تېخى ئۇسۇل ئويىنىشىپ كەتكىنىنى قارا، بېقىشىپ ئوينايدا!... «سابىر — تۇخۇم، ئاقتا ئورۇلۇپ چىقىلىدۇ»... چىقىلارمۇ، هەي،... چىقىلارمۇ......

# سەككىزىنچى باپ

## 1. باھار شاماللىرى

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتۈپ كەتتى. ئۈچ ئاي كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۆتتۈپ كەتتى.

قىش كېتىپ، باھار كەلدى. باھار شامالىرى قىزىلتاغ باغرىدىكى ئاخىرقى قارلارنى ئېرىتمەكتە. قۇياش ئىللىق نۇر سېپەتتى ۋە ھەممە يەر باھار پەيزى بىلەن جانلىنىشقا باشلىدى.

باھار شامالىرى بەزى ئەتىگەن - كەچتە ئوزى بىلەن بىللە مۇزدەك سوغاق ھاۋا كارۋانلىرىنى باشلاپ كېلەتتى ۋە كىشىلەرنىڭ يۈز - كوزلىرىنى مۇزدەك قوللىرى بىلەن سىلاپ ئۆتتۈپ ئەندىكتۈرەتتى. بىراق، كىشىلەر باھار شامالىرىنىڭ بۇ چاقچىقىغا ئانچىلا پىسەن قىلمايتتى. چۈنكى باھار شامالىرى ئەسلىدە ئاخىرلىشىۋاتقان قىش سوغىقىنىڭ ئەمەس، بەلكى قاناتلىرىنى كېرىپ، يايراپ كېلىۋاتقان گۈزەل يازنىڭ ئەلچىسى ئىدى.

باھار شامالىرى قىزىلتاغ باغرىدىن ھەرقايسى يۇرت - مەھەللەرگە يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېتەتتى. تاش ئۇستەڭ ساي ئىچىدە كۆمۈش لېنتىدەك بوي تارتىپ يۈرتتى. ئۇستەڭنىڭ «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىغا بېرىپ قۇيۇلىدىغان شاقىراتمىسىدا «يېڭى ھايات» سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ بىناسى قەد كوتىرىۋاتاتتى. قاتتىق سوغاق باشلانغاندا، ئۆز دادۇيلىرىغا قايتۇرۇلغان ئايدىڭكول ۋە قىزىليۇلتۇز دادۇيىنىڭ ئەزالىرى باھارنىڭ شەپىسى كېلىش بىلەن تەڭ تاغ ئارقىسىغا ئوتۇپ «سۇلۇق جىلغا»دا چوڭ غەيرەت بىلەن يېڭى كۈرەشنى باشلىۋەتتى......

قىزىلتاغ چوققىلىرى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان، قار بورىنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇرغان تەشمە ئېقىنىدا، چېدىر ـ گەمىلەر ئۈستىدە، ساي ئىچىدە
تېرىسىگە پاتماي ھۇشقۇيتۇپ، ھۆۋلاپ يۈرگەن قەھرىتان كۆنلەر تەشمە ئىچىدە
ناش قورغىنىغا قارشى كۆرەش راسا ئەۋجىگە چىققان چاغلار بولدى. بۇ يەردە
ېكىيەر دادۇيىنىڭ قەيسەر كوممۇنىستلىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئوت يۈرەك مىن-
نگلار جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭرى-
پ، ئۈچ ئايدىن بۇيان ئېغىر، مۇشكۈل سىناقلارنى غەلىبىلىك باشتىن
ەچۈردى. ئۇلار ئۆز تەبىئىتىدە گاگدىن سوقۇلغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار-
نىڭ ھېچنىمىگە تەڭ قىلىپ بولمايدىغان كۈتىرەڭگۈ ئىرادىسى ئالدىدا
اھىل قورام تاشلار بىر ـ بىرلەپ پارچىلىناتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە تومۇر
ۋا ئېيتقاندەك، مەڭگۈ پاتماس قىزىل قۇياش بار ئىدى. بۇ قۇياش
ئەم ئۇلارغا تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسەت، غەيرەت ـ جاسارەت ۋە غەلىبە
لىش ئىشەنچىسى بېغىشلايتتى.

تاغ ئاستىدا بىر قىش جىددىي داۋام قىلغان كۆرەش سابىردا روشەن
زلار قالدۇرغان: يۈزلىرى قارىداپ يېرىلغان، ئورۇقلاپ، يۈز ـ سو-
كلىرى كورۇنۇپ قالغان، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ كەتكەن ئىدى. ئالقان-
يدىن قاتمۇ ـ قات تۈتاش قاداق ـ قاپارتمىلارنى؛ پۇت، پاچاق ۋە تىزلىرىدا
ن سوقۇپ يارا قىلغان، بىر قاراپلا كورۇۋالغىدەك زىدە ئىزلىرىنى
رۇش مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ ھېمىشەمكىدەك جۇشقۇن، بەردەم ـ
نىك بولۇپ، چاقچىقى ئۇزىگە، كۈلكىسى يۈزىگە ھەمرا ئىدى. بىرئاز
رغىنلىق يەتكەن ياشلار ساپىر بىلەن بىللە بولسا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى
رغىنلىقنىڭ نەگىدۇ ئۇچۇپ، ئۆزىنىڭ يېنىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى
زەتتى.

تومۇر بوۋا سابىرنى «بىزنىڭ شوتا ئات، هارماس كاللىمىز» دەيتتى.
يتقاندەك، ئۇنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ كوپ ئىدى. تەشمىنىڭ تورىدىكى بو-
ۇپ ئوتمىسە بولمايدىغان ھەر بىر ئىنتايىن قىيىن ۋە جىددىي ئېلىشىش
ابىر بىلەن چەمبەرچەس باغلىناتتى. مۇنداق چاغدا ئۇ قورام تاشلارغا
ارشى نەيزىدەك قادىلىپ، تاغ ئورۇلۇپ چۈشسە يولىۋالغىدەك جاسارەت
ىلەن ئىشلەيتتى. قاپارتمىلار بەرداشلىق بېرەلمەي، قولىنىڭ بېغىشىدىن
ىققان قان بازغاننىڭ سېپىنى بويايتتى، بەدەندىن چىققان تەر مايكىنىڭ

ئۇستىدىن ئاقاتتى، لېكىن تەشمە يولىنى توسۇۋالغان قۇرام تاش ئېزىپ
تاشلانمىغىچە، بازغاننى قولدىن چۈشۈرمەيتتى... كەچقۇرۇنلىرى يۈز - قول
لىرىنى يۇيۇۋېتىپ، چېدىر - گەمىلەرنى ئارىلاپ، ئەزالارنىڭ مەشرەپ
كۆڭۈل ئېچىشلىرىنى قىزىتىۋېتەتتى، پۇرسەت چىقىرىپ سوھبەت يىغىنلىرىنى
ئوتكۈزەتتى. مەملىكىتىمىزدىكى ۋە دۇنيادىكى چوڭ ۋەقەلەر توغرىسىدا
ئىلھامبەخش ھېكايىلەر ئېيتىپ بېرەتتى.
كېيىنكى چاغلاردا تېخنىكا - تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتى ئال
ھىدە كۆچەيتىلدى. ئۇلار ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى
تۇتۇپ ئۇگىنىپ، تاش قورغىنىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ سىرىنى ئېچىش
كىرىشىپ كەتتى. سابىر بۇ گۇرۇپپىدا جاۋتيەن بىلەن بىللە چىراق بې
رۇغىدا كىرپىك قاقماي بولتۇرۇپ، كىشىلەر ئەمگىكنى يېنىكلىتىش، ئىش
ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزلەيتتى. تۇنجى يەرلىك پارتلىتىش
دورىسىنى ياساش، تەشمىنىڭ تۆرىدە ئۈنۈملۈك پارتلىتىش ئېلىپ بېرىش
ئۇسۇلى — مانە شۇ نۇرغۇن قېتىملىق تەجرىبە - سىناقنىڭ نەتىجىسى ئىدى
ۋە ئۇ قۇرام تاشلارنى كۇكۇم - تالقان قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك قوراللىرىدىن
بىرى بولۇپ قالدى......
باھار شامالىرى «سولۇق جىلغا»نىڭ ئۇيقىسىنى ئاچقاندىن كېيىن
سابىر ھەر توت - بەش كۈندە بىر قېتىم ئونبەش كىلومېتىردىن ئارتۇ
يولنى پىيادە بېسىپ، تاغ ئايلىنىپ، «سولۇق جىلغا»غا باراتتى
ئۇ يەردە زەيتۇنەم، قىزىليۇلتۇز دادۈينىڭ شۇجىسى ھېكىم رازىقا
بىلەن يولۇققان مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ھەل قىلى
نىڭ يولىنى تاپمىغىچە قايتمايتتى.
لېكىن «سولۇق جىلغا» نىڭ ئىشلىرى ھەر ھالدا تۇزۇك، چۈنكى
ئۇ ئوچۇق ئاسمان ئاستىدىكى ئىشلار. ئەمما تاغنىڭ تېگىدە — تەشمە ئىچ
دە بولسا ئەھۋال مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر بەش - ئون مېتىر ئارىلى
ھدىكى ئۇچىشلارنىڭ چىلاشقاندا پەيدا بولغان چوڭ قۇرام تاشلار تەشمە يولىنى توسۇ
لاتتى، ئۇلارنى نە چوقۇ، نە بازغان، نە لوم توپتوغرا كار قىلمايتتى، نەتىجە
قىلىش ئاقسىتاتتى، ئالا قىسىلىشىنى. مۇنداق پېشكەللىكلىك بە
ئىشلارنىڭ ئەۋھالىنى ئاقىزىدىكە بولغان ئىشەنچىسىنى. تەۋرىتىۋېتەتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـەزبىر ئادەملەر دەرھال ئىككىلىنەتتى ـ دە، مىش ـ مىش گەپلەرگە كىر-
ـىن قۇياتتى ۋە سەرەڭگىسىنى تەييارلاپ تۇرغان ئادەملەرگە ئۇزىنىمۇ سەز-
ـىگەن ھالدا ياردەم بېرەتتى......

سابىر بۇگۇنمۇ ئادەتتىكىدەك كالتە جۇۋىسىنى مۇرىسىگە تاشلاپ،
ـان ـ پان سىلىنغان سومكىسىنى بىلىگگە ئۇتكۇزۇپ، تاغ ئايلىنىپ ساي
ـچىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ «سۇلۇق جىلغا» دىن كېلىۋاتاتتى، بىرىپ ـ
ـيلىش بولۇپ ئۇتتۇز كىلومېتىردىن ئارتۇق يول باسقان بولسىمۇ، تۇرقىدىن
ـيچىبىر ھارغىنلىق سېزىلمەيتتى. كوزلىرى يېنىپ تۇراتتى، يۇزلىرىنى شامال
ـالاپ سىلىغدىۋەتكەندەك كورۇنەتتى ۋە شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ يۇز-
ـرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

سابىر تەشمىنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ، غالتەك، زەمبىل، ئەپكەش-
ـرنىڭ قۇرۇق پېتى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلغانلىقىنى كوردى. ئىش
ـختىغان ئىدى.

تەشمە ئىچىگە قاتنايدىغان ئەزالار بەش ـ ئونىدىن غۇژمەك بولۇشۇپ،
ـزغىن مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. بەزىلەر: «قۇرام تاشنىڭ تەشمە يولىنى توس-
ـتى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس، پارتلىتىۋېرىش كېرەك، قۇرام تاش
ـامىل بولسا، بىزمۇ جاھىل» دىسە، بەزىلەر: «بۇ قېتىمقى چىققان قۇرام
ـشلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچ قېتىم پارتلىتىلدى. لېكىن مىدىر ـ سىدىر
ـلاي دىمىدى، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ياناداپ ئوتۇش كېرەك» دەيتتى.
ـنە بەزىلەر بولسا: «تازىكەنلا، قانداق قىلىپ ياناداپ ئوتۇپ كەتكىلى
ـلىدۇ! بۇ قېتىم تەشمە يولىنى توسقان قۇرامنىڭ زادى قانچىلىك چوڭ
ـكەنلىگى تېخى مەلۇم ئەمەس. بىردىن ـ بىر توغرا چارە — قۇرام تېگىنى
ـيۇپ، سۇنى ئاستىدىن ئوتكۇزىدىغان قىلىش كېرەك» دەيتتى......

سابىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ «يەنە تاش توساق مەسىلىسى» دەپ كوڭـ
ـدىن ئوتكۇزدى ۋە ئەزالار بىلەن بىرئاز سوزلەشكەندىن كېيىن:
— بولىدۇ، سىلەر مۇنازىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭلار. مۇنداق مۇنا-
ـرىدىن ناھايىتى ياخشى چارىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئوتكەندىمۇ شۇن-
ـاق بولغان، مەن تەشمە ئىچىگە كىرىپ باقاي، — دەپ تەشمە ئېغىزى
ـەرەپكە كەتتى.

ئۇ تەشمە ئېغىزىغا كەلگەندە تەشمىنىڭ ئىچى تەرەپتىن:

— ... ئىياز قۇربان ئەسلىدىلا توغرا ئېيتقان، بۇ توپا دوگى ئەمەس،
تاغ - دە، تاغ! تاغ بىلەن ئويناشىپ بولامدىكەن؟ مانا ئەمدى كارا
مەتنى كورۇڭ، — دىگەن سوزنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ قالدى.

— ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ چەكتىم جاپانى، ئېتىزدىن يانىدىم كوتىرىپ
قۇرۇق تاغانى، دىگەنىنىڭ ئوزى بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دىدى يەنە بىر
كىشى غۇدۇڭشۇپ، — تەشمىنىڭ ئىشى يېڭى باشلانغاندا كۇنىگە ئۇچ
توت غۇلاچتىن ئويۇلغان. قۇرام تاشلارمۇ چىقمىغان، مانا ئەمدى توشۇيد
غان شېغىل يوق، كىرىپ - چىقماقتىن باشقا ئىش بولمىدى. شۇمۇ ئىشمۇ!.....

— مېنىڭ بۇ ئىشقا باشتىلا كوزۇم يەتمىگەن، — دىدى يەنە ب
بوغۇق ئاۋاز، — مانا ئەمدى قىلىنغان ئەمگەكنىڭ ھەممىسى بىكار بولد
سابىرشۇجىنىڭ ئاۋارە بولغىنى ئوزىدىگە، لېكىن بىزنىڭ قىلغان ئەمگىكىمىز
نومۇر كېلىپ، پۇل كەلمىسە بولامدۇ؟......

سابىر ئاخىرقى سوزنى قىلغان ھاشىماخۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى
تەشمىنىڭ ئىچىگە كىردى. سابىرنى كورۇپ، ھاشىماخۇن سەل ئوڭايس
لانغاندەك بولدى، چېككىلىكى بار شەپكە كىيگەن بىر ياش يىگىت «غىپ
قىلىپ تەشمىدىن چىقىپ كەتتى. ھاشىماخۇننىڭ سەل نېرىسىدا قا
ئېلېكتىر چىراقنىڭ سىملىرىنى تۇزىگەن بولۇپ، سابىرغا كەينىنى قىل
تۇراتتى. سابىر ھاشىماخۇنغا قاراپ:

— ھە، ھاشىماخۇنكا، سېنىڭچە، بۇ قۇراملارنى قالداق قىل
بولار؟ — دىدى مۇلايىم بىر ئاھاڭدا.

— نىمە دىگىلى بولىدۇ.. ئىشقىلىپ، ئىش كۇنىمىز ئولمىسە دە
مەن - دە...، — ھاشىماخۇن مۇجمەل قىلىپ غۇدۇڭشىدى، — مەنغۇ بىر ئادە
ھەرھالدا بىر گەپ بولا... ئەمدى قالغىنى ئوزەڭلارغا... ھەي شۇ خا
يەت باللار، نەدىكىن......

ھاشىماخۇن قاسىم تەرەپكە قارىدى، قاسىم بولسا:

— ھە...ي... يولداش سابىر، كورمەمسىز بۇ پالاكەتنى، يەنى مەس
لەن ئوزى، — دىدى.

— نىمە پالاكەت؟ قانداق پالاكەتكەن ئۇ؟ — سابىر جىددى قىلىپ سورىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— پېشكەلچىلىكتە، پېشكەلچىلىك ... — قاسىم ھەسرەتلەنگەن گا- ماگدا تۇتۇرۇقسىز غىڭشىدى. ئۇنىڭ ئېلىكتىر نۇرىدا ساغۇچ كۆرۈنۈپ ۇرغان كىچىككىنە كۆزلىرى گويا بىر نىمىدىن خۇدۇكسىنىپ ئۆزىنى تار- سپ كېتىۋاتقاندەك، ئىختىيارسىز مىتىلداپ تۇراتتى، — ھەي... سابىر... ەنى مەسىلەن ئۆزى... نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تەشمىنىڭ تورىدىن سىز- ەك، مەلدەك قۇراملار چىقىپ تەشمە يولىنى توسقاندا، ئۇنى بازغان، لوم، وتۇ، پارتلاتقۇچ دورىنىڭ كۈچى بىلەن ھە - پە قىلغىلى بولغان. مانا ئەم ى كورمەمسىز، قېرىشقاندەك بىر ئىش، ئويىدەك ھەتتا مۇشۇ تاغنىڭ زىدەك قۇراملار پەيدا بولدى. ئۇ شۇنداق يوغانكى، ھېچنىمە قىلىپ لمايۋاتىدۇ، يەنى مەسىلەن ئۆزى...

— يولداش قاسىم، — دىدى سابىر ئۇنىڭ كەينىنى بولۇپ، سابىر زەپلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — سىز كادىرغۇ، ادىر بولغاندىكىن ئەزالار ئالدىدا گەپ قىلغاندا، قىلىۋاتقان گېپىمىزگە سئۇل بولۇشىمىز كېرەكتە. نەدىمۇ ئويىدەك، مۇشۇ تاغنىڭ ئوزىدەك قۇ- ام بولسۇن؟ قىيىنچىلىق بار، لېكىن مەۋجۇت قىيىنچىلىقنى قالايمىقان وپتۇرۇپ، ئۇنى كوز يەتمەيدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش — شقا پايدا يەتكۈزمەيدۇ، قىسقىسى، بۇ قانداق گەپ. پىكرىڭىز بولسا، زخۇيبۇدا سوزلەشسەك بولاتتىغۇ!؟......

ھاشىماخۇن «غىيپىدە» تالاغا ماگدى. قاسىم سابىرغا قاراپ:

— بىز ھەممىمىز ئىشنىڭ ئوبدان يۇرۇشۇۋاتقان تەرىپىنىلا ئويلى اق، بۇ بىر تەرەپلىمە ئىش ئىستىلى بولۇپ قالامدۇ؟ قىيىنچىلىقنى ېتىراپ قىلىش پوزىتسىيىسى — ئىلمىي پوزىتسىيە. ئۇنى كىچىك چاغلىغان ىن چوڭ چاغلىغان ياخشى، — دىدى.

— بىز تەشمە ئىچىدە بولىدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېتەرلىك مولچەر- ىگەن ئىدۇق، سىزمۇ قاتناشقان ئىدىڭىز، مەن ھازىرمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق اشقىچىرەك بىر نەرسىنى كورمەيۋاتىمەن ... — سابىر ئىمىنىدۇ دىگۈسى كېلىپ دىمىدى.

— مەنىمىغۇ، شۇنداق قارايمەن، ھەر ھالدا... ، — دەپ غۇدۇڭشىدى اسىم.

— خوش، ئۇزىڭىز نەگە كېتىۋاتىسىز؟

— تېلېفونغا، گۇگشىنى تېپىپ، چاۋار مەتقۇل شۇجىغا بۇ جىددى ئەھۋالنى خەۋەر قىلاي دەيمەنا......

... — تەشمىدە جاۋتيەن بارمۇ، ئۇ شۇنداق دىدىمۇ؟

— .......

قاسىم گەپ قىلمىدى.

— بۇ ئەھۋالنى چاۋار مەتقۇلغا دوكلات قىلسىڭىز بولىدۇ، لېكىن قىزىلتاغ قۇرۇلۇشچىلىرى بىر - ئىككى قۇرام تاشنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تىترەپ - قورقۇپ كەتكىنى يوق، غەلىبىلىك ئالغا بېسىۋاتىدۇ، دىگەن سوزنى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ......

سابىر شۇ گەپنى ئېيتىپ، ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلاپ تەش نىڭ تورى تەرەپكە كەتتى. ئۇ پۈتىنىڭ ئاستىدىكى شېغىللارنى شارا لىتىپ دەسسەپ كېتىۋېتىپ: «كۈرەش داۋام قىلىنىۋاتىدۇ، ئاستىرتىن مۆرەككەپ يوللار بىلەن داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. تاش قورغىنىغا قارشى كۈرەش چىرىتكۈچى مىكروپلارغا قارشى كۈرەش — بۇ ئىككى ئىش بىر - بىر دىن ئايرىلالمايدۇ ۋە بۇ ئىككى ئىشنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلى كېرەك. مىكروپ كىچىك نەرسە، لېكىن زېدە پەيدا قىلالايدۇ، ھە ئۈمىتسىزلىك ئوتىنى يېقىشىمۇ مۇمكىن، ئىدىيەۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش زورۇر .......» دىگەننى ئويلىدى.

سابىر شۇ خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا، كەينى تەرەپتىن پارتلاتقۇچىلا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىدىن توختى بىلەن ئابلىكىم يېتىپ كەلدى. ئۇلا نىڭ قولىدا بولانغان پارتلىتىش دورىسى، پىلتە ۋە پارتلىتىش كېرەكلىك سايمانلار بار ئىدى. سابىر بۇ ئىككى ياش مىنېرغا قاراپ

— يەنە «تاش توساق» مۇ؟ — دىدى مەنىلىك قىلىپ.

— «تاش توساق» بولغاندا قانداق دىمەكسىز؟ — دىدى توختى ماڭغاچ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، — ئىشقىلىپ يوغانلا بىر نىمە بۇ تېجەمەل تاش بىرقانچە قېتىملىق پارتلىتىشنى پىسەن قىلماي پۈتۈن بىر كۈنلۈك ئىشنى ئۇلتۇردى. يولداش جاۋتيەن بىلەن سادىقكام قايتا - قايتا ئويلىشىپ ۋە كوپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنداق قازانغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لداق چوموچ دىگەندەك، قورام تاشنىڭ ئوزىنى «تاش منا»غا ئايلاندۇ-
شنى ئويلاپ تاپتى!

— «تاش منا» دەمسىنا؟ — دىدى سابىر توختىغا قاراپ.

— ھە، «تاش منا» — دىدى ئابلىكىم جاۋاپ بىرىپ، — ئىس-
زدە يوقمۇ، قايسى كۈنى پارتلىتىپ سىناق قىلىش مەيدانىدا لايىھەسى
تىلغان «تاش مىنا» نىڭ ئوزى شۇ! ئىچىگە دورا قاچىلاپ ئوزىنى
تلىتىدىغان، پارتلىتىلغاندا تاش بورىنى كوتىرىلىدىغان «تاش منا»......

تەشمىنىڭ توردىن «گوس - ۋاق»، «گوس - ۋاق» قىلغان بازغان
ازى ئاڭلاندى. ئاياقلار ئاستىدا تاشلار غىچىرلايتتى. تەشمە يولىنىڭ
ھەر - بۇيىردە يىغىلىپ كولچەك بولۇپ قالغان سۇلار بۇلاق كوزىدەك
يرايتتى. توشۇيدىغان تاش - شېغىل بولمىغاچقا، يولدا قاتناۋاتقان
ەم يوق ئىدى.

تەشمىنىڭ تورى — جەڭ قايىنىغان يەر. بۇ يەردە تۇراخۇن، سىلى-
خۇن، جاۋتيەن، سادىقلار ئىككى گوروپپا بولۇپ، نوۋەتلىشىپ بازغان
لىق قىلىۋاتاتتى. ئالتە جىڭلىق بازغانلار ھەر قېتىم ئۇشكە ئۇستىگە
ۇلغاندا توشۇك ئىچىلىۋاتقان قورام تاش ئىچىدىن بوغدايدەك، قوناق
 تاش ئۇۋاقلىرى ئۇچۇپ چىقاتتى. ئىككى كىشى ئىككى تەرەپتە
نكە تۇتۇپ بەرسە، ئىككى كىشى ئىككى تەرەپتىن بازغان ئۇراتتى.
غانلار ئۇ قولدىن - بۇ قولغا نوۋەتلىشىپ ئوتۇپ تۇراتتى.

بىرقانچە ياش يىگىتلەر تاش تامغا يولىنىپ نوۋەت كۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— يولداش جاۋتيەن، ئەمدى بولدى قىلىڭ، توپ - توغرا يۇز
غان ئۇردىڭىز! — دىدى ئابابەكرى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەكىلىڭ
مدى مەن ئۇراي......

— توختا، ئابابەكرى يەنە بىر ئاز ئۇراي. بەشنى، ئاخىرقى ئۇچ
... ھە، مانا بولدى، — جاۋتيەن ئاخىرقى بازغاننى كوچەپ ئۇردى-
، توختىدى.

جاۋتيەن بازغاننى ئابابەكرىگە بىرىپ، قاپارتما بولۇپ كەتكەن قول-
رى بىلەن پىشانىسىنى سىرىغاندا، چىلىقىدە غۇژمەكلىشىپ كەتكەن تەر
ىبالىدىن قۇيۇلغاندەك يەرگە توكۇلدى. ئۇ كۇچلۇك موسكۇللۇق كوكرىكىنى

ئالدىغا چىقىرىپ، قەددىنى رۇسلىغاندا بىردىن پۇشقاقلىرىنى تۇر
ۋېتىپ، مايكىچان بولۇۋېلىپ تەشمىنىڭ توزىگە قاراپ كېلىۋاتقان سابىر
كوزى چۈشتى:

— يولداش سابىر، قاچان كەلدىڭىز؟

— ھازىرلا ......

— «سۇلۇق جىلغا» نىڭ ئىشلىرى قانداق؟ — جاۋتيەن تۇراخۇ
بىلەن ياندىشىپ قومۇرۇۋېلىنغان تاش ئۈستىگە ئولتۇردى ۋە تاماك
سەرەڭگە ياقتى.

— ئۇ يەردىمۇ ئىشلار ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس، — دېدى ساب
تۇراخۇننىڭ قولىدىن بازغاننى ئېلىپ، ئۇ ئابلىكىم تۇتۇپ بىردۋاتقا
ئۇشكىنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشقا باشلىدى، — مۇنداق كېلەڭسىز چوڭ قۇ
تاش «سۇلۇق جىلغا» دا زەيتۇنەم، ھېكىم رازىقلارنىڭمۇ ئالدىنى توس
يېتىپتۇ. ئادەتتىكى پارتىلىتىش زادىلا كار قىلمىدى. مەن ئۇلارغا: چ
قورام تاشلارغا ھازىرچە تەگمەي، يانداپ ئوتۇپ كېتىۋېرىڭلار، دېد
«تاش مىنا» چە پارتىلىتىش ئۇسۇلى ياخشى بولۇپ چىقسا، بۇ ئۇسۇل
دەرھال ئۇ يەرگىمۇ يوتكەيلى......

— پارتلاتقۇچىلاردىن بىرنەچچە كىشىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىشكە توغ
كېلىدۇ، — دېدى جاۋتيەن ئويلىنىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئۇ يەرگە ياردەم بەرمەي بولمايدۇ، — دېدى ساب
بازغان ئۇرۇشنى داۋام قىلىپ، — ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، بۇ يەرد
كىدىن ئاسان ئەمەس. ھەم قورام تاشلارنى يوتكەپ ئوستەڭ ئېلىشقا، ھ
قار - مۇز بىلەن چېلىشىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ......

ئارىدىن يېرىم سائەت ئوتكەندىن كېيىن، ئابابەكرى ئۇرۇۋاتقا
بازغاننى يەرگە قويۇپ، ئويۇپ تېشىلگەن قورام تاشنىڭ توشۇگىگە قولىن
سېلىپ تەكشۇرۇپ كوردى - دە، سادىققا قاراپ:

— سادىقكا، توشۇكلەر پۈتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جاۋتيەن توشۇكلەرنى ئولچەپ ماقۇللىدى، سادىق بىلەن ئابلىكى
دورا قاچىلاش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. رەھناخان جۇرئى بىلەن
خاسىيەت چېلەكلەردە قىزىق چاي ئېلىپ كىردى. باشقىلار دەم ئېلىش

ئۇچۇن تاش تاەغا ۋە كولاپ چىقىرىلغان، تاشلارغا يولىنىپ، بۇتالىرىنى ئۇزۇن
ەۋزۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشتى، چاي ئىچكەچ ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭغا چۈ-
شۈپ كەتتى.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى تومۇر بوۋىنىڭ كىچىك ئوغلى
وختى ئىدى. يۇمۇلاق يۈزلۈك، دوغلاق كەلگەن بۇ ياش مىنبىگنى تەش-
ىدىكىلەر «بىزنىڭ كىچىك باتۇر، ئۇچقۇر كىيىك» دەيتتى. توختى
وزىنى باشقىلارنىڭ «كىچىك» دېيىشىگە قوشۇلمايتتى ۋە ھېمىشەم چوڭ
ىشىنىڭ ئىشىنى تالىشىپ قىلاتتى. زورۇر تېپىلىپ قالسا، خۇددى كى-
كتەك تاشتىن - تاشقا سەكرەپ چېپىپ، تاغ ئايلىنىپ «سۇلۇق جىلغا»غا
ىرىپ، ئۇ يەردىكى يىگىلىقلاردىن خەۋەر تېپىپ كېلەتتى. تەشىمگە بىرەر
ەرسە جىددى كېرەك بولۇپ قالسا، خۇددى قانات قېقىپ ئۇچقان قۇش-
ەك بىردەمدە مەھەللىگە، گۇڭشې ئىدارىسىغا بېرىپ، كېرەكلىك نەرسى-
ەرنى ئېلىپ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ناھايىتى پاراڭ خۇمارى،
ىزىقشلىق سوئالچى ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كوزى قولىدا ئويناپ ئول-
ۇرغان پولات ئۇشكىلەرگە چۈشتى.

— مەن ھېمىشەم دۇنيادا ئەڭ قاتتىق نەرسە پولات بولسا كېرەك،
ەپ يۈرەتتىم، — دىدى ئۇ قولىدىكى ئۇشكىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ،
ۇنىڭ قولىدىكى پولات ئۇشكىلەر بازغان زەربىدىن يەر قالپىغىدەك كەي-
ىگە يېنىپ قالپاقلىشىپ، يالپاق بولۇپ، ئەسلىدىكى ئۇزۇنچاق ئىسكەتىنى
ۇتۇنلەي يوقىتىپ، كېرەكسىز تومۇر - تەسەككە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، —
انا قاراڭلار، نىمە بۇ، پولاتنى قەغەزدەك ئېزىۋەتكىنىگە قارىغاندا، تاش
ەقىقەتەن قاتتىق نەرسە ئىكەن جۇمۇڭلار، — توختى يېنىدا چاي ئىچىپ
ولتۇرغان سابىرغا ئىشەنچلىك قاراپ قويىدى، — شۇنىداق ئەمەسمۇ،
سابىر ئاكا ......

— سەن پولاتتىن تاش قاتتىغراق دىمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ — دىدى
سابىر پىيالىدىكى چاينى پۈۋلەپ تۇرۇپ.

— مانا قارىمامسىز، ئەلۋەتتە شۇنداقتە، — توختى ۋالىياقلىشىپ كەت-
كەن بىر دوۋە پولات ئۇشكىلەرنى كورسىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى، — ئاجايىپ
ئىش. بىز بولساق بۇ نەرسە بىلەن چوڭ تاشنى پارچىلىماقچىدۇق،

لېكىن، بۇ جانۋارنىڭ ئۆزى قۇرامىنىڭ ئالدىدا خېمىردەك مىجىلىپ،
ئەمەسلا بىر نىمە بولۇپ قالدى، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ تاش كاساپەت ھەق
قەتەن قاتتىق ئىكەن-دە! ......

— ياقلا ئۇكا، — دىدى سابىر ئويلىنىپ تۇرۇپ، — سەن ئىشەن
سەڭ، مەن بىر قاراپلا كورگىلى بولىدىغان، بېرىپلا تۇتقىلى بولىدىغان
نەرسىنىڭ قاتتىق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. پولاتمۇ، تاشمۇ قاتتىق
ئەمەس.

توختى سەل تەئەججۇپلىنىپ، «نىمە گەپ بولۇپ كەتتى» دىگەندەك
جاۋتيەنگە قاراپ قويدى. جاۋتيەن بولسا قىزىقسىنىپ:

— ھە، ھە، يولداش سابىر، قېنى داۋام قىلىڭ، سىزچە ئادەتتىكى
تاشمۇ، قۇراممۇ قاتتىق ئەمەسكەن-دە، — دىدى كۇلۇپ.

— شۇنداق، قاتتىق ئەمەس، — دىدى سابىر چاينى بىر يۇتۇم
ئىچىۋېلىپ ۋە توختىغا قاراپ قويدى. — قارىماققا، تاش قاتتىق نەرسە
لېكىن قاتتىق ئىرادىلىك ئادەم ئالدىدا ئۇمۇ قەغەز يولۋاس. مانا سەن
توختى بىزنىڭ بەش ئايدىن بۇيانقى ئىشىمىزغا قاراپ باققىن. قۇرا
تاشلار ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن بىر-بىرلەپ پارچىلىنىۋاتىدۇ
شېغىلغا ئايلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئىرادىمىز بولسا بارغانچە چىڭىۋاتىدۇ، ئى
رادە تاشنى يېڭىۋاتىدۇ. دىمەك، قەتئى نىيەتكە كەلگەن ئادەمنىڭ ئىرادىسى
تاشتىن قاتتىق، ئۇنى ھېچنىمە بىلەن سۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. تومۇ
بوۋام ئېيتقاندەك، تومۇرنى سوزساڭ قىل بولىدۇ، تاشنى ئۇرساڭ قۇم
باشقا ھېچنىمە ئەمەس. ئادەمنىڭ ئىرادىسىچۇ؟ ئۇ تاۋلانغانسىرى، تېخىم
قەيسەرلىشىدۇ، قىسقىسى، شۇنداق ......

توختى قولىدىكى كېرەكسىز ئۇشكىلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلىدى ۋ
ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان تۇراخۇنغا قاراپ قويدى.

تۇراخۇن شۇ بۇرۇنقىدەك تەمكىن، خۇشچاقچاق ئىدى. كەكە سا
قاللىرى بىرئاز ئۇسۇپ قالغان بولسىمۇ، كوزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى
بۇ يەردىكىلەر ئۇنى «گاڭ ئادەم» دەيتتى، ئۇ ھېرىپ-چارچاش، زاز
لىنىش دىگەننى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قولىدا قانچە-قانچە بازغان، بولات
ئۇشكە ۋە ئىككى قىرلىق جوتۇلار ئۇپراپ، ئېزىلىپ، يەنچىلىپ تۈگىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالغانلىرىدا پەيدا بولغان ھۆررەك - ھۆررەك قادالقلار ئۇلارنى ئەنە شۇن-
ناق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئەمما تۇراخۇن بولسا، ھېمىشەم بىرخىل، گاك
ادەمدەك مەزمۇت، خۇش پېئىل يۈرەتتى.
— ئىرادە — تاش، تاشتىن قاتتىق، دىگەن گەپلەر ئەمىلىي گەپلەر، —
مدى تۇراخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ ۋە «تۇراخۇنكام نىمە دەيدىكىن»
سگەندەك قىلىپ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ياش يىگىتلەرگە ئېيتتى، —
ابىرنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس بولدى. قەتئىي ئىرادە، غەلىبە قىلىش ئىشەن-
نىسگە تولغان قاتتىق ئىرادە بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ
ەقىلى بولمايدۇ. سىلەر ياشلار ئۈچۈن تەشمە ئىچى ئىرادە تاۋلاش
چىقى دىسەكمۇ بولىدۇ. بىز تاغنىڭ تېگىدە، تەشمە ئىچىدە تۇرساقمۇ،
ېمىشەم پۈتۈن دۇنياغا نەزەر تاشلايمىز، ئۆز ئىشىمىزنى شۇ نۇقتىدىن باھالاي-
مز... سىلەرگە مەلۇم، دۇنيا ئىككىگە بۆلۈنگەن، بىرى بىز ئىشچى - دىخانلار-
نىڭ دۇنياسى، بىرى ئەزگۈچىلەر ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان دۇنيا. بىز ئۇ-
مىزنىڭ ئىشچى - دىخانلار دۇنياسىنى ئوبدان قوغدىشىمىز، ئۇنى تى-
شىپ ياخشى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. مانا بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كۈچلۈك،
ۇرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك. جاھانغا كوز تاشلىساق،
ەزگۈچىلەر ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان جايلاردىكى خەلقلەرمۇ ئىنقىلاپ
ىلىۋاتىدۇ، شىللىسىدىن بېسىپ تۇرغان زۇلۇم - زۇلمەتنى ئىرغىتىپ
اشلاش ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئۇ يەردە ئىنقىلاپ
ىلىشقا بەل باغلىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. «تاغ
استىدا تەشمە قېزىۋاتقان بولساقمۇ، دۇنياغا نەزەر تاشلايمىز» دىگىنىمىز-
نىڭ مەنىسى مانا شۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چوڭ ئىرادە بولۇشى لازىم......
— تەشمە ئىچى، — دىدى سابىر تۇراخۇننىڭ سوزلىرىنى ماقۇللاپ
ئولتۇرۇپ، — بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزم بىنا قىلىش ئۈچۈن سۇ
ئېچىش، كوممۇنىزم بىناسى ئۈچۈن ھۇل قېزىش ئورنى. بۇ ھۇلنى ياخ-
شى، پۇختا قېزىش كېرەك. داجەيلىك قېرىنداشلاردىن ئۆگىنىپ، قارلىق
تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىشكە بەل باغلىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ مانا
شۇنىڭدا......
جاۋتيەن بۇ سوزلەرنى چىن كوڭلىدىن قايىل بولۇپ ئاڭلىدى.

ئۇ بۇ يەردە تۇراخۇن، سىلىماخۇن ئوخشاش كونا يالالىما دىخانلار ۋە
سابىر، سادىق، ئابابەكرىگە ئوخشاش جاسارەتلىك ياش گۇگچەنداك ئەزا-
لىرىنىڭ غورۇر، ئىشەنچ بىلەن تولغان ئىلھامبەخش سوزلىرىنى ھىمىشەم
ئاڭلاپ تۇراتتى ۋە زوقلانغان ھالدا: «ئۇلارنىڭ كوڭلى نىمە دىگەن
كەڭ، قەلبى نىمە دىگەن گۇزەل، ئوسلايدىغىنى نەقەدەر ئۇلۇغۋار
ئىشلار...» دەپ ئويلايتتى ۋە ھاياجانلىناتتى.

جاۋ تيەن سابىرغا ئالاھىدە قول قوياتتى ۋە قايىل بولاتتى. سابىر-
نىڭ چوڭ كوزلىرىدىن ھىمىشەم — مەيلى كىچە، مەيلى كۇندۇز —
پارلاق بىر ئوت ئۇچقۇنىنىڭ ئاجايىپ زور ئىشەنچ، قەتئىيەت بىلەن چاق-
ناپ تۇرغانلىقىنى كورەتتى. بۇ ئۇچقۇن گويا تامچە سۇدا ئەكس ئەتكەن
قۇياش نۇرىدەك دائىم بىرخىل نۇرلىنىپ يالتىرايتتى. جاۋ تيەن بۇ يال-
تىراشتىن سابىر ئوزى ئېيتىدىغان قەيسەر ئىرادىنىڭ دەل ئوزىنى كور-
گەندەك بولاتتى.

جاۋ تيەن تاش تامغا يولىنىپ چاي ئىچىشىپ، پاراڭ سىلىشىپ
ئولتۇرغان باشقا ئەزىمەتلەرگە قارىدى. ئۇلارنىڭ كوزلىرىدىمۇ شۇنداق
نۇر بار ئىدى. مانا سىلىماخۇن... ئۇنىڭ كوزلىرىدىمۇ پارلاق نۇر
يېنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قاداق - قاداق بولۇپ يېرىلىپ، قاپارتمىلىرى تاش-
تەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىغا قاراڭ. بۇ قوللار — پىشقان قوللار. سىلى-
ماخۇن ئوتكەن يىلى ئون ئىككىنچى ئايدىلا قولى قاپىرىپ كەتكەنلەرگە
بىر چارە تېپىپ بەردى. تال-چىۋىقنى قوقاس ئاستىدىكى كۇلگە كومۇ-
راسا قىزىتاتتى - دە، قاپارتمىلارنى كويدۇرۇپ داغلايتتى. شۇنىڭ بىلە-
قاپارتما پىشاتتى، ھە دىگەندىلا، قان چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولماي-
تى. ئۇ بۇ چارىنى باشقىلارغا ئۇگەتتى. سۇڭ مىي بىر قېتىم بۇ چارىنى
كورۇپ قېلىپ: «سىلىماخۇنكا، بۇ نىمە قىلغانلىرى، دورا بىلەن داكا ت-
لۇپ يېتىپتىغۇ، مانا مەن تېڭىپ قوياي» دىگەن ئىدى. لېكىن سىلىماخۇن
«داكا بىلەن دورا — بۇمۇ بولىدۇ، سىڭلىم، لېكىن پىشۋاتقان قول-
خېمىغا ياندۇرۇپ قويىدىغۇ، قولنىڭ خېمىغا يانغىنى يامان. ئۇ چاغ-
قۇرام تاش قولنى بوزەك قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ» دىگەن ئىدى. كىش-
لەر ئۇنىڭغا «تاش ئادەم» دەپ لەقەم قويۇشتى. ھەقىقەتەن ئۇ تاشق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى. چۈنكى، تاش سىلىماخۇننىڭ قاتتىقلىقى
ئالدىدا يۇمشاشقا مەجبۇر ئىدى.

مانا سادىق، مىنىڭ لېيەنجاڭى سادىق... سادىق كەم سوز، ئويـ
جان ئىدى. گويا پولات ئوكوزدەك نەدە قىيىن، ئېغىر، مۇشكۇل ئىش
بولسا، ئۇ شۇ يەردە هازىر بولاتتى. كىشىلەر «سادىقنىڭ قولى ياغاچنى
يېدۇ» دەيتتى. راستىنمۇ نەچچە ئون بازغان، نەچچە ئونلىغان جوتۇلار-
نىڭ سىپى ئۇنىڭ ساپ - سېرىق، قارامتۇل قاداق بولۇپ كەتكەن ئالقانـ
لىرىدا سىلىقدىنىپ - ئۇپراپ تۈگىگەن ئىدى. ئۇ تەشىمنىڭ تېرى ۋە
ن تامىدىن تەسادىپى سىرىلىپ چۈشۈپ، باشقىلارنىڭ هاياتىغا خەۋپ
تكۈزمەكچى بولغان قۇرام تاشلارنى مۈرە ۋە دۈمبىسى بىلەن تىرەپ
رۇۋالغان ۋە ئۇنىڭ بەدەن ھەم تىز سوڭەكلىرى قارسىلداپ كەتكەن
اغلىرىمۇ بولغان ئىدى. شۇنداق چاغدىمۇ ئۇ ئوز ئورنىدا مەزمۇت تۇ-
رۇپ «بۇ — ئىنتايىن زورۇر ئىش، ئورۇلۇۋاتقان تاغنى يولۇۋېلىشقا
ۇرئەت بولمىسا، قۇرام تاشلار كىشىنى بوزەك قىلىۋالىدۇ» دەيتتى.

مانا ئاتابەكرى، ئابلىكىم، توختى، خاسىيەتلەر... تاغ تېگىدىكى
ش ئايلىق كۈرەش ئۇلارنىڭ جىسمانى جەھەتتىن مۇستەھكەم چېنىقىشىنى
ـلىگىرى سۈردى، خاراكتىرىنىمۇ ئوزگەرتىۋەتتى، ئىرادىسى چىڭىدى،
زەر دائىرىسى كېڭەيدى، بارغانسىرى قەيسەر، جۇشقۇن، قورقماس بو-
لۇپ قالدى. جاپادىن قورقۇش، ئىككىلىنىش، هەمدەم خىياللىق دىگەنلەر
لارنىڭ ئېگىدىن ئالدىقاچان كوتىرىلىپ، مۇستەھكەم ئىشەنچ، ئىرادىلىك
ولۇپ قېلىشتى. ئىمدەك تىلك تاققا چىقىش، يېنىپ تۇرغان ئوت دېگە-
نغا كىرىش توغرا كەلسە، ئۇلارنى تەمتىرەپ ئارقىسىغا قارارمىكىن، دەپ
ېچكىم گۇمان قىلمايتتى.

— «گاڭ ئادەم، هەقىقى گاڭ ئادەملەر، — دەپ ئويلايتتى جاۋ تيەن
ەشمىدىكىلەرگە زوقمەنلىك بىلەن خوشال نەزەر تاشلاپ، — دەل مۇشۇ-
لار — گاڭدىن قۇيۇلغان باتۇرلار. قىزىلتاغنىڭ ئەزىمەت يىگى ئەۋلاتلىرى.
شۇنداق جاسارەتلىك باتۇرلار ئالدىدا، مۇنداق ئولۇقۋار غايىلىك
باتۇرلار ئالدىدا قارلىق تاغنىڭ باش ئېگىپ تىز پۈكۈشتىن باشقا چارە-
سى يوق......»



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سابىر قولىدىكى چاي قۇيۇلغان چىنىنى جاۋتيەنگە سۇنۇپ تۇرۇپ، دورا قاچىلانغان توشۇكنى بېكىتىۋاتقان سادىققا دېدى:

— سادىق، باشلايمىزمۇ؟

— باشلايلى، ھەممىسى پۈتتى، — دېدى سادىق ئورنىدىن تۇرۇپ، — قېنى ئۇكام ئابلىكىم، پىلتاگنى ئەپكەل، توختى، بول كىيىك، ماۋۇ سايمانلارنى يىغىشتۇر......

شۇنىڭ بىلەن پارتلىتىش تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. پارتلاتقۇچىلار گۇرۇپپىسىدىكى ياش يىگىتلەر تەشمە ئىچىدە دەسلەپ پارتلىتىش ئېلىپ بارغاندا، بىر ئاز خەۋپسىرەپ تەمتىرەيتتى ۋە جاۋتيەننىڭ ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ، خېيىم - خەتەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. دەسلەپ بىر قېتىملىق پارتلىتىشتا جاۋتيەن ھەممەيلەننى تەشمىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى تەشمە ئىچىدە قالدى. باشقىلار جاۋتيەن كەينىمىزدىن چىقار، دەپ ئويلاشقان ئىدى. لېكىن ئۇ چىقمىدى. ئەكسىچە پارتلاش ئاۋازلىرى سىرتقا چىقتى. سابىر، سادىقلارنىڭ باشلىرىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ، ئەنسىرەپ، تەشمىنىڭ ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى. جاۋتيەن ساق ئىدى ۋە قاپقارا تۈتەك ئىچىدە قول چىرىغىنىڭ نۇرى بىلەن پارتلاش مەيدانىنى تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. سابىر كۆيۈنگەن ھالدا: «يولداش جاۋتيەن، بۇ نىمە قىلغىنىڭىز، ئەگەر بىرەر خەتەر يۈز بەرسە قانداق بولىدۇ؟» دېدى. «ھېچگەپ يوق، ھېچگەپ يوق، — دېدى جاۋتيەن، — مەن يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدىم، تاشلار ئۈستۈمدىن ئۇچۇشتى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، بەزىدە پارتلاش پەيدا قىلغان سىلكىنىشنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاپ يوق، مەن بۇ سىلكىنىشنى مولچەرلەپ كورۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، ئەگەر دورىنىڭ قاچىلىنىشى بەك كوپ بولۇپ، سىلكىنىش چوڭ بولسا، تەشمىنىڭ ئىچىدە باشقا ئاۋارىچىلىق بولۇشى مۇمكىن» دېدى. سابىر ئۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىملىقىنى، ئىككىنچى قېتىم ھەرگىز مۇنداق قارامىلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، جاۋتيەن رازى بولۇپ رەخمەت ئېيتتى. ھازىر بولسا ئۇ ۋەقە ئوتكىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئەملىيەت داۋامىدا ياشلار بۇ ئىشنىڭ كوزىنى بىلىۋالدى. ئۇزلىرى لايىھىلەپ، ئۇزلىرى ياساپ، ئۇزلىرى سىناق قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن قۇرام تاشلارنى بىت-چىت قىلغۇچى ماھىرلاردىن بولۇپ قالدى.
ئوت ئالدۇرغۇچى پىلتىنىڭ يىپى ئۇلىنىپ، ئوت يېقىلىدىغان شوي-
نى سادىق قولىغا ئالغاندا، ھەممەيلەن تەشمىنىڭ ئېغىزى تەرەپكە مېڭىشتى.
سادىق ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ-قاراپ
يۈرۈپ، سەرەڭگىنى چاقتى-دە، تەشمە ئېغىزى تەرەپكە قاراپ ئوقتەك
تىلدى.

تەشمە ئېغىزى ئادەملەر بىلەن تولغان ئىدى. بۇ قېتىمقى پارتلىتىش
دىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلەتتى. ئۇنىڭغا
قىلىنىلىگەن دورىنىڭ مىقدارى كۆپ، نىشانىنىڭ ھەجمى چوڭ ئىدى
بەلكى ئۇ سىناق ئۇستىدىكى «تاش مىنا» پارتلىتىشى ئىدى. جاۋ تيەن
ئىتىمگە قارىدى، ۋاقىت بولسا ئوتۇپ كېتىۋاتاتتى. جاۋ تيەن كوينەكچان
يۈگۈرۈپ تەشمە ئىچىگە ھاياجان بىلەن قاراپ تۇرغان سادىققا ئۆزىنىڭ
تە جۇۋىسىنى يېپىپ قويدى. دەل شۇ مىنۇتتا تاغلار سىلكىنىپ، گۈل-
رلىگەن ئاۋاز ئەتراپنى قاپلىدى.

— ئاتوم بومبا! بىزنىڭ ئاتوم بومبا! — دەۋەتتى توختى خۇشاللىق-
ن سەكرەپ.

تەشمە ئىچىدىن قاپقارا ئىس-تۈتەك بورانلىق كېچىدىكى چاپقۇر
بۇلۇتتەك ھۆررەك بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە تونۇش
را پۇرىقىنى ئېلىپ چىقىپ، باھار شامالىرىغا ئەگىشىپ، يىراقلارغا
يىلەپ كەتتى. سادىق مۇرىسىدىن كالتە جۇۋىسىنى ئېلىپ تاشلىدى-دە،
شمە ئىچىگە قاراپ ئېتىلدى. لېكىن جاۋ تيەن ئۇنىڭ كەينىدىن قۇچاقلاپ
تۇۋالدى:

— بىر ئاز سەۋرى قىلىڭ، ئىس تارقىسۇن......

ئىس-تۈتەك توختاپ، تەشمە يولى سۇزۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن،
ابىر، جاۋ تيەن، سادىقلار تەشمە ئىچىگە يۈگۈردى. ئۇلار بۇ سىناقنىڭ
ەتىجىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. لېكىن تەشمىنىڭ تورى يەنىلا
س-تۈتەك، ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، كىمدۇ قول چىرىغىنى
ياقتى، جاۋ تيەن توك سىمىغا يۇقۇرى ۋولتلىق لامپۇچكىنى ئۇلىدى ۋە
بىردىن ھەممە نەرسە ئايان بولدى: پارتلىتىش — «تاش مىنا» چە

پارتلىتىش — مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. تەشمە يولىنى توسۇۋالغان چوڭ قۇرام تاش پارە - پارە بولۇپ، چاك - چېكىدىن بوسۇلۇپ، ھەممە يەر تاش پارچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

لېكىن... لېكىن. پارتلىتىلغان قۇرام تاشنىڭ كەينىدە — ئىلگىرىلەش يولىنىڭ دەل ئۇزىدە يەنە بىر قۇرام تاش خۇددى دات باسقان ساپال كۇپتەك مەيدىسىنى چىقىرىپ كەپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى توگمەن تېشىدەك ئوتتۇرىسى ئىگىز، ئەتراپى تەكشى پەس بولۇپ، تەشمىنىڭ توردە «بىرنى پارتلاتساڭ، ئەمدى مەن تەييار» دىگەندەك كېرىلىپ تۇراتتى.

قۇرام تاشنىڭ كەينىدىن يەنە بىرچوڭ قۇرام تاشنىڭ پەيدا بولۇشى كۇتۇلمىگەن ئىش، مۇشكۇل سىناقنىڭ سىگنالى ئىدى. ھەممەيلەن نىمە قىلىشنى بىلمەي بىر منوتچە تىمتاس تۇرۇشتى - دە، يانغان كوزلىرى بىلەن سابىرغا قارىدى.

سابىر بىر قولىنى تۇراخۇننىڭ مۇرىسىگە ئېلىپ، جاۋ تيەننى قولتۇقلىغان ھالدا تەشمىنىڭ تورىگە سىنچىلاپ قاراۋاتاتتى.

— نىمە چارە...، — دىدى ئۇ سالماقلىق بىلەن قەددىنى تىك كوتىرىپ، — قۇرام تاش تاكى «سۇلۇق جىلغا» غا قەدەر ئۇلىدەزنى توسسىمۇ، بىز مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىككى بىلىگىمىزگە تايىنىپ، تاش قورغىننى بىر - بىرلەپ يەپ تۈگىتىمىز. قۇرام تاش ھەرقانچە چوڭ جاھىل، بەغەرەز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەربىر تاش. تاش — تاشلىغىچ تۇرۇۋېرىدۇ. بىز بولساق تۇرۇۋەرمەيمىز، بەلكى تەجرىبىلەرنى يەكۇنلەپ ئالغا قاراپ ھەركەت قىلىمىز.

— توغرا، — دىدى تۇراخۇن قولىغا جوتۇنى ئېلىپ، — بىز تەشمە يولىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قۇرام تاش بولۇشىنى مولچەرلىشىمىز، ھەرگىز ئۇزى شىلدىرلاپ چۈشىدىغان شىغىل چىقىپ قالارمىكىن دەپ تەلەي سىنىماسلىغىمىز لازىم......

تەشمە ئىچىدە ھەركەت بىردىن جانلىنىپ كەتتى. جوتۇ - گۇرجەكلەر ئىشقا چۈشتى، لوملار پارچىلانغان، يەرگە قىرىچە پېتىپ تۇرغان تاشلارنى قومۇرۇپ چىقىرىشقا باشلىدى. غالتەك، ئەپكەشلەر قاتناشقا كىرىشتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

پەقەت كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا — يورۇق چۈشمىگەن بۇلۇڭدا بوينىنى سوزۇپ تۇرغان قاسىملا كوزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ، تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، «غىپپىدا» ئارقىسىغا ياندى......

شۇ كۈنى كەچتە تۇراخۇنىنىڭ گەمىسىدە يىگىيەر دادۇي داگېجىبۇ-سىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بولدى. يىغىندا جاۋ تيەنىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، كۈنسېرى كوپىيىۋاتقان «تاش توساق» لارغا قارشى كۈرەش چارىلىرى، تېخنىكىلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. ئاندىن، سابىر ئاساسلىق مەسىلە قىلىپ، «تاش توساق» لارنىڭ كوپىيىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى كىشىلەردە «پەيدا بولغان» ئۈمىتسىزلىنىش، تەشمە ئىچىدىكى كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدىن گۇمانلىنىش كەيپىياتلىرى ئۈستىدە توختالدى: «بەزى ئىدىيىۋى مىكروپلارنىڭ قوشۇننى پارچىلاش، تەۋرىتىش ئەسىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ، سىياسى-ئىدىيىۋى خىزمەت كوپچىلىكنى ئۈستەھكەم ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى» دەپ كورسەتتى... يىغىن بىر ئېغىزدىن پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ۋە مىنبىگلارنى تايانچ قىلىپ، بارلىق ئەزالارنى «ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدا» قارار قوبۇل قىلدى. جىزبۇ ۋېيىۋەنلىرى ئوز ئارا خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھەرقايسى چېدىر - گەمىلەرگە يۈرۈپ كەتتى......

## 2. قار - مۇزلار ئىچىدە

جاۋ تيەن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە تەشمە ئىچىدىن چىقمىدى. ئايتا - قايتا سىناق قىلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن «تاش مىنا» چە پارتلىتىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدىن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بىر كۈنى قۇرۇلۇشچىلارنىڭ تاماقخانىسىدىن بىر قانچە نان ئېلىپ خالتىسىغا سالدى - دە، زەيتۇنەملەر كۈرەش قىلىۋاتقان تاغ ئارقىسىدىكى قۇرۇلۇش تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئۇ توپ - توغرا كېسىپ ئوتۇلسە يېرىم كىلومېتىرغا يەتمەيدىغان

بۇ يولدا گىرەلىشىپ كەتكەن قاتمۇ - قات تاغ تىزمىلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، كىچىك توپىلىكلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، تىك، ئېگىز قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن ئىدى. جاۋتىيەن قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇپ، قىزىلتاغ باغرىدا چەبدەسلىك بىلەن ھەركەت قىلىپ يۈرگەن قۇرۇلۇشچىلارغا، ئاقىرىپ كورۇنگەن چېدىر - گەمىلەرگە، تاش ئۇستەڭگە ۋە يىراق مەھەللە دەرەخلىرىنىڭ ئايىغىدا قىشچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن، سەرەڭگە قېپىدەك كورۇنگەن تاختا - تاختا يېڭى ئېتىزلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بىرنەچچە مىنۇت تىكىلىپ قارىدى - دە، ئاندىن تاشتىن - تاشقا سىرىلىپ، يولغا كەتتى.

«سۇلۇق جىلغا» قۇرۇلۇشىنى «تاغ ئارقىسىدىكى قۇرۇلۇش» دەپمۇ ئاتايتتى. سۇلۇق جىلغىنىڭ شارائىتى قىزىلتاغ باغرى ۋە تەشمە ئېچىدىكى ئىش ۋەزىيىتى بىلەن كوپ جەھەتتىن ئوخشىمايتتى. ئەتىمگەن - كەچتە قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن ئاقۇش تۇمانغا ئايلانغان شۇۋرغان ھەممە يەرنى ساپالدەك قاتۇرۇۋېتەتتى. قۇياش نۇرى تىك چۈشۈپ ھاۋا ئىللىغاندا بولسا، ئىش ئورنىنىڭ ھەممە يېرى چىلىق - چىلىق ھولچىلىك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ يەردە ئىشلىنىدىغان ئىشنىڭ كولىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن قىزىلتاغ تەشمىسى ئېغىزلىنىپ چىقىشى مولچەرلەنگەن تاغ قولتۇغىدىن قارلىق تاغ سۈيى توپلىنىپ كوك مۇزغا ئايلانغان ھازىرقى «مۇز كولى» گىچە بىر كىلومېتىردىن كوپرەك ئۇزۇنلۇقتا ئۇستەڭ قېزىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇستەڭ ئۇچۇن ياسىلىدىغان قاش - تىرگەن تەبىەتنىڭ ئۆز مەرھەمىتى بويىچە «تەييار» بولسىمۇ، لېكىن سۇ يولنىڭ ئون نەچچە يېرىدە قاچاندۇ بىر چاغلاردا يۇز بەرگەن يەر تەۋرەشتە تاغ ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشكەن ئويدەك - ئويدەك قورام-گرانت تاشلار ئۇستەڭنى قاپ بەلدىن توسۇۋالغان ئىدى.

«گرانت توساق» مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، سابىر بىلەن جاۋتىيەن بىرنەچچە قېتىم مۇشۇ يەردە بولدى. ئۇچ تەرەپ بىرلەشكەن تېخنىكا - تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس مۇزاكىرىسىنى ئوتكۇزدى بەزى چارىلەرنى تەتبىقلىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ قورام تاشلارنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ئىدى. بىراق، نەچچە ئون تونىنا كېلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

غايەت زور پوتەي تاشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈنچىۋالا ئوڭاي
لىمغاچقا، ئۇلار ئاخىر، ھازىرچە گرانىت تاشلارنى ئۆز ھالىچە قالدۇ-
ۇپ، ئۇستەڭنى چېپىۋېرىشنى قارار قىلىشتى.

جاۋتيەن قېزىلىۋاتقان ئۇستەڭ ئىچىدىن كېتىۋېتىپ، قار - مۇز
ەن گىرەلىشىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئايدىڭكۆل داۋىنىنىڭ ئەزالىرى
ەن ئادىتى بويىچە دوستانە چاقچاقلىشىپ كورۇشتى ۋە زەيتۇنەمنى سورىدى.

زەيتۇنەم بۇ چاغدا «مۇز كولى» دە ئىدى.

«مۇز كولى» — بۇ قۇرۇلۇشچىلار بەرگەن نام، ئېيتقاندەك، ئىك-
تىزما تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بۇ كەڭ بوشلۇق ياز بويى قارلىق
ەدىن ئېرىپ چۈشكەن سۇ بىلەن لىممۇ-لىق تولۇپ كوكۈش ئەينەكتەك تىنىق
خىل رەڭدە يالتىراپ تۇراتتى. ئەتراپىدا ياپ - يېشىل قارغاي ۋە يەر
ىرلاپ ئۆسكەن ئارچىلارنىڭ شولىسى تىنىق سۇ ئىچىدە لەشتەك ئېنىق
ۈرۈنۈپ تۇراتتى. قىشتا بۇ ئەھۋال يوق. سۇ گويا قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ
ېپ - كوك مۇزغا ئايلىنىپ كېتەتتى. بۇ كەڭ مۇزلۇق ۋادا قىزىلتاغ
شىمىسىدىن ئوتكۈزۈلىدىغان سۇنىڭ تونىلىنىدىغان «پۇنكىتى» ئىدى.

جاۋتيەن زەيتۇنەمنى «مۇز كولى» نىڭ ئايغىدا دومبا سوقۇۋاتقان
ۇرۇلۇشچىلار يېنىدىن تاپتى. بۇ چاغدا زەيتۇنەم يېشىل تىۋىت ياغلى-
نى قىرغىز قىزلىرىدەك بېشىنىڭ بىر چېتىگە ئەپچىل قىلىپ تېڭىۋېلىپ،
ۇتۇچى يىگىتلەر ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋاتقان مۇز چىقىندىلىرىنى گۈرجەكتە
ەۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى كۈچەپ ئىشلىگەنلىكتىن بولسا كې-
ك، ئاناردەك قىزارغان، پېشانىلىرىدا سۈزۈك تەر تامچىلىرى مەرۋايىتتەك
لتىراپ غۇژمەكلىشىپ قالغان ئىدى. مۇنداق سۈزۈك تەر ئىزغىرىن
وغاق شامالنى پىسەن قىلماي، قار - مۇزلارنى ئۆزىنىڭ ئەمگەك جۇش-
نلۇغى بىلەن ئېرىتىۋاتقان كوپلىگەن ئايدىڭكۆل قىز - يىگىتلىرىنىڭ
گلايلىرىدىمۇ يالتىرايتتى.

زەيتۇنەم ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان جاۋتيەننى كورۇپ، يىراقتىن
سالام بەردى:

— قانداق، يولداش جاۋتيەن، تازىمۇ چارچىغانسىز، سۈك مىي
ەلمىدىمۇ؟

— ياق، چارچىغىنىم يوق. ھازىر ھەممە مۇشكۇلچىلىك سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلارغا چۈشكەن تۇرسا، مەن نىمە دەپ چارچايمەن، — دېدى جاۋ تيەن خۇشخۇيلۇق بىلەن.

جاۋتيەن زەيتۇنەم بىلەن كورۇشۇپ تۇرۇپ، دومبا ئۇستىگە تاش كوتىرىپ چىقىپ كېتىۋاتقان خۇشچاقچاق ئەر - ئاياللار ۋە ئەتراپتا مۇزلارنى چېقىپ، توڭلارنى قومۇرۇپ ئوستەڭ ھولىنى قىزدۇۋاتقان خوشال يىگىتلەر بىلەن كوز ئۇرۇشتۇرۇپ، باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى، بەزىلىرى بىلەن قىسقا چاقچاق قىلىشتى. ئاندىن زەيتۇنەمگە قاراپ:

— سۇڭ مېينى تېخى كورمىدىڭىزمۇ؟ مەن سۇڭ مېينى جىژخۇيبۇ چېدىرىدا قالدى دەپ يۇرسەم، ئالدىقاچان بۇ يەرگە كېلىۋېلىپ كىشىلەرنى داۋالاشقا كىرىشكەن ئىكەن، ھازىر سىزنىڭ چېدىرىڭىزدا قالدى، خوش ئوزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېدى.

زەيتۇنەم كېيىنكى كۇنلەردىكى ئىشنىڭ ئەھۋالىنى سوزلەپ بەردى. داگۇبېي شۇجىسى چاۋار مەتقۇلنىڭ كەلگەنلىگىنى، ئەزالار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، بىرمۇنچە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىغىنى، كەچتە كادىر، تېخنىك، پېشقەدەم دېخانلارنىڭ بىرلەشمە كېڭەشىشىنى ئوتكۈزگەنلىگىنى، كېڭەشتە پايدىلىق مەسلىھەتلەر بولغانلىغىنى ئېيتتى.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ «مۇز كولى» نىڭ ئالدىنى توغرا توساپ ياسىلىۋاتقان دومبا ئۇستىگە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە زەيتۇنەمنىڭ دادىسى ھامۇتاخۇن ۋە مۇسا دۇيجاڭ، ئايىمگۇللەر دومبىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تاش تىزىۋاتاتتى.

— ھازىرقى ئاساسىي مەسىلە، — دېدى زەيتۇنەم، — يەنە ھېلقى چوڭ قۇرام تاشلار مەسىلىسى بولۇپ قالدى. چاۋار مەتقۇل ئوتكۇزگەن كېڭەشمىدە ئىككى خىل تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىرسى قۇرام تاشلارنى ئوز ھالىچە قالدۇرۇپ ئوتۇپ كېتىش؛ يەنە بىرسى قۇرام تاشلارنىڭ ئاستىدىن تەشمە ئوتكۇزۇش، لېكىن بۇ پىكىرلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن پىلاندىكى ۋاقىتنى، ئەمگەك كۈچىنى ئەڭ كېمىدە يەنە بىر ھەسسە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چاۋار مەتقۇلنىڭ پىكرى بويىچە بىز تېخى ئاخىرقى قارارنى چىقارمىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاۋتيەن زەيتۇنەمنىڭ پەكرىنى مۇلاھىزە قىلىپ تۇرۇپ ئاگىلىدى.
— چاۋار شۇجى ھازىرمۇ تەشمە ئىچىدە قالدى، — دىدى جاۋ
تيەن ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مەن چاۋار شۇجىنىڭ پىكرى بويىچە بۇ
يەرگە كەلدىم. ئەزالار تەكلىپ قىلغان بەزى چارىلەرنى قىرغاققا تۇتىشىپ
كەتكەن قۇرام تاشلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. لېكىن، تېخنىكا ـ تەتقىقات گۇ-
رۇپپىسى مۇنداق جاھىل قۇرام تاشلارنى ئېزىپ تاشلاشنىڭ يەنە بىر
ئۇسۇلىنى سىناق قىلىپ غەلىبە قىلدى، — جاۋتيەن تەشمە ئىچىدە قۇرام
تاشلارنىڭ كۇكۇم ـ تالقىنىنى چىقىرىۋەتكەن «تاش مىنا» چە پارتلىتىش
ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسىنى سوزلەپ بەردى، — بۇ ئۇسۇلنىڭ رولى چوڭ
بولۇۋاتىدۇ. توختىلار ئۇنى «بىزنىڭ ئاتوم بومبا» دەپ ئاتايدۇ. چاۋار
مەتقۇل تەكلىپ بەردى. سابىر ئوزىنىڭ ماھىر پارتلاتقۇچىلىرىدىن بىر-
نەچچىنى بۇ يەرگە ئەۋەتمەكچى. بۇ مەسىلە شۇ چاغدا ھەل بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن زەيتۇنەم «مۇز كولى» نىڭ ئوستەڭ پۇتكىچە
بولغان ئارىلىقتىكى توسمىسىنى تېزلىتىش تەدبىرىگە دائىر مەسىلە
ئويدى. جاۋتيەن بۇنىڭغا جاۋابەن سومكىسىدىن چاققانغىنا بىر خەرىتىنى
ئېلىپ زەيتۇنەمگە ئۇزاتتى:

— توسما ۋاقتىلىق قۇرۇلۇش، مېنىڭچە، ئۇنىڭ كولىمى مۇشۇنچە
لىك بولسىلا بولىدۇ، سىز يەنە بىر ئويلاپ كورۇڭ.

زەيتۇنەم خەرىتىنى قولىغا ئېلىپ ئۇزاق قارىدى ۋە نىمىنىدۇ
ئېنىقلاپ سورىدى، ئاندىن:

— بۇ تولا بەلەن بوپتۇ، — دىدى رازى بولغان ھالدا، — سىز
قايسى كۇنى بۇ توغرىلىق ھېچنىمە دىمەي كەتكەندىن كېيىن، بېشىمىز
گاڭگىراپلا قالغان ئىدى. مانا ئەمدى ھەممە نەرسە ئايان بولدى. ئۇنىڭ
ئۇستىگە، بىز مولچەرلىگەن ئالتەيۇز ئەمگەك كۇچىدىن يىرىمىنى تېجەپ
قالغىلى بولىدىكەن......

ئىزغىرىن شامال پەسلەپ، ھاۋا ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ كەتتى.
كۆئېنلۇن تىزمىلىرى ئۇستىدىكى ئاپپاق قار، جىلغا ئىچىدىكى كوك مۇز-
لار گويا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك، قۇياش نۇرىدا يالتىراپ
چاقناشقا باشلىدى.

جاۋتيەن تەشمە ئىچىدىكى ئوتلۇق كۈرەش ۋە «تاش تۇساق» لارنى يېڭىش چارىلىرى ئۈستىدە بولۇنغان قارارلارنى سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن، قولىغا جوتۇ ئېلىپ، دومبا ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان ئەزالارنىڭ قېشىغا كەتتى، زەيتۇنەم بولسا ياغلىقىنى تۈزەپ، چورۇقلىرىنى قېقىپ، سۇڭ مېي بىلەن كورۇشۇش ئۈچۈن چېدىر تەرەپكە ماڭدى.

سۇڭ مېي تىببى پۇنكىت قىلىنغان چېدىر ئىچىدە، زۇكام بولۇپ قالغان، قوللىرىنى قىرلىق تاشلار كېسىۋەتكەن كىشىلەرگە دورا بەرگەچ ئۇلارغا ئوزلىرىنى ئاسراش، ئىمكان بار دەم ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىۋاتاتتى. بەزىلەر بولسا سۇڭ مېي بەرگەن دەم ئېلىش ئىسپىراپكىسىنى ئىككى قوللاپ خوشال ئالاتتى - دە، يانچۇغىغا سالاتتى ۋە سۇڭ مېيدىن رازى بولغان هالدا قوللىرىنى مەيدىسىگە ئېلىپ:

— رەخمەت سۇڭ مېيخان، مەن بۇ يەرگە دەم ئېلىش ئىسپىراپكىسى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زەيتۇنەمنىڭ «بۇ نىمە قىلىش، دەرهال دوختۇرغا كورۇنۇڭ، قولىڭىزنى تاڭدۇرۇۋېلىڭ» دەپ قوغلىغانلىقى ئۈچۈن كەلگەن. دەم ئېلىش دىگەننى قۇرۇلۇش توگىگەندە خالىغانچە قىلىۋالىمىز، — دەپ كوزلىرىنى قىسىپ قويۇپ، خوشاللىق بىلەن ئىش ئورنىغا كېتەتتى.

مۇنداق چاغدا سۇڭ مېي قاشلىرىنى هىمىرىپ:

— كوردۇڭلارمۇ، مەن دوختۇر بولسامۇ، قىلچىلىك هوقۇقۇم يوق، نىمىشقا ئۇلار ئوزىگە كويۇنمەيدۇ؟ — دەيتتى.

— كويۇنىدۇ، سۇڭ مېيخان، كويۇنىدۇ، — دەيتتى باشقىلارمۇ، — هازىر ئىش زورۇر، قاتتىق بەل تىكىپ ئىشلىشىدىغان پەيت، هازىر ئەزالار قار - مۇزغا قارشى ئوت بولۇپ كېتىۋاتسا، كىمنىڭ دەم ئېلىپ ئىسسىق چېدىردا ياتقۇسى كېلىدۇ، هەر هالدا هىممىتىڭىزگە رەخمەت، — دەپ ئۇلارمۇ دورىسىنى بەلۋىغىغا توگۇپ، ئالدىراپ ئىش ئورنىغا كېتەتتى......

زەيتۇنەم سۇڭ مېي بىلەن مەگزىنى مەگزىگە يېقىپ، دوستلارچە چاقچاقلىشىپ قۇچاقلىشىپ كورۇشتى ۋە ئۇنىڭ بەللىرىدىن تۇتۇپ سىپ سالدى. سۇڭ مېي بىرئاز ئورۇقلاپ قالغان بولسىمۇ، كوزلىرى شۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

بۇرۇنقىدەك ئوپناق ئىدى. بېشىدا شۇ ئاددىي ھەربىچە شەپكە، بويىنىدا
قىزىل يوللۇق ئاق لوڭگە، ئۇستىدە ئىخچام كالتە جۇگا بار ئىدى ۋە
كۇلۇپ تۇراتتى.

زەيتۇنەم سۇڭ مېينىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئېيتقىنا، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان نىمىشقا بۇ يەرگە كەل
مىدىڭ، — دېدى كۇلۇپ.

— سېغىندىڭمۇ؟

— سەن سېغىنمىدىڭمۇ؟

— مېنى دىسەڭمۇ شۇ يەردىن — سېنىڭ قېشىڭدىن كەتمىسەم
دەيمەن، — دېدى سۇڭ مېي ۋە ئامراقلىق بىلەن زەيتۇنەمنىڭ بېشىنىڭ
بىر چېتىگە تېگىۋالغان ياغلىقىنى ئىڭىكىنىڭ ئاستىدىن ئوتكۇزۇپ
باغلاپ، مۇز چېقىندىلىرى يېپېشىپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەپ تۇرۇپ، —
ئۇزەڭ بىلىسەن، قىزىلتاغنىڭ ئۇ چېتىدىمۇ بىرنەچچە يۈز كىشى بار.
ئۇنىڭ ئۇستىگە سابىرلار ئىشلەۋاتقان تەشمە ئىچىگە كىرىدىغان بولساڭ،
كارامەت جەڭ مەيدانى. ھايات - مامات جېڭى دىسەڭمۇ بولىدۇ، —
سۇڭ مېي سابىرنىڭ قاپىقىنى تۈنۈگۈن بازغان زەربىدىن قاڭقىپ چىق
قان بىر تاش پارچىسىنىڭ يېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدىيۇ-
ئېيتمىدى ۋە ئويلانغان ھالدا، — خوش، ئۆز ئەھۋالىڭچۇ؟ — دېدى.

— ئۇزەڭ كورۈپ تۇرۇپسەن، قار - مۇزلار بىلەن ئېلىشىۋاتىمىز،
غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىمىز كامىل. تەشمە پۈتىسىلا بۇ يەردە مەسىلە چوڭ
ئەمەس... — زەيتۇنەم سابىرلار ئىشلەۋاتقان تەشمە ئىچىنى كوز ئالدىغا
كەلتۇرۇشكە تىرىشقاندەك بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى، — تەشمىدىكى
ئىش بەك ئېغىرمۇ؟......

— ئېغىر، بەك ئېغىر... — سۇڭ مېي ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ
قويدى، — تەشمىنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن جىددى. ھولچىلىك ئىچىدە
خىيىم - خەتەرگە قارىماي، جان تىكىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. سابىر
بازغاننى يەرگە قويمىغىچە ھېچكىم ئىشنى توختاتمايدۇ. كۈندۈزى تۆگۈل
كېچىسىمۇ تەشمىدە ئادەم بار...... يەنە كېلىپ، ساپلا قورام تاش
چىقىۋاتىدۇ......

— ساپلا قوۇرام تاش؟!

— شۇنداق، ساپلا قوۇرام تاش، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى... بۇ ئەھۋال بەزى ئايرىم كىشىلەرنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويدى. ھەتتا ئىش ئورنىدىن قېچىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. سابىر «يامان ئادەملەرنىڭ پۈرسەتپەرەستلىك قىلىپ، قوشۇنىمىزنى پارچىلاپ، ئىشنى ئاخسىتىپ قويۇشىدىن ھوشيار بولۇش كېرەك» دەيدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى چوڭ-كىچىك يىغىنلار بولدى. چىڭ پىپەن، ئىرادە بىلدۈرۈش دازىباۋلىرى ھەممە گەمە - چېدىرلارنىڭ ئالدىغا چاپلاندى. تومۇر بوۋا، سېلىماخۇنكامغا ئوخشاش كونا كەمبەغەل دېھقانلار بىرلىشىپ يازغان بىر دازىباۋدا «كۆ-كۇم - تالقان بولۇپ كېتىشكە رازىمىزكى، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئېلىپ كەلمىگىچە، كۈرەشتىن ھەرگىز چېكىنمەيمىز» دېيىلگەن. مۇنداق قەتئىي ئىرادىلىك دازىباۋلار ناھايىتى كوپ. قاچقانلار — بىرنەچچە قورقۇنچاق، ئىش خوشياقماسلار. ئەزالار ئۇلارنى «جىژسۇ» دەپ مەسخىرە قىلىشتى. ھەرقايسى شياۋدۈي ھەم زەربىدار دۈيلەرمۇ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، غەلىبىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرىمىز، دەپ قارار قوبۇل قىلدى......

— ئىش ئورنىدىن قېچىش... — زەيتۇنەم سۇڭ مېيىنىڭ سوزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ۋەقەنى ئەسلىدى:

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن قاسىم تەسادىپىي پەيدا بولۇپ قالدى ۋە زەيتۇنەمنىڭ ئەتراپىدا يوقىلاڭ بىر ئىشلارنى بانا قىلىپ ئەگىپ يۈردى. قەيەردىدۇ بولغان چوڭ سۇ قۇرۇلۇشلىرى ئۈستىدە توختالدى، تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى بەزى موجىزىلەرنى ھېكايە قىلدى، ئېپىنى تېپىپ ھىجايدى، ئالتۇن چىشىنى پاقىرىتىپ خوشامەت قىلدى. ھەتتا بۇ كۈنلەردە كەم تېپىلىدىغان بىرنەچچە دانە چوڭ، ئالتۇن رەڭلىك ئېسىل چىپان نەشپۈتنى سوغا قىلدى. ئەپسۇس... بۇلاردىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. زەيتۇنەم بۇ گەپلەرنى رەسمىيەت ئۈچۈن ئاڭلىدى، نەشپۈتنى بولسا ئەشۇ يەردىلا باشقىلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى ۋە ئىش ئورنىغا كېتىپ قالدى. قاسىم ئۆزىگە زەيتۇنەمنىڭ قارايدىغان كوزى يوقلۇغىنى ئوپ - ئوچۇق كوردى. ئاخىرىدا، ئىش شۇنداق بولدىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاسىم قانداق تەسادىپىي پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق غايىپ بولدى.

لېكىن، كەچقۇرۇن قاسىمنىڭ ئانا جېمەت ئىككى ئۆزى ئۆتۈنمۇنى بىلەن ئىشتىن زارلاپ يۈرگەن ئاقنانچى بىر يىگىت چاپىنىنىڭ پېشىنى قىقىپ ئۇزىچە: «بىز كېتىمىز! بۇ ئىشتىن ھېچبىر نەتىجە چىقمايدىكەن» دەپ غەۋغا كۆتەردى، كىشىلەر يىغىلدى. ئىش بىر پەسكە توختىدى. ھېلىقى بىكار تەلەپ يىگىت بولسا «كېتىمىز، كېتىمىز!» دەپ جېنى چىققىچە ۋاقىرايتتى.

زەيتۇنەم ئاكا ـ ئۇكا تۇققانلارغا قارىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئىگىز، ئورۇق كەلگەن چوقۇر ئادەم بولۇپ، ئۇششاق ئېلىم ـ سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كونا ھايانكەش ئىدى. يەنە بىرسى بولسا دادۇيدە ئۇرۇشقاقلىق بىلەن داڭ چىقارغان بىر نىمە ئىدى.

— كېتەمسىلەر؟ — دىدى زەيتۇنەم ئۇلارغا قاراپ.

— كېتىمىز! زادى كېتىمىز! — دىدى ھېلىقى ئاقنانچى ياش يىگىت كۈلەيگەن ھالدا ئالدىغا چىقىپ.

— نىمشقا كېتىسىلەر؟

— كېتىمىز، تاغنى تېپىشىپ ئوتكىلى بولمىسا، بۇيەردە ئۇستەڭ چاپقاننىڭ نىمە پايدىسى بار...، — دىدى ئاكا ـ ئۇكا تۇققانلار.

— سىلەر تەشمىنى بېرىپ كوردۇڭلارمۇ؟

— بىز كورمىسەكمۇ ... — دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى ئۇلار.

— خوش، ئەمسە كىم كورۇپتۇ؟

— .........

شۇنىڭ بىلەن ئەزالار ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە قوزغىلىپ كەتتى. كىمدۇ بىرى غەزەپلىنىپ: جۇرئەتسىزلىك، قورقۇنچاقلىق قىلغان بىلەن ھېچ ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ، — دىدى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى يۈيگۈرۈك بوۋاينى تىلغا ئېلىپ: بىز يۈيگۈرۈك بوۋايچىلىك بولالمايمىزمۇ، — دىدى. يەنە بىرمۇنچە ئەزالار داجەي قەھرىمانلىرىنى تىلغا ئېلىپ، — بىز بۇيەرگە دەل مۇشۇ جاپالىق ئىشلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن كەلگەن، ئارقىغا چېكىنىش نومۇس، غەلىبە قىلمىغىچە قايتمايمىز، دىدى. ئاندىن ئۇلار ھېلىقى ئاكا-ئۇكا تۇققاندىن تەشمىنى تېشىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ، دىگەننى نەدىن ئاڭلىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

مۇنازىرە تازا قىزىۋاتقان چاغدا يەنە قاسىم پەيدا بولدى ۋە كېلىش- تۇرگۇچى قىياپەتتە:

— مۇنازىرە قىلىش ياخشى نەرسە، لېكىن، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇستەڭنى چاپماي بولمايدۇ، ھەرھالدا بۇ تەرىپى مۇھىم، ئەمما... — دەپ دۇدۇقلاپ تاماكىسىنى ئېغىزىغا ئېلىپ باردى.

— «ئەمما»، «ئەمما»، نىمە «ئەمما»؟، — غەزەپلەنگەن ئايىم-گۈل يې- رىلغان، قىرلىق تاشلار تىلىپ - تىلىپ قان چىقىرىۋەتكەن قوللىرىنى قاسىمغا شىلتىپ - شىلتىپ تۇرۇپ ئېيىنتى، — بىز داجەيلىكلەرنى ئۆلگە قىلىپ بۇ كۆرەشكە ئاتلانغان، قىيىنچىلىق داجەيلىكلەرنى قورقۇتالمىغان، بىزمۇ قى- يىنچىلىقتىن قورقمايمىز، سۇلۇق جىلغىنىڭ سۈپ - سۈزۈك سۈيىنى بوز يەرگە ئېقىتماي تۇرۇپ، ھەرگىز كەينىمىزگە چېكىنمەيمىز، بۇيەردە ئەمما- پەمما دەپ تۇرۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق ......

— ئايىمگۈل توغرا ئېيتتى، — دېدى مۇسا دۈيجاڭ ئىككى قىرلىق جوتۇنى مۈرىسىگە سېلىپ تۇرۇپ، — بىز بۇ يەرگە ئۇسسۇل ئويىنىغىلى كەلمىدۇق، بەلكى ئىككى بىلىگىمىزگە تايىنىپ قارلىق تاغنى باش ئەگ- دۈرگىلى كەلدۇق. بىز بىلىمىزكى، بىزنىڭ كۈتىرىۋاتقىنىمىز بىر زەمبىل شېغىل، بىر پارچە تاش ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزىم بىناسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان زورۇر خىش، — مۇسا دۈيجاڭ ئاقنانچى ياش يىگىتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويدى، — قارلىق تاغنىڭ شۋىرغانلىرى قورقۇنچاقلارغا قوش كۆرۈنىدۇ. لېكىن بىز قورقۇنچاق ئەمەس. بىز ئىشقا بەل باغلىغان ئىكەنمىز، كەينىمىزگە ھەرگىز چېكىنمەيمىز. سەنمۇ بىز بىلەن بول، كېتىمىز دېگەن گەپنى قىلما، بۇ — يىگىت ئادەم ئۈچۈن نومۇس.......

بۇ چاغدا قاسىممۇ، ئاكا - ئۇكا تۇققانلارمۇ، ھېلىقى ياش يىگىتمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئىدى. زەيتۇنەم قەددىنى تىك قى- لىپ، سەكرەپ بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، يالقۇنلۇق ئاۋاز بىلەن سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشى قەلبىگە زور ئىشەنچ، ۋۇ- جۇدىغا جاسارەت بېغىشلايتتى، ئەزالار ئۇنىڭ سالماق، جۇشقۇن، ئىنتا- يىن قايىل قىلارلىق سۆزلىرىدىن قارلىق تاغدىكى كۆرەشنىڭ غەلبىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرگەندەك بولدى ۋە كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى......

زەيتۇنەم قاپىقىنى تۈرۈپ، يەنە سۇك مېيىغا قارىدى:

— ماگا قارا، سۇك مېي، بۇ قاسىم مۇشۇ كۈندە نىمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ — دىدى.

— ۋاي تاگەي، ھېچ بىلەلمىدىم بۇ ئادەمنى، — دىدى سۇك مېي، — ئايىسىبىر كۈنى چاۋار مەتقۇل شۈجى قاسىم بىلەن مۇشۇ چېدىرىدا يېرىم كۈندەك سوزلەشتى، ئۇنىڭغا تەربىيە بەردى، نىمىنىدۇ كېچىكتۈرمەدي يېزىپ تاپشۇرۇشنى ئېيتتى، قاسىمنىڭ «نىيىتىم ياخشى ئىدى، ئويلىنىپ باقاي» دىگەن سوزىنى ئاڭلىدىم. لېكىن بۇ قاسىمنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ھېچ چۈشىنىپ بولمايدۇ، غەلىتە ......

زەيتۇنەم گەپ قىلمىدى، ھەتتا سۇك مېينىڭ كېيىنكى سوزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك تۇراتتى. سۇك مېي:

— ئەتە جۇڭخۇيبۇدا! يىغىن بولىدىكەن، قۇرۇلۇش يېتەكچىلىرىنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدىكەن، بىرەر جىددى مەسىلە قارالسا كېرەك، بارامسەن، — دىدى.

— قىچارسا، ئەلۋەتتە، بارىمەن، — دىدى زەيتۇنەم چېدىرىنىڭ باغىچىغا يولىنىپ تۇرۇپ، ئۇ قوشۇملىرىنى تۈرۈپ جىددى ئويلانماقتا ئىدى.

سۇك مېي زەيتۇنەمنىڭ ئويچان بولۇپ قالغان كوزلىرىگە قارىدى:

— ساگا نىمە بولدى، زەيتۇنەم، خىيال سۈرۈپ قالدىڭغۇ؟ — سۇك مېي شوخلۇق بىلەن چاقچاق قىلدى، — ئېيت، ھازىرلا ئېيت، مۇشۇ تۇرۇقۇڭدا نىمە ئويلىدىڭ؟

— ھېچنىمە.

— ياق، سەن ئويلاۋاتىسەن.

— ياق ئويلىمىدىم.

— ئويلىدىڭ، ئويلىدىڭ، ھەممە يېرىڭ، كوزۇڭمۇ، يۈزۈڭمۇ، ھەتتا بۇرنۇڭمۇ ئويلاۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئېيت، نىمە ئويلاۋاتىسەن، بەلكىم سابىرنى ......

— ياقـلا، مەن باشقا بىر ئىشنى......
— تۇنۇگۇن مەن تەشمە ئىچىدە سابىر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم،— دىدى سۇك مېي.
— نىمىشقا ئۇرۇشسەن خەق بىلەن.
— نىمىشقا ئۇرۇشمايدىكەنمەن، سابىر تامامەن ئوزىنى ئۇنتۇپ قالدى، تاش تېگىپ قاپىقىنى يېرىۋاپتۇ، نىمىشقا دىققەت قىلمايسىز، — دىدىم.
— سەن دوختۇرسەنغۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن، خەق بىلەن ئۇرۇش-ماسلىقىڭ كېرەك.
— بۇ گەپ ئېيتقانىغا ياخشى. لېكىن، سەن سابىرنىڭ تەرىپىنى ئې-لىپ شۇنداق دەيسەن، راستمۇ؟
— سۇك مېي، بولار ئەمدى، سەن يەنە كوناچاقچىقىڭنىڭ ئۇچىنى چىقىرىشقا باشلىدىڭ ......
دوستلار يەنە بىرئاز تاتلىق، شېرىن چاقچاقلىشىۋالغاندىن كېيىن، قار-مۇزلار تەرەپكە كەتتى. سۇك مېينىڭ مۇرىسىدە تىببى ياردەم سومكى-سى ئېسىقلىق ئىدى، زەيتۇنەم بولسا ۋاچىلدىتىپ مۇزلارنى دەسسەپ كېتىۋېتىپ: «بۇ قاسىم زادى نىمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ تۇنۇگۇن ئۇ بۇ يەردە زادى نىمە شۇملۇقلارنى قىلدى - ھە؟» دىگەنىنىلا ئويلايتتى......

## 3. ئاتا سوزى

چاۋار مەتقۇل سوھبەتلەشكەندىن كېيىن، قاسىم سەگەكلىشىپ قالدى. داگۇيبې شۇجىسى ئۇنىڭغا دوق - پوپوزا قىلمىدى. پاكىتلار توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدى، پەقەت يوروق ئىستىقبال تەرەپنى كورسەتتى. بىر گوڭ-شې كادىرى بولغان ئادەم كەمبەغەل دىخان، توۋەن ئوتتۇرا دىخانلار ئۇچۇن بىجانىدىل خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى، بۇ نۇقتىدا ئىككىلىنىشكە يول يوقلۇغىنى، ئۇنداق بولمىسا ئەزالار رازى بولمايدىغانلىقىنى، كىم تەرەپتە تۇرۇش، كىمنى قولالاش، كىمگە مەدەت بېرىش جىددى مەسلە، مەيدان، لۇشيەن مەسلىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. داگۇيبې شۇجىسى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچ - باغرىنى كوروپ تۇرغاندەك ئىدى. قاسىم بېشىنى توۋەن

سالدى ۋە: ئۆيلىنىپ باقاي، مېنىڭ نىيىتىم توغرا ئىدى. مەن ھېلىمۇ
مۇ قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمايمەن، دىگەنىدەك
بىر ئىمىلەرنى دىدى.

ئەمما ئۇنىڭ تەشمىنى تېشىپ ئۆتۈش مۇمكىنلىكىگە گۇمان قىلىشلا
مەس، بەلكى بۇ ئىشنىڭ بەربات بولىدىغانلىقىغا كوزى يېتىپ
قالغاندەك ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە تەشمە قۇرام تاشلار ئاساپىتىدىن
وخاپ قىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ۋاقىتلارمۇ بولدى. بۇ مۇناسى-
دەت بىلەن قاسىمنىڭ يوقۇرى- تۆۋەن قاتراشلىرى، بەزى ئاجىز، قورقۇن-
چاق، دېلىغۇلدى بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر بىلەن ھىد ئېلىشىشلىرى بىكار
ئەتمىدى. بەزى ئايرىم كىشىلەر «بولدى، بۇ ئىشتىن ھېچ ئىش چىقمىدى،
ۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، تەشمىنىڭ قۇيرۇغى
ۇغا چىلاشتى، ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ» دىيىشىپ، قۇرۇلۇش
ۇرنىدىن قېچىپ كەتتى. يەنە بەزىلەر ئارىسالدى بولۇپ، بىر مەزگىل
اراپ بېقىش كويىغا چۈشتى.

ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىچە، قۇرام تاشلار تەشمە يولىنى قاپلاپ تۇرۇ-
الغانسىرى، كوپچىلىك ئەزالار قاسىمنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ جاھىللىشىپ،
ېچ ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە قەيسەرلىشىپ، بىكار ئاۋارە بولۇ-
اتاتتى. «ھەممىسى بىكار گەپ، تەشمە بەربات بولدى، — دەيتتى ئۇ
كۆڭلىدە، — قىپ-قىزىل ئاخماقتە، ئاخماق. تەشمە بەربات بولۇ-
انسا، غەلىبە تاڭ نۇرى كورۈنمەكتە، پات ئارىدا قارلىق تاغنىڭ سۈيى
ەشمە ئىچىدىن ئۆتۈپ بوز يەرنى ياشنىتىدۇ، دىيىشىدا تېخى. نەدىمۇ
ۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، ھېچ ئۇنداق ئەمەس! سابىر تېخى كورد-
دۇ، خەق نەق گېلىدىن بوغۇپ، "سەن بىزنى مۇشۇنداق ئايىغى چىق-
مايدىغان ئىشقا باشلىدىڭمۇ؟" دەپ تۇتقاندا، ئاندىن ئاكاڭ سەركىنىڭ
ئالدىدا تىز پۈكمىگىنىڭنى كورەي......».

قاسىم بىر كۈنى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن، تەشمە ئېغىزىدىن ئۈچ
يۈز مېتىر يىراقلىقتا يىراقان بىر تىزما تاغنىڭ ئارىسىدىكى پارتلاتقۇچىلار
گۇرۇپپىسىنىڭ سىناق مەيدانىغا باردى. بۇ يەردە سابىر، جاۋ تيەن،
سادىقلار كەچلىك تاماقلىرىنىمۇ يىمەي، قۇرام تاشنى تەشمە تاملىرىغا

دەز كەتكۈزمەي پارتلىتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى سىناق قىلىۋاتاتتى. ئاتەك چوڭلۇقتىكى بىر قۇرام تاشنىڭ بىرنەچچە يېرىگە توشۇك ئېچىپ، دورا قاچىلىنىپ، پىلتىلار تۇتاشتۇرۇلغان ئىدى. يېڭىنى تۇرۇۋالغان سابىر چاققانلىق بىلەن پىلتىغا ئوت ياقتى، ئوت ۋاشىلداپ تاش تەرەپكە كەتتى. ئوت ئالدۇرغۇچى پىلىكتىن پىلىلداپ چىقىۋاتقان سۇس ئىس قۇرام تاشنىڭ يېنىغا يېتىپ باراي دېگەندە، سابىر دالدا قىرنىڭ كەينىدە يېتىپ تۇرۇپ، بىردىن يان تەرىپىدە كوزىنى قىسقان ھالدا ئورە تۇرغان قاسىمنى كورۇپ قالدى. «شارت» قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قاسىمنى تارتىپ ياتقۇزۇپ ئۈستىگە ئوزىنى تاشلىدى. سابىرنىڭ ئوزىنى تاشلىشى بىلەن تەڭ دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەتراپتىن تاش بورىنى كوتىرىلدى، ئۈستى ـ باشلىرىدىن مۇشتەك، ياڭاقتەك تاشلار ئۇچۇپ ئوتتى. سابىر: قاسىم ھودۇقۇپ بېشىنى كوتىرىۋالمىسۇن، دەپ بىر قولىنى ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا بىر تاش ئۇچۇپ كېلىپ، سابىرنىڭ قاسىمنىڭ بېشىغا قويۇۋالغان بىلىگىنىڭ دۇمبە گوشىگە «تارس» قىلىپ تېگىپ، تىلىپ ئوتۇپ كەتتى. سابىر بىلىگىمنى تاش ئۈزۈپ چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن بىلەك ساق ئىكەن. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قانغا بويالغان، زىڭىلداپ قاخشاپ ئاغرىۋاتقان بىلىگىنى بەلۋېغى بىلەن ئوراپ ـ يوگەپ باغلىدى ـ دە، پارتلىغان تاش تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. سىناق غەلىبىلىك بولغان ئىدى. ھەممەيلەن خوشال بولۇشتى ۋە شۇ يەردە جاۋ تيەن سابىرنىڭ زەخىملەنگەن بىلىگىنى كورۇپ: «يولداش سابىر، بۇ نىمە گەپ؟» دېگىنىچە، ئورالغان بىلەكنى قولىغا ئالدى ......

بىر مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن قاسىم گاڭگىراپ كەتتى. ياش مىنىبىڭ ئابلىكىم ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان قاسىمغا قاراپ:

— تاس قالدىڭىز ـ دە، جەھەننەمگە بىراقلا كەتكىلى، — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق، مەن نىمە بولغانلىغىنى بىلمەيلا قالدىم، — دېدى قاسىم سەل تەمتىرەپ، — سابىر ساقلاپ قالدى، راست ئېيتىمەن، ساقلاپ قالدى ......

سابىر تېڭىۋالغان بىلىگىنى ئاۋايلىغان ھالدا قاسىمنىڭ قېشىغا كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— قانداق قاسىم، ساقمۇسىز، قورقتىڭىزمۇ؟ — دېدى.
— ياق، ھە، ساقمەن، — دېدى قاسىم سابىرنىڭ بىلىكىگە كوزى
تىنىڭ قويرۇغىدا قاراپ قويۇپ، — تۇيۇقسىز ئىش بولدى - دە، مۇنچى
ىلا دەھشەتلىك پارتلىشىنى كىم بىلىپتۇ دەيسىز ......
— بۇ ناھايىتى ياخشى سىناق، — دېدى سابىر قولىنى سىقىراپ
ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — ئەمدى بۇ ئۇسۇل بىلەن
پارتلاتقاندا، تەشمە تاملىرىنىڭ سىلكىنىپ - تەۋرىنىپ دەز - يەزكېتىش
نىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن، بىخەتەرلىكىمۇ، تەشمىنىڭ سۈپىتىگىمۇ
ناپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ......
قاسىم گەپ قىلمىدى، پارتلاتقۇچىلارگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ساي
انلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ كەتتى. قاسىم سابىرغا ياندىشىپ كېتىۋې
سىپ، كوڭۇل بولگەن قىياپەتتە:
— بىز دولەتنىڭ ياردەم قىلغان يۈز مىڭ يۈەن پۇلىنى قوبۇل
قىلماي ئىكار ئىش قىلدۇق. ئەگەر بۇ پۇل ئىشلىتىلگەن بولسا، مۇنچى
ىلا رىيازەتمۇ بولمايتتى، — دېدى.
— قىزىق ئىكەنسىز، — دېدى سابىر سەممىي ھالدا، — پۇل
ىگەن پۇل، ئادەم دېگەن ئادەم. تاغارلاپ پۇل تەشمىنىڭ ئىچىگە تو-
ۇلگەن بىلەنمۇ ئادەمنىڭ رولى، غەيرەت - ئىجاتكارلىقى جارى بولمىسا
ىكار - دە. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۇش دېگەندە، بار ئىمكا-
نىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىش، ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇ-
رۇشنى كوزدە تۇتىمىز. ئالدىمىزدا نۇرغۇن كۈرەش بار، سوتسىيالىزىم
مناسىنى پۇلغىلا ئەمەس، ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق لۇشيەنگە، ئادەم
نىڭ ئاڭلىقلىقىغا تايىنىپ قۇرىمىز. شۇڭا دولەتكە قول ئۇزاتماسلىقنى،
دولەتنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاتماسلىقنى قارار قىلدۇق. لۇشيەن توغرا بولسا،
ھەممە نەرسە بولىدۇ، بۇ يولنى ماۋ جۇشى كورسىتىپ بەرگەن ھەم ئۇنىڭ
ئىنتايىن توغرىلىقى ئەمەلىيەتتە كوپ قېتىم ئىسپاتلانغان ......
سابىر قاسىمغا قاراپ قويدى، قاسىم بېشىنى سىلىپ، نىمىنىدۇ
ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سابىرغا گادىرماچ خىياللار قاينىمىدا ئۈزۈپ
يۈرگەندەك خاراملۇق كورۇندى. سابىر خېلىدىن بېرى قاسىمغا ئېيتىش

زورۇر دەپ قاراپ كېلىۋاتقان بەزى پىكىرلىرىنى هازىر ئېيتىشنى، خالىسۇن - خالىمىسۇن قولىغا سېلىپ قويۇشنى لازىم تاپتى:

— سىز گۇگۇشىپ كادىرى، مەلۇم تەجرىبىڭىز بار، — دېدى سابىر سەمىمىلىك بىلەن، — خىزمەت ئۈستىدە بەزى مەسىلىلەرگە قاراشتا پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. چوڭ نىشان توغرا بولسىلا، يە بۇزۇن، يە كېيىن بىرلىككە كەلگىلى بولىدۇ. ئەمما بىز خەلق خىزمەتچىسى ئىكەنمىز، ئامما ئويلىغاننى ئويلىشىمىز كېرەك. ئامما، مېنىڭچە، قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك بولىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمايدۇ، بەزى كىشىلەر ئىككىلىنىشى مۇمكىن. بۇمۇ هەيران قالغىدەك ئىش ئەمەس. ئامما بار يەردە ئىلغارلار، ئوتتۇرىدىكىلەر، ئارقىدا قالغانلار بولىدۇ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىلغارلارغا تايىنىپ، باشقىلارنى يېتەكلەش، تەربىيىلەپ بىللە ئالغا بېسىش. لېكىن، هازىر سىنىپىي دۈشمەنلەرمۇ بىكار ياتقىنى يوق. كۈرەش جىددى. دۈشمەن هىلىگەر، قۇۋ، هەتتا ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ، پۇرسەت كۈتۈۋاتقانلارمۇ بار. دۈشمەننىڭ هىلە-نەيرىڭى كوپ. بىز سەگەك بولمىساق، ئاسانلا قاپقانغا چۈشۈپ قالىمىز، ئاددىسى شۇنداق. مىش - مىش گەپلەرگە قۇلاق سېلىشتىن هېچبىر پايدا چىقمايدۇ ......

سابىر گەرچە ئۆزىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە قويۇپ سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەر قاسىمغا ياقمىدى. هەتتا ئادەتتىكى بىر دادۈي كادىرى بولغان سابىر ئۇنىڭغا چوڭچىلىق قىلىپ ئۇستازلىق قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. شۇنداق بولسىمۇ، سابىرنىڭ پىكىرلىرىنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدا هەقىقەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۈستىدىن گويا ئېغىر بىر تاش باسقاندەك بولدى......

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئەڭ چەتتىكى گەمىنىڭ ئالدىدا قاسىم نامان تۈلكە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نامان تۈلكە ئەتراپقا بىر قاراۋېلىپ:

— قانداق، مېنىڭ دېگىنىم توغرا چىقتىمۇ؟ — دېدى ۋەزمىن، ئىشەنچلىك قىلىپ، — يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن قاراپ باق. كۆرۈسەنكى، بۇ يەردە هېچكىم قالمايدۇ، هەممىسى كېتىدۇ — قېچىپ كېتىدۇ، سابىرغا ئۆزىنى ئۆزى ئولتۇرۇۋېلىشتىن باشقا چارە يوق. تەشمىنىڭ ئىچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قورام تاش بىلەن قاپلىنىپ كەتتى، خۇدايىم ئىشنى ئەنە شۇنداق توغرىلىدى، قىلىنغان ئىبادەت يەردە قالمىدى. ئەمدى كىشىلەر بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ، تەشمىنى تېشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. سابىرمۇ تۈگەشتى، سەن غالىپسەن، قاسىم. خەير، ئىشەنچىگىنى بوقاتما......

ئىبتىقانىدەك، ئەتىسى تەشمە ئىچىدە يۈز بەرگەن بىر چوڭ ۋەقە قاسىمنىڭ تەۋرەپ تۇرغان پىكىر تۈگمىنىگە سۇ قويغاندەك بولدى، ھەتتا ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى غالىپ ھېس قىلىشقا باشلىدى:

شۇ كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، سادىق ئۆز پارتلاتقۇچىلىرى بىلەن بىر قېتىملىق چوڭ پارتلىتىشنى غەلىبىلىك ئاياقلاشتۇردى. پارچىلىنىپ كۆككۈم - تالقىنى چىقىرىلغان قورام تاشتىن كېيىن، تەشمىنىڭ تورىدە ئۇششاق تاش قاتلاملىرى كۆرۈندى. جوتۇ، گۈرجەك، لوم تۆمۈرلەرنىڭ شىددەتلىك ھەركىتى ئەۋج ئالدى.

سابىر تەشمىنىڭ تورىدە لوم تۆمۈرنىڭ ياردىمى بىلەن يەرگە قىرچە كىرىپ كەتكەن بىر پارچە تاشنى قومۇرۇپ ئېلىۋاتاتتى. سېلىماخۇن بولسا ئادەم چوڭلۇقىدەك بىر قورام تاشنى ئىتتىرىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا، سابىر «قارىغىنا!» دېگەندەك بىر شەپە بىلەن سېلىماخۇننىڭ ئۈستى تەرەپتىن دەل بېشىغا چوڭ، يۇمىلاق بىر تاشنىڭ يۇمىلاپ - سىرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ھەممە خەتەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئېتىلىپ بېرىپ سېلىماخۇننى قۇچاقلاپ يان تەرەپكە تارتتى. لېكىن ئادەم بېلىدەك كېلىدىغان بۇ سىدام - يۇمىلاق تاش كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە سابىرنىڭ يانپىشىغا ئۇرۇلۇپ، سېلىماخۇننىڭ پۇتلىرىنى بېسىپ گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتتى. سابىر كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، سېلىماخۇن ھۇشسىز ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چىشلىرى كىرىشكەن، پۇت - سۆڭەكلىرى بولسا ئېزىلگەن، ئۇچلۇق سۆڭەكلەر قانغا بويىلىپ، پاقالچەك گۆشلىرى ئارىسىدىن ھەرە چىشىدەك تېشىپ چىققان ئىدى.

سابىر كۆزلىرى ياشقا تولغان، يۈرىكى پۇچۇلانغان ھالدا سېلىماخۇننىڭ بېشىنى بىلىكى ئۈستىگە ئېلىپ، چوڭقۇر بىر سىنىپىي مۇھەببەت بىلەن «سېلىم ئاكا، سېلىم ئاكا، كۆزۈڭنى ئاچ» دەپ خىتاپ قىلاتتى،

قوللىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى سىلايتتى.

جاۋتيەن، تۇراخۇن، سادىقلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشقا تولغان ئىدى، يۈرىكى ئېزىلگەن ھالدا قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ياردەمنى كۆرسىتىپ، ئاۋايلىغان ھالدا سېلىماخۇننىڭ چېقىلغان پۇتلىرىنى ئالقانلىرى ئۈستىگە ئېلىشتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن سېلىماخۇن سۇڭمىينىڭ يول باشلىشى بىلەن جىرخۇيبۇ چېدىرىغا يۆتكەلدى ۋە بۇ يەردىن سابىر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا جىددى قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىپ تېلېفون بەردى.

جىرخۇيبۇ چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى سەينا ئادەملەر بىلەن تولدى، ئۇلار مەيۇس ئىدى، سېلىماخۇنغا ئېچىناتتى ۋە ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشاتتى. كىشىلەرنىڭ كەينىدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن نامان تۆلكە بىلەن سۇلايتى. بالىلىقمان: «يامان بولدى، ھەجەپ - ھە، تەۋا خۇدايىم، سېلىماخۇن بالىلىق ئادەم ئىدى، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن» دەپ غىڭشىپ پىچىرلايتتى. قاسىم بولسا گويا غەزەپلەنگەن ئادەمدەك: «ئەستەغپۇرۇللا، ئەستەغپۇرۇللا بىكاردىن - بىكارغا ھە؟ قاراپ تۇرۇپ ناكا بولدى، قاراپ تۇرۇپ كاردىن چىقتى. ئۆلۈپ كېتەرمۇ ياكى ناكا بولغىنىچە قالارمۇ» دەپ پۇتى كويگەن توخۇدەك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تىپىرلاپ، ۋەھىمە تارقىتىپ يۈرەتتى.

— قۇرام تاش ھەدىگەندىلا چىقىۋەرسە، «سۇلۇق جىلغا» نىڭ ئارىلىقى تېخى ھەلەم تۇرسا، زادى بۇ ئىش قانداق بولار...، — ھاشىماخۇن ئېيتقان بۇ سۆز بىردىن كۆپچىلىكنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى.

كىمدۇ خىقىراپ:

— بۇ توپا ئەمەس، تاغ - دە، تاغ! تاغنىڭ ئىچىدە نىمە بارلىقىنى كىم بىلىدۇ، ئەستەغپۇرۇللا، نىمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ - ھە؟ — دېدى.

— مەن كېتىمەن، ھايانغا قالغان جان بارمۇ، مۇنداق يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغاننىڭ پايدىسىنى كوردۇق، — دەپ ۋاقىرىدى چېكىلىكى بار. قارا شەپكىنى كۆزىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان بىر ياش يىگىت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگەن ھالدا.

— سەن كېتەمسەن، قېچىپ كېتەمسەن؟ — دېدى مۈرىسىگە گۈرجەك سېلىۋالغان، ئورە تۇماق كىيگەن بىر ئەزا زەردىسى قايىنىغان هالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — خوش، نىمىشقا كېتىسەن؟......

— كەتسەم كېتىۋېرىمەن، ئۇلۇپ بېرەمدىم ئەمسە......

— بولدى قوي، تالاشما......

— مەنمۇ كېتىمەن. توسالمايسەن!

— ..........

شۇنىڭ بىلەن جىژخۇيبۇ چېدىرىنىڭ ئالدىدا مۇنازىرە قوزغالدى. كىمنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. هاشىماخۇننىڭ ئالدىدا خاسىيەتنىڭ مىقتەك قادىلىپ تۇرۇپ: «دادا، سەن نىمە دەۋاتىسەن، ئېسىڭنى يىغىپ گەپ قىل» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، شەپكىسىنى چوكۇرۇپ كىيىۋالغان هېلىقى ياش يىگىت هەدەپ: «كېتىمەن، كېتىمەن» دەپ چىقىرايتتى، كىمدۇ چاپىنىنى ئۈشىنىسىگە سېلىپ چېدىر تەرەپكە ماڭدى، يەنە بىر ئىككەيلەن غۇل - غۇلدىن چىقىپ چېدىرلارنىڭ كەينى تەرىپىگە «غىپپىدە» ئۆتۈپ كەتتى......

قاسىم بۇ ئەھۋالنى يىراقتىن كوردى - دە، «مانا، ئىش نامانكام دېگەنىدەك بولدى، تەشمىنىڭ ئىشى تۈگەشتى» دېگەننى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى ۋە يۇرت ئىچىدىن ياغاچ - تاش سۆيلەشنى بانا قىلىپ، يېڭىيەر تەرەپكە ماڭدى، ئۇ دوخمۇشتىن قايرىلىۋېتىپ كەينىگە قارىغاندا، كوزىگە گويا هەممە كىشى تەشمىنى تاشلاپ قېچىۋاتقاندەك، جىژخۇيبۇ چېدىرىنىڭ ئالدى ئۇپۇر - توپۇر بولۇۋاتقاندەك كورۈندى ۋە ئىچىدە كۈلۈپ قويدى......

ئەمما دەل شۇ چاغدا، بىردىن سابىرنىڭ هەممەيلەنگە تونۇش جەلپ قىلغۇچى ئاۋازى جاراڭلىدى:

— يولداشلار، كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخان قېرىنداشلار، — سابىر چوڭ بىر قۇرام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ كوزلىرىدە ئېچىنىش ۋە غەزەپ ئوتلىرى ياناتتى، — بىز كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلار ئىنقىلاپنىڭ شىيەنفېڭى، قىزىلتاغ

سۇ قۇرۇلۇشىنىڭمۇ شىيەنفېڭى، ئارقىغا چېكىنىش نومۇس. سېلىماخۇنكام بىز
قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشچىلىرىنىڭ ئوبدان ئۈلگىسى. سېلىماخۇنكام كەمبەغەل
دېخان، توۋەن ئوتتۇرا دېخانلارغا خاس ئىنقىلاۋىي جاسارەت بىلەن ئىش-
لەپ، تەشمە ئىچىدىكى بەش ئايلىق كۆرەشنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى.
قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەت — سېلىماخۇنكامنى زادىلا قورقۇتالمىدى،
ئۇنىڭ قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى قىلچە
تەۋرىتەلمىدى. بىز سېلىماخۇنكامدىن ئۆگىنەيلى، سېلىماخۇنكامنىڭ ھېچنە-
مىدىن قورقماس روھىدىن ئۆگىنەيلى، غەلىبە ئالدىمىزدا، بىز كەمبەغەل
دېخان، توۋەن ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئالدىدا جاھىل
قۇرام تاشلار جەزمەن پارە - پارە بولىدۇ......

— كارامەت گەپ، دەل بىزنىڭ يۈرەك سوزىمىز......

— داجەي تۇغىنى تېخىمۇ ئېگىز لەپىلدىتەيلى......

— يۈيگۇڭ روھى بىزگە ھېمىشەم يار بولسۇن......

— بىر ئادەمنىڭ يارىدار بولغانلىقى — ھەممىمىزنىڭ يارىدار
بولغانلىقى ئەمەس......

— قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكەلمىگىچە ھەرگىز ئارقىغا
چېكىنمەيمىز......

— .........

تەرەپ - تەرەپتىن كۆتىرىلگەن سادالار ئىچىدە قىزىلتاغ سۇ قۇرۇ-
لۇشچىلىرى، خۇددى ئۇركەشلىگەن دەريا دولقۇنىدەك، تەشمە ئىچىگ
قاراپ مېڭىشتى. تۇراخۇن چېدىرىنىڭ كەينىگە قېچىپ ئوتۇپ كەتكەن ئۈچ
ئەزانى، تومۇر بوۋا بولسا چېكىملىكى بار شەپكە كىيىۋېلىپ «كېتەمەن
كېتىمەن» دەپ ۋاقىرىغان ياش يىگىتنى جىزخۇيبۇ چېدىرىغا باشلاپ
كىردى. تومۇر بوۋا يىراق ئوتمۇشتىكى زۇلمەتلىك كۈنلەرنى تىلغا ئالدى.
تۇراخۇن: غەلىبە تاڭ نۇرى كورۇنۇپ قالدى، قارلىق تاغنىڭ سۇلىرى تەش-
مىدىن ئوتكەن خوشال كۈنلەرنى بىرلىكتە ئالقىشلىشىمىز كېرەك... دېدى.

بۇ چاغدا قاسىم ئالدىراش يېگىيەر تەرەپكە يول ئالغان ئىدى. ئ
ۋېلىسىپىتتا كېتىۋېتىپ، ئىش ئورنىدىن قېچىۋاتقان ئەزالار يېتىش
كېلەرمىكىن دېگەندەك، پات - پات كەينىگە قارايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاسىم يېگىيەر دادۈيىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ، قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشى ئورنىغا قاراپ كېتىۋاتقان نىياز قۇرباننى كۆردى. نىياز قۇربان چاپىنىنى مۈرىسىگە تاشلىۋالغان ئىدى. شاپ بۇرۇتلىرى شۇ بۇرۇنقىدەك ئۆسكەملەك، كۆزلىرى چوڭ ئېچىلغان، قوشۇمىلىرى سەل تۈرۈلگەن ئىدى. سىنچىلاپ قارىغاندا، چىرايىدا بىر خىل پۇشايمان ۋە بۇ خىل پۇشايماننى يوشۇرۇش ئىستىكىنى ئىپادىلىگۈچى بىر خىل جۈرئەتلىنىش كەيپىياتى تېشىغا تېپىپ تۇراتتى.

— يول بولسۇن، نىياز جۈرىن، — دېدى قاسىم ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ۋە چېقىر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

نىياز قۇربان بۇرۇتىنى تىلى بىلەن يالاپ تۇرۇپ، ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى ۋە مەيۈس ئاھاڭدا:

— قۇرۇلۇش ئورنىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇكا، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ بۇ كاللام مېنى خاتا يولغا باشلاپ قويغانلىقىنى چۈشىنىۋاتىمەن، قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشى ئورنىدىن ھەر كۈنى كېلىۋاتقان خوشخەۋەرلەر مېنى ئويغاتتى، تەشمە تېشىلىپ بولاي دەپتۇ، كىشى خوش بولغىدەك ئىشلار. راست تېشىلىپ بولاي دېدىمۇ؟......

— ھا ھا ھا... — قاسىم ۋېلىسىپىتقا تايىنىپ تۇرۇپ قاتتىق كۈلدى، كۈلگەندە ئۇنىڭ رەڭسىز - سىدام يۈزلىرى پۈرلىشىپ، بىر خىل ساختا ھېجىيىش بىلەن تارتىشىپ كەتتى، — سىز، نىياز جۈرىن، ئۆزىڭىزنى ئەيىپلەشكە ئۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتمەڭ. سىز خۇدادەك ئادەمسىز. ھا ھا ھا... — قاسىم تاغ تەرەپكە كىشىلەر قېچىپ كېلىۋاتامدىكىن دەپ قاراپ قويدى، لېكىن ھېچبىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

نىياز قۇربان ھەيران بولۇپ، قاسىمنىڭ سۆزلىرىگە چۈشىنەلمىگەندەك، تىكىلىپ قالدى.

— شۇنداق، سىز خۇدا بولاي - بولاي دەپ، بولالماي قالغان ئادەمسىز، — قاسىم سەل كىدەيگەن ھالدا نىياز قۇرباننىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپ سېلىپ ئېيتتى، — بىلسىڭىز، قۇرۇلۇشنىڭ ئىشى پۈتتى، تەشمىنىڭ قۇيرۇقىنى قوم باستى. سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا چىقتى. تەشمىنىڭ ئىچى ساپلا قورام تاش، قورام بولغاندا قانداق دېمەمسىز —

پۇتەيلا بىر تاغ! مانا ئەمدى ھەممە كىشى قۇرۇلۇش ئورنىدىن تېزىپ كېتىۋاتىدۇ. خەقلەر قاچ - قاچ بولۇپ كەتتى. مەن قاچقانلارنى خىزمەت ئىشلەپ ئەكېتەرمەن دەپ كەلدىم. لېكىن ئۇلار بارغان بىلەنمۇ، چېكى يوق قۇرام تاشلارنى بېشى بىلەن ئۇرۇپ تېشەمدۇ؟......

نىياز قۇربان تاشتەك قېتىپ قالدى. قاسىمنىڭ سوزى ئۇنىڭغا ياققان - ياقمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. نىياز قۇربان داۋۇي ئىچىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ قېلىپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئورنىغا بارمىغان بولسىمۇ، سابىر بىرنەچچە قېتىم ئىزلەپ كېلىپ، قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى سوزلەپ بەرگەن، ئەتىيازلىق كورەش باشلانغاندىن كېيىن، ئەزالار مەھەللىگە كەلگەندە، سۇ قۇرۇلۇشى ئورنىدىكى خوشخەۋەرلەرنى يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇلار: تەشمىنىڭ غىزلىچى توگەپ، غېرىچى قالدى، ئاز كۈندە قارلىق تاغنىڭ سۈيى بوز ئۈستىدە ئاقىدۇ، يېڭىيەرنىڭ سۇغا بولغان چاڭقىشى توگەيدۇ، دىگەن ئىدى. لېكىن، بۈگۈن قاسىم دەۋاتقان بۇ گەپلەر ئۇنى بىر مىنۇتقا گاڭگىرىتىۋەتتى. نىياز قۇربانغا ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى قاسىمنىڭ ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق بىكاردىن بىكارغا «ھا ھا ھا...» قىلىپ كۈلۈشى بولدى. « بۇ قانداق كۈلۈش؟ ئۇ نىمىدىن شۇنچە خوشال؟ ئەزالار بەش ئاي جاپا چەكسە، نەتىجە چىقمىغان بولسا، بۇنىڭغا قانداق خوشال بولغىلى بولسۇن......».

— سىز بىر چاغدا! — دىدى قاسىم ھېجىيىپ تۇرۇپ، — سابىرنى ياشلىق قىلىۋاتىدۇ، قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى ئەكىلىمەن دىيىش — ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاش، دەپ توغرا ئېيتىپتىكەنسىز. سىز، نىياز جۇرىن، ئەمدى ئوزىڭىزنى يېڭىيەر خەلقى ئالدىدا بىر قېتىم كورسىتىپ قويىدىغان بولدىڭىز. سىز غەلىبە قىلدىڭىز، مەن بۇ ئىشنى ياشتىلا رەت قىلغان، سىزمۇ رەت قىلغان، مانا ئەمدى سابىر......

— قاسىم!...، — نىياز قۇرباننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ھاياجان قاپلىۋالغان ئىدى، — قاسىم!... توغرا، مەن رەت قىلغان، نىمىشقا رەت قىلغان، بىلەمسەن؟ بۇ ئىش داۋۇينىڭ بېلىنى سۇندۇرامدىكىن دەپ ،ئەنسىرەپ رەت قىلغان! ئەمما مەن ھەر كۈنى قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەزالار ماڭا ھەممىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تورىيسى

يەتكۈزدى. سابىر ھەقلىق، شۇنداق، ئۇ ھەقلىق......

نىياز قۇربان شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، تېخى ئۆزىگە ئېنىق بولمىغان غەزەپ بىلەن قاسىمغا شۇنداق تىكىلدىكى، قاسىم ئۆزىگە قاراپ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنىڭ مىختەك قادىلىشىدىن ئىختىيارسىز ئاجىز، ئورۇنسىز مىتىلداپ تۇرغان كۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ قاراشنىڭ مەنىسىدىن تەمتىرەپ:

— خوش نىياز جۇرىن، مۇنداقلا دەپ قويدۇم — مۇنداقلا، تېخى كۆرىمىز، ئالدىراپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، — دېگىنىچە ھودۇقۇپ مەھەللە تەرەپكە كەتتى.

نىياز قۇربان بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قاسىمغا بىر پەس قاراپ تۇردى. بەدەنلىرى ئەلەمدىن قورۇنغاندەك بولدى. يۈرىكى تۇز سەپكەندەك ئېچىشتى، ھەتتا كۆڭلى ئاينىغاندەك بولدى. ھېمىشەم كۆرۈپ يۈرگەن قاسىم مۇشۇ تاپتا گويا ئۆزىگە تونۇش ئەمەس يات ئادەمدەك، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىلا ئەمەس، چىرايى، ھەجىيىشى، ھەتتا مەسخىرىۋازلىق بىلەن كۈلۈشىمۇ سىرلىق — غەلىتە كۆرۈندى، ئۇنىڭدا نىمىدۇ يوشۇرۇنغاندەك قىلدى.

نىياز قۇربان ئېغىر خىيالنىڭ بېسىمىدىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. سابىر غەلىبە قىلدۇق دىسە، قاسىم مەغلۇپ بولدۇق دەۋاتاتتى. نىياز قۇرباننىڭ چىگىشلەنگەن خىيال ئاسمىنىدا بوران گۈركىرەيتتى، «يالت - يۇلت» قىلىپ چاقماق ئوتلىرى يېنىپ - ئۆچەتتى، بۇلۇت كارۋانلىرى سۈرۈلۈپ ئۆتەتتى ۋە يامغۇرلار — تازىلىغۇچى ئاجايىپ يامغۇرلار بۇلۇت كارۋانلىرى كەينىدىن قۇياش نۇرلىرىنى باشلاپ كېلەتتى......

نىياز قۇرباننىڭ خىيال يىپلىرىنى يىراقتىن بېرىلگەن ماشىنىنىڭ سىگنالى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتەرگەندە، قىزىلتاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان تېببى قۇتقۇزۇش ئاپتوبۇسىنى كۆردى. مۇنداق ئاپتوبۇس بۇ تاغلىق يېزىغا پەۋقۇلئاددە ۋەقە يۈز بەرمىسە ھېچقاچان چىقمايتتى... قۇرۇلۇش ئورنىدا بىرەر كېلىشمەسلىك بولغانمۇ نىمە، كىمگە نىمە پالاكەت يەتكەندۇ... نىياز قۇربان ئالدىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن سۇڭ مىي بىلەن تومۇر بوۋىنى ئېنىق كۆردى

ۋە ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن ئىختىيارسىز ئەگىشىپ يۈگۈردى.

ئاپتوبۇس يېگىيەر دادۈيى بىلەن گۇگشى تەرەپكە كېتىدىغان ئاچالغا كېلىپ توختىدى. نىياز قۇربان يېتىپ كېلىپ ئاپتوبۇس ئىچىگە كىرگەندە، تومۇر بوۋا، سۇلۇڭ مېي ۋە تېز قۇتقۇزۇش ئۆچىرىنىڭ ناھىيىدىن چىققان بىرقانچە دوختۇرلار ئاسما كارۋاتقا تىكىلىپ ئۈن - تۈنسىز تۇرۇشاتتى. كارۋات ئۈستىدە سېلىماخۇن ياتاتتى، ئۇ بىرئاز ھوشىغا كەلگەن ئىدى ۋە ناھايىتى قىينىلىپ دېگۈدەك، كوزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ بىلىنەر - بىلىنمەس:

— ئازات...، ئوغلۇم ئازات... ئازات بارمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

نىياز قۇربان ئۆزى بىلەن قاراكۇمۇ ئوتمۇشتە ۋە ئازاتلىقتىن كېيىنكى كۇرەش يىللىرىدا تەقدىرداش بولغان بۇ كونا كەمبەغەل دىخانىنىڭ يېرىم ھۇشسىز ياتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، گەپ قىلغاندا، لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، كوزلىرىنىڭ ئىلىشىپ ھېچنىمىنى تونۇمايۋاتقانلىقىنى كورۇپ يۈرىكى موجۇلدى، تىلى قاتقاندەك بولدى. ۋە سېلىماخۇننىڭ باش - ئايىغىغا ئوتۇپ، نىمە قىلىشنى بىلمىگەندەك، ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئازات... ئازات بارمۇ...، — سېلىماخۇن ئوغلىنى يەنە چاقىردى.

— بار، سېلىم تاغا، ئازات بار، — دىدى سۇلۇڭ مېي ھۇشىغا كېلىۋاتقان سېلىماخۇنغا قاراپ. سۇلۇڭ مېينىڭ كوزلىرىدە ياش تامچىلىرى ئەگىپ تۇراتتى.

— شۇنداقمۇ،... مەن ھازىر نەدە، قىزىم؟

— بىز يېگىيەردە، سېلىم تاغا، بىز ناھىيىگە كېتىۋاتىمىز، — دىدى سۇلۇڭ مېي ۋە ئاۋايلىغان ھالدا، — سېلىم تاغا، سىز زەخمىلەندىڭىز، بىز سىزنى ناھىيىگە تېز يەتكۈزۈشىمىز كېرەك......

— مەن زەخمىلەندىممۇ...، — سېلىماخۇن ماغدۇرسىز، ئىلىشىپ تۇرغان كوزلىرىنى تەسلىكتە ئاچتى، ماشىنىدىكىلەرگە خىرە - شىرە كوز يۈگۈرتتى، — توغرا، مەن... مەن زەخمىلەندىم... قالغانلار تېچمۇ... ئىشلەۋاتامدۇ... ساقمۇ؟......

— ھەممىسى تېنچ، ئاغا، ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلار سىزنىڭ سالامەتلىكى-
ڭىزنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ......

سېلىماخۇن خاتىرجەم بولغاندەك كۆزلىرىنى بىر پەس يۇمدى، تىمتاس بولۇپ ياتتى ۋە يەنە قىينىلىپ كۆزىنى ئاچتى:

— ئازاتنى، مېنىڭ ئوغلۇم ئازاتنى چاقىرىڭلار......

سۆڭ مېنى «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك ئىتتىك تومۇر بوۋىغا قارىدى، تومۇر بوۋا بولسا ئالدىراپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. لېكىن نىياز قۇربان: «مەن، مەن ھازىرلا تېپىپ كېلىمەن» دېدى-دە، ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە، دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئۇن ئالتە ياشلىق قاۋۇل بالا — ئازات يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا سېلىماخۇن خېلىلا ھوشىغا كېلىپ قالغان ئىدى، ئۇ دوختۇرلارغا: «سىلەر ئالدىرىماڭلار، مېنىڭ ئازاتقا گېپىم بار» دەيتتى.

ئازات ماشىنىغا كىرىش بىلەنلا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى، كارۋاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سېلىماخۇننىڭ بىلىگىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، بۇقۇلداپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. سېلىماخۇن ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئازاتنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئوغلۇم، سەن يىغلاۋاتامسەن؟

— ياق دادا...، مەن...، — لېكىن ئازاتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ لەۋلىرىنى چىشلەپ دادىسىغا قارىدى.

— ئوغلۇم، مەن سېنى... نىمىشقا قىچارغىنىمنى بىلەمسەن؟ — سېلىماخۇننىڭ ئاۋازى ئېغىر ۋە سالماق چىقاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى قىينىلىپ، كۈچ بىلەن ئېيتىۋاتقانلىقى بۇرۇن ئۇچلىرىدا پەيدا بولغان تەردىن بىلىنىپ تۇراتتى، — مەن ساڭا بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئېيتاي ئوغلۇم، سەن بۇنى زادى ئۇنتۇمىغىن......

سېلىماخۇن ئېغىزى قۇرۇغاندەك بولۇپ، بىر مىنۇتچە كۆزىنى يۇمدى، تىلى بىلەن كالپۇكىنى يالاپ قويدى، قوشۇمىسىنى بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىپ بىر يەرگە يىغدى ۋە يەنە دانە-دانە قىلىپ ئېيتتى:

— ئوغلۇم، قۇرام تاشلارنىڭ مېنى سەل-پەل زەخمىلەندۈرۈشى كىچىك ئىشى. يەر تېرىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا، سۇ ئەپكېلىش

ئۇچۇن ئېرىق چېپىشقا، تاغنى تېشىپ ئۆتۈش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتتىن، زەخمىلىنىشتىن قورقماسلىققا، ئىنقىلاپ قىلىش ئۈچۈن ئاز - تولا قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ......

دوختۇرلار ئالدىراشتى، سېلىماخۇننىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى، ئېزىلگەن پۇتىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سېلىماخۇن كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى ۋە يەنە ئازاتقا قارىدى:

— لېكىن، ئوغلۇم، سەن شۇنى ئۇنتۇما: قورام تاشلار ھەرقانچە چىڭ بولسىمۇ، بىز كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىرادىمىزدىن چىڭ ئەمەس؛ تەشمە ئىچىدىكى قورام تاشلار ھەرقانچە جاھىللىق قىلسىمۇ، بىز ئۇنى ئاخىر باش ئەگدۈرەلەيمىز؛ قارلىق تاغنىڭ سۈيى ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ، بىز ئۇنى باشلاپ كېلەلەيمىز؛ قىزىلتاغ پولاتتىن قۇيۇلغان تەقدىردىمۇ بىز ئۇنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەلەيمىز......

ئاپتوبۇستىكىلەر ھاياجانلىنىشتى، سېلىماخۇن كۆزلىرىنى سەل يۇمغان، ھارغىنلىق يەتكەن ھالدا ئېيتتى.

— شۇنداق، بىز ئۇنى تېشىپ ئۆتەلەيمىز. بىز داجەيلىك قېرىنداشلار قىلغان ئىشنى قىلالايمىز. ماۋ جۇشى تەقدىرلىگەن يۈيگۇڭ روھى — ھەر كۈنى تاغنى چېپىۋېرىش روھى. تاغ چېپىلغانسىرى پەسلەيدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق. يۈيگۇڭ بوۋاينى ۋە داجەيلىك قېرىنداشلارنى ئۈلگە قىلىپ، قورام تاشلارنى توختىماي پارچىلاۋېرىشىمىز لازىم. قورام تاشلارنىڭ ھامان چېكى بولىدۇ، لېكىن بىز كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى چەكسىز. ئوغلۇم، سەن بۇنى چۈشىنەمسەن؟

ئازات دادىسىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ يامغۇر تامچىسىدەك تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، گويا دادىسىنىڭ ئالدىدا قەسەم بېرىۋاتقاندەك، قەددىنى كۆتىرىپ تىك تۇردى:

— دادا ......

— شۇنداق ئوغلۇم، چۈشەنگەن بولساڭ، بۇ ياخشى بولدى. مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسام پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىمەن، سەن بولساڭ دەرھال، ھازىرلا قىزىلتاغقا بارغىن ۋە سابىر ئاكاڭنىڭ پېشىنى تۇتقىن - دە، تاغنى ئېشىۋەرگىن.

ئاپتوبۇس يېنىككىنە قوزغىلىپ، بوز ئىچىدىكى يېڭى يولدىن غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى. ئاچال ئۈستىدە پەقەت نىياز قۇربان بىلەن كوزلىرى نەملەشكەن ئازاتلا قالدى. ئۇلار ئاپتوبۇس تاكى ئايدىڭكول دادۇيىنىڭ دەرەخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، كوزدىن غايىپ بولغىچە قاراپ تۇردى ۋە شۇ چاغدا ئازات نىياز قۇربانغا بۇرۇلۇپ قاراپ:

— نىياز ئاكا، مەن كەتتىم. مەن دادامنىڭ دېگىنى بويىچە سابىر ئاكامنى تاپىمەن، دادامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن، — دېدى.

نىياز قۇربان ئۈنچۈقمىدى. ئۇ چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ قىزىلتاغ باغرىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئازاتقا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. سابىرنىڭ بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى ئۇنى ئىزلەپ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆگىدىشىپ ئولتۇرۇپ: «نىياز ئاكا، داجەيلىك قېرىنداشلار ماۋزېدۇڭ سىياسىنى قىبلىنامە قىلىپ، كۆرەش بىلەن يېڭى داجەينى بارلىققا كەلتۈردى. بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن، كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارغا قەتئى ئىشىنىشىمىز، قەتئى تايىنىشىمىز، نامراتلارنىڭ ئېگىلمەي - سۇنماي كۆرەش قىلىش روھىنى مەڭگۈ ساقلىشىمىز لازىم» دېگەن سوزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم جاراڭلىغاندەك بولدى......

نىياز قۇرباننىڭ كوز ئالدىدىن يەنە شيەنۋېي شۇجىسى يولداش سۇڭ جىڭشىڭنىڭ قارلىق تاغنى تەكشۈرۈپ قايتقاندا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «...خاتالىق ئوتكۈزۈش ئەيىپ ئەمەس، تۈزەتمىگەن ئەيىپ...» دېگەن سوزى چىراق نۇرىدەك يېنىپ ئوتتى.

نىياز قۇربان گويا ئۈستىدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلىشىپ قالدى، بېلىنى تارتىپ باغلىدى ۋە يىراقتا قارا كورۇنە كېتىۋاتقان ئازاتقا بىر قارىدى - دە، قىزىلتاغ تەرەپكە يول ئالدى... ئۇ سابىرنى تاپىدۇ، سابىر بىلەن ھەممە نەرسە توغرىسىدا سوزلىشىدۇ، «ئېخ سابىر ئۇكا، سەن ھەقلىق ئىكەنسەن، سەن ھەممىنى ئالدىن - ئالا كورگەن

ئىكەنسەن، مەن سېلىماخۇن بىلەن تەقدىرداش بولغان بولسامـمۇ، لېكىن سەپتىن چۈشۈپ قـالغىلى تاس قالغان ئىكەنمەن»، دەيدۇ......

## 4. تاش قورغىنى يىمىرىلمەكتە

تومۇر بوۋا قاتتىق، لېكىن يەر ئاستىدىن كېلىپ ئاڭلانغان پارتلاش ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى.

بوۋاي گەمىدە، تېگىگە پاخال سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە، يوتقىنـىغا كىرىپ ئۇخلاۋاتاتتى. گەمە كەڭ ۋە ئىسسىق ئىدى. ئۇيەر - بۇيەردىـن خورەك ئاۋازى كېلەتتى. بوۋاي قۇلىقىدا قالغان پارتلاش ئاۋازىنى دەسـلەپ ئېنىق ئىلغا قىلالمىدى — «راستىنلا پارتلاش ئېلىپ بېرىلىۋاتامدۇ ياكى مەن چۈشەكەپ قالدىممۇ» دەپ ئويلاپ، بىردەم تۇرۇۋالـدى. گەمە ئىچىگە تالادىن ھۇشقۇيتۇپ كىرىۋاتقان شامالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي ئۆزىنىڭ يېنىدا ئۇخلايدىغان تۇراخۇننى يادىغا ئېلىپ، ئۇنى قولى بىلەن ئاختۇرۇشقا باشلىدى:

— تۇراخۇن، ھوي تۇراخۇن......

— .........

تۇراخۇن يوق ئىدى. بوۋاي تەكىيىنىڭ ئاستىدىن قول چىرىغىنـى ئېلىپ، ئۇينى يورۇتتى. ئەزالار راھەتلىنىپ ئۇخلاشماقتا، گەمىدە تۇراخۇنـدىن باشقا يەنە بەزى ئەزالارمۇ يوق — ئورۇنلـىرى بـىكار تـۇرۇپتـۇ، يوتقان - كورپىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئـوزىـنىـڭ ئـۈستىدىمۇ تۇراخۇننىڭ جۇۋىسى يېپىقلىق تۇرۇپتۇ: «ئۇلار نەگە كەتتىكىن؟»

تومۇر بوۋا جۇۋىسىنى مۇرىسىگە تاشلاپ، ئالدىراپ يۇمشاق كـالا تېرىسى چورۇغىنى پۇتىغا كىيىشكە كىرىشتى. «ھەي بۇ بالىلارنى قارىماـ دىغان... يەنە شۇ تەشمە ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ھەي بالىلار، ھەي بالىلار، سىلەر مېنى قېرى چاغلاپ ئايايسىلەر - دە. سىلەرنىڭ مېنى ئايىغىنىڭلار بىكار. مەن چۈشۈمدىمۇ سىلەرنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىمەن. سىلەر تـەشمە يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقـان قـۇرام تاشلارنـى

www.uyghurkitap.com

يمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، نەچچە ـ نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈز-
ىگلار، كۆندۈزنىڭ ئۆزى سىلەرگە ئازلىق قىلىۋاتىدۇ، ئەمما سىلەر مەن
ومۇرنىمۇ ئۈنچىلا بوش چاغلىماڭلار، بوش چاغلىماڭلار......».

تومۇر بوۋا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇخلاۋاتقان ئەزالارغا سەپ سېلىپ،
مىنىڭدۇ ئىچىلىپ قالغان يوتقىنىنى تۈزەپ، يېپىپ قويىدى. قايىسى
رەيلەننىڭ ئۈستىگە ئۆزى يېپىنىپ ياتىدىغان ئەدىيالنى تاشلىدى. ئاندىن
ۋتنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراخلاپ تۇرسىمۇ، ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. بىر-
چچە كۈندىن بۇيان بېسىلىپ قالغان باھار شامىلى يەنە ئەدەپ قالغان.
م سوغاق شامال، چېدىرلار بىلەن گەمىلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۇشقۇيتۇپ
تۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈز ـ كوزىگە مۇزدەك ئۇرۇلاتتى. تومۇر بوۋا جۇۋ-
نىنىڭ قايرىما ياقىسىنى ئورە قىلىپ، ئۇدۇل تەشمە تەرەپكە كەتتى. بوۋاي
تتوۋېتىپ: «ھەي سابىر، ھەي سابىر، سەن بىزنىڭ ئەزىمەت يىگىتىمىز-
!» دەپ قوياتتى.

سابىر كېيىنكى ھەپتە ئىچىدە دىگۈدەك تەشمە ئىچىدىن چىقمىدى.
لماخۇننىڭ جاراھەتلىنىش ۋەقەسىدىن كېيىن، بولۇپمۇ مۇشۇ ۋەقە
ناسۇتتى بىلەن تەشمە ئېغىزىنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن كەسكىن
بۈيگۈك ـ جىرسۇ ئېلىشىشى» دىن كېيىن، سابىر كېچە-كېچىلەپ تەشمىنىڭ
ورىگە قادىلىپ جاھىل قۇرام تاشلارنى ئۈنۈملۈك يىمىرىپ تاش-
شنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. بەزى
پچىلىرى ئۇ جاۋتيەن، تۇراخۇن، سادىق، ئابابەكرىلەر بىلەن تاكى تاڭ
تىپ، يورۇق چۈشكىچە تەشمە ئىچىدىن چىقمايتتى. قانچە ـ قانچە باز-
انلار كاردىن چىقىپ كېتەتتى، جوتۇلار ئۇرۇلۇۋېرىپ
سلىدىكى ئىسكەتىنى تامامەن يوقىتاتتى، پولات ئۇشكىلەر ياپىلاقلىشىپ،
سلتە بىر شەكىلگە كىرىپ قالاتتى. قوللاردىن چىققان قان بازغان
لەن جوتۇنىڭ سېپىنى قىپ ـ قىزىل قىلىپ بويىۋېتەتتى، ئۇيقۇسىزلىقتىن
كوزلەر قىزىرىپ، قۇم تىقىلىپ قالغاندەك سانچىپ ئاغرىيتتى... لېكىن،
ۇ يەردە چېكىنىش، ھېرىش ـ چارچاش دىگەن ھېچكىمنىڭ يادىغا كەل-
ەيتتى. ئۇلار گويا ئالاھىدە ماتىريالدىن پىچىلگەن ئادەملەر ئىدى.

ئۇلارنىڭ قەيسەرئىرادىسى، ھېچنېمىدىن قورقماس جاسارىتى ئالدىدا تاش قورغىنى بىر ـ بىرلەپ يېمىرىلىپ باراتتى.

ــ چېكىنىش يولى بىز ئۈچۈن ئەمەس، قۇرام تاشلار ئۈچۈن بو لۇشى كېرەك، ــ دەيتتى سابىر مۇنداق چاغلاردا تولۇپ تاشقان ئىشەن بىلەن، ــ جاھىل قۇرامنى يېمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن چوقۇم چۆمۈلىن سوگەك غاجىلاش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش، چوقۇم توختىماي بىر ـ بىرلە يەپ تۈگىتىش كېرەك، مانا شۇ چاغدا ئۇ تەسلىم بولىدۇ......

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى بىرنەچچە قېتىملىق پار لىتىشنى ئۇتكۈزۈپ، ئەتىسى توشۇپ چىقىرىلىدىغان تاش ـ شېغىل تەييارلاپ قوياتتى.

سابىرنىڭ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئىشلىرى كوپ ئىدى. سۇلايمان ئا لىقاچان تور ئىچىگە ئېلىنغان ئىدى. تاماكا خالتىسىدىن باشقا، ئۇنىڭ شۇ كۈنى سۇ ئامبىرى تەرەپكە تاغ تەرەپتىن ئايلىنىپ بارغانلىقى ئېنى ئىسپاتلاندى. مۇشۇ جەرياندا بىردىنلا قاسىمنىڭ نامان تۇلكە بىلەن نامان تۇلكىنىڭ سۇلايمان بىلەن بولغان باغلىنىشى كېلىپ چىقتى. بۇ با لىنىش مۇرەككەپ، سىرلىق يوللار بىلەن داۋام قىلىۋاتاتتى. بولۇپ قاسىمنىڭ نامان تۇلكە بىلەن باغلىنىشى سىر بولۇپ قالدى. زادى بۇ قا داق مۇناسىۋەت؟ ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىقمۇ، بۇرۇندىن ئىلمىنىپ قېلىشم بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش زورۇر. لېكىن، كېيىنكى چاغلارد قاسىم ئۆزىنى نامانىدىن تارتىۋالغاندەك قىلدى. ئەمما، نامان تۇلكە خۇي يانە يوللار بىلەن قاسىمنىڭ كەينىدىن خۇددى سايىدەك ئەگىشىپ يۈ گەنلىكىنى بايقاش تەس ئەمەس ئىدى. سۇلايماننىڭ ناھىيە بازىرىدا تىقچىلىق قىلىدىغان تۇققىنى يېڭىيەرگە ئاز كېلىدىغان بولىدى. لېكى سۇلايماننىڭ ئۆزى ھەر بازار كۈنى ناھىيە بازىرىغا قاتناشنى جىددىلەش تۈردى، ھەتتا بۇ مۇناسىۋەت ناھايىتى ئىددىتلىق ـ قارارلىق بولۇپ قالدى ئەلۋەتتە بۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش زورۇر. سابىر بىلەن سادىق: «ھازىرچ تەگمەسلىك كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تولۇق كورسىتىشىگە يول قويۇش لازىم. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش بولۇپمۇ سۇلايماننىڭ ھەممە تەرەپ نى ئېنىقلاش زورۇر» دەپ قاراشتى. تاللانغان كۈچلۈك بىر گۇرۇپ

نىبگلار كۈتمىگەن جايدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ ماڭغان ـ تۇرغان قەدىمىنى ىپايقا ئېلىشنى داۋام قىلىۋەردى. سابىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە: ئالامەتلەردىن قارىغاندا، ئۇزىنى كورسەتمىگىنى بىلەن سۇلايمان ئەك ھى ـگەر جىرخۇي. ئۇنى ئۇزىگە سەزدۇرمىگەن شەرت ئاستىدا زادى كوز قى ـگلاردىن كەتكۈزمەڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى. سابىر تەشمىنىڭ ئىشى ىرقانچە جىددى بولسىمۇ، بۇ ئىشنى زادى يادىدىن چىقارمايتتى......

تومۇر بوۋا تەشمىنىڭ ئۇزۇن يولىنى بىسىپ كېتىۋېتىپ، تەشمىنىڭ رى تەرەپتىن كېلىۋاتقان «گۇس ـ ۋاق»، «گۇس ـ ۋاق» قىلغان بازغان ۋازى بىلەن «گۇلدۇر ـ گۇلدۇر» قىلىپ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان تاشلار ـڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە «مانا دىمىدىمىمۇ، ئۇلار ئەشۇنداق بالىلار، لار جەزمەن ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇيقىنى بولەك كىشىلەرگە بېرىۋېتىپ ئۇزلە ى ئىشلەپتۇ ـ دە، بوۋا، بىز كەتتۇق دەپمۇ قويماپتۇ» دەپ ئويلىدى.

تەشمىنىڭ تورىدە سابىر، تۇراخۇن بازغان ئۇرۇۋاتاتتى، جاۋ تيەن وڭ بىر تاشنى دومۇلىتىپ ـ ئىتتىرىپ ئەكىلىۋاتاتتى، ئابلىكىم، توختىلار وڭ ـ چوڭ تاشلارنى دۇمبىسىدە كوتىرىپ تەشمە يولىغا دوۋىلەۋاتاتتى. بابەكرى ئۇزۇن لوم تومۇر بىلەن سادىق تىرەپ ئۇرغان بىر قۇرام تاش ـلڭ ئاستىغا پىشاڭ سېلىۋاتاتتى. رەھناخان بىلەن خاسىيەتلەر گۇرجەك بلەن شېغىللارنى ھەدەپ كۇرەپ، تەشمىنىڭ پارتىلىتىش دائىرىسىنى ـادالاۋاتاتتى. ئۇلار پات ـ پات چاقچاق قىلىشىپ ـ كۇلۇشمەك قىلاتتى، ەزىلەر ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى. لېكىن ھەممەيلەن ئوزى زورۇر دەپ اپقان ئىشنى جىددى ۋە پۇختا ئىشلەيتتى.

تومۇر بوۋىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى ھېچكىم دىگۇدەك كورمىدى. پە ىنت ئازاتلا كوردى. ئۇ بىرقانچە كۇندىن بۇيان تەشمە ئىچىدە، سابىر، سادىقلار نىمە ئىش قىلسا شۇنى قىلىپ، ئوزىنى «پىشىرىۋاتاتتى» ۋە بەك خوشال ئىدى، ئۇ تومۇر بوۋىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كورۇپ «كوردۇڭمۇ بوۋا، مەنمۇ بار بۇ يەردە» دىگەندەك كوزلىرىنى قىسىپ ـ پەخىرلىنىپ سالاملاشتى.

— بول سادىق، مەدەت قىل ليەنجاڭ، ساق بازغان بارمۇ، — دىدى سابىر سادىققا قاراپ ۋە قولىدىكى سىپى شالاقشىپ قالغان بازغاننى بىر

چەتكە تاشلىدى، ــ يا سېنىڭمۇ قولۇڭ بۇ يەردىكى بازغانلارنىڭ سېپىنى يەپ تۈگەتتىمۇ؟

سادىق كۈلۈپ قويدى ۋە ساق بازغاندىن بىرنى سۇندى. سابىر بازغاننى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى ۋە شۇ چاغدىلا، بۈگۈن كېچە تەشمە ئىچىگە كىرىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ خېلىلا كۆپىيىپ كەتكەنلى گىنى كوردى.

ــ رەھناخان ئاچا، بۇ نىمە قىلغىنىڭ، ئاياللار، سىلەر نەدىن پەيـ دا بولۇپ قالدىڭلار، تومۇر بوۋا، سەنچۇ...، ــ سابىر بازغاننى يەرگە قو يۇپ، پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئېيتتى، ــ يولداشلار، بىز بولماپتىغۇ، ھەممىڭلار كېچىسى كېلىپ ئىشلىسەڭلار، كۈندۈزى كىم ئىشلەيدۇ؟

ــ قىزىق ئىكەنسەن ئۇكام، سىلەر كويۇپ-پىشىپ ئىشلىسەڭلار بولىدىكەنۇ ــ بىز كېلىپ ئىشلىسەك بولمامدىكەن، ــ دىدى ئاياللار جۇرىنى سابىرغا قاراپ تۇرۇپ.

تومۇر بوۋا تۇراخۇنغا قاراپ:

ــ تۇراخۇن، بۇ نىمە قىلغىنىڭ ئۇكا، قويغىنا سېنى، مېنى نىمشقا ئويغىتىۋەتمىدىڭ، ــ دىدى سەل خاپا بولغاندەك بولۇپ.

ــ بەللى بوۋا، ــ دىدى خاسىيەت كوزلىرىنى ئۇۋىنتىپ خۇشخۇي لۇق بىلەن، ــ كېچىدە بۇ يەرگە كەلگەنلەرنى كىم ئويغاتتى دەيسەن كىم خالىسا، شۇ كېلىدۇ......

ــ تومۇر بوۋا، سەن بىلسەڭ بۇ تاش قورغىنى ئاجايىپ بىرنىمە، ــ دىدى ئابابەكرى چوڭ بىر تاشنى دۈمبىسىگە ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ــ تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ئۇ كۈندۈزىدىن كورە، كېچىسى بىزدىن بەك قورقىدىكەن، گۈنى زادى ئارام ئالدۇرمىغان ياخشى.

ــ يولداشلار، بولدى ئەمدى، سىلەر قايتىڭلار، ــ دىدى سابىر بازغاننى قولىغا ئېلىپ، ــ بۈگۈنكى ئىشىمىز يامان ئەمەس، ئۈچ قېتىم پارتلىتىلدى. چىقىرىلغان تاش-شېغىل ئەتە چۈشكىچە توشۇشقا يېتىدۇ. بىزمۇ بىر قېتىملىق پارتلىتىشنى قىلىۋەتسەك ئۇخلاشقا ماڭىمىز، ــ سابىر تەشمىنىڭ تورىدىن بۇ تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ كېلىپ، تەشمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىگە ئۆزلۈكىدىن كىرىۋالغانلارنى قوغلاشقا باشلىدى، — قېنى، ھەممىڭلار قايتىڭلار، خاسىيەت تاشنى قوي، سىڭلىم. ئازات ماڭ بېرىپ ئۇخلا، ئىنىم. ئەتىگىمۇ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىشلەيدىغان ۋاقىت ئەتە بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ، تومۇر بوۋا گەپ قىلساڭچۇ......

لېكىن، ھېچكىمنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەيتتى: قايتساق بىللە قايتىمىز، تاش قورغىنىنى يېمىرىش ھەممىمىزنىڭ ئىشى، بىزنى ھەيدەپ ئاۋارە بولما، قېنى، ئاخىرقى پارتلىتىش تۈگىسۇن، — دېيىشتى ئۇلار.

ئامال قانچە... سابىر يېڭى ساپلانغان بازغاننى قولىغا ئالدى، باشقىلارمۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. سابىر بىرىنچى بازغاننى ئۇرۇشى بىلەنلا، ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە، بازغان پولات ئۇشكىدىن قاڭقىپ تەشكۈچى ئۇشكىنى تۇتۇپ بېرىۋاتقان تۇراخۇننىڭ بىلىكىنى سىرىپ چىقىپ كەتتى.

— ئاپلا... تۇراخۇنكا...، — سابىر بازغاننى ئىتتىك يەرگە قويۇپ تۇراخۇننىڭ بىلىكىنى تۇتتى. تۇراخۇن زىڭىلداپ-سىقىراپ تۇرغان بىلەك سوڭىكىنى سىلاپ-ئۇۋۇلاپ بىر مىنۇتچە چىشىنى-چىشىغا بېسىپ تۇردى-دە، قاتتىق ئاغرىغان قولىنى سىلىكىپ-سىلىكىپ تۇرۇپ:

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، قېنى ئۇرۇۋەرگىن، يەنە ئەللىك بازغان ئۇرساڭ كۇپايە. ئاندىن پارتلىتىش دورىسى قاچىلايمىز، — دېدى.

جاۋتيەن تۇراخۇننىڭ قولىدىن پولات ئۇشكىنى ئالدى ۋە كويۈنگەن ھالدا:

— تۇراخۇنكا، قاتتىق تېگىپ كەتتىمۇ؟ — دېدى.

— ئانچە ئەمەس، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قولۇمنىڭ ئالقانلىرى قاداقلىشىپ يېتەرلىك پىشقان بولسىمۇ، لېكىن بىلىكىمنىڭ سوڭىكى تېخى خام ئوخشايدۇ، — دېدى ئادىتى بويىچە كۈلۈپ چاقچاق قىلىپ.

— دىمەك، خېلى ئاغرىپتۇ-دە، — دېدى سادىق تۇراخۇننىڭ يېنىدىن يوغان بىر تاشنى كوتىرىپ كېتىۋېتىپ.

— ئانچىلا ئەمەس، سادىق، — دېدى تۇراخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بازغاننىڭ سوڭەككە تېگىشى بىرىنچى قېتىم ئەمەس، بىر قولۇمنىڭ سوڭىكى ئۈزۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئىككىنچى قولۇم بازغان ئۇچۇن ئۇشكە تۇتۇپ بېرىشكە يېتىدۇ......

چەتكە تاشلىدى، ــ يا سېنىڭمۇ قولۇڭ بۇ يەردىكى بازغانلارنىڭ سېپىنى يەپ تۈگەتتىمۇ؟

ــ سادىق كۈلۈپ قويدى ۋە ساق بازغاندىن بىرنى سۇندى. سابىر بازغاننى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى ۋە شۇ چاغدىلا، بۈگۈن كېچە تەشمە ئىچىگە كىرىپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ خېلىلا كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كوردى.

ــ رەھناخان ئاچا، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئايالالار، سىلەر نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭلار، تومۇر بوۋا، سەنچۇ...، ــ سابىر بازغاننى يەرگە قويۇپ، پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئېيتتى، ــ يولداشلار، بۇ بولماپتىغۇ، ھەممىڭلار كېچىسى كېلىپ ئىشلىسەڭلار، كۈندۈزى كىم ئىشلەيدۇ؟

ــ قىزىق ئىكەنسەن ئۇكام، سىلەر كويۇپ - پىشىپ ئىشلىسەڭلار بولىدىكەنۇ ــ بىز كېلىپ ئىشلىسەك بولمامدىكەن، ــ دېدى ئايالالار جۈرىنى سابىرغا قاراپ تۇرۇپ.

تومۇر بوۋا تۇراخۇنغا قاراپ:

ــ تۇراخۇن، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئۇكا، قويغىنا سېنى، مېنى نېمىشقا ئويغىتىۋەتمىدىڭ، ــ دېدى سەل خاپا بولغاندەك بولۇپ.

ــ بەللى بوۋا، ــ دېدى خاسىيەت كوزلىرىنى ئويىنىتىپ خۇشخۇيلۇق بىلەن، ــ كېچىدە بۇ يەرگە كەلگەنلەرنى كىم ئويغاتتى دەيسەن، كىم خالىسا، شۇ كېلىدۇ......

ــ تومۇر بوۋا، سەن بىلسەڭ بۇ تاش قورغىنى ئاجايىپ بىر نېمە، ــ دېدى ئابابەكرى چوڭ بىر تاشنى دۈمبىسىگە ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ــ تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ئۇ كۈندۈزىدىن كورە، كېچىسى بىزدىن بەك قورقىدىكەن، ئۇنى زادى ئارام ئالدۇرمىغان ياخشى.

ــ يولداشلار، بولدى ئەمدى، سىلەر قايتىڭلار، ــ دېدى سابىر بازغاننى قولىغا ئېلىپ، ــ بۈگۈنكى ئىشىمىز يامان ئەمەس، ئۈچ قېتىم پارتلىتىلدى. چىقىرىلغان تاش - شېغىل ئەتە چۈشكىچە توشۇشقا يېتىدۇ. بىزمۇ بىر قېتىملىق پارتلىتىشنى قىلىۋەتسەك ئۇخلاشقا ماڭىمىز، ــ سابىر تەشمىنىڭ تورىدىن بۇ تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ كېلىپ، تەشمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىگە ئۈزلۈگىدىن كىرىۋالغانلارلى قوغلاشقا باشلىدى، — قېنى، ھەممىگ-
ر قايتىڭلار، خاسىيەت تاشنى قوي، سىڭلىم. ئازات ماڭ بېرىپ ئۇخلا،
نىم. ئەتىگىمۇ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئىشلەيدىغان ۋاقىت ئەتە بىلەنمۇ
ۈگىمەيدۇ، تومۇر بوۋا گەپ قىلماسىچۇ......

لېكىن، ھېچكىمنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەيتتى: قايتساق بىللە
ايتىمىز، تاش قورغىنىنى يەمىرىش ھەممىمىزنىڭ ئىشى، بىزنى ھەيدەپ
ۋارە بىلما، قېنى، ئاخىرقى پارتلىتىش تۈگىسۇن، — دېيىشتى ئۇلار.

ئامال قانچە... سابىر يېڭى ساپلانغان بازغاننى قولىغا ئالدى، باش-
لارمۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. سابىر بىرىنچى بازغاننى ئۇرۇشى بىلەنلا،
ېچبىر كۈتۈلمىگەندە، بازغان پولات ئۇشكىدىن قاڭقىپ تەشكۈچى ئۇش-
منى تۇتۇپ بېرىۋاتقان تۇراخۇننىڭ بىلىكىنى سىرىپ چىقىپ كەتتى.

— ئاپلا... تۇراخۇنكا...، — سابىر بازغاننى ئىتتىك يەرگە قويۇپ
راخۇننىڭ بىلىكىنى تۇتتى. تۇراخۇن زىڭىلداپ-سىقىراپ تۇرغان بى-
ك سوڭىكىنى سىلاپ-ئۇۋۇلاپ بىر مىنۇتچە چىشىنى-چىشىغا بېسىپ
ردى-دە، قاتتىق ئاغرىغان قولىنى سىلكىپ-سىلكىپ تۇرۇپ:

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، قېنى ئۇرۇۋەرگىن، يەنە ئەللىك
ازغان ئۇرساڭ كۇپايە. ئاندىن پارتلىتىش دورىسى قاچىلايمىز، — دېدى.

جاۋتيەن تۇراخۇننىڭ قولىدىن پولات ئۇشكىنى ئالدى ۋە كويۇنگەن
الدا:

— تۇراخۇنكا، قاتتىق تېگىپ كەتتىمۇ؟ — دېدى.

— ئانچە ئەمەس، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قولۇمنىڭ ئالقانلىرى قا-
اقلىشىپ يېتەرلىك پىشقان بولسىمۇ، لېكىن بىلىكىمنىڭ سوڭىكى تېخى
خام ئوخشايدۇ، — دېدى ئادىتى بويىچە كۈلۈپ چاقچاق قىلىپ.

— دىمەك، خېلى ئاغرىپتۇ-دە، — دېدى سادىق تۇراخۇننىڭ
پىنىدىن يوغان بىر تاشنى كۆتىرىپ كېتىۋېتىپ.

— ئانچىلا ئەمەس، سادىق، — دېدى تۇراخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، —
بازغاننىڭ سوكەككە تېگىشى بىرىنچى قېتىم ئەمەس، بىر قولۇمنىڭ سوڭىكى
ئۈزۈلۈپ كەتكەن. تەقدىرىدىمۇ، ئىككىنچى قولۇم بازغان ئۇچۇن ئۇشكە
تۇتۇپ بېرىشكە يېتىدۇ......

— شۇنداق بولسىمۇ خەۋپسىزلىككە دىققەت قىلىش كېرەك، — دېدى جاۋتيەن سابىر ئۇرۇۋاتقان بازغانغا ئۇشكە تۇتۇپ بېرىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئىشىمىز تېخى كوپ، قول تېخى كوپ ئەسقاتىدۇ. ئاۋايلىمىغان بىلەن بولمايدۇ.

— دۇرۇس، يولداش جاۋتيەن، — دېدى تۇراخۇن سەيپۇللانىڭ قولىدىن بازغاننى ئېلىپ تۇرۇپ، — بۇ پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، تاش قورغىنى يىمىرىلمەكتە، تاش قورغىنىنىڭ بىزنىڭ ئىككى قولىمىزغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. يەنە ئازراقلا بەرداشلىق بەرسەك غەلىبە چوقۇم بىزنىڭ......

پارتلىتىش دورىسى قاچىلىنىدىغان توشۇكلەر ئېچىلىپ تەق بولغاندا، پارتلىتىش دائىرىسىدىكى تاش - شېغىللارمۇ يوتكىلىپ بولدى. سابىر جاۋتيەننىڭ سائىتىگە قاراپ ۋاقىتنى ھېساپلىدى ۋە باشقىلارنى تەشمىنىڭ سىرتىغا قوغلىدى. جاۋتيەن توشۇككە دورا قاچىلاشنى تۈگەتتى ۋە ھەممەيلەن پىلتىغا ئوت يېقىۋاتقان سادىققا قاراپ قويۇپ، تەشمىنىڭ سىرتىغا يۈگۈردى ......

ئۇلار تەشمىدىن چىققاندا، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان ئىدى. جاۋتيەن يۈز - كوزىنى يۇيۇپ، جىرخۇيبۇ چېدىرىغا كىرىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۆز چېدىر - گەمىلىرىگە تارقىدى. سابىر، تۇراخۇن، سادىقلار چېدىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر چوڭ تاشنى ئورۇندۇق قىلىپ ئولتۇرۇشتى، سادىق تاماكا ئورىدى، ھاۋا سوغاق ئىدى، تۇراخۇن چاپىنىنىڭ ھەممە تۈگمىسىنى ئېتىپ، يورۇپ كېلىۋاتقان شەرق تەرەپكە قارىدى ۋە كەكە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قاپتۇ، تەشمىنىڭ ئىشىمۇ شۇنچىلىكلا قالدى، — دېدى.

— شۇنداق، غەلىبە كۈنلىرى يېقىنلاشتى، — دېدى سادىق تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ.

— سادىق، شۇنداق قىلىپ سەن ئەتە شەھەرگە بارامسەن، — دېدى سابىر.

— شۇنداق، بارماي بولمايدۇ، — دېدى سادىق، — قاسىمنىڭ

نامان تۇلكىدىن ئىبسىل چەتئەل سائەتتىنى قوبۇل قىلىپ ئالالىغىنى ئېنىق بولدى. ئەمما بۇ سائەتنى نامان تۇلكە ئەمەس، باشقا بىرسى دوستلۇق سوغىسى قىلغانمىش. ناھىيە بازىرىدىكى ھېلىقى سېتىقچىنىڭ ئوغلى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ھازىر بۇ سائەتنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرۈش زورۇر. قاسىم تازىمۇ ئىپلاس بىر نىمىكەن، تۈز يالىغان ئىت قوپارغا ئاستىدا ئولەر، دىگەندەك، ئۇمۇ تۈز يالاشتىن ئۇمەت ئۈزەلمىدى......

— قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسى كوزگە كورۇنۇپ قالدى، — دىدى تۇراخۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ، — لېكىن، بۇ غەلىبە بەزى بۇزۇقلار- نىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى كورۇۋېلىشقا تۇرتكىمۇ بولدى. قاسىم ھازىر بىر جايدا تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشكەن بولسا كېرەك ......

— ئۇنداق بولسا، سەن ئەتە شەھەرگە ماڭغىن، — دىدى سابىر ئويلانغان ھالدا سادىققا قاراپ، — سىنىپىي كۈرەش بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس، كېگۇەن مەۋجۇت. ئەمما سىنىپىي كۈرەشتە جەزمەن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىش، يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاش لازىم. دۇشمەن تېخى جان تالىشىدۇ، جان تالىشىۋاتقان ئىلاننىڭ چېقىشى تېخىمۇ يامان، بۇنى زادىلا ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم. مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش كېرەك. بىزنىڭ بۇ ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلاپ ئەملىلەشتۇرۇ- ۋاتقانلىقىمىزنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم ھازىرچە سەزمىسۇن......

— نىياز قۇربانىنىڭ ئىپتىشىچە، — دىدى تۇراخۇن، — قاسىمنىڭ يۇرت ئىچىدە تارقاتقان بەزى ئىغۋالىرى بار، ئىكەن، سادىق، سەن ئۇكا، ئىمكان بار شەھەرگە ئوتكىچە نىياز قۇربان بىلەن بىر كورۇشكىن.

— ماقۇل، كورۇشەي.

— قاسىم توغرىسىدا، — دىدى سابىر، — چاۋار شۇجىنىڭ مەخ- سۇس يوليورۇغى بار. قاسىمنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىنى پاش قىلىش كېرەك، ئەمما موھىم نۇقتا سۇلايمان. سۇلايماننى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ ئېنىقلاش زورۇر، بۇ ھارامزادە بىشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان بىلەن ھەممىنى شۇ قوترىتىپ يۇرىدۇ......

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن قاسىم نامان تۇلكىنى ئىزلەپ تېپىپ:
— نامانكا، سەگەك بولغىن، سابىرلار ھەدەپ كىچىك مەجلىسلەرنى ئېچىۋاتىدۇ، مەن ھېچنىمىنى ئۇقالمايۋاتىمەن، پەملىشىمچە، ئۇلار ئامبارنىڭ ئـايىغىدىن تېپىلغان تاماكا خالتىسىنى سۇلايمان شاكىيۇمدىن گۇمان قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دىدى.
نامان تۇلكە كوزلىرى چەكچەيگەن ھالدا قاسىمغا قارىدى:
— خـۇدا ئـوزى سـاقلىسـۇن، ئـۇكـام، مـەنمۇ ساڭا بىر نەرسە دىمەكچىدىم. سۇلايمان شاكىيۇم — ئالدىدىن كورەر ئادەم. ئۇمۇ سەندىن ئەنسىرەيدۇ. سابىر سېنى ئاخىر كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ. سەن ئوزەڭ يول كورسەتكىن، سابىر بەزى ئىشلارنى بىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ.
— مېنىڭ بېشىم قېتىپلا قالدى، — دىدى قاسىم خۇرسىنىپ، — ھەر نىمە بولسا، مېنى ئـوزەڭلارغا چاتماڭلار، مەن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلا ئىش بولسا، قولۇمدىن كېلىشىچە......
— شـۇنـداق، — دىـدى نـامان تۇلكە سەل ھودۇقۇپ، — سەن ئەلۋەتتە قـولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىسەن، لېكىن، سۇلايمان شاكىيۇم تاپىلىغان ھېلىقى نەرسە......
— بۇ مېنىڭ قـولۇمدىن كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دىدى قاسىم تىترەك ئاۋاز بىلەن، — ھازىر پارتـلىتىش دورىسى ساقلىنىدىغان چېدىرنىڭ ئالدىدا مىنىبىگلار پوستا تۇرىدىغان بولدى......
— يـاق، بۇ گەپنى قوي! — دىـدى نامان تۇلكە سـەل جىددى قىـلىـپ، — بـۇمـۇ سېنى قـوغـداپ قېلىش ئۇچۇن. شـۇ بىر ئىشنى قىلـىۋەتسەڭ، ئـۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇۋېرىسەن، بولمـىسـا...—
نامان تۇلكە تىلىنى يالاپ يەر ئاستىدىن قاسىمغا قارىدى.
— «بولمىسا» دىگەن قانداق گەپ؟ — قـاسىم جـالاقلاپ تىترەپ ئەتراپقا قارىدى.
— ئـوزەڭ ھـەممىنـى بىلىسەن، — دىـدى نامان تۇلكە قاسىمغا قـاراپ يېنىچە تـۇرۇپ، — بىـز سـەن ئـۇچۇنلا... شـۇنداق. سېنى سـابىرنىڭ يـەپ قـويماسلىقى ئۇچـۇنلا... شۇنداق. قىسقىسى، ئوزەڭ ئويلاپ كور، شۇ بىر ئىشنى قىلىۋەتسەڭلا بولدى. ئەقىللىق ئادەم ئوزىنى

www.uyghurkitap.com

بەكاردىن ـ بىكار نابۇت قىلمايدۇ، ئەمما، جەزمەن بىز دىگەن يەردىن چىقىشىڭغا توغرا كېلىدۇ.

— سىلەردىن خوش بولاي، مېنى ئۆزەڭلارغا چاتماڭلار، نىمە قىلساڭلار مەيلى، مېنى قۇتقۇزۇڭلار......

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، بىز سەن ئۈچۈن ھەممىنى ئويلىدۇق، لېكىن، پارتلىتىش دورىسىنى كېچىكتۈرمىگىن......

# توققۇزىنچى باپ

## 1. بېشى كېسىلگەن ئىلان

ئۇلاق باققۇچى ھوشۇر بوۋاي ئىشىكتىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەندە، نىياز قۇربان ئالدىغا سىرلانغان يۇمۇلاق جوزىنى قويۇۋېلىپ، چىراق يورۇقىدا قېرىنداش بىلەن سىزىپ - چىزىپ يېڭى يېزىق ئۆگىنىۋاتاتتى. ھوشۇر بوۋاي ساقاللىق، بىر قولىغى سەل ئېغىر، يۇۋاش ئادەم ئىدى. چارۋا بېقىشقا ئەقىدە قىلاتتى ۋە بۇ كەسپكە تولىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر جىددى ئىشى بولمىسا، بۇ ئۆيگە ئانچىلا كىرمەيتتى. ئۇ ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى، لېكىن ئۇ بۈگۈن بۇ ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا:

— غەلىتە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، ئۇكا، غەلىتە ئىشلار، — دېدى ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ نىياز قۇربانغا.

نىياز قۇربان قەغەز - قېرىنداشنى قويۇپ، كاڭدىن چۈشۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. بوۋاينىڭ جۇۋىسى ئىچىدىن ئاق قاشقىسى بار بىر مومۇن قوزىنىڭ بېشى چىقىپ تۇراتتى. نىياز قۇربان سەل ھەيران بولۇپ، بىر مىسكىن ھالدا قاراپ تۇرغان قوزىغا، بىر سەل ئالدىراپ تۇرغان بوۋايغا قارىدى.

— خوش، نىمە گەپ ئۇزى؟

ھوشۇر بوۋاي گەپنى يەنە باشتىن باشلىدى:

— ھازىر جاڭگالدا ئوت - چۆپ ئانچە كوپ ئەمەس، — دېدى ئۇ، — شۇڭا بۈگۈنمۇ قوي پادىسىنى تويغىچە بېقىپ كەچرەك قايتۇرۇپ كەلدىم. قوتانغا كېلىپ قارىسام، بىر قوزا يوق، بۇ — ئاق قاشقىسى بار، تۇغۇلغىنىغا بىر ئايچە بولغان مۇشۇ قوزا، — ھوشۇر بوۋاي جۇۋىسىغا ئورىۋالغان قوزىغا قاراپ قويدى، — بۇ قوزا نەگە كەتتىكىن، جاڭگالدا تېنەپ - تەمتىرەپ قالغاندىمۇ دەپ ئويلىدىم. ھاۋا بولسا سوغاق، قوزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇزلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئارقامغا يېنىپ يەنە جاڭگالغا چاپتىم، ئاختۇرۇپ - تىتقىلاپ ھەممە يەرگە كۆز سالدىم. ئاخىر، قوزىنىڭ ئانىسىنى ئىزلەپ مەرىگەن ئاۋازى ماڭا ياردەم بەردى. بولمىسا، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە مەن ئۇنى نەدىن تاپىمەن. شۇنىڭ بىلەن قوزىنى ئاۋايلاپ قولۇمغا ئالدىم - دە، قوينۇمغا سېلىپ جوۋامغا يوگىدىم.

يول ئىگىز - پەس، ئەتراپ قاراڭغۇ ۋە جىمجىت ئىدى. مۇدۇرۇلۇپ - سۈدۈرۈلۈپ كېلىۋاتسام، سول تەرىپىمدە تۇيۇقسىز «لاپ» قىلىپ يېنىپ - ئۆچكەن بىر ئوت يورۇغى كورۇندى. شۇنداق غىل - پال يېنىپ - ئۆچكەن بىر ئوت يورۇغى ئوڭ تەرىپىمدىنمۇ كورۇندى. مەن ئورنۇمدا جىمجىت قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

بىر پەستىن كېيىن ئىككى يوچۇن ئادەم پەيدا بولۇپ، جاڭگالنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كېلىپ، مېنى كورمەي بىر - بىرى بىلەن دوقۇرۇشتى - دە، يەنە ئايرىلىپ كەتتى... مەن: بۇ نىمە ئىش، بۇ قانداق ئادەملەركىن، دەپ سەل تەئەججۇپلىنىپ يولۇمنى مېڭىۋەردىم. مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە، ھېلىقى ئىككى يوچۇن ئادەم يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك يەنە پەيدا بولدى ھەم ئىككى تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلۇپ، يەنە ئالدىراپ ئايرىلدى. بىرسى مەھەللە تەرەپكە كەتتى، يەنە بىرسى مېنى كورمەي يۇقا پايناپ-تەكى ئازغاننىڭ كەينىگە موكتى. غەلىتە ئىش - تە. ئامباردىكى سۇنىڭ گۇمانلىق يار ئېلىپ كېتىشى، شۇ چاغدا سابىر بالىنىڭ ھوشيارلىقنى چوقۇم ئۇستۇرۇش كېرەك، دىگەن سوزى ئېسىمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن كوڭلۇمگە بىر گۇمان چۇشتى. دەرھال ئوزەمنى قولۇمغا ئېلىپ، ئازغان كەينىگە موككەن يوچۇن ئادەمنىڭ ئارقىسىغا پەم بىلەن ئوتۇپ، دەرەخ دالدىسىدا پايلاپ ئولتۇردۇم. ھەمسات ئوتمەي مەھەللە تەرەپتىن ھېلىقى ئادەمنىڭ بەلگە بېرىپ، قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئازغان تېگىدىكى يوچۇن ئادەم بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مەھەللە تەرەپكە كەتتى.

مەنمۇ «قارا كورۇپ» ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىۋەردىم. ئۇ ئىككىسى دەسلەپ يالغۇز مېچىتنىڭ ئىچىگە كىردى، كېيىن ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۇدۇل سۇلايمان شاڭيۇنىڭ ئويىگە قاراپ ماڭدى. سۇلايمان شاڭيۇنىڭ

ئىشىگى ئالدىدىكى بونجا ئارىسىدا «نىمە بولاركىن» دەپ بىر چاي قاينىمى ئولتۇردۇم. ئاخىر ئۆيدىن بىرسى ئەتراپقا قاراپ - قاراپ قويۇپ، ھودۇقۇپ چىقتى ۋە ئالدىراپ بونجا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا سىنچىلاپ قارىسام، بۇ ھېلىقى پوم — سۇلايمان شاگىۋىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەن!......

ھوشۇر بوۋاي: ئىش ئەشۇنداق، سۇلايمان پوم قانداق شۇملۇقلارنى قىلىۋاتىدىكىن، ئۇنىڭ بۇگۇنكى ھەركىتى مال ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ نەق ئۆزى، — دەپ سوزىنى تۈگەتتى.

نىياز قۇربان ئالدىراپ چاپىنىنى كىيدى ۋە ھوشۇر بوۋايدىن:

— ھوشۇركا، سەن سۇلايماننىڭ قاياققا ماڭغىنىنى پەملىدىڭمۇ، — دەپ سورىدى.

— پەملىدىم، — دىدى مالچى بوۋاي، — نەق نامان تۈلكىنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتتى، مەن بولسام ، ئۇكا، ئالدىراپ سىنىڭ قېشىڭغا چاپتىم......

نىياز قۇربان ھوشۇر بوۋاينى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇدۇل ئۇچىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۇيى تەرەپكە كەتتى. تۈن قاراڭغۇ، ئەتراپ جىمجىت، سالقىن باھار شامىلى يۈز - كوزنى سىيپاپ، ئويناپ ئوتەتتى. كەڭ ئاسماننىڭ بىر چېتىدە سانسىز يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا، كورۇمسىز بىرنەچچە پارچە بۇلۇت لەيلەپ يۇرەتتى.

نىياز قۇربان يول چېتىدىكى يان ئېرىقتىن سەكرەپ ئوتۈپ، ساينىڭ چېتى بىلەن ئالدىراپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر يوچۇن ئادەمنىڭ ساي ئىچىنى ئەگىپ ئوتۈپ، يۇقۇرى تەرەپكە — كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالدى. «بۇ كىم، نەگە بارىدۇ؟...» — نىياز قۇربان دەسلەپ بۇ يوچۇن ئادەمگە ئانچىلا دىققەت قىلىپ كەتمىدى — كېچىدە ئۇياق - بۇياققا بارىدىغان ئادەملەر ئازمۇ... بىراق، شۇ ئەسنادا يوچۇن ئادەم كۆتۈلمىگەندە بىردىن ئىككى بولدى - دە، ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. نىياز قۇربان بۇ ئىككى يوچۇن ئادەمنى كوز قىرىدىن كەتكۈزمەي، دەرھال ئۆزىنى يان ئېرىقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئازگىلىغا — بولۇق ئۇسۇپ قۇرۇپ قالغان ئازغاننىڭ كەينىگە يوشۇردى.
ەل شۇ چاغدا، ھېلىقى ئىككى ئادەم ئازغانلىق ئېرىقنىڭ ئۈستىدىن
ەكرەپ ئۆتۈپ، ئالدىراپ تاش ئۇستەڭ تەرەپكە كەتتى.

نىياز قۇربان ئۇلارنى پايلاپ ئورنىدىن تۇراي دېيىشىگە، كىمدۇ
ەرسى تۇيۇقسىز مۈرىسىگە ئاستاغىنا قولىنى قويدى. نىياز قۇربان
چۆچۈپ كەينىگە قارىغاندا، خۇددى شۇ ئۆزى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان
ازغان يېنىدىن ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراپ كوتىرىلىۋاتقان ياش
ىنىڭ ئابلىكىمنى كوردى:

— سەن... ئابلىكىممۇ، ئۇكا، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ئابلىكىم ئازغاننى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، گەپ قىلماي، ساي ئىچى
ىلەن تاش ئۇستەڭ تەرەپكە كېتىۋاتقان يوچۇن ئادەمگە بىر پەس سەپ
ېلىپ كۆزىتىپ تۇردى - دە، ئاندىن نىياز قۇربانغا بۇرۇلدى:

— نىياز ئاكا، ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز ياخشى بولدى، —
ىدى ئۇ كېتىۋاتقان ئىككى يوچۇن ئادەمنى كۆز قىرىدىن كەتكۈزمەي
ۇرۇپ، — ئۆزىڭىزگە مەلۇم، سىلىماخۇنكامنىڭ زەخىملىنىش ۋەقەسىدىن
ېيىن، بەزى بۇزۇقلار ئىغۋا توقۇشقا كىرىشتى، تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى
ابدۇراخمان پىيەن قىلىنىپ، ئۇنىڭغا يۇۋاشلىق بىلەن ئوزەڭگىنى ئوزگەرت،
ىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى يامان ئادەملەر ھەركىتىنى توختاتمىدى.
ۈنۈگۈن ئاخشام سايىمان ساقلىنىدىغان چېدىردىن قۇرام تاشتىن توشۇك
اچىدىغان تەشكۈچى ماشىنىنىڭ موھىم بىر سايمىنى — نازۇك پولات
ۇشكە يوقىلىپ كەتتى. ئۇنى سۇڭ شۇجى بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپ
قىدىشقەردىن ئالاھىدە ئالدۇرۇپ ئەۋەتكەن ئىدى. ھازىر بۇ ئىش جىددى
تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ، سەگەك بولمىساق بولمايدۇ......

ئابلىكىم ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمگە — ئۇلارنىڭ كىچىككىنە
دوگىدىن ئەگىپ ئوتۇشىگە قاراپ بىر پەس تۇردى - دە، بىر ئاز جىددىيلىشىپ:

— سىز ئاۋۇ ئىككىسىنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— ياق... بۇلار كىم ئۆزى؟

— سۇلايمان بىلەن نامان تۇلكە ئەمەسمۇ؟

— ھە؟!... مۇنداق دېگىن، ئۇلار بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىدۇ؟

— بۈگۈن يەكشەنبە ـ دە، ھەممەيلەن دەم ئېلىشتا. ئۇلارمۇ ئۆيگە كەلگەن، لېكىن......

— مەن ساڭا بىر ئىشنى ئېيتاي...، — نىياز قۇربان تېز- تېز قىلىپ، مالچى ھوشۇر بوۋايدىن ئاگلىغانلىرىنى سوزلەپ بەردى.

— بۇ ئىشتىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز بار، — دېدى ئابلىكىم، — ھوشۇر ئاكىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ئۇمۇ بىزنى سەزمىدى، بىزمۇئۇزىمىزنى ئۇنىڭغا سەزدۇرمىدۇق. لېكىن بىز سۇلايمان باشلاپ چىققان يوچۇن ئادەمنىڭ كەينىدىن پايلاپ كېلىۋاتاتتۇق. ھوشۇر ئاكىنىڭ گۇمانلىنىپ، يوچۇن ئادەمنىڭ پېيىگە چۈشۈپ سۇلايماننىڭ ئويىگىچە بارغانلىقىنى، كېيىن ئالدىراپ سىزنىڭ ئۆيىگىز تەرەپكە كەتكەنلىكىنىمۇ كورۈپ تۇردۇق.

— خوش، سۇلايمان باشلاپ كەلگەن يوچۇن ئادەم كىم؟

— ھازىرچە ئېنىق ئەمەس، — دېدى ئابلىكىم ۋە ئويلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى، — ھازىر ۋاقىت زىيخ، سەگەك بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. سۇلايماننىڭ ئىشىگىدە توختى بار. ئۇ شۇ ئادەمنى پايلاۋاتىدۇ. مەن بولسام بۇ يەردە ئۇشتۇمتۇت تىمىسقىلاپ يۈرگەن سۇلايمان بىلەن ناماتغا ئۇچرىشىپ قالدىم. ئەسلىدە سۇلايمان نامان تۇلكىنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتكەن ئىدى......

— سەن ئوزەڭ ھازىر نەگە ماگدىڭ، — نىياز قۇربان ئالدىراپ سورىدى.

— سابىر ئاكامنىڭ قېشىغا ـ دە. ئۇنىڭغا بۇ يوچۇن ئادەم توغرىسىدىكى ئەھۋالنى دەرھال خەۋەر قىلىش كېرەك.

نىياز قۇربان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى تارتىپ باغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— بولىدۇ، ئابلىكىم. سەن دەرھال بارغىن، بۇ يەردە بىر سىر بولىدۇ. مەن نامان تۇلكە بىلەن سۇلايماننى كوزۈمدىن يوقاتمايمەن ئەگەر ئۇلار تاش ئوستەڭ تەرەپ بىلەن قۇرۇلۇش ئورنىغا بارسا، سەن بىلەن شۇ يەردە كورۈشىمىز؛ ئەگەرچەندە ئارقىسىغا يېنىپ ئويىگە كېتىشسە، مەن سۇلايماننىڭ ئىشىگىدە توختى بىلەن بىللە بولىمەن.

— بولىدۇ، مەن كەتتىم، لېكىن سەگەك بولۇڭ، ئەگەر سۇلايمان

ئۆز ئۆيىگە كەتسە، يوچۇن ئادەمگە چېقىلماي تۇرۇڭلار، بۇ ھەقتە سابىر
ئاكامدىن سورايمىز......
نىياز قۇربان ئابلىكىم مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، «غالىبىيەت» سۇ
امبىرىغا ئېلىپ بارىدىغان چىغىر يول بىلەن تاش ئۇستەڭ تەرەپكە
ۇگۈردى. ئۇ تاش ئۇستەڭنىڭ ئامبارغا قۇيۇلۇش ئېغىزى تەرەپتىن،
پچىنىمنى ئىلغا قىلىپ. بولمايدىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شەپە چىقارماي
ۇقۇرى كوتىرىلدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان
ېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى، ئەتراپقا قۇلاق سالدى، بىر-
از زەڭ قويۇپ تۇردى ۋە بىردىن ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تېگىدىكى
سمونت چۇشۇرگىنىڭ ئىچىدىن نامان تۇلكىنىڭ: «قاسىم كارغا كەلمەس
ر ماز پاينەككەن، ئاناڭنى... شۇ كەمگىچە يوق» دىگەن پەس
ۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن سۇلايماننىڭ: «قاسىم دورىنى ئېلىپ كەلمىسە،
پالتا بىلەن ھېچ ئىش تاڭاتمايدۇ، ئېلېكتىر ئىستانسىسى دىگەن بۇ
اپەتنى يوق قىلىۋەتمەي كېتىشكە قاندىقمۇ كوڭلىمىز ئۇنىسۇن...»
دى - دە، جىم بولدى.
نىياز قۇربان ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۇسۇرلاپ ئېيتقان سوزلىرىنى
گلىيالمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپ ئوتلىرى ياندى: «دىمەك، بۇ يەرگە
اسىممۇ كەلمەكچىكەن - دە. ئەشۇ قاسىم - ھە؟». شۇ چاغدا
ەنە نامان تۇلكە: «شاگىيۇم، چاتاق بولدى، بۇ قاسىم قورقۇنچاق بىر
مە، بەلكىم بىزنى تۇتۇپ بېرىپ، ئوزىنى ساقلاپ قېلىشقا قەست
لىۋاتامدۇ، تېخى» دىدى. سۇلايمان: «ھوسەن باياۋەچچە سوغا قىلغان
انەتنى ئالغاندىمۇ قورقمىغان بولغىدى بۇ ئاخماق» دىدى. «ياق،
ېغىزى كالاچتەك ئېچىلىپلا كەتكەن دىسلە» دىدى نامان ۋە ئىككىسى
ەنە نىمىنىدۇ دەپ كۇسۇرلاشتى. ئاندىن تۇيۇقسىز چۇشۇرگە ئىچىدىن
كۇچەپ ئۇرۇلغان پالتا ئاۋازى ئاڭلاندى.
نىياز قۇربانىنىڭ مېڭىسىدە «بۇزغۇنچىلىق!» دىگەن سوز سادا
لغاندەك بولدى، تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئوت مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى
ۋە بارلىق كۇچى بىلەن ئېتىلىپ، سىمونت چۇشۇرگىنىڭ ئىچىگە سەكرىدى:
— قاينىڭ سەن، توختاش!

نىياز قۇرباننىڭ ئاۋازى دەھشەتلىك ياڭرىدى. ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئوت بولۇپ يېنىپ كەتكەن كوزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارىدى. غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە چوڭ ئاي پالتا تۇتقان، كوزلىرى چوچەكتەك ئېچىلغان سۇلايمان، يەنە بىر تەرىپىدە نامان تۇلكە ئوقيادەك ئىگىلگىنىچە قېتىپ، خىرىس قىلىۋاتقان قاۋاندەك ئېغىر ھاسراپ - ھومۇدەپ تۇراتتى.

نىياز قۇرباننىڭ مېڭىسىدە چاقماقلار چېقىلدى، ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. كۇندە دىگۇدەك كوروپ تۇرىدىغان بۇ ئىككى «مومۇن» بەندىنىڭ ئادەتتىكى خوشامەتچى، سالام - سائەت قىلىپ ئىككى پۇكلىنىپ كېتىدىغان «يۇۋاش» قىياپىتىدىن ھازىر ھېچبىر ئەسەر يوق ئىدى. نىياز قۇرباننىڭ قېنى ئۇرغىدى، كوزلىرى بۇ ئىككى مەخلۇققا نەيزىدەك تىكىلدى:

— سەنلەر بۇ يەردە نىمىش قىلىشىۋاتىسەن؟!

نامان تۇلكە كوزىنىڭ قۇيرۇغى بىلەن سۇلايمانغا ئىلتىجا قىلىپ قارىدى. سۇلايمان تامىقىنى چېكىپ خىقىرىغان ئاۋاز بىلەن:

— ھە، ھە، بۇ ئوزلىرى دادۇيجاڭمىتىلە، كورسىلە، نىمە قىلىتۇق بۇ كېچىدە، بىز يۇۋاش ئادەم، كۇندۇزى ئۇ - بۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ ئارام بولمىدى، كەچ بولسىمۇ پىشكە ئوتۇن قىلىلى دەپ، جاڭگالغا كەلگەنتۇق... — دىدى.

— جاڭگال! بۇ جاڭگالمۇ؟! كوزۇڭنى ئېچىپ گەپ قىل، سەن كىمنى ئالدايمەن دەيسەن. بۇ — ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇۋاتقان يەر!

سۇلايمان نامان تۇلكىگە قاراپ قويۇپ دىدى:

— شۇنداقمۇ؟ بىز بىلمەپتۇق، بىز ئىش - ئەمگەك ئەھلى بۇنى نەدىن بىلىلى......

نىياز قۇربان قەتئى بۇيرۇق ئاۋازى بىلەن ۋاقىرىدى:

— سۇلايمان، سەن تولا گەپ يوغىلاتما، قولۇڭدىكى پالتىنى تاشلا، ماڭ دادۇيگە!

سۇلايمان: «ماقۇل، نىمە دىسىلىرى شۇ» دىگىنىچە پالتىنى نامان تۇلكىنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى ۋە ھىلىگەرلىك بىلەن تەسىرلىنىڭ قىلىپ ئېيتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دادۈيجاڭ، بىز شەخسەن ئۆزلىرىگە يامان بىر نەرسە قىلمىدۇق، سىلىگە ياخشىلىق تىلەش — بىزنىڭ كۆڭلىمىز. سىلى گۇڭشېمىزدا يۈز-ئابرويلۇق كونا كادىر ئىدىلە، لېكىن - زە، سابىر سىلىنى تەپۇلغا قىممەت، بىر پۇلغا ئەرزەن قىلىۋەتتى. سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدە «قالاق كادىر»، «قورقۇنچاق جىرسۇ» دىگەن گەپلەر پۇركەتتى. بۈگۈن بولمىسا ئەتە... سابىر سۈنى باشلاپ كېلىپ ئۆز مەقسىدىگە يېتىۋالسا، فۇجۇرېنلىق دىگەن گەپمۇ سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدە بولىۋەرمەس، سىلى دىگەن دادۈينىڭ ئەڭ چوڭى بولىدىغان ئادەم ئىدىلە، مۇشۇ سابىر......

— خوش، نىمە دىمەكچىسەن؟

— بىز نىممۇ دەيتتۇق. بىزنىڭ كۆڭلىمىز — ئۆزلىرىگە ياخشىلىق تىلەش... شۇنداق، بىز ئۇتتۇنغا كېلىشىۋىدۇق، ئىشنى يامانغا ئورۇمىسىلە، دەيمەن - دە، ئۆزلىرىگە پايدىلىق......

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاش نىياز قۇربانغا چەكسىز ئەلەم قىلدى. سۇلايمان ئۇنى ئوپ - ئوچۇق خائىنلىققا ئۈندەۋاتاتتى — قىپ - يالىڭاچ خائىنلىققا... ئۇ ھەجەپ شۇنداق دىيەلىدى - ھە؟ جۈرئەت قىلدى - ھە؟... ئۆزەم، ئۆزەم ئەيىپكار. مەن بۇرۇننىڭ ئۈچىدىكىدىن باشقىنى كورەلمەيدىغان قارغۇ. كوزى ئوچوق قارغۇ، قارغۇ مەن......

نىياز قۇرباننىڭ يۈرىگى ئەلەمدىن پۇچۇلىنىپ:

— سۇلايمان، سەن جويلىمە، ياخشىلىقچە، ماڭ دادۈيگە! — دىدى.

سۇلايمان يەنە بىر زەڭلىك بىلەن تىلىنى چايناشقا باشلىدى. لېكىن نىياز قۇرباننىڭ ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقاتاقىتى يوق ئىدى. ئۇ غەزەپ ۋە شىددەت بىلەن نامان تۇلكىنىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىدىكى پالتىغا تاشلاندى. ئەمما پالتىنىڭ سىپى نامان تۇلكىنىڭ پۇتى ئاستىدا مەھكەم دەسسەكلىك ئىدى. نامان تۇلكە نىياز قۇرباننىڭ پالتىغا ئېڭىشكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ «گۈپ» قىلىپ ئۆزىنى تاشلىدى - دە، ئۇنى بېسىۋالدى.

سۇلايمان بولسا نىياز قۇرباننىڭ دەل يۈرىگىنى نىشانلاپ ئاچ بىقىنىغا تۇت - بەشنى قاتتىق تېپىۋەتتى. نىياز قۇربان ئاچچىق ئاغرىقتىن تولغىنىپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مانا شۇ چاغدا، دەل شۇ يەردە نىياز قۇرباندىن چىن يۈرىكىدىن ماۋجۇشىنىڭ: **«سىنىپىي كۆرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك»، «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەك»** دېگەن تەلىمىنى ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئېچىنىش، پۇشايمان قىلىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلىدى. ھازىر ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۆتكەندە «دادۇيىمىزدىكى بىر نەچچە پومىششىكنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بېشى كېسىلگەن ئىلان، بېشى كېسىلگەن ئىلان ئادەم چاقالمايدۇ، يامان ئىش قىلىشقا ماغدۇرى يەتمەيدۇ» دېگەن سۆزى ئۈچۈن پۇشايمان يەپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. دەل شۇ بېشى كېسىلگەن ئىلان سۇلايمان ئۆز بېشىدا قاتىللىق قورالىنى تەڭلەپ تۇراتتى.

— شاگيۇم، بۇ ئۆزى خۇدا بەرگەن پۇرسەت، — دېدى نامان تۇلكە خىقىراپ، — چايناپ پۇركۈۋەتسەم، كويدۇرۇپ ئورتىۋەتسەم ئەسلا دەردىم چىقمايدۇ. قېنى مېنىڭ قارا تورۇق ئېتىم، قېنى مېنىڭ يەر - زېمىنلىرىم، قېنى مېنىڭ ئاتا مىراس چارۋىلىرىم، قېنى مېنىڭ ياغ ئىچىدىكى بورەكتەك مەئىشىتىم؟ ئاھ - خۇدا، ئاھ - خۇدا! چىداپ بولامدۇ؟ تۈنۈگۈنكى چاكار بۈگۈن بېشىمدا ياڭاق چاقسا چىداپ بولامدۇ؟ شاگيۇم بۇ غېنىمەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلى، نىيازنى «غاچچىدە» جايلىۋېتىپ، بۇ يورۇقلۇق كەلتۈرىدىغان ئاپەتنىمۇ بۇزۇپ - بۇزۇۋېتىپ، تېزرەك كېتەيلى، خۇدا بۇيرىسا ئەجەپ ئەمەس، ئىنشائاللا، ئەتە سابىر «نىياز ئەسلىدىلا مېنىڭ پىلانىمغا ئۇنىمىغان، ئاخىر جاھىللىق قىلىپ، ئېلېكتىرنى بۇزۇپ ئۆزىنى ئولتۇرۇۋاپتۇ» دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ، يالاڭتوشلەر يەنە بىر - بىرىنى تالىشىدۇ، بىز بولساق، خۇدا مەدەت - ئىلتىپات قىلسا، دەرھال......

— ھىم... — دېدى سۇلايمان ۋە ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئېسىۋالغان ئىككى بىسلىق خەنجەرنى قولىغا ئالدى.

نىياز قۇربانىنىڭ مېڭىسىدە «شۇنداق ئاسان - ھە؟ بۇ، بۇ خۇمپەرلەرنىڭ زەھەرلىك قەستىنى راستقا چىقىرىش ئۈچۈنمۇ... نىياز كۆزۈڭنى ئاچ، سەن كىمگە توغرا كېلىپ قالغىنىڭنى بىلىپ قوي، سەن مۇشۇنداق ئەرمىدىڭ...» دېگەن پىكىر چاقماق تېزلىكىدە يېنىپ

ئوتتى، ۋۇجۇدى قايناق غەزەپكە تولدى ۋە بارلىق كۈچىنى ئوڭ پۇتىغا يىغىپ، سۇلايمان پىچاق تۇتقان قولىنى ئىگىز كۆتەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى بېسىپ ئىگىشىپ تۇرغان نامان تۈلكىنىڭ پۇتىنىڭ ئارىسىغا — جان يېرىگە قەھرى - غەزەپ بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتى. نامان تۈلكە نىياز قۇربانىنىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ، تاشقا تىك موللاق چۈشتى. نىياز قۇربان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە سۇلايمانىنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا ئېسىلدى.

چۈشۈرگە ئىچىدە مالىمان، ئۆرە - تۆپە باشلاندى. نامان: «ئىبە ۋايجان، ئىبە ۋايجان» دەپ ئىنجىقلايتتى. سۇلايمان قولىغا ئېسىلىۋالغان پالتا بىلەن غالجىرلىشىپ، ئالدىغا نىمە توغرا كەلسە شۇنى چاناۋەردى.... شۇ پەيتتە، تاش ئۇستەڭ تەرەپتىن بىر قارا كۆلەڭگە تۇيۇقسىز ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى - دە، چۈشۈرگە ئىچىگە «گۈپ» قىلىپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى......

— نامانكا، مەن... نامانكا، مەن قاسىم، — ھىلىقى ئۆزىنى تاشلىغان گەۋدە چالا بوغۇزلانغان كالىدەك ئېغىر خىقىراشقا باشلىدى.

— ھۇ ئاناڭنى، سەن تېخى بىزنى تۇتۇپ بەرمەكچىمىدىڭ - ھە؟ — سۇلايمان شۇنداق دىدى - دە، پالتىنى ئىگىز كۆتەردى، — مەن سىنى مۇشۇنچىلىك ئىشقا ياراپ قالار دىمىسەم، بىكارغا ساڭا پۇل خەشلەيتتىممۇ، — دىدى ۋە پالتا بىلەن «غاچ» قىلىپ كاللىسىغا ئۇردى. ئۆزىنى تاشلىغان گەۋدە «خارت»، «خارت» قىلىپ ئېغىر خىقىراشتىن توختىدى.

نامان تۈلكە «خۇيمۇ ئوبدان بولدى» دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە تاش ئۇستەڭ تەرەپتىن تاشلارنى شاراقلىتىپ، گۈپۈلدەپ كېلىۋاتقان ئاياقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەجەل ھودۇقۇشىدا ۋاقىرىدى:

— سۇلايمان شاگىيۇم، ئادەم! ئادەم كېلىۋاتىدۇ، قاچايلى......

ئۇلار قاچتى.

— قاچالمايسەن ئەبلەخلەر، قاچالمايسەن! — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ پالتا تېگىپ ئېغىر زەخىملەنگەن ۋە ئۇلارنى شىددەت بىلەن قوغلاپ كېتىۋاتقان نىياز قۇربانىنىڭ ئاۋازى ئىدى......

## 2. قوغلاپ زەربە بېرىش

جۇڭگو ۋە خەلق جۇمھۇرىيىتى قاسىمنىڭ مەسىلىسى بويىچە يېقىن ئايلاشقاندىن كېيىن، دائىرىلىك شۇجىسى چاۋار مەنقۇل، ئورە تۇرغان ھالدا ئۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان جاۋ تىيەنگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— سىزگە قاسىم توغرىلىق تېخى كۆپ نەرسىلەر مەلۇم ئەمەس، شۇڭا، بىر ئاز ھەيران بولۇشىڭىز مۇمكىن. گوڭشې ئىنقىلاۋىي ۋېيىۋەنخۇيى قاسىمنىڭ مەسىلىسىنى كۆپتىن بېرى تەكشۈرۈۋاتىدۇ، لېكىن شەيئىنىڭ قىياپىتى بىردىنلا ئېنىقلىنىپ كەتمەيدۇ. كەمبەغەل دېخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېخانلارنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر، ئۇلار قاسىمنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ھەرىكەتلىرىنى، بولۇپمۇ بۇيەرگە كېلىپ سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئالدىدا «ھە - ھۇ» دەپ قويۇپ، كەينىدە خىلاپلىق قىلىش، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، پىتنە-ئىغۋا تېرىپ، ئوت قويرۇقلۇق قىلىشتەك پەسكەش ھەرىكەتلىرىنى كۆپتىن بېرى پاش قىلىپ كەلدى. سىنىپىي دۈشمەنلەر بىر ھىيلىسى ئاقمىسا، يەنە بىر ھىيلىسىنى ئىشقا سالىدۇ، «تارتىپ كېتىش»، «تېچ ئۆزگەرتىۋېتىش» يولى بىلەن ئۆزىگە غالچا تېپىش — ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىكى ۋاستىلىرىدىن بىرى. قاسىمغا بۇ ئىشلار كۆپ قېتىم ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يىقىسىنى ئاچمىدى. ئۇنىڭ نامان تۈلكىنىڭ قولى ئارقىلىق بىر كىيىملىك ئەتلەس، قىممەت باھالىق سائەتنى قوبۇل قىلىپ ئالغانلىقى، ئۇلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەنلىكى ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. قاسىم بۈگۈندىن ئېتىبارەن خىزمەتتىن توختىتىلىپ، يۇۋاشلىق بىلەن مەسىلىسىنى يېزىپ تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلدى، بۇ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئاخىرقى پۇرسەت......

— مەن چۈشەندىم، — دېدى جاۋ تىيەن ئويلىنىپ تۇرۇپ، — قاسىم. دەسلەپ قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى بولدى. كېيىن بىردىنلا بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى بولۇپ قالدى. مەن بۇنى ئېھتىمال تونۇش مەسىلىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن. لېكىن، ھەر ھالدا، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ھەرىكەتلىرى سىرلىق، چۈشىنىكسىز ئىدى، بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ماڭا ئانچىلا

ىنق ئەمەس ئىدى، شۇڭا، بىر ئاز ھەيران بولغۇنۇم راست......

شۇ چاغدا جوزا ئۈستىدىكى تېلېفون ئارقا - ئارقىدىن ئەنسىز ىرىڭلاپ كەتتى. چاۋار مەتقۇل تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى ۋە بىردىن قو-ۇمسى تـۇرۇلدى:

— ھە، ھە، مەن شۇ. چۈشەندىم. تۈنۈگۈن كەچتىمۇ؟ ھە، توختاڭ، ىن يېزىۋالاي: سېمىز، يۈزىدە سەپكۈلى بار، ئالتۇن چىشلىق، چاچ ىيغان، كوزى كىچىك، بېشى سوقۇچاق، ئىدلىك بەش ياشلاردا بار... ، بولىدۇ، ھە، بىز دىققەت قىلىمىز. بولىدۇ، — چاۋار مەتقۇل تېلېفون ۇرۇپكىسىنى جايىغا قويۇپ بىر پەس ئويلىنىپ تۇردى - دە، جاۋ تيەنگە ارىدى، — سىز ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ تۈنۈگۈن ناھىيە دەرىجىلىك بىر ئىدارىدىن بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەركىتىدە ئاما پاش قىلىپ ارتىپ چىقارغان بىربۇزۇق ئەبلەخ نەق جىنايەت ئۈتكۈزۈپ قاچقان......

چاۋار مەتقۇل شۇگەپنى ئېيتتى - دە، يەنە تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

چاۋار مەتقۇل تېلېفوندا قايسىبىر داۋي بىلەن سوزلىشىۋاتقاندا، ىڭيەر داۋيىنىڭ تايانچ مىنىڭلىرى ئاخىرقى بەشىنچى چېدىردا ياش ىنىڭ ئابلىكىم يەتكۈزگەن ئالاھىدە ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىپ، جىددى ىدپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىۋاتاتتى.

سابىر يىغىننى باشقۇرۇپ ئولتۇرغان مىنىڭ لىيەنجاڭى سادىققا:

— سادىق، سىلەر تېزرەك تەييارلىنىڭلار، مەن ئەھۋالنى چاۋار مەت-قۇل شۇجىغا خۇيباۋ قىلىۋېتەي، ھازىر كېلىمەن، — دىدى - دە، چېدىر-دىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

جىمجىت كېچە. ئەتراپ قاراڭغۇ، كوكتىكى يۇلتۇزلار چىمىرلايتتى. كىشىلەر بولسا شىرىن ئۇيقۇدا، سابىر ئۈچىنچى چېدىردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، چەتكىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان سايمان ساقلىنىدىغان چېدىرنىڭ ئالدىدىن تـوغرا كېسىپ جىژخـۇيبۇ چېدىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئـۇ چوڭ بىر قۇرام تاشنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ، سايمان ساقلىنىدىغان چېدىر ئالدىدىكى تاش - شېغىل ئۈستىدە ئوڭدا چۈشۈپ جىمجىت ياتقان بىر ئادەمنىڭ كەۋدىسىنى كـوردى. سابىر ئىتتىك كېلىپ بىھوش ياتقان كۈزەتچى مىنىگنىڭ بېشىنى يولەپ ئالقىنىغا ئالدي. ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن ئىسسىق

قان ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى. يىگىت ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى.

سايمان ساقلىنىدىغان چېدىر موھىم سايمانلار، پارتلىتىش دورىسى ساقلىنىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئالدىنقى كۈنى ئىش ئۈستىدە نازۇك پولات ئۇشكە يوقالغاندىن كېيىن بۇيەرگە دائىملىق كۈزەتچى قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاچقۇچى دائىم دىگۇدەك سادىقتا تۇراتتى، ھازىر بولسا چېدىرنىڭ ئىشىگى داغدام ئوچۇق......

سابىر دەرھال سەگەكلەشتى ۋە چاپىنىنى ئىتتىك سېلىپ، كۈزەتچى مىنبىگىنىڭ بېشىغا قويدى ـ دە، ئوقتەك ئېتىلىپ سايمان ساقلىنىدىغان چېدىرنىڭ ئىچىگە كىردى. بۇ يەردە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، كىمدۇ بىرى ھاسىراپ ـ ھومۇدەپ بىر نەرسىنى تىتقىلاپ ئاختۇرۇۋاتاتتى.

— كىم سەن! ......

سابىر قاتتىق ۋاقىرىدى، چېدىرنىڭ ئىچى ئېغىر جىمجىتلىققا چوكۇپ قالدى. سابىر يەنە ۋاقىرىدى. شۇچاغدا بىر تىنىش ئىلانغا ئوخشاش كۈشۈلداپ ئۆزىگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. سابىر «شارت» قىلىپ ئۆزىنى يانغا ئالدى ـ دە، يات ـ يوچۇن ئادەمگە يولۋاستەك ئېتىلدى. يات ئادەمنىڭ كۈچەپ تۇرۇپ ئۇرغان پىچىقى سابىرنىڭ سول بىلىگىنى تىلىپ چىقىپ كەتتى. سابىر يات ئادەمنىڭ دولىسىنى بىر قولى بىلەن قاتتىق قاماللاپ، يەنە بىر قولى بىلەن پىچاق تۇتقان قولىغا زەربە بىلەن ئۇرۇۋەتتى، يات ئادەمنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىققان پىچاق قاڭقىپ، چېدىرنىڭ ياغىچىغا تېگىپ «تارس» قىلىپ سانچىلىپ قالغىنى ئېنىق ئاڭلاندى. يات ئادەم سابىرنى كەينى تەرىپىدىن قۇچاقلاپ ئاستىغا بېسىۋالدى ـ دە، بىر قولى بىلەن گېلىنى بوغۇشقا باشلىدى. سابىر بىر كۈچىنىپلا يات ئادەمنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ بېشى چېدىرنىڭ ياغىچىغا جاققىدە قىلىپ تەككەنلىگى ئاڭلاندى.... سابىر يات ئادەمنى يوقىتىپ قويدى، چېدىرنىڭ ئىچى يەنە جىمجىت بولۇپ كەتتى. سابىر ۋاقىرىدى:

— مىدىرما، ھايۋان!

شۇ پەيتتە يات ئادەم سالمىدەك سۇغۇرۇلۇپ چېدىردىن چىقتى ـ دە، دوڭلۇكنىڭ كەينى بىلەن تاش ئوستەڭ ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئېلېكتىر ئىستانسىسى تەرەپكە جىنىنىڭ بېرىچە قاچتى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا، تەرەپتىن كىشىلەر كېلىپ، سايمان ساقلاش
چېدىرىنىڭ ئالدىغا توپلانغان ئىدى. سۈك مېيي ماگىلدىيى زەخمىلىنىپ -
ايلىنىپ كەتكەن ياش مىنىبىگىنىڭ بېشىنى تېڭىپ بولۇشى بىلەنلا، ئۇ
وشىغا كەلدى ۋە سەل كۆڭلى ئاينىغان هالدا، سابىرنىڭ سوئالىغا:
— مەن چېدىرنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم، ئارقامدىن بىرسى كەلگەندەك
قىلدى، ئىتتىك قارىشىم بىلەن تەڭ بېشىمغا تاش بىلەن ئۇرۇۋەتتى.
ئۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولغانلىقىنى بىلمىدىم، — دەپ جاۋاپ بەردى......
سابىر، سادىقلار سۇلايماننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنغان يوچۇن ئادەمنى
ىنقىلاشقا تەييارلانغان مىنىبىگىلارنى ئەگەشتۇرۇپ، تاش ئۇستەڭنىڭ ئىچى
بىلەن ئىباپكتىر ئىستانسىسى تەرەپكە يۈگۈردى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشقىلارمۇ
وپۇر - توپۇر قوزغىلىشتى.
ئاردىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ، ئۇلار قورۇلۇۋاتقان ئېلېكتىر ئىسـ
انسىسىنىڭ چۈشۈرگىسىگە كەلدى ۋە شۇ يەردە تەرەپ - تەرەپتىن يورۇتۇلـ
ان قول چىرىغىنىڭ يورۇغىدا قاسىمنىڭ قېتىپ قالغان گەۋدىسىنى كوردى.
سادىق چۈشۈرگە ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ، قېتىپ قالغان گەۋدىنىڭ
ئېغىزىغا قولىنى تۇتتى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىدى: بېشىنىڭ يېرىمى
چېپىلغان، بىلىگىدىكى قىممەت باھالىق سائەت چۇل - چۇل بولغان ئىدى.
ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاي پالتا، نېرىسىدا بىسى قايرىلغان خەنجەر تۇراتتى. قاسىمـ
نىڭ گەۋدىسىنىڭ تېگىدە قالغان ئوڭ قولىدا بولسا بىر بولاق پارتلىتىش
دورىسى تۇراتتى. سادىق قاسىمنىڭ ئىچ يانچۇغىنى ئاختۇرۇپ بېقىۋىدى،
ئالدىنقى كۈنى يوقالغان پولات ئۆشكە قولىغا چىقتى، ئۇ بۇنى كوروپ،
دەرغەزەپكە كەلدى:
— ھۇ... مۇناپىق! ئىچىمىزگە يوشۇرۇنغان چايان سەن
ئىكەنسەن - دە!......
كېيىنىرەك يېتىپ كەلگەن تومۇر بوۋا مەنىلىك قىلىپ:
— قاسىم بىزنى ئالدايمەن دەپ ئۆزىنى ئالدىدى. ئەلدىن يۈز
ئۆرۈگەننى يەر يۇتۇپتۇ، دېگەن مانا شۇ، — دىدى.
لېكىن، قاسىمنى كىم ئۆلتۈردى؟ بۇ ئاي پالتا بىلەن خەنجەر كىمـ
نىڭ؟ — بۇنى ئېنىقلاشقا ھازىر ۋاقىت يوق ئىدى.

سابىر نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەن داگجىبۇ ۋېيىۋەنلىرى بىلەن قىسقا يىغىلىش قىلغاندىن كېيىن، ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىنى كۆزدىتىشكە بىرقانچە كىشىنى قالدۇرۇپ، چاۋار مەتقۇلغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا ئىككى كىشىنى بۇيرىدى، ئۆزى سادىق بىلەن قالغان مىنبىڭلارنى ئېلىپ، مەھەللە تەرەپكە يۈگۈرگىنىچە كەتتى.

ئۇلار ساينى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ، مەھەللە ئىچىگە يېقىنلاشقاندا، مەھەللە تەرەپتىن ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقان توختىنى كوردى. توختى ئۇدۇل ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە:

— سابىر ئاكام بارمۇ، سادىقكام قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— سوزلە، نىمە بولدى، نىمىشقا سەن بەلگىلەنگەن جايدا تۇرۇۋەرمىدىڭ؟ — دىدى مىنبىڭ لىيەنجاڭى جىددى قىلىپ.

— ئەھۋال جىددى، ئۇلار قوراللىنىشتى، — دىدى توختى، ئۇ ئەندىكىپ-ئەندىكىپ سوزلەيتتى، — مېنى نىياز ئاكام خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى......

— توختا، ئالدىرىماي سوزلە، كىم قوراللىنىشتى؟ — دىدى تەمكىنلىك بىلەن سابىر.

توختى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ مۇنداق دىدى:

— مەن ئاخشام كېلىپ، سۇلايماننىڭ ئىشىگىدىكى بونجالىقتا يوشۇرۇنغان يوچۇن ئادەمنى پايلاپ تۇراتتىم. بىر كەمدىن كېيىن سۇلايمان بىلەن نامان تۈلكە يۈرىكى ئېغىزىغا تىقىلغان هالدا هومۇدىشىپ، ئوپۇر-توپۇر يېتىپ كېلىشتى. مەن نامان تۈلكىنىڭ: «قاسىم تۈگەشتى، لېكىن، نىيازنىڭ ئولمىگىنى يامان بولدى، يا پالتا تېگىپ ئولدىمىكىن» دىگىنىنى، سۇلايماننىڭ «هوسەن بايۋەچچىنى قۇتقۇزۇش كېرەك، ئۇ كىشىنى قۇتقۇزساقلا بىز ساق قالىمىز، دەرهال قېچىش لازىم، چاپسان بولىلى» دىگەن سوزىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار ئويىگە ئۇچقاندەك كىرىپ كېتىشتى، ئارقىدىن نىياز ئاكام قوغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كەلدى. قارىسام، نىياز ئاكامنىڭ قولىغا پالتا بىلەن ئۇرۇۋېتىپتۇ، هېلىمۇ قان ئېقىۋاتىدۇ. بىز بىر پەس نىمە بولاركىن دەپ ساقلاپ تۇردۇق. لېكىن ئۇلار سۇ سەپكەندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئاخىر مەن نىياز ئاكام بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـىدپەتلىشىپ، ئارا تامدىن ئارتىلىپ، سۇلايماننىڭ ئۆگزىسىگە چىقتىم،
ڭلۇكتىن پەم بىلەن قارىسام، سۇلايمان ھە دەپ بۇلۇڭ ئوچاقنىڭ
گنى كەكە بىلەن كولاپ، ئوچاقنىڭ تېگىدىن غەلىتە بىر كوك ئاپتوماتنى
ۇغۇرۇپ ئېلىپ، تازىلاشقا كىرىشتى. ھېلىقى يوچۇن ئادەمنىڭ
ـلدىمۇ تاپانچا بار، مەن ئۆگزىدىن چۈشۈپ، نىياز ئاكامغا: ئۆيگە باستۇ-
پلا كىرەيلى، دىگەن ئىدىم، لېكىن، نىياز ئاكام: ياق، ئاۋال دەرھال
بىرغا مەلۇم قىل، ھېچنەگە قاچالمايدۇ، ھەددى ئەمەس، يىگىيەرنىڭ ئىـ
ـى بىز، دەپ، مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى......

سابىر ئادەتتە تاماكا چەكمەيتتى. لېكىن ھازىر سادىقنىڭ قاتتىق
وراپ چېكىۋاتقان تاماكىسىنى قولىدىن يۇلۇپ دىگۇدەك ئالدى، ـ دە،
غىزىغا ئېلىپ باردى، ئەمما نىمە ئۈچۈندۇ چەكمەي، يەنە سادىققا قايـ
رۇپ بەردى، ئاندىن ئات ئۈستىدە تۇرغان توختىدىن سورىدى:

— توختى، نىياز ئاكام ھېلىمۇ شۇ يەردىمۇ؟

— ھازىر ئۇ يەردە بىرقانچە كىشى بار، — دىدى توختى — بىز يېقىن
ەتراپتىكى كىشىلەرگە خەۋەر قىلدۇق، ئۇلار قولىغا كالتەك ـ چوماق
ـلىشتى......

سابىر كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان مىنبىگلارغا
اردى ۋە قەددىنى تىك قىلىپ، ياڭراق ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:

— خەلق ئاممىسىنىڭ خوشال بولغان كۈنى — ئەكسىيەتچىلەرنىڭ
ـارام بولغان ۋاقتى. يولداشلار، ھازىر ئەھۋال جىددى ۋە مۇرەككەپ.
ـزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلبىسى يېقىنلاشقانسىرى، بەزى سىنىپىي دۈشـ
ـمەنلەر قۇتراپ جان تالاشماقتا. داجەيدىن ئۆگىنىش ھەركىتىنىڭ غەلبىـ
ـى ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىشى مۇقەررەر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە
ەرگىز تەن بەرمەيدۇ، — سابىر بۇرۇلۇپ سادىققا قارىدى، — سادىق، ھازىر
ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش موھىم. دۈشمەن قولىغا قورال ئالغان ئىكەن، بىزمۇ
قولىمىزغا قورال ئېلىشىمىز كېرەك.

— توغرا، — دىدى مىنبىك لىيەنجاڭى ۋە دەرھال تايانچ مىنبىگلارنى
ساناشقا باشلىدى، — بىز ھەممىمىز ئوتتۇز بەش.

— قوراللارچۇ؟

— ئويلىرىمىزدە، ھازىرلا تەييارلايمىز! — بىردەك جاۋاپ بەردى مىنبىگىلار.

مىنبىڭ لىيەنجاڭى سادىق سابىر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن جىددى بۇيرۇق بەردى:

— ۋاقىت — بەش مىنۇت، يىغىلىش جايىمىز — يالغۇز مىچىتنىڭ ئالدى، تارقىلىڭلار......

بەش مىنۇتتىن كېيىن قوراللانغان مىنبىگىلار يالغۇز مىچىتنىڭ ئالدىدا تەق بولدى. سادىق ئوزىنىڭ ئوقلانغان تاپانچىسىنى سابىرغا سۇنۇپ، ئوزى ئاپتوماتنى بويىنغا ئاستى.

ئۇلار ئۈچ بەنگە بولۇنۇپ، سۇلايماننىڭ ئويىنى قورشاشقا ئاتلانغاندا، دادۇيىنىڭ ئوگزىسىدىكى قوڭغۇراق جاراڭلاپ ئۇرۇلدى ۋە شۇ پەيتتە، يان يولدىن چىقىپ يۇگۇرۇپ يېتىپ كەلگەن مالچى ھوشۇر بوۋاي:

— ئۇلار قاچتى، تاشلىق پايناپ ئايغىدىكى ئازغان يولدىن ئوتۇپ، ساي ئىچى بىلەن تاغ تەرەپكە قاچتى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

تاڭ سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئەتراپ ھېلىمۇ قاراڭغۇ. قوڭغۇراق ئۇرۇلغاندىن كېيىن تالاغا چىقىشقان كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مىنبىگىلار سايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن سابىر توختاپ:

— يولداشلار، دۈشمەن تاغ ئارىسىنى پانا قىلماقچى، لېكىن ھېچنەگە قېچىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار — ھەددى - ھېساپسىز جىنايەتكە بوغۇلغان ئەبلەخلەر. قەتئى، سالماق بولۇپ، ھەممىسىنى تىرىك تۇتۇشىمىز كېرەك، — دىدى ۋە توختىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئەھۋالنى چاۋار مەتقۇلغا مەلۇم قىلىشقا بۇيرىدى.

مىنبىڭ لىيەنجاڭى سادىق مىنبىڭ بەنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، بىرىنچى بەننى سول تەرەپتىكى تاغنىڭ جىلغىسى بىلەن ئوتۇپ دۈشمەننى ئالدىدىن توساشقا؛ ئىككىنچى بەننى ئوڭ تەرەپتىكى قاراقىنىڭ كەينىگە ئوتۇپ كۈتۈپ تۇرۇشقا؛ ئۈچىنچى بەننى ئۇدۇل كېسىپ ئوتۇپ، ئ[illegible] قوغلاپ ئىزلەشكە بەلگىلىدى.

سادىق، ئابابەكرىلەر يېتەكچىلىك قىلغان بىرىنچى، ئىككىنچى بە[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

منبمگلرى بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ ئوقتەك چىپىپ كېتىشتى.

سابىر ئۆزى ئۈچىنچى بەنتنى ئېلىپ، ئۇدۇل تېقىر تاغنىڭ قىيپاش كەتكەن يوتىسىغا چىقتى-دە، قىيان سۇلار ئاقىدىغان چوڭ سەل دارىسىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، سەل دارىسى ئەگىپ ئۆتىدىغان قىيا تاشنىڭ كەينىگە ئۆتتى.

قىيا تاشنىڭ يېنىدا سۇلايماننىڭ خوشنىسى — ياشنىپ قالغان بىر دىخان بوۋاي بىر قولىدا كالتەك تۇتقان ھالدا ئەتراپقا زېرەكلىك بىلەن سەپ سېلىپ، منبىگلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بوۋاي سابىرنى كورۇپ:

— سابىرمۇ سەن، ئوغلۇم، كورمەمسەن بۇ خۇمپەرلەرنى، سۇلايمان دىگەن بۇ نىجىسنىڭ يۇلۇنى ئۈزۈلگەن، جېنى چىقىپ بولغان مۇردا، دەپ ئويلىسام، تېخى ئادەم چاقىدىغان زەھەرلىك نەشتىرى بار ئىلان ئىكەن ئەمەسمۇ، — دىدى.

— شۇنداق بوۋا، — دىدى دىخان بوۋاي بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان سابىر، — سۇلايماننىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغىلى بولغان بىلەن ئىدىيىسىنى مۇسادىرە قىلغىلى بولمايدۇ. سەگەك بولمىساق، ئولگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ، قايتا تىرىلىش قەستىدە بولىدۇ.

— شۇنداق، سۇلايماننىڭ قاتتىق-يۇمشاق ئەلپازى دەل شۇنى كورسەتتى. يەنە كېلىپ، قورال ساقلىغىنىنى قارا بۇ خۇمپەرنىڭ......

دىخان بوۋاينى نىيازقۇربان قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن منبىگلار بىرئازلا مېڭىپ، سەل دارىسىنىڭ دوخمۇشىدىكى قورام تاش ئۈستىدە پۈكلەگلىك تۇرغان نىيازقۇرباننىڭ چاپىنىنى كوردى. بۇ چاپان ئىز قوغلاپ مېڭىشنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىگىنى ھەممەيلەن بىر قاراپلا بىلدى. دىخان بوۋاي:

— نىياز قۇربان مېنى مەشەدىن ئىزلەگلار، دىگەن ئىدى، خۇمپەرلەر ئۇزاپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ، — دىدى.

سابىر ئەتراپنى سىنچىلاپ كوزدىن كەچۈردى. بۇ چاغدا خېلىلا يورۇق چۈشۈپ قالغان ئىدى. يېنىك، سوغاق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. منبىگلار سابىرنىڭ كورسەتمىسىگە ئاساسەن دەرھال ئىككىگە بولۇندى.

ئۇدۇلىدىكى كۆلرەڭ قاراقنى ئىككى ياندىن ئەگىپ ئۆتتى، ئەتراپنى تەكشۈرۈپ، قاراقنىڭ كەينىدىكى ئىگىز قىيا تاشنىڭ يېنىدا ئۇچراشتى ۋە بۇ يەردە بىر نۇقتىغا كوز تىكىپ پايلاپ ياتقان نىياز قۇربانىنى كوردى. نىياز قۇربانىنىڭ يېنىدا يەنە بىرنەچچە ئەزا قولىدىكى قوراللىرىغا كالتەك ئالغان ھالدا سەگەكلىك بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

سابىر نىيازقۇربانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئالدى. نىياز قۇربانىنىڭ سول بىلىكى بەلۋېغى بىلەن ئوراپ تېڭىلغان، قان كوپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. سابىر كويۈنگەن ھالدا:

— نىياز ئاكا، ئەھۋالىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ، — دېدى ۋە چوڭقۇر مېھرىۋانلىق بىلەن ئۇنىڭ زەخىملەنگەن قولىنى تۇتتى.

نىياز قۇربانىنىڭ كوزلىرى بەختلىك كۈلۈمسىرىدى ۋە ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ قولى بىلەن شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويدى.

— ھېچگەپ يوق، سابىر ئۇكام، مەن مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان بىر قېتىملىق سىنىپىي كۈرەش دەرسى ئالدىم... بۇ خۇمپەرلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ھېلىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئالدى تەرەپتىكى تاغ ئېتىگىنى كورسىتىپ تۇرۇپ، — ئادەم سۈرەتلىك چايانلار...، كورۇۋاتامسەن، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بۇ چايانلار مانا شۇ قورام تاشنىڭ كەينىدە، ئېھتىمال، جېنىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشۇۋاتقاندۇ، — دېدى.

ئىگىز قىيا تاشنىڭ ئالدى تەرىپى تۈزلەڭلىك بولۇپ، قۇرۇپ قالغان پېچەن، شىۋاق، ئەدىرەسمان قاپلىغان ئوتلاق ئىدى. ئۇنىڭ تەرەپتىكى تاغنىڭ بېقىنىدا ئويدەك بىر قورام تاش چوقچىيىپ تۇراتتى. قورام تاشنىڭ كەينى تەرىپى چوڭقۇر سەل دارىسى بولۇپ، دارىنىڭ ئايغى قىزىلتاغنىڭ كەينىگە تۇتىشىدىغان قارلىق تاغ تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

سابىر يەر شارائىتىنى قىسقا مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، نىياز قۇربانغا قاراپ دېدى:

— سەل دارىسىنىڭ ئاخىرى توغراقلىققا تۇتىشامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، سەل دارىسىنىڭ ئايىغى قارلىق تاغنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى چوڭ توغراقلىققا تۇتىشىدۇ. بۇ خۇمپەرلەر قاچسا، ئەشەگە قاچىدۇ.

— توغرا، ناھايىتى توغرا، — دېدى سابىر ۋە مىنبىگىلارغا قاراپ ئېيتتى، — توغراقلىق دۈشمەننىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن، بىر قەدەر قولايلىق ئورۇن. بىز ئۇلارنى ھەرگىز توغراقلىققا يەتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك......

سابىرلار دارا ئىچىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، قىيپاش كەتكەن تۆپىلىك ئۈستىگە چىققاندا، تۇيۇقسىز ئوق ئېتىلدى. دەسلەپ تاپانچىنىڭ، كېيىن تاتاتلاپ ئېتىلغان ئاپتوماتنىڭ، ئارقىدىن يەنە تاغ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېتىلغان مىلتىق، ئاپتوماتلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

مىنبىگىلار جىمجىت قۇلاق سېلىشتى. سابىر:

— دەسلەپ ئېتىلغان تاپانچا بىلەن پاقىدەك كوكىرىغان ئاپتومات دۈشمەننىڭكى. كېيىنكىسى بىزنىڭ... يۈگۈرۈڭلار...، — دېدى-دە، مىنبىگىلارنى باشلاپ، تۆپىلىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ يوتىسىنىڭ كەينىگە ئۆتتى ۋە سۇلايماننى كۆردى.

چوڭ بىر تاشنىڭ كەينىدە سۇلايمان ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا بىردەم توگىدەك چوكۈپ، بىردەم ئورنىدىن تۇرۇپ، دۈمبىسىنى تاشقا چاپلاپ تۇرۇپ، ھەدەپ كۆك، كىچىك ئاپتوماتتىن قالايمىقان ئوق چىقىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بويىنغا سىرتماق سېلىنغان يىرتقۇچ بورىنىڭ كۆزىدەك ئالا-چەكمەن بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئەتراپقا ۋەھىمە ئارىلاش تىترەپ قارايتتى.

سابىرنىڭ يېنىدا چوڭ بىر تاشنى دالدا قىلىپ تۇرغان ئابلىكىم سۇلايمانغا نەپرەت بىلەن بىر قارىدى-دە، ئاپتوماتنى مۈرىسىگە تىرەپ، غەزەپ بىلەن ئېتىشقا توغرىلاپ، تەپكىنى باستى، سۇلايمان يوق ئىدى.

— ئابلىكىم! سەن نېمىش قىلىۋاتىسەن، — سابىر ئابلىكىمنىڭ مۈرىسىدىن باستى، — ئاخماق بولما، بىز ئۇلارنى تىرىك تۇتۇشىمىز كېرەك.

سابىر ئىككى قولىنى ئېغىزىغا تۇتۇپ، قاتتىق ۋاقىرىدى:

— سۇلايمان، قورالىنى تاشلاپ، تەسلىم بول، تەسلىم بولۇش — چىقىش يولۇڭ......

سۇلايمان بىر مىنۇتچە قۇلاق سېلىپ تۇردى ۋە بىردىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كىچىك، كوك ئاپتوماتىدىن ئوق ئۈزدى. ئوق سابىرنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ پەيتتە، ئابابەكرىنىڭ مىنبىگىلار بەنى سۇلايماننىڭ بېشى ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئاپتومات، مىلتىقلاردىن ئوق ئۈزگىنىچە، شەرق تەرەپتىكى جىلغىنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، شىددەت بىلەن يولۋاستەك بېسىپ كەلدى. ئەمما سۇلايمان ھىلىگەرلىك بىلەن قارىسىنى كورسىتىپ قويۇپ، ئوزىنى بىر دوڭنىڭ كەينىگە يوشۇردى ـ دە، ئاپتوماتىغا ئوق بېسىپ، ئوچۇقچىلىقتا «ئۇررا!» ۋاقىراپ كېلىۋاتقان ئابابەكرىلەرنى چەنلەپ قارىغا ئالدى.

— سابىر ئاكا، ئەھۋال چاتاق، سۇلايمان ئابابەكرىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ، — ئابلىكىم تىت ـ تىت بولۇپ يەنە ئاپتوماتىنى قولىغا ئالدى.

ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى. سابىر «شارت» قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تاپانچا بىلەن سۇلايماننىڭ ئاپتومات تۇتقان قولىنى چەنلەپ ئوق ئۈزدى: سۇلايماننىڭ قولىدىن ئاپتومات «شالاققىدە» يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

مىنبىگىلار بېسىپ كەلگەندە قولىنىڭ جەينىگى چىقىپ تاشلانغان سۇلايمان تىزلانغان ھالدا بىر قولىنى كوتىرىپ، بېشىنى چاترىغىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، لاغ ـ لاغ تىترەۋاتاتتى. قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكەن نامان تۈلكە بولسا قۇرۇپ قالغان غوزمەك پىچەنلىكنىڭ كەينىدە ياغاق بېشىنى پىچەننىڭ ئىچىگە تىقىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ دۈم ياتاتتى.

ئابلىكىم تۈگۈلۈپ ياتقان نامان تۈلكىنىڭ يانپىشىغا غەزەپ بىلەن بىرنى تېپىپ ۋاقىرىدى:

— تۇر قاخۋاش، نىمە ياتىسەن!

نامان تۈلكە بېشىنى كوتەردى، لېكىن زادىلا ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئۇ تىزلانغان پېتى ئولۇكتەك قېتىپ، كوزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، چەكچىيىپ قالغان ئىدى.

— قېنى ھېلىقى «بايۋەچچە»! — سابىر غەزەپ بىلەن سورىدى سۇلايماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇلايمان جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۇنىڭ قانسىز، ساپ ـ سېرىق كال- پۇكلىرى «ماك ـ ماك» ئېچىلىپ ـ يېپىلاتتى، لېكىن زادىلا زۇۋان چىقىرالمايتتى. نامان تۇلكە بىردىن زۇۋانغا كىرىپ، ھىڭگىل چىشلىرىنى كورسىتىپ، سۇلايمانغا دېۋەيلىدى:

— بۇ ... سۇلايمان، ناھايىتى يامان ئوغرى...، ئوچاقنىڭ تېگىگە قورال يوشۇرۇپ ساقلىغان. ئىزدىتقۇ... ئۇ مېنى ئىزىقتۇردى، مەن... مەن... بىلمەيتتىمەن... — دەپ ئىككى پۇكلىنىپ سابىرنىڭ ئايىغىغا ئوزىنى تاشلىدى......

بۇ چاغدا مىنبىگ لىيەنجاڭى سادىق ئۆزى باشچىلىق قىلغان مىنبىگ بەنى بىلەن قارلىق تاغنىڭ ئايىغىدىكى توغراقلىقنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇلار ئاپتومات، مىلتىقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئەھۋالنى قىسقا مۇلاھىزە قىلىپ، دۈشمەننىڭ قېچىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان جىلغا ئىچى بىلەن مېڭىپ، ئوق ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى ۋە جىلغىنىڭ كەسكىن بۇرۇلغان دوخمۇشىدىن ئەگىۋاتقاندا، جىلغا ئىچىدىن قولىغا تاپانچا ئالغان، يالاڭپاشتاق، سېمىز بىر يوچۇن ئادەمنىڭ ۋەس ـ ۋەسىگە چۈشكەن ھالدا ئولە ـ تىرىلىشىگە قارىماي، تاشتىن ـ تاشقا پۇتلىشىپ، جان ـ جەھلى بىلەن قېچىپ كېلىۋاتقانلىغىنى كوردى.

سادىق مىنبىگلارنى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزى ئەپچىللىك بىلەن قىرغاقتىكى ئەگمە دوڭنىڭ كەينىگە ئوتۇپ كۈتۈپ تۇردى. تاپانچا تۇتقان يوچۇن ئەبلەخ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، سادىق چەبدەستلىك بىلەن بۇركۈتتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزىنى تاشلىدى. يوچۇن ئادەم بېشىدىن دەسسەلگەن پاقىدەك يەرگە چاپلىشىپ قالدى. سادىق تىزى بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇروُپ، قولىدىكى ئوقلانغان تاپانچىسىنى تارتىۋالدى.

مىنبىگلار تەرەپ ـ تەرەپتىن جىلغا ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ، يوچۇن ئادەمنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئورە تۇرغۇزدى، قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدى. يۈزىنىڭ سەپكۈلى بار، ئالتۇن چىشلىق بۇ مەخلۇق — خۇددى باسقان مىس ھەيكەلدەك قېتىپ گولۇيۇپ قارايتتى ۋە چېقىردات

رىنى پاقىرىتىپ، ئېغىر پۈشۈلداپ ھاسىرايتتى.

— قېنى، بۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار، — دېدى سادىق مىنىبىگىلارغا قاراپ ۋە ئۆزى ئاپتوماتنى مۈرىسىگە ئاستى.

ئۇلار سابىرلار بار پىچەندىككە يېتىپ كەلگەندە، قىزىلتاغنىڭ كەينىدىكى تىنزما تاغ ۋە تاغ يوتىلىرى ئۈستىدە، ئىگىز قىيا تاشلارنىڭ چوققىلىرىدا يېڭىيەر دادۇيىنىڭ قولىغا كالتەك - چوماق ئالغان ئەزالىرى، ئايدىڭكۆل، قىزىلسۇ، يۇلتۇز دادۇيلىرىنىڭ ئاپتومات، مىلتىق تۇتقان مىنىبىگلىرى ياڭراق ئاۋازدا شوئار توۋلاپ، پۈتۈن تاغ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

تاغ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان گۇڭشې داگۇيى شۇجىسى چاۋار مەتقۇل، تومۇر بوۋا، جاۋتيەنلەر تۇراخۇن، زەيتۇنەملەر بىلەن بىللە كېلىپ، زېرەك، جاسارەتلىك مىنىبىگلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى......

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جىرخۇيبۇ چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا چوڭ يىغىن بولدى. غەزەپلەنگەن مىڭلىغان قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشچىلىرى پولات مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، قەھرى - غەزەپ بىلەن ھېلىقى گېزەندىلەرنى نەپرەت ئوتى بىلەن كويدۇرۇپ كۈرەش قىلدى.

چوڭ يىغىندىن ئىلگىرى يېتىپ چىققان ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىگى ئورگىنىنىڭ ۋەكىلى كۈرەش يىغىنىدا سوز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلۇق پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى تارىخ چاقىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغان بىر ئوچۇم سىنىپىي دۈشمەنلەر ۋە ھەرخىل - ھەررەڭ بىلەن نىقاپلىنىپ ئىنقىلاۋىي قوشۇن ئىچىگە كوز بوياپ كىرىۋالغان پومشىشىك - بۇرژۇئازىيە گوماشتىلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ساختا ئالامەت كورسىتىپ قويۇپ، ھەقىقىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، ئىنقىلاپقا قارشى تۇرۇش قەستلىرىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپتى. مانا بۇ ئەبلەخ، — دېدى جامائەت خەۋپسىزلىگى ئورگىنىنىڭ ۋەكىلى يۈزىدە سەپكۈلى بار، ئالتۇن چىشلىق ئەبلەخنى كورسىتىپ تۇرۇپ، — ئەنە شۇنداق، يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئىنقىلاۋىي قوشۇن ئىچىگە كوز بوياپ كىرىۋالغان بۇزۇق. بۇ ئەبلەخ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئازاتلىقتىن بۇرۇن گومىنداڭنىڭ ھەربىي سىستېمىسىدىكى ئىشپىيونلۇق
ورگىنىنىڭ مەخپىي ئەمەلدارى بولۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان
نقىلابقا قارشى جىنايەتچى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى
وسەن دېگەن ئىسمىنى سالى دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىپ، ئىنقىلاۋىي
وشۇن ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئىزچىل يوسۇندا پىتنە ــ ئىغۋا تېرىپ، ئەك-
سىلئىنقىلاۋىي شۇملۇق بىلەن شۇغۇللانغان. ھوسەن «بىرگە زەربە بېرىش،
ۆچكە قارشى تۇرۇش» ھەركىتىدە كەڭ ئامما ئارىدىن پاش قىلىنىپ،
ارتىپ چىقىرىلدى، شۇندىن ئىلگىرى ئۇ كونا ئىلپەتىدىكى پومىشچىك
ۇلايمان بىلەن پۇراپ تېپىشىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئالاقە باغلاپ، بىر-
رىنى قانات ئاستىغا ئېلىشىپ، سۇيىقەستلىك ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇل-
لانغان. ھوسەن ئالدىنقى كۈنى ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ سوراق سەھنىسىدە
ۆرەشكە تارتىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى پاش قىلغان بىر يولداشقا قەست
سىلىشقا ئۇرۇنۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئۇنىڭ بۇ يېڭى سۇيىقەستىنى
وزىنىڭ ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى سېزىپ قېلىپ رەھبەرلىككە ئىنكاس
سىلىشقا ماڭغاندا، ئوغلىنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋېتىپ، جىنىنى ئېلىپ
اچقان......

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ۋەكىلى قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشچى-
رىنىڭ دۈشمەنگە قارشى غەزەپلىك شوئار سادالىرى ئىچىدە چوڭقۇر
وشۇرۇنغان ئەكسىلئىنقىلابچى ھوسەن بىلەن سۇلايماننىڭ قانۇن بويىچە
ولغا ئېلىنغانلىقىنى، ياخشى ئۆزگەرمىگەن پومىشچىك نامان تۇلكە كەڭ
گۈچشى ئەزالىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرۇلغانلىقىنى
ئېلان قىلدى.

چوڭ يىغىن قاتناشچىلىرى بۇ قارارنى گۈلدۈرلىگەن ئالقىش سا-
دالىرى بىلەن قارشى ئالدى......

## 3. ئۈچرىشىش

قارلىق تاغدىن قىزىلتاغنىڭ ئېتىكىگىچە بولغان قۇرۇلۇش ئورنى-
نىڭ ھەممە يېرىدە شادىيانە بىر خوشاللىق كېزىپ يۈرەتتى. كىشىلەر

جىددى ۋە ئالدىراش ئىدى. پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىككى بىلىگىگە يىغىپ ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ ئىشلەيتتى ۋە بىر - بىرىگە خوشاللىق بىلەن: «غەلىبە تاڭنۇرى كورۇنۇپ قالدى، داجەي گۇلى ئېچىلماقتا، پات - ئارىدا غەلىبىمىزنىڭ توي - مەرىكىسىنى قىلىمىز» دېيىشەتتى.

غەيرەت - شىجائىتى تولۇپ تاشقان كەڭ گۇڭشې ئەزالىرى ئەجەل ھودۇقۇشىدا قۇترىغان بىر ئوچۇم سىنىپىي دۈشمەنلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ قولغا كەلتۈرگەن جەڭ غەلىبىسىنى قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈش بىلەن كۈتۈۋېلىشقا قارار قىلدى. چوڭ - كىچىك يىغىنلار ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئوز ئىرادىلىرىنى بىلدۈردى ۋە قانىتىلىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشمە ئېچىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭنى باشلىدى.

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان جاۋتيەن سادىق، ئابابەكرى باشلىق بىر گۇرۇپپا ماھىر پارتلاتقۇچىلارنى ئېلىپ، تەشمە ئېغىزلىنىپ چىقىشى بەلگىلەنگەن قىزىلتاغنىڭ ئارقىسىدىكى نىشاندىن زەبۇنەملەر بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم باشلىدى. زەيتۇنەملەر «سۇلۇق جىلغا» ئىچىدىن ئېلىنىدىغان ئۇستەڭنى پۈتتۈرۈپ، ئۇستەڭنىڭ ئاخىرىنى تەشمىنىڭ ئېغىزىغا تاقاپ توختىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈچنى تەشمىگە مەركەزلەشتۈردى. سابىرلار قارشى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان جاۋتيەن گۇرۇپپىسى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى مۇناسىپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، بىرقانچە زەربىدار گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەپ، جىددى ھەركەت باشلىۋەتتى......

نىياز قۇربان، بۇگۈن بىرىنچى پارتلىتىشتىن كېيىنلا، بىرىنچى رەتتىكى ئۈچ جوتۇچىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىشقا جىددى كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان قەتئى تەلەپ قىلىپ تەشمىدە ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ سابىرنىڭ سەممى ھالدا: «نىياز ئاكا، دادۇينىڭ ئىچىدىكى ئىشمۇ موھىم، ھەممىسى ئوخشاش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنى تۇتۇشىمىز كېرەك ...» دىگىنىگە ئۇنىمىدى. «مېنىڭمۇ تەرىم سىڭسۇن - دە، بۇ ئىشقا، — دەيتتى ئۇ كوڭۇل ئازادىلىكى بىلەن كۇلۇپ روھلانغان ھالدا، — مۇنداق چوڭ ئىشقا تەر ئاققۇزماي بولامدۇ؟ مەن ئوزەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كسمنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىگىمنى، كىچىك كوللىكتىپ
نىڭ مەنپەئەتىنى دەپ، چوڭ كوللىكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى كورەلمىگەنلىگىم
نى ئاچچىق ساۋاقلار ئارقىلىق بىلدىم. ماڭا ئوتىنىڭلار، مەن ئىشلەي،
مەن كوپرەك ئىشلىۋالاي ......».

چىلىق - چىلىق تەرگە چومگەن سابىر نىياز قۇربانىنىڭ يېنىدا
جوتۇ چېپىۋېتىپ، ئۇنىڭغا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قوياتتى ۋە بۇ پىشقە
دەم كونا كادىرنىڭ غەيرەتكە كەلگەنلىگىدىن خوشال بولاتتى. تۇراخۇن
بولسا شۇ بۇرۇنقىدەكلا خۇشچاقچاق ئىدى. ئىش ئارىلىغىدا بوش ۋاقىت
تاپسىلا، نىياز قۇربانىنىڭ ئاچچىق تەردىن كالپۇكلىرىغا چاپلىشىپ يېپ
لىپ كەتكەن ئۇسكىلەڭ، قاپقارا شاپ بۇرۇتلىرىنى قارىغا ئېلىپ:

— نىياز قۇربان، بۇرۇتىنىڭ ئىسكەتى كەتتىغۇ، ۋاقتىنچە ئۇنى
يىغىشتۇرۇپ تۇرىدىغانىنىڭ چارىسى بولمىسا، يىپ بىلەن چىگىپ كەينىگە
تارتىپ قويساق قانداق؟ — دەپ چاقچاق قىلاتتى. نىياز قۇربان بولسا
كۇلۇپ:

— ھېچقىسى يوق، بۇرۇتۇم تەر بىلەن چاپلىشىپ يېتىۋالغان بول
سا، كېيىن تاغاق بىلەن تاراپ ئورە قىلىپ قويىمىز، — دەيتتى.

— دىمەك، بالىلارنىڭ ئانىسى بىلەن يەنە تاغاق تالىشىدىغان
بولىدىكەن - دە! ھا ھا ھا ......

تۇراخۇننىڭ بۇ چاقچىغىدىن تەشمە ئىچىدە كوكۇللۇك كۇلۇشمەك
بولاتتى، نىياز قۇربانىنىڭ ئوزىمۇ يايراپ كۇلەتتى.

... تومۇر بوۋا نىياز قۇربانىنىڭ قېشىغا پات-پات كېلىپ، ئۇنىڭ
گۇسمەستەك بەستىگە، بېجىرىم قوللىرىغا، غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ پۇختىلىق
بىلەن ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىغا زوقلىنىپ كوز سالاتتى ۋە رازى بولۇپ:

— بىزنىڭ نىياز ئەسلىدىلا كەتمەن چېپىشتا تونىڭ بىرى ئى
دى. ئۇنىڭ جوتۇ ئۇرۇشلىرىمۇ كەتمەن بالىسى ئىكەنلىگىنى كورسىتىپ
تۇرۇپتۇ، — دەيتتى.

بۇ گەپلەر تومۇر بوۋىنىڭ تۇز كوڭلىدە تەندىن يىراق بولسىمۇ،
لېكىن نىياز قۇربان تومۇر بوۋىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «ئەسلىدە» دې
گەن سوزنى «سەن باشتىلا بۇ ئىشقا ئىشەنچ بىلەن قاتنىشىشىڭ كېرەك

ئىدى، ئەمما ئازراق ئەگرى يول مېڭىۋالدىڭ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ، بىرئاز خىجالەتمۇ بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا تۇراخۇن ئەپچىللىك بىلەن:

— قىزىق ئىكەنسەن تومۇر بوۋا، ئەسلىدە كەتمەن باللىسى بولغان ئەرنىڭ يەنە كەتمەنچى بولۇشى ئاسانراق؛ لېكىن، ئەسلىدە ئاقنانچى بولغان كىشىنىڭ كەتمەنچى ئەر بولۇشى قىيىنراق، — دەپ دەرھال سىلىقۇېتەتتى.

بۈگۈن تەشمە ئىچىگە قاتنايدىغان ئەزالار بىرمۇنچە كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. غالتەك، زەمبىل، ئەپكەشلەر تىنىمسىز ئوتۇشۇپ تۇراتتى. تەشمىنىڭ تورىدە ئىشلەۋاتقان ئەزالار غەلبىلىك ئۇچرىشىش مىنۇتلىرىنىڭ ئىسسىقى بىلەن ئوتتەك يېنىپ، ئالدىنقى توت سائەتلىك ۋاقىتنىڭ قانداق ئوتۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى.

سۇڭ مېي، خاسىيەتلەر چېلەكتە چاي ئېلىپ كىردى، رەھناخان جۇرېن دەستىخانغا ئورالغان ئىسسىق گىردە نانلارنى كوتىرىپ كىردى.

— قېنى دەم ئېلىڭلار، چۈش بولغانغا نىكەم، سابىر ئۇكام، قېنى جوتۇنى قوي، نىياز قۇربان ئۆزلىرىمۇ كەلسىلە، — رەھناخان دەستىخاننى يېيىپ سېلىپ، چىنىلەرگە چاي قۇيۇشقا باشلىدى، — قېنى يولداشلار، نانغا بېقىڭلار، چايدىن ئېلىڭلار ......

— ھېلىتىن چۈش بولغانمۇ؟ — نىياز قۇربان ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك رەھناخانغا قارىدى ۋە پېشانىسىدىن سۇدەك قۇيۇلۇۋاتقان تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئېيتتى، — ھايت - ھۇيت دېگىچە توت سائەت ۋاقىت نىمە دېگەن تېز ئۆتكەن - ھە؟

سۇڭ مېي كۈلۈپ، نىياز قۇرباننىڭ ئالدىغا چاي قويدى:

— بىزنىڭ بۇ يەردە شۇنداق نىياز ئاكا، ئالتە ئايدىن بۇيانقى كۆرۈشمىزدە ۋاقىت ئالدىقاچان بىزنىڭ ئارقىمىزدا قالغان. بۇنى ھەقىقى يوسۇندا ۋاقىت بىلەن بەسلىشىش، بەسلىشىپ يېڭىۋېلىش دېيىش كېرەك، — سۇڭ مېي چوڭ، ئەقىللىق كوزلىرىنى ئويناتقان ھالدا زىناقلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ تۇراخۇنغا قاراپ قويدى، — قانداق، توغرا ئېيتتىممۇ، تۇراخۇنكا؟

www.uyghurkitap.com

— توغرا ئېيتىڭىز، سىڭلىم، — دېدى تۇراخۇن چاي ئىچىپ
لنۇرۇپ، — سىز ھەرقاچان ھەسەلدەك شىرىن، ھەقىقەتتەك روشەن
پ قىلىسىز. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ كۈنلەرنىڭ بەركىتىنى ھېچنىمە
لەن تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. بىر كۈنى ئون - يىگىرمە يىلغا تەڭ دې
، مانا بىزنىڭ كۈنلىرىمىزنى دىسە بولىدۇ. بىزنىڭ نەچچە ئەۋلادى
ز ئارزۇ قىلىپ، ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەن قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى
ا بىز بىرنەچچە ئاي كۆرەش قىلىش ئارقىلىق رويابقا چىقىرىش
لدىدا تۇرماقتىمىز. بۇ يېڭى زامانىڭ بەركىتى ھەم ۋاقتىنىڭ بەركەت
ك بولغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئەمگەكچى خەلق ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا
ـا، ۋاقتنى ئۆز ئالقىنىدا ئويىنتالايدۇ، دېگەن مانا شۇ......

ئەزالار مىزىلىك گىردىنى ھوزۇر قىلىپ چايناپ، تەملىك چاينى
زىق - قىزىق ئىچىپ، تۇراخۇننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى،
ڭ مىبي نىياز قۇربانىنىڭ پىيالىسىگە ئىككىنچى قېتىم چاي ئۇزىتىۋې
پ بىردىن توختاپ، قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. چوموچتىكى قىزىق
اي پىيالىگە ئەمەس، شىفىل ئۈستىگە توكۈلدى. لېكىن سۇك مىبي بۇنى
زمىدى. ئۇ بېشىنى يان تەرەپكە سەل ئېگىپ، تەشمىنىڭ تورى تەرەپ
، قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. باشقىلار سۇك مىبينىڭ بۇ قىلىقىغا تەئەج
ۈپلىنىپ قاراپ قېلىشتى: «سۇك مىبىغا بىر ئىش بولدىمۇ - نىمە؟».

— توختاڭلار ئاكىلار، توختاڭلار، جىم، خەپ - شۇك، — سۇك مىبي
لىغىنى تەشمىنىڭ تورى تەرەپكە تۇتۇپ بىردەم تۇردى - دە، كوز-
رى چاقنىغان ھالدا شاتلىنىپ سابىرغا قارىدى.

سابىرنىڭ يۈزلىرىدىمۇ دەرھال ھاياجانلىق بىر خوشاللىق تېشىغا
ـپتى ۋە ئىتتىك تەشمىنىڭ تورىگە بېرىپ قۇلىقىنى تۇتتى:

— يولداشلار، ئاڭلاۋاتامسىلەر، قۇلاق سېلىڭلا، ئاڭلاۋاتامسىلەر؟......

ئېيتقاندەك، تەشمە تورىدىن «گۇپ - گۇپ» قىلىپ ئۇرۇلغان
ـاۋاز بارغانچە كۈچىيىپ ئاڭلاندى.

ھەممەيلەن ئىچىۋاتقان چاي ۋە يەۋاتقان نانلىرىنى تاشلاپ، ئو-
ـۇنلىرىدىن دۇكۇرۇشۇپ تۇرۇپ كەتتى. ھەممەيلەنىنىڭ قەلبى شاتلىق
بلەن دولقۇنلىنىپ، سۇ ئىشقىدا يانغان يۈرەكلەر بەختىيارلىق بىلەن

سوقۇپ كەتتى. غەلىبە مىنۇتلىرىدىكى بۇ خوشاللىقنى گەپ بىلەن ئىپادە قىلىش تەس ئىدى ۋە ھەممەيلەن ئالمان ـ تالمان جوتۇ، گۇرجەكلەرنىڭ سىپىغا ئېسىلدى.

— يولداشلار، پاتپاراقچىلىق بولمىسۇن، — دېدى قەلبى خوشاللىق ھېسسىياتى بىلەن تولغان سابىر ئۆزىنى باسقان ھالدا، — ئاۋال ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپنى ئېنىق نىشانغا ئالايلى، ئاندىن ئىش باشلايمىز.

پىلان بويىچە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى لوم تومۇر تەشمىنىڭ تورىگە ئەپكېلىندى. تۇراخۇن بىلەن نىياز قۇربان سابىر تەگشەپ، ئايلاندۇرۇپ تۇتۇپ تۇرغان لوم تومۇرگە ئالتە جىڭ ئېغىرلىقتىكى بازغاندا نوۋەت بىلەن تۇرۇشتى. ئارىدىن يېرىم سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، لوم تومۇر بىردىن ئۇخچۇپ ـ قاڭقىپ كەينىگە ياندى. ئاندىن جوتۇلار ھەركەتكە كەلدى، تاشلار لوم تومۇر بىلەن قومۇرۇپ چىقىرىلدى. ئارىدىن يەنە يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەم پاتقىدەك توشۈك ئېچىلدى.

سابىر تەشمە ئىچىدە تۇرۇپ، چوڭايتىلىۋاتقان توشۇك ئىچىدىن ئالدىدىكى مەنزىرىگە نەزەر سالدى: «مۇز كولى» گە ئېلىپ بارىدىغان تاش ئۇستەڭ قارلىق تاققا قاراپ كۈمۈش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇستەڭنىڭ ئىككى قاسنىغىدا ئايدىڭكول، قىزىليۇلتۇز دادۇيلىرىنىڭ ئەزالىرى كەتمەن، گۇرجەكلىرىنى ئېگىز كوتىرىشىپ، تۇماق ـ تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، خوشاللىقى قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا شاتلىنىپ تەنتەنە قىلىۋاتاتتى. قىزىلتاغ كەينىدىكى تاش ئۇستەڭ ئىچىدىن جاۋ تيەن بىلەن زەيتۇنەم قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، تەشمىنىڭ ئېغىزى تەرەپكە مەمنۇنلۇق بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى......

سابىرنى خوشال بىر ھاياجان چۇلغىۋالدى. يۈرىگى كوكرەك قەپىزىگە پاتماي ئوينايتتى. كوزلىرىدىن خوشاللىق ياشلىرى توكۈلەتتى. كوز ئالدىدىن دەل مۇشۇ تاغنى تېشىپ ئوتۇش يولىدا ئالتە ئايدىن بۇيان بولۇپ ئوتكەن جىددى، كەسكىن، شىددەتلىك كۇرەشلەر سۇرەتتەك تىزىلىپ ئوتەتتى. ئۇ ھاياجانلانغانلىقىدىن ئىختىيارسىز ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— يولداش سابىر، سىز .....

سابىر ئىتتىك سۈك مېيىنا قارىدى. سۈك مېيىنىڭ كوزلىرىدىمۇ
خوشاللىق ياشلىرى ئەگىپ تۇراتتى. تۇراخۇن، نىياز قۇربان، ئابلىكىم-
ەرنىڭ كوزلىرىدىمۇ ھاياجانلىق بەخت ياشلىرى بار ئىدى. ھەتتا سا-
ىر تەشمىنىڭ ئۇ قېتىدا كېلىۋاتقان سادىق، جاۋتيەن، زەيتۇنەملەرنىڭ
كوزلىرىدىمۇ ئەنە شۇنداق شاتلىق ياشلىرىنى كوردى.

سابىر تەشمىنىڭ ئېغىزىدىن بىرىنچى بولۇپ چىقتى. ھەممىدىن
ۇرۇن يېتىپ كەلگەن زەيتۇنەم سابىرنىڭ قوللىرىنى ئىككى قوللاپ قىسىپ:
— يولداش سابىر، سىلەرنى غەلىبە شان - شەرىپى بىلەن تەبرىك-
ەيمىز. سىز ئېلىپ كەلگەن داجەي خىسلەت - پەزىلىتى مانا ئەمدى
اجەي گۇل - چېچىكى بولۇپ ئېچىلدى، — دېدى خوشاللىق بىلەن.
— سىلەرنىمۇ تەبرىكلەيمىز، غەيرەت قىلدىڭلار، — دېدى سابىر
ۇشال ھاياجانلىنىپ، — شەرەپ ئۇلۇق پارتىيىمىزگە، ئۇلۇق داھىيىمىز
اۋ جۇشىغا مەنسۇپ ......

سابىر بىلەن زەيتۇنەم قوللىرىنى چىڭ قىسىشقان ھالدا تۇراتتى.
ۇ قوللار قوپال قاداق - قاپارتمىلار بىلەن تولغان، يېرىلىپ - سىجىلىپ
ىرىكلىشىپ كەتكەن قوللار بولسىمۇ، ھارارەتلىك، يېقىملىق، خىسلەتلىك
وللار ئىدى. شۇ تاپتا بۇ قوللاردىن ئۇتۇشكەن ئېلېكتىر دولقۇنلىرى
اكلىق، سەممىيلىك، سادىقلىق ۋە مەڭگۈلۈك ۋاپادارلىقنىڭ تىلسىز
ەۋەرچىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلب ئەينىكىدەك نۇرانە شات كوزلىرى
ەنەشۇ بەخت سىزىمىنى نامايەش قىلاتتى......

ئاندىن سابىر بىلەن جاۋتيەن چوڭقۇر دوستلۇق رىشتىسى بىلەن
ھاياجانلىنىپ قەدىرداننلارچە قۇچاقلاشتى. زەيتۇنەم ھازىرلا تەشمە ئىچى-
دىن چىققان سۈك مېيىنى باغرىغا باستى. بۇ قۇچاقلىشىشلار گويا بىرتاغ-
ىڭ ئىككى تەرىپىدە ئالتە ئايدىن بۇيان بىر نىشان، بىر مەقسەت،
ىر ئورتاق غايە يولىدا ئاجايىپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلغان مىڭ-
ىغان قىزىلتاغ باتۇرلىرىنىڭ بىر جان، بىر تەن بولۇپ قۇچاقلاشقىنى-
دەك، پۈتۈن جىلغا ئىچىگە چەكسىز شاتلىق - شادىيانىلىق بېغىشلىدى.
ى - چۇ، تەنتەنىلىك ئۇررا سادالىرى، ئوزئارا تەبرىكلەشلەر، شو-
ارلار تەشمە ئېغىزىدىن تارتىپ تاكى قارلىق تاغ چوققىلىرىغىچە، قەدىمى
اغنىڭ روھىنى جانلاندۇرۇپ، ھەيۋەت بىلەن جاراڭلىدى......

# ئونىنچى باپ

## 1. يېڭىيەر چىراقلىرى

بۈگۈن ھاۋا سۈتتەك ئوچۇق. قىزىلتاغ ئېتىكىگە جايلاشتۇرۇلغان سەھنە يېڭى كوتىرىلگەن قۇياش نۇرىدا ئوتقاشتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. سەھنىنىڭ ئۈستىگە ۋە قىزىلتاغ چوققىلىرىغا قادالغان سان - ساناقسىز قىزىل بايراقلار يېنىك، سالقىن شامالدا لەرزان يەلپۈلىنەتتى. ئەتراپلارغا بېكىتىلگەن لابالاردىن «ئۇلۇق گۈگچەنداڭ»، «دېڭىزدا يۈرۈشتە رولچىغا تايىنىمىز» دىگەن ئىنقىلاۋىي ناخشىلار جاراڭلاپ ئاڭلىناتتى. سەھنىنىڭ تورىگە يېپىشتۇرۇلغان ئانار گۈللۈك رەڭدار يەكەن گىلىمىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ماۋ جۇشىنىڭ چوڭ سۈرىتى ئېسىلغان، ئاق دەستىخان سېلىنغان جوزىلارنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق لوڭقىلاردا يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈل دەستىلىرى، قىزىلتاغ باتۇرلىرىغا ئاتالغان لەۋھە، تەقدىرنامە، مۇكاپات بۇيۇملىرى تىزىلغان ئىدى.

سەھنىنىڭ باش تەرىپىگە ئېسىلغان قىزىل پىلاكاتتا: «قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى» دىگەن ئالتۇن رەڭلىك خەتلەر چاقناپ تۇراتتى.

قىزىلتاغ باغرى ھېيت - بايرام خوشاللىقىغا چۆمگەن. پاكىز، چىرايلىق كىيىنگەن، قەلبى غەلىبە شاتلىقى بىلەن قانات قاققان قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشچىلىرى سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چېدىر - گەمىلەرنىڭ ئەتراپىدا دادۇي، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى بويىچە رەتلىك سەپلەر تۈزۈپ، يىغىنغا بىرىشقا تەييارلانغان، ھەرقايسى دادۈيلەرنىڭ سەنئەت ھەۋەسكارلىرى، خۇشچاقچاق قىز - يىگىتلەر ناغرا - سۇنەي، دۇتتار - تەمبۇرلىرىنى يېڭى ئاھاڭلارغا ساز قىلغان ئىدى، قىزلار چاچلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىزىلگۈل غـۇنچە ـ پورەكـلىرىنى قىسـتۇرۇپ، يىگـىتلەر بـەلۋاغلىرىنى تارتىپ باغلاپ، ئۇيەر ـ بۇيەردە دۈگلەك كـىچىك سورۇنـلار تـۈزۈپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسـۇل ئويناشماقتا......

داجەي گۈلى ئېچىلدى،
قىزىلتاغنىڭ باغرىدا.
ياڭراپ كەتتى شاتلىقتىن،
دۇتتار، راۋاپ، ناغرىلار.

خۇشپۇراقلىق چايلارغا،
سىڭىپ ئىچتۇق قەن ـ ناۋات.
سوتسىيالىزم يولىدا،
بولدى يېزىمىز ئاۋات.

كۆكچەنداڭ، ماۋ جۇشىنى،
چىن يۈرەكتىن كۈيلەيمىز.
غەلىبىمىزنى شاتلىنىپ،
داستان قىلىپ سوزلەيمىز.
...... ......... ......

جىرخۇيبۇ چېدىرىنىڭ ئالدىدا سابىـر، جاۋ تيەن، تومـۇر بوۋىلار خـوشال پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى. تومۇر بوۋا بۈگـۈنكى خـوشال تـوي كۈنىنىڭ ھورمىتىگە لايىق بولسۇن دەپ ئۈستىگە تومۇررەڭ بەقەسەم تون، بېشىغا يېڭى بادام دوپپا كىيگەن، بېلىنى ئاق شـايى ياغلىـقتا تـارتىپ باغلاپ، خۇددى ياش يىگىتلەردەك ياسىنىۋالغان ئىدى.

بوۋاي خوشال ئىدى. نۇرلانغان كوزلىرى بىلەن ئەتـراپقا تويماي قارايتتى، خوشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى ۋە سابىر بىلەن جاۋ تيەنگە قولى بىلەن تاش ئۈستەڭنىڭ ئايىغىدا ئاپپاق قەد كوتىرىپ تۇرغان ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ بىناسىنى كورسىتىپ تۇرۇپ:

— ئوغۇللىرىم، بىر ئىشنى كەم قىپتۇق. توي ۋە ئىشخانىلاردىن تارتىپ ماخو ھەم قوتانلارغىچە ئېلېكتىر سىمى تارتىۋەتكەن بولساقمۇ، ئىمىشقا شۇنداق چىراقلارنى يول بويلىرىغىمۇ بېكىتىۋەتمىدۇق، — دەيتتى خوشاللىق بىلەن ئاپپاق ساقاللىرىنى سىلاپ.

— ئۇمۇ بولىدۇ بوۋا، پات ئارىدا ھەممىنى قىلىپ ئۇلگۇرىمىز، — دەيتتى جاۋ تيەن كۇلۇپ.

— بۇ تېخى ئىشنىڭ بېشى، بوۋا، — دىدى سابىر ئىشەنچ بىلەن تومۇر بوۋىغا قاراپ، — سوتسيالىزىم يولىدا قەتئى ماڭساقلا، ئادەم قولى بىلەن يارىتىش مۇمكىن بولغان ھەممە گۇزەللىكنى چوقۇم يارىتالايمىز، بۇنىڭدا گەپ يوق......

ئۇلار قىزغىن سوزلىشىپ تۇرغاندا، يان چېدىردىن زەيتۇنەم بىلەن سۇڭ مېي قولتۇقلىشىپ خوشال چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار «ھېيتىڭلارغا مۇبارەك»، «ئوزەڭلاردىن بولسۇن» دېيىشىپ، چاقچاقلىشىپ كورۇشتى. شۇ چاغدا يېگىيەر دادۇيىنىڭ بىر توپ قىز - يىگىتلىرى:

قەلبىمىزدە نۇر دەرياسى ئاقماقتا،
قىزىل قۇياش بىزگە كۇلۇپ باقماقتا.
... ... ... ...
....

دىگەن ناخشىنى شوخ ئاھاڭدا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن نەغمە-ناۋالار بىلەن ئۇسۇل ئويناپ ئوتۇپ كەتتى.

شۇ ئارىدا «قىزىلتاغ» گۇڭشېسىدىكى ھەرقايسى دادۇيلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە گۇڭشې سەنئەتچىلىرىنى ئېلىپ گۇڭشې ماشىنىسى ۋە پىرتىسىپ چېتىلغان تىراكتورلار يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يېنىك ماشىنا كورۇندى ۋە ماشىنا ئىچىدىن شيەنۋېي شۇجىسى سۇڭ جىڭشىڭ، گۇڭشې داگۋېي شۇجىسى چاۋار مەتقۇللار چىقىپ كەلدى.

يولداش سۇڭ جىڭشىڭ سابىر، جاۋ تيەن، زەيتۇنەملەر بىلەن قىزغىن كورۇشكەندىن كېيىن، تومۇر بوۋىنى قولتۇقلاپ، خوشال پاراڭ سېلىشىپ، سەھنە تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇراسىم دەل سائەت ئون ئىككىدە پەلەكنى ياڭراتقان ئالقىش ۋە ناغرا-سۇنەي، نەغمە ـ ناۋا سادالىرى ئىچىدە باشلاندى......

شيەنۋېي شۇجىسى سۇڭ جىڭشىڭ مىكرافون ئالدىدا پەيدا بولغاندا، پۈتۈن سەينانى تولدۇرۇپ ئولتۇرغان قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشچىلىرى ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭراتتى. يولداش سۇڭ جىڭشىڭ ئىككى قولىنى كوكسىگە قويۇپ، ئاممىغا ھورمەت بىلدۈردى. ئاندىن شيەنۋېي ۋە ناھىيىلىك ئىنقىلاۋىي ۋېييۈەنخۇي نامىدىن قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك پۈتكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى:

— خەلق ئاممىسى — دۇنيا تارىخىنى يارىتىدىغان ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ. — دېدى يولداش سۇڭ جىڭشىڭ كۈچلۈك جەلپ قىلغۇچى سىر ئاۋازدا، — سىلەر ئۇلۇق داھىيمىز ماۋجۇشىنىڭ تەلىمىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، داجەيدىن ئۆگىنىپ، ئوز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كورۈش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كورەش قىلىش روھىنى جارى قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ناھىيىمىز ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ يەنە بىر ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردىڭلار، داجەيدىن ئۆگىنىشنىڭ بىر يېڭى زەپەر مارشىنى ياڭراتتىڭلار. سىلەر قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇش جەڭچىلىرى زامانىمىزنىڭ يېڭى يۈيگۈكلىرى بولۇشقا مۇناسىپ، ناھىيىمىزدىكى داجەيدىن ئۆگىنىش باتۇرلىرى بولۇشقا مۇناسىپ......

— قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك پۈتكەنلىكى، — دېدى يولداش سۇڭ جىڭشىڭ قىزىلتاغ سۇ قۇرۇلۇشچىلىرى بېسىپ ئوتكەن ئالتە ئايلىق كورەش سەپىرىنى ئەسلەپ ئوتكەندىن كېيىن، — سوتسىيالىزىم توغىنى ئېگىز كوتىرىپ، داجەيدىن ئۆگىنىش يولىدا غەلىبىلىك بېسىلغان بىرىنچى قەدەم. بىز تېخىمۇ كەمتەر ـ ئېھتىياتچان بولۇپ، مەغرۇرلۇق ـ قانائەتچانلىقتىن ساقلىنىپ، سوتسىيالىزىم داغدام يولىدا باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىتتىپاقلىشىپ، تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى......

تومۇر بوۋا مىكرافون ئالدىدا پەيدا بولغاندا، پۈتۈن مەيدان خوشال ئالقىشلار ياڭراتتى ۋە ھەر تەرەپتىن «تومۇر بوۋا، سوزلە»،

«بىزنىڭ قەلب سوزلىرىمىزنى ئېيتقىن»، «بىزنىڭ تىلسىز بولۇپ سوز-
لىگىن» دەپ قىزغىن مەدەتلەندۈردى.

تومۇر بوۋا ھاياجانلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇقادەك ئاقارغان ساقاللىرى ئۇچۇق مەيدىسىنى يېپىپ، يەلپۈنۈپ تۇراتتى، لەۋلىرى بولسا بەخت كۆلكىسى بىلەن تىترەيتتى، ئوتكۇر، كوپنى كورگەن بىر جۈپ كوزى بولسا ئوتتەك يېنىپ كەتكەن ئىدى.

— بالىلىرىم، قېرىنداشلار، بىز ئوتمۇشتە كىم بولغان، ھازىر كىم بولدۇق؟ — تومۇربوۋا ئوز سوزىنى ئەنە شۇنداق سوئال بىلەن باشلىدى، مەيدان سۇ سەپكەندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى، ئۇ ئوز سوئالىنى ئوزى يەشتى، — بىز ئوتمۇشنى، شۇ قانلىق ئوتمۇشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىغىمىز كېرەك... يېگىيەردىكى «توققۇز بۇلاق» نى كىم ئاچقان؟ بىز كەمبەغەل دىخان، توۋەن تۇتتۇرا دىخانلار قان-تەر توكۇپ ئاچقان. لېكىن، بۇلاق سۈيى باي - پومىشىكلارنىڭ ئېتىزىغا ئاقسا، زەرداپ سۈيى بىزنىڭ زەردىگۈش يۈرىگىمىزگە ئورنايتتى. زالىم بەگ - بايلارنىڭ زۇلۇم - كۆلپەتلىرى، ھەرخىل ئالۋاڭ - ياساقلار، ئېغىر سۇ ئىجارىلىرى دەستىدىن ئوزىمىز ئاچقان بۇلاق سۈيىگە ئوزىمىز ھېچقاچان ئىگە بولالمىغان! ... — تومۇر بوۋا كوپچىلىككە تەكشى كوز يۈگۈرتۈپ، بىر پەس تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى. — بىز قىزىلتاغنىڭ كەينىدە بېسىلىپ ياتقان قار بىلەن سۇلۇق جىلغىدا مېڭىشقا يول تاپالماي توپلىنىپ قالغان سۇلارنى بىلمەمتۇق؟ بىلەتتۇق. تازا ئوبدان بىلەتتۇق. لېكىن، ئۇكەمدە بۇنى خىيال قىلىشلا ياخشى ئىدى. ئۇ سۇنى ئەكىلىشكە ئىنتىلگەنلەر تاش بىلەن شېغىل ئاستىدا ئوز ھاياتىدىن ئايرىلاتتى ۋە شۇنداق بولغان... بىز يېگىيەرنىڭ ئايىغىدىكى چېكى يوق بوزلۇقنى بىلمەمتۇق؟ بىلەتتۇق. لېكىن بۇ بوزيەرنى ئاچماقچى بولغانلار ئەسلى-ۋەسلىمىدىن ئايرىلىپ، ۋەيران بولۇش تەقدىرىگە تەن بېرىپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، قوم كەلكۈنى ئاستىدا توگەيتتى. بىز ئۇكەملەردە ئاچچىق ھەسرەت ۋە پىغان بىلەن: «بىر تامچە سۇ بىر تامچە قانغا ئوخشاش» دەيتتۇق......

— بوۋاي ئالدىغا قويۇلغان چايدىن بىر يۇتۇم ئىچتى - دە،

مىكروفوننى ئالدىغىراق تارتتى، قوللىرىنى جوزىنىڭ ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ياش يىگىتلەرنىڭ ئاۋازىدەك ياڭراق، جۇشقۇن، تېتىك ئىدى.

— شۇنداق، ئۇ كۈنلەر كەتتى. ئۇ قارا كۈنلەر ئۇلۇغ پارتىيىمىز، ئۇلۇغ ماۋجۇشىمىز ياراتقان تاڭنىڭ شاراپىتىدىن كەلمەسكە كەتتى. يۈكۈلگەن قەددىمىز تىك بولدى، يەر - سۇ ئۆزىمىزگە قايتىپ كەلدى، ھوقۇققا - ھاكىمىيەتكە ئىگە بولدۇق، يەنى ئاسمان يەر، يەر ئاسمان بولۇپ ئۆزگەردى. ماۋجۇشى ئۆزى باش بولغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى ھەر خىل پۇتلىكاشاڭ - توساقلارنى چۇرۇپ تاشلاپ، ئالغا بېسىش يولىمىزنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇردى، داجەيدىن ئۆگىنىش يولىمىزنى كەڭ ئېچىۋەتتى. داھىيمىزنىڭ چاقىرىقى قەلبىمىزگە ئاپتاپ بولۇپ، بىزنى قاناتلاندۇردى، قارلىق تاغ مانا شۇنداق باش ئەگدى.

تومۇر بوۋا ئىككى قولىنى گىرەلەشتۇرۇپ كۆكرىكىگە قويدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ، گىلەم ئۈستىگە ئېسىلغان ماۋجۇشىنىڭ نۇرانە ئوبرازىغا قاراپ قويدى ۋە جۇشقۇن بىر ئاۋاز بىلەن كوپچىلىككە قاراپ ئېيتتى:

— باللىرىم، قېرىنداشلار، بىز كەمبەغەل دىخان، تۆۋەن ئوتتۇرا دىخانلارنىڭ ئۇلۇغ ئاتىمىز ماۋجۇشىغا ئېيتىدىغان تەشەككۇرىمىزنىڭ ھۇدۇتى يوق. جاھاندىكى بارچە دەرەخ - ئورماننى قەلەم، ئالەمدىكى دەريا - دېڭىز سۇلىرىنى سىيا، پايانسىز ئاسماننى قەغەز قىلساقمۇ، قەلبىمىزدىكى يۈرەك سوزلىرىمىزنى يېزىپ تۈگىتەلمەيمىز. شۇ ئۇلۇغ قەدىردان داھىيمىز ماۋجۇشىغا شان - شەرەپلەر بولسۇن! ئۇلۇغ يولباشچىمىز پارتىيىگە شان - شەرەپلەر بولسۇن!......

مەيدان تەۋرىدى، قىزىل بايراقلار ئېگىز كۆتىرىلدى، شوئار سادالىرى، ئالقىشلار، ناغرا - سۇنەي، راۋاپ - تەمبۇر ئاۋازلىرى تومۇر بوۋىنىڭ ئاخىرقى يۈرەك سوزلىرىگە جور بولۇپ، قىزىلتاغ ئېتىكىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى......

شۇنىڭدىن كېيىن يولداش چاۋار مەتقۇل يولداش سۇلۇڭ جىڭشىڭ بىلەن بىللە، گۇڭشې داگۇيىسى ۋە ئىنقىلاۋىي ۋېيىۋەنخۇيىغا ۋاكالىتەن قىزىلتاغ باتۇرلىرىغا ئاتالغان لەۋھە، تەقدىرنامىلارنى تارقىتىشقا باشلىدى. ئالقىشلار ئىچىدە تۇراخۇن، سادىق، تومۇر بوۋا، زەيتۇنەم، مۇسادۇيجاڭلار

ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، ئۇز دادۇي، ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىگە ۋاكالىتەن ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان لەۋھەلەرنى تاپشۇرۇۋالدى. تەقدىرنامە، مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتقان ئابابەكرى، ئابلىكىم، ئايىمگۈل، توختى، خاسىيەت ۋە سېلىماخۇنىنىڭ ئوغلى ئازاتلار بىلەن بىللە، سەھنىدە سۇڭ مېيي كورۇنگەندە، مەيداندا ئالقىش سادالىرى يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە چىقتى.

مۇراسىمدىن كېيىن، «مۇز كولى» دىن قويۇۋېتىلگەن سۇ تەشمە ئىچىدىن ۋاشىلداپ چىقىپ تاش ئۆستەڭگە چۈشتى. كۆمۈشتەك سۈپ-سۈزۈك ئويناق شوخ تاغ سۇلىرى تاش ئۆستەڭگە لىق تولۇپ، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ـ سەكرەپ، ئۈنچە ـ مارجانلار چاچرىتىپ، شىددەت بىلەن ئېقىپ كەتتى.

ئۆستەڭدە لومۇلدەپ ئېقىۋاتقان سۇغا زوق بىلەن نەزەر تاشلاپ، سۇ ئېقىمى بويلاپ كېتىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى مىڭلىغان كىشىلەر ئېلېكتىر ئىستانسىسى تەرەپكە قاراپ ئاقتى ۋە بۇ يەردە يولداش سۇڭ جىڭشىڭ بىلەن چاۋار مەتقۇل گۈلدۈرلىگەن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لېنتە كەسكەندىن كېيىن، ئويناق تاغ سۇلىرى پولات چاقپىلەكنى شىددەت بىلەن ئايلاندۇردى. قىزىلنۇر ئېقىمى — ئوچمەس يېگىيەر چىراقلىرى بۇ تاغلىق يېزىنىڭ ھۆسنىگە ـ ھوسۇن قوشۇپ پارلاپ ياندى.

بۇ يەرگە توپلانغان بارلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە خوشال نەغمە-ناۋا قىلىپ كېلىۋاتقان جەسۇر يىگىت ـ قىزلارنىڭ شاتلىق تەنتەنىسى، شادىيانە ئۇسسۇللىرى، جاراڭلىق ناخشىلىرى ئەۋجىگە كوتىرىلدى:

قىلىمىز خوشال نەغمە،
بېقىپ نۇرلۇق چىراقلارغا.
بەختىمىزنى كۈيلەيمىز،
قېتىپ يېڭى قوشاقلارغا.

باش ئەگدى بۈگۈن تاغلار،
داجەي روھى — غەيرەتكە.
قىزىلتاغدا ياگرىدى،
زەپەر مارشى پەلەككە......

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تومۇر بوۋا ئاما قەلبىدىن تەبىي تۈردە ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان يېڭى-دىن-يېڭى ناخشا-قوشاقلارغا ئىشتىياق بىلەن قۇلاق سالدى ۋە چەكسىز خۇشاللىق بىلەن سابىرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يېنىۋاتقان چىراقلار ئاددى چىراقلار ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزىم چىراقلىرى. ئۇ ئەمدى بىزنىڭ روشەن قەلبىمىزدەك مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ.

— شۇنداق، تومۇر بوۋا، — دېدى سابىر نۇرلۇق چىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ زوقلانغان ھالدا، — بۇ سۈلك شۇجى ئېيتقاندەك، دەسلەپكى غەلبىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى، تېخىمۇ گۈزەل، پارلاق كەلگۈسى تېخى ئالدىمىزدا، بىز بوشاشماي، بەلنى چىڭ باغلاپ، يېڭىيەردە يېڭى-يېڭى رەسىم سىزىشىمىز كېرەك......

## 2. ئاق، سۇلار، ئاق!...

يېڭىيەردە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئۆتكەن ھەر قانداق يىللاردىكىدىن بالدۇر باشلاندى، چوڭ-كىچىك ئېرىقلاردا تاغ سۇلىرى تولۇپ ئاقتى، ئۇزۇلەشتۇرۇپ تاختىلانغان بوز يەرلەر ئەينەكتەك پاقىرىتىپ سۇغۇرۇلدى، كوپ ئەسىرلەردىن بۇيان چاڭقىغان قارا چىلان تۇپراق ئۇز ئومرىدە بىرىنچى قېتىم قېنىپ سۇ ئىچتى. بوز ئېچىپ ئېلىنغان ئانا ئېرىق بىلەن تارماق شاخچا ئېرىقلارنىڭ قىر-تىرگەنلىرى، چىم، مامكاپ، يالپۇزلار بىلەن يېشىل مەخمەلدەك ياشناپ كوكەردى.

سابىر بۇ كۈنلەردە ئالدىراش ۋە جىددى ئىدى. تاغ سۇلىرىنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى — ئاشلىق، پاختا بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىش ئىنىڭ ياخشى شەرتى. سوتسىيالىستىك گۈزەل، باي مەدىنىيەتلىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئۇچۇن يەنە نۇرغۇن كۇرەش ئېلىپ بېرىشقا، تىرىشچانلىق كورسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. سۇ مەسىلىسى ھەل بولدى دەپ تەكىينى قىرلاپ يېتىش مۇمكىن ئەمەس. سابىر يېقىندا ناھىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش قەھرىمانلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىدا، يىغىندىن كېيىن دادۇي ئەزالىرىنىڭ يېڭىيەرنىڭ مۇكەممەل

تەرەققىيات كۈيخۇاسىنى تۈزۈش يىغىنىدا سوزلىگەن قىزغىن، يالقۇنلۇق سوزلىرىنى ئويلىغاندا، قەلبى شاتلىق دولقۇنى بىلەن ئۇركەشلەيتتى ۋە ئىختىيارسىز. «ھايات كىمنىسى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، يېڭىيەر ئۆزىنىڭ گۈزەل كېلەچىگىگە قاراپ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا سىلجىماقتا، مۇنداق ئۇلۇق ئىشنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى، ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇش نەقەدەر شەرەپلىك، بەختلىك ئىش - ھە؟» دەپ پەخىرلىنەتتى.

سابىر بۇ كۈنلەردە كەتمەننى زادىلا قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. كەتمەننى قولىغا ئالسىلا ئۆزىنى كۈچلۈك، بەردەم ۋە ناھايىتى ئىشەنچلىك ھېس قىلاتتى. «كەتمەن پەزىلەتلىك قورال، ئەمگەكچى دېخاننىڭ دوستى» دەيتتى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۇسسى كېلىشكەن مۇنبەت بوزغا چىگىت، قوناق ئۇرۇغى سېلىنۋاتقان بوجۇگجىلار بىلەن بىللە بولدى. ئۇرۇق سېلىش — جىددى ئىش. ئۇ ئىنتايىن ئەستايىدىللىقنى، تۇجۇپىلەپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بېپەرۋالىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سابىر بۇ يەردە تۇراخۇن بىلەن تېرىلغۇ ۋەزىيىتى، سۈپەت ئولچىمى توغرىسىدا، ئاساسي كۈچنى تېرىلغۇغا مەركەزلەشتۈرۈش توغرىسىدا كېڭەشتى. ئاندىن كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، يېڭى ئېچىلغان بوزدا يەر ئوسا قىلىنۋاتقان سۈچىلارنى مولجالاپ، بوزلۇقنىڭ ئاياق تەرىپىگە كەتتى.

بوزلۇق ئىچىدە ھەممە يەردە دىگۈدەك ئەزالار بار ئىدى. سەنئەتخۇمار يېڭىيەر قىز - يىگىتلىرىنىڭ ياڭراق، شوخ ناخشىلىرى ئەمدى ئىلىكتىر نۇرلىرى چاقنىغان قەدىمى مەھەللىلەردىلا ئەمەس، بەلكى يېڭى ھايات، يېڭى تۇرمۇش زوق - ئىشتىياقى بىلەن جانلىنۋاتقان، قىزغىن ئەمگەك سەھنىسى بولۇپ قالغان چەكسىز بوز ئىچىدىمۇ جۇشقۇن، روھلۇق ئاڭلىناتتى ۋە بۇ ناخشىلار ھايات قايىنىغان بوزلۇقنى ئۆزىگە ئاشنا قىلىپ ئۇچۇپ كەلگەن تورغاي، تۇمۇچۇقلارنىڭ ئەۋجىگە كوتىرىلگەن سايراشلىرى ھەم تاغ سۇلىرى يامراپ كىرىۋاتقان ئېتىزلاردا ھاشارەت قوغلاپ يۈرگەن قارا قۇچقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاجايىپ يېقىملىق، گۈزەل نەغمە - ناۋا مەنزىرىسىنى تەشكىل قىلاتتى.

سابىر ئىككى تەرىپىگە تېرەك، جىگدە، ئۈژمە جىرىملىرى قويۇلغان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بوزلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن يېڭى يولدىن بۇرۇلۇپ، يان تەرەپتىكى ئانا ئېرىقنى ياقىلاپ كېتىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ فرجورىن نىياز قۇربان چىقىپ كەلدى. نىياز قۇربان خوشال ۋە تېتىك ئىدى.

— مەن سىنى ئىزلەپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇكا، — دېدى ئۇ سەل قىسىلغان كوزلىرى بىلەن سابىرغا كۈلۈپ قاراپ. نىياز قۇرباننىڭ پۇشقاقلىرى تۇرۇلگەن بولۇپ، مۇرىسىدە كەتمەن بار ئىدى. بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان غىلاپلىق پىچىقى يانپىشىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى، — ھەي، ئۇكا، بۇ بوزلۇقنى ئارىلاپ يۈرۈپ، يۈرىگىم زادىلا ئىچىمگە پاتماي كەتتى. تاغ سۇلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن ھەممە نەرسىنىڭ مۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن. قىسقىسى ئاجايىپ بىر باشلىنىش بولۇۋاتىدۇ، كىشى چىن قەلبىدىن رازى بولىدۇ-دە......

سابىر نىياز قۇربانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى:

— خوش، ئۆزەڭ نەدىن كېلىۋاتىسەن نىياز ئاكا، — دېدى سابىر ۋە مۇرىسىدىن كەتمەننى ئېلىپ سۇيى تېشىپ كېتىۋاتقان شاخچا ئېرىقنى قىرلاپ تۇرۇپ.

نىياز قۇربان سابىرغا ياردەملەشتى ۋە ئېرىقنى قىرلاپ بولغاندىن كېيىن، كەتمىنىنى يەنە مۇرىسىگە سالدى.

— مەن ساڭا ئېيتسام ئۇكام، — دېدى نىياز قۇربان بىر قولى بىلەن بۇرۇتلىرىنى تولغاپ تۇرۇپ خوشاللىق بىلەن، — ھازىر بوز ئىچىدە ئوسىا قىلىنىۋاتقان يەرنىڭ ھۇدۇتى يوق. بۇنى قانداقمۇ تېرىپ كېتەرمىز دەپ بېشىم قېتىپ تۇرسام، مانا گۇڭشېدىن تېلېفون! گۇڭشې ماشىنا-تىراكتور پۇنكىتى بىزگە ئۈچ تىراكتور ئاجرىتىپ بېرىشنى قارار قىپتۇ، يەنە كېلىپ ھەممىسى يىپ-يېڭى زەنجىر تاپانلىق «دۇڭفاڭخۇڭ»! كوردۇڭمۇ، مانا بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟

— مەن بۇ توغرىلىق تۇراخۇنكام بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشتىم، — دېدى سابىر ۋە كەتمىنىنى ئېرىق سۇيىدە چايقاپ، مۇرىسىگە ئالدى، — ھازىرقى جىددى مەسىلە — ئوسىا قىلىنغان يەرنى ۋاقتىدا تېرىۋېلىش، تىراكتور قانچە تېز كەلسە شۇنچە ياخشى. ھازىرچە بىز ئوغۇتقا

ھاجەتسىز. ئاپتاپ يىگەن بوزنىلق ئۆزى غىچچىدا ئوغۇت. ئەمما، بۇغدايىنىڭ دان تۇتۇش مەزگىلىدە بىرئاز خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىش كېرەك، بۇ توغرىلىق يولداش چاۋار مەتقۇل خېلى بۇرۇن ئەسكەرتكەن. شۇڭا، سەن يەنە بىر قېتىم گۇڭشېغا بارساڭمىكەن. تىراكتورنىمۇ، ئوغۇتنىمۇ ئېلىپ كېلىشكە توغرا كېلىدۇ......

ئۇلار يەنە بىرئاز مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، نىياز قۇربان ئالدىراپ گۇڭشې تەرەپكە كەتتى.

سابىر ئانا ئېرىقتا لومۇلدەپ ئېقىۋاتقان سۇنى ياقىلاپ يولنى داۋام قىلدى. ئۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرنىڭ ئايدىڭكول دادۇيىگە تۇتىشىدىغان پاسىلىغا كەلگەندە، قاش قارىيىپ قالغان، ئېتىزلار ئىچىدە «نەغمە ـ ناۋا» لار بېسىققان ئىدى، پەقەت، يىراق قىرتىرگەنلەرنىڭ بويلىرىدىن سۇچى يىگىتلەرنىڭ لەرزان ناخشىسى، يېقىن ئەتراپتىن تاغ سۇلىرىنىڭ «بۇلۇق ـ بۇلۇق» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ بوز توپىغا سىڭىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بۇ يەردە مىنبىڭ لىيەنجاڭى سادىق بىلەن ھاشىماخۇن جىدەللىشىپ سۇ تۇتۇۋاتاتتى. سادىق ئىلگىرىكىدەك كەم سۆز، بەردەم ۋە بىرئاز ئويەچان ئىدى، ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇزىگە يارىشىدىغان ئىگىز ئورە تۇمىقىنى تېخىچە تاشلىمىغان ئىدى. ئەكسىچە، ھاشىماخۇن بادام دوپپا كىيىپ ياز قىلىۋەتكەن، كەيپى ناھايىتى خوش ئىدى.

ھاشىماخۇن سابىرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— تاغ سۇلىرى بوز ئىچىگە جان بەردى ـ دە، جان! ئىشقىلىپ ئوسا قىلىنغان يەرنى تېرىپلا كېتەلىسەك، كۆزلۈككە ئاشلىق بىلەن پاختىنى يىغىۋېلىشىمىزمۇ بىر گەپ ئوخشايدۇ، — دىدى.

— ھاشىمكام كۆزلۈككە ئاشلىقنى ۋاقتىدا يىغالماي قېلىشنىڭ غېمىدە قالدى، — دىدى سادىق چاقچاق قىلىپ. ئۇ كەتمىنىگە تايىنىپ، ھاشىماخۇننىڭ قېشىدا تۇراتتى ۋە سابىرغا قاراپ كوزىنى قىسىپ قويۇپ ئېيتتى، — مەن ساڭا ئېيتسام، ھاشىمكا، — دىدى سادىق كۈلۈپ، — ئاشلىقنى ۋاقتىدا تېرىۋالساقلا ئۇنى، ئەلۋەتتە يىغىۋالغىلى بولىدۇ. يىغىۋېلىش سەل ـ پەل كېچىككەن تەقدىردىمۇ، لېكىن سىنىڭ ئېشەك

هارۋاڭنى قۇراشتۇرۇپ، تاغدىن گوتۇن - پوتۇن ئەكىلىپ ئانچە - مۇنچە ئىش - ئوقەت قىلىشىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلمايدۇ.
— هەي ئوكا، قويساڭا بۇ گەپنى، — دېدى هاشماخۇن سەل خىجالەت بولغان هالدا، — سىلەر شۇنداقمۇ دەيسىلەر، لېكىن بىز نىكەمدىكى ئادەملەر. بىز كونا جەمىيەتتە ئادەم ئوز كومىچىگە ئوت تارتمىسا، دۇنيا هارام، دەيدىغان ئېقىندىگە چىرمىشىپ كەلگەن ئادەملەر ئەمەسمۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزىم يولىنىڭ بەلەئىلىكىنى كورۇپ تۇرسامۇ، بەزىدە بىر پۇتۇم «شەخسى كومەچكە» تارتىپ كەتكىنى راست. ئەمما، قىزىلتاغ تەشمىسى تېپىشمىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوز كوزۇمگە ئىشەنمەي قالدىم. گەپنىڭ هەق دانىسىنى ئېيتسام، كوپچىلىككە ئەگىشىپ هە - هۇ قىلغىنىم بىلەن، پۇتۇن بىر تاغنى تېشىۋېتىشكە زادىلا ئىشىنەلمىگەن ئىدىم. قىشچە، ئەكىلىپ ساتىدىغان قىرىق - ئەللىك ئۇلاق ئوتۇنغا زىيان، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئوزۇن گەپنىڭ قىسقىسى ... هەي، بۇ شەخسى كومەچ ئادەمنى هەر تەرەپكە باشلاپ قويىدىكەن، قىزىم خاسىيەتچىلىك ئويلىيالماپتىمەن. ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا، دېگەن شۇ - دە، ئۇ ئىشەك هارۋاڭمۇ قۇرسۇن، هەممە بەركەت كوپچىلىك بىلەن بىللە بولۇشتا ئىكەن......
شۇنىڭدىن كېيىن هاشماخۇن قىزىلتاغ تەشمىسى جەريانىدىكى بەزىبىر تەۋرىنىشلىرىنى ئەسلەپ يەنە ئەپسۇسلاندى. سادىق سابىرغا قاراپ:
— ئەتىگەندىن بېرى بىر خىيال مېنى هېچ تىنجىتمايدۇ، — دېدى ئويلىنىپ تۇرۇپ، — مەن، قولىمىز سەل بوشىغاندىن كېيىن ئەزالارنىڭ كۇيخۇا پىلانىدىكى يېڭى ئوي - ئىمارەتلىرىنى مانا شۇ بوز ئېچىپ قۇرساقمىكىن دەيمەن. راستىنى ئېيتقاندا، يېگىيەرنىڭ هەقىقى يېگىسى مانا شۇ داجەي گۇلى بولۇپ ئېچىلغان بوز يەر - دە!
— بۇ پىكرىڭ توغرا، سادىق، — دېدى سابىر پايانى يوق بوزلۇقنىڭ يىراق قىرغاقلىرىغا كوز تىكىپ، — تومۇر بوۋام «خەلق گۇگشىسى — ئالتۇن كوۋرۇك، داجەي يولى — پارلاق يول» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. بىز جەزمەن سوتسىيالىزىم چوڭ يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىشكە قاراپ يۇرۇش قىلىشىمىز،

كىچىككىنە تاغلىق كەنتتە تۇرساقمۇ دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، ئىنقىلاپ ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم......

ئۇلار سۇ، بوز يەر، يېزىنىڭ پات ئارىدا چىراي ئاچىدىغان گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدا قىزغىن سوھبەتلەشتى. ئاندىن سابىر سادىق بىلەن ھاشىماخۇننىڭ قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىشىنى، كېچىلىك سۇ تۇتۇشقا بىرەر كىشى ئەۋەتىشىنى ئېيتتى - دە، كەتمەننى قولىغا ئالدى.

گۈزەل، يېقىملىق باھار كېچىسى. سابىر سادىقلار يېرىملاشتۇرغان ئېتىزنى ئۇسا قىلىپ بولۇپ، يېڭى بىر ئېتىزغا سۇ باشلىدى، سۇ يامراپ، لومۇلدەپ ئېقىپ كەتتى. ئۇ كەتمەننى ئېرىق ئىچىدىن تارتىۋېلىپ، ئېقىۋاتقان سۇدا چالغىتىپ تۇرۇپ چايقىدى - دە، تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان يېنىك، ساپ - سالقىن ھاۋانى قانغىچە ئىچىگە تارتىپ - راھەتلىنىپ كەتمىنىنى مۈرىسىگە ئالدى. شۇ پەيتتە، نەدىندۇ - يىراق بىر يەردىن لەرزان ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاڭلاندى:

ئويناقلىشىپ ئاقىدۇ،
قىزىلتاغنىڭ سۇلىرى.
قەلبىمىزنىڭ ئاپتىۋى،
ماۋ جۇشىنىڭ سۆزلىرى......

يېقىملىق ئېيتىلىۋاتقان ناخشا سۈزۈك سۇدەك تازا كېچە جىمجىتلىقىدا ھاۋانى تىترىتىپ، سابىرنىڭ قەلبىدە زوقلىنىش تۇيغۇلىرىنى قالدۇرۇپ، بارغانچە يېقىنلىشىپ جاراڭلاپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

قىزىلتاغدا، بوزلۇقتا،
ئېچىلدى داجەي گۈلى.
قەلبىمىزدە بىر قۇياش بار،
ماڭغىنىمىز بەخت يولى......

دەل شۇ پەيتتە، گۈزەل، جۇشقۇن بۇ قەلب كۈيىنى ئالقىشلىغاندەك يىراق مەھەللە دەرەخلىرىنىڭ كەينىدىن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇنئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com

ئاستا - ئاستا كوككه كوتىرىلدى. پۈتۈن دالا ئاي نۇرىدا، خۇددى ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتىلگەندەك، جىلۋىلىك بىر تۈسكه كىردى. ئېتىز - ئېرىقلاردىكى سۇلار قىزغۇچ ئەينەكتەك يالتىراپ پاقىرىدى. ئېرىق بويلىرىدىكى چىم - كوكات، يالپۇز يوپۇرماقلىرى دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇ ئۈستىدە تولۇنئايلىق كېچىنىڭ سازچىلىرىدەك، كۈمۈش تەڭگە بولۇپ، يېنىككىنە تەۋرىنىپ شىلدىرلىدى......

بۇ چاغدا، بىر ئۇن يېتىم يەردىكى دوگلۇكنىڭ كەينىدىن مۇرىسىگە كەتمەن سېلىۋالغان بىر قىز ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلدى:

تۇمەن مىڭ يىل چېچەكلەيدۇ،
نۇرانە بەختىمىز بىزنىڭ.
قۇياشقا تەلپۈنەر دائىم،
قىزىل چوغ قەلبىمىز بىزنىڭ.

قەدىردان داھى ماۋجۇشى —
ئۇلۇغ ئۇستاز ياشا يۈز مىڭ......

بۇ قىز زەيتۇنەم ئىدى. زەيتۇنەم سابىرنى كورۇپ:
— ۋيەي، سىز... سابىرغۇ...، — دېدى سەل ئۇيالغان هالدا چولپان كوزلىرىنى قاچۇرۇپ.
زەيتۇنەمنىڭ پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن، پۇتلىرى يالاڭقىداق بولۇپ، يېڭىلا ئىش ئورنىدىن قايتقانلىقى كورۇنۇپ تۇراتتى.
— هارماڭ، زەيتۇنەم، — دېدى سابىر ۋە زورۇر بولمىسىمۇ، كەتمەننى ئىختىيارسىز مۇرىسىگە ئالدى، — سىزنى قايسى شاماللار ئۇچۇرۇپ كەلدى بۇيەرگە، كەچ قاپسىزغۇ؟ ......
قىز بىر مىنۇتچە گەپ قىلمىدى، ئۇ سوغۇرۇلغان ئېتىزلارغا كوز يۈگۈرتىۋاتاتتى. سابىرنىڭ نەزىرىدە زەيتۇنەم ئەتىگەندىن بۇيان بۇ يەردە قانچىلىك يەرنىڭ ئوسا قىلىنغانلىقىنى مولچەرلەپ، بۇنى ئوزلىرى ئوساقلىغان يەر بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتقاندەك ئىدى. كېيىن زەيتۇنەم چاقچاق ئاهاڭدا:

— قىزىق، مەن شامال ئۇچۇرۇپ كېلىدىغان يوپۇرماق ئەمەس، شامالنىڭ ئادەمنى ئۇچارتقىنى نەدە بار ئىكەن، — دېدى كۈلۈپ. ئاندىن ئېرىق بويىدا شىلدىرلاپ تۇرغان كۈمۈش تەڭگىلەرگە قاراپ قويدى، مۈرىسىدىن كەتمەننى ئېلىپ، ئېقىۋاتقان سۇغا چىلاپ، چالغىتىپ چايقاپ، ئويناپ تۇرۇپ ئېيتتى، — دوڭلۇكنىڭ كەينىدە يەر ئوسا قىلدۇق، تاغ سۇلىرىنىڭ بوز ئۈستىدە يامراپ ئېقىشى بىر راھەت ئىكەن! ھېلى ئۇ ئېتىزغا، ھېلى بۇ ئېتىزغا يۈگۈرىمىز، سۇنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ يۈرۈپ، ئېتىز سۇغۇرۇش نىمە دېگەن پەيزى - ھە! ... ئاڭلىسام، يېڭىيەر دادۈيى بۇ يەرگە چوڭ جامائەت بېغى بىنا قىلىشقا كىرىشكەن دەيدۇ. كېچىلىك سۇ تۇتىدىغانلار بىلەن سوھبەتلىشىپ بىر ئاز كەچ قالدىم. قايتىشىمدا بىر كورەي دەپ بۇ يەردىن ئوتتۇم... شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر ئىككى يىلدا يېڭى باغنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تېگىدىكەنمىز - دە.

— ئەلۋەتتە، — دېدى سابىر ۋە سۇ بىلەن تولغان بىر ئېتىزنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ، يەنە بىر ئېتىزغا سۇنى باشلىغاچ يېڭى باغنىڭ پىلانى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى، — دەسلەپ، پىلان بويىچە، جامائەت بېغى قۇرۇشقا ئەللىك مو يەر بەلگىلەنگەن، ئەمما تۇمۇر بوۋام كۈتۈلمىگەندە «ئىسيان» كوتىرىپ: ياق، يېڭى باغ يالغۇز يېڭىيەر ئۈچۈنلا قۇرۇلسا بولمايدۇ، پۈتۈن گۇڭشې ئېغىز تېگىدىغان مېۋىزارلىق باغ بولسۇن، دەپ چىڭ تۇرۇپ، ئاخىر باغنىڭ كولىمىنى يۈز موغا كېڭەيتكۈزدى. ھازىر تۇمۇر بوۋام تەجرىبىلىك باغۋەنلەرنى تاللاپ باغ بىنا قىلىشقا كىرىشتى. ئەنجۈر، چىلان، ئالما، ئانار، پىستە - بادام، ياڭاق كوچەتلىرىنى يىغىش ئۈچۈن قېرىنداش گۇڭشې - دادۈيلەرگە ئادەم ئەۋەتتۇق، ئۆزىمىزدە بارلىرىنى قويۇۋاتىمىز. ئېيتقىنىڭىز كەلسە، يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ يەردە يېڭى مېۋىگە ئېغىز تېگىش مۇمكىن......

— بىزنىڭمۇ شۇنداق بىر پىلانىمىز بار، — دېدى زەيتۈنەم پۇشقاقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئېرىق سۈيىدە كەتمىنىنىڭ دەستىسىنى تازىلاپ-يۇيۇپ تۇرۇپ، — ئەزالارنىڭ يېڭى ئۆي - جاي قۇرۇلۇشىنى دەل مۇشۇ بوزلۇق ئۈستىدە ئېلىپ بارماقچىمىز. لېكىن، بىز بۇ ئىشنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كېيىن قولغا ئېلىشنى قارار قىلدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن كېيىن زەيتۇنەم تېقىمىغا چۈشىدىغان ئەككى ئورۇم چېچىنى كەينىگە تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى، جىلتىكىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتتى. كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، بارغانچە ئېگىز كوتىرىلىۋاتقان ئايغا، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— ھە، ئېيتقاندەك، گۈلسۇمخان ئانام تېچلىقمۇ، مەن خېلىدىن بېرى كورمىدىم.

— تېچلىق، سادەتخان ئانامچۇ؟

— ئانامۇ ئوبدان، لېكىن... — زەيتۇنەم نىمىنىدۇ دەسلەپ قىزاردى. بىر نەرسىنى ئېيتقۇسى كەلدى - يۇ، ئېيتمىدى. بۇ ھالنى سابىر سەزدى:

— زەيتۇنەم نىمىشقا گەپ قىلمايسىز، گەپ قىلىڭ. بىر ئىش بولدىمۇ؟

— نىمە ئىش بولاتتى، لېكىن......

زەيتۇنەم كوزلىرىنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ يەرگە قارىۋالدى. ئاي يورۇغىدا ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنىڭ ئوتتەك يېنىپ، توغاچتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سابىر كوكۈل كوزى بىلەن كوردى. بۇ «قىزىرىش»نىڭ مەنىسى سابىرغا ئېنىق ئىدى، ھەتتا سابىرنىڭ ئوزىمۇ قولايسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قېلىپ يۈزلىرىنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى......

قىزىلتاغ سۇ ئورۇلۇشى ئاياقلىشىپ، ئويلەردە ئېلېكتىر نۇرى چاقناشقا باشلىغاندىن كېيىن، گۈلسۈمخان ئانا توي ئۈستىگە توي قىلىۋېتىش ئارزۇسى بىلەن كويۈپ - پىشىپ، «سابىرنىڭ بىر بېشىنى ئەككى قىلسام بولاتتى» دەپ ئويلاپ زادىلا كوڭلىنى باسالمىدى. بۇ چاغدا سابىرنىڭ ئانىسى بىلەن بىرەر دەم ئولتۇرۇپ سوزلەشمىشكىمۇ چولىسى تەگمىدى، گۈلسۇمخان ئانا ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى زەيتۇنەمنىڭ ئائىلىسىگە — سادەتخان ئاچىنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىپ كورۇشنى كوڭلىگە پۈكتى......

گۈلسۇمخان ئانا سادەتخان ئاچىنىڭ تالبارالىقتىق ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ھامۇتاخۇن، زەيتۇنەملەر غىزا ئۈستىدە ئىدى. غىزادىن كېيىن،

ئۇلار سوھبەت قۇرۇپ، مۇزەپپەرلەر قانىلىق قامچا ئوينىتقان ئۇتمۇش زامانىنى تىلغا ئېلىپ، لەنەتلەر ئوقىدى، يېڭى زامانىنىڭ خىسلەت - خاسىيىتى ئۈستىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سوزلەشتى. ئاندىن گۇلسۇمخان ئانا سابىرنىڭ ئالدىراش ئىشلىرىنى تىلغا ئالدى، زەيتۇنەمگە مەسلىكى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مانا شۇ يەردە زەيتۇنەم بىلىندۇرمەي ئورنىدىن تۇردى - دە، كەتمىنىنى ئېلىپ ئاستا تالاغا چىقىپ كەتتى. ھامۇتاخۇن سۇچىلارنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ گۇلسۇمخان ئانىدىن ئەپۇ سورىدى. گۇلسۇمخان ئانا ئۇزاق سوھبەتتىن كېيىن سادەتخان ئاچىنىڭ: «بىزنىڭ سابىر بالىدىن ئايايدىغان قىزىمىز يوق. ئەمما، ئوزلىرى بىلىلا، يېڭى زامانىنىڭ قىز - يىگىتلىرى ئوز لايىقىغا ئوزى چەن سوقىدۇ، زەيتۇنەمخان ئوزى شۇ خىيالغا كەلگەن بولسا، بىز ھەر قاچان تويى خىزمىتىگە تەييار. بۇ ئىش توغرىسىدا زەيتۇنەمخان ئوزى بىر نىمە دىمىسە، بىز كېسىپ ئۇچۇر بېرەلمەيمىز» دىگەن سوزىنى ئاڭلاپ يېڭىيەرگە قايتىپ كەلدى.

سابىر بۇ گەپلەرنى گۇلسۇمخان ئانىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە سادىقتىن ئاڭلىدى ۋە ئانىسىدىن رەنجىپ قالدى: «تازىمۇ قىزىقتە بۇ ئانام، — دەيتتى كوڭلىدە سابىر، — بىزنىڭ ئالدىمىزنى كىم توسۇپ تۇرۇپتۇ... زەيتۇنەم، سابىر ئوز كوڭلىدىكىنى ئېچىپ ئېيتىشقا جۇرئەت قىلالماي، ياشانغان ئانىسىنى يول ماڭدۇرغىنى نىمىسى، دەپ ئويلاپ قالسا، بىر ئەپلەشمىگەن ئىش بولىدۇ - دە...».

زەيتۇنەم ئالدىغا تاشلانغان بىر تال چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ تۇراتتى. قىزنىڭ بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان چوڭ كوزلىرىدە پارلاپ تۇرغان بىر خىل نۇر سابىرنى تېتىكلەشتۇردى. سابىر ئوز كوڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىشنى قارار قىلدى:

— زەيتۇنەم ... — سابىرنىڭ ئاۋازى ھاياجان ئىچىدە راۋاپنىڭ زىل تارىدەك تىترەپ كەتتى، — زەيتۇنەم... ئانام سىلەرنىڭ ئويگە بارغان بولسا، سىز چۇشىنىسىز، بىزگە ياماللىق تىلىمەيدۇ......

زەيتۇنەم قىزاردى. بۇ قېتىمقى قىزىرىش ئۇنىڭ رەڭگىگە ئانار گۇلىنىڭ قىياپىسىنى بەردى. غۇنچە لەۋلىرى بىلىنەر- بىلىنمەس شۇۋرلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن......

ئىككى يۈرەكنىڭ پاك - ساپ مۇھەببىتىگە ئاي، سۇ، كۈمۈش تەڭگىلەر گۇۋا ئىدى. يېڭى ھايات قويىنىغا قەدەم بېسىپ كىرىۋاتقان بوز يەر ئۈستىدە ئېچىلغان بۇ مۇھەببەت گۈلى ھەر ئىككى يۈرەكنى ئوزىگە تارتتى. يۇلتۇزلار كۈندەشلىك قىلغاندەك يېنىپ - ئوچتى، تولۇنئاي مۇبارەكلىگەندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نۇر سېپىپ ئوتتى ...... بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن سابىر ئايدىڭكول دادۇيى تەرەپكە خوشال كېتىۋاتقان زەيتۇنەمگە قاراپ - قاراپ قويۇپ، كەتمىنىنى ئىگىز كوتىرىپ، يايراپ يېڭى ئېتىزلارغا سۇ باشلىدى:

— ئاق، سۇلار، ئاق! ......

## 8. يېڭى رەسىم

جاۋتيەن بىلەن سۇڭمېي يېڭيەر بىلەن ئايدىڭكول دادۇيىگە ئايرىلىدىغان تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلگەندە، قۇياش تىك كوتىرىلگەن بولۇپ، پۈتۈن دالا ئالتۇن رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. جاۋتيەن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، كوز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان بوزلۇق ئىچىدىكى گۈزەل مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇپ بىر پەس قاراپ تۇرۇپ قالدى ... يېڭيەر دادۇيىگە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن تۈپ - تۈز تاش يول، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كەڭ ئېرىقتا لومۇلدەپ - بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ھاياتبەخش تاغ سۇلىرى، سۇ بويىدا بۈككىدە باراخسان بولۇپ ئاينىغان تاغ تېرەكلىرى، ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىغا كەتكەن مۇداپىە ئورمان بەلۋاغلىرى؛ يولنىڭ سول تەرىپىدە پاختىلىرى چاناقلىرىغا پاتماي ئېچىلىپ كەتكەن چېكى يوق ئاق ئالتۇنلۇق ۋادا؛ ئوڭ تەرەپتە نەچچە مىڭ مو يەرگە غۇلاچ يايغان ئاق ئاتچىشلىق كوممقوناق ئېتىزلىرى يېيىلىپ ياتاتتى. ئاق ئالتۇنلۇق ۋادا بىلەن كوممىقوناق ئېتىزلىرىنىڭ يۇقۇرقى تەرىپىدە ئەزالارنىڭ يېڭى سېلىنغان ئاپپاق ئوي - ئىمارەتلىرى، چوڭ - چوڭ بىنالار، ئېلېكتىر سىملىرى تارتىلغان، لابا بېكىتىلگەن تۈۋرۈكلەر كورۈندى. قوناق ئېتىزلىرىنىڭ كەينىدە بولسا

گۈپۈلدەپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان تىراكتورلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى
جاۋتيەن تاقىر چۆل ئىچىدە قەد كۆتەرگەن ئالتۇن. ۋادىغا ت
زوقلىنىپ تۇرغاندا، ھېمىشەمدىكىگە ئوخشاشلا تىببى ياردەم سومك
مۇرىسىگە ئېسىۋالغان سۇڭ مېي ئۇنى نوقۇپ:
— نىمە سىز، بۇ يەرگە ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ كېلىپ باق
ئادەمدەك ھەجەپ بىر قاراپ كەتتىڭىزغۇ، — دېدى.
جاۋ تيەن كۈلۈپ سۇڭ مېيغا قارىدى:
— سۇڭ مېي، سەن بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرغىنىڭ بىلەن
سابىرنىڭ تويىدىن كېيىن بۇ تەرەپكە ئۆتەلمىدىم، — جاۋ تيەن ئالدىد
مەنزىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، خوشاللىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، —
قىزىلتاغنىڭ سۇلىرى كەلسە، بۇ يەردە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى
كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم، لېكىن ئۆزگىرىشنىڭ مۇنچىۋالا تېز بولۇش
كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. مانا سەن ئويلاپ كۆرگىن: مەن بۇنىڭدى
ئۈچ يىل ئىلگىرى سېنى يوقلاپ كېلىپ بۇ چۆلدىن ئۆتكىنىمدە،
بوزلۇقنىڭ ئىچى كىشىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكىدەك مۇڭغا چۆككەن
چۆل - جەزىرە ئەمەسمىدى؟ ... يولداش سابىر داجەينى ئېكسكۇرسىي
قىلىپ كەلگىنىگە ئىككى يىل بولدى. ئاران ئىككى يىل! ئىككى يىل
دىگەن، ئادەتتە، ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس، لېكىن داجەي روھىنى
جارى قىلغان كۈرەشچىلار مانا شۇ قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدىمۇ
شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى قىلىۋەتتى - ھە؟
— بۇ تېخى ھېچگەپ ئەمەس، — دېدى سۇڭ مېي ئىككى تەر
پىدە سۇ ۋە دەرەخلىرى بار تاشيولدا كېتىۋېتىپ، — بۇ ئىككى يىل
يېڭىيەر ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن مول ھوسۇل يىلى بولدى. ھازىر ئۇلار
ئۆزلىرى ئاپتوموبىل، تىراكتور سېتىۋالدى. ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ كۈ
چىدىن پايدىلىنىپ، ئۇن تارتىش، چىگىت ئايرىش، ياغ تارتىش ماشى
نىلىرىنى قۇراشتۇردى. دوختۇرخانا، سودا دۇكىنى، بالىلار يەسلىسىنىڭ
قۇرۇلۇشلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى. بۇ يىل ئومىدىن كېيىن كىنوخا
نىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى، ئەگەر سىز تومۇر بوۋام بىنا قىلغان
جامائەت بېغىغا بارسىڭىز، تېخىمۇ زوقلىنىپ كېتىسىز ... يولداش سابىر

بۇ ئىشلاردىن تېخى قانائەتلىنىدىغاندەك ئەمەس، بارسىڭىز ئاڭلايسىز، ئۇنىڭ چوڭ پىلانلىرى بار، ئۇ ھېلىمۇ ئاھالىتى ئالدىراش ......

جاۋ تيەن سۈك مېيىنىڭ سوزلىرىگە قۇلاق سېلىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى كەلەرنى ئەسكە ئالدى... ئۆتكەن يىل يازلىق ھوسۇلدىن كېيىن سابىر بىلەن زەيتۇنەم توي قىلدى، كۈزدە بولسا جاۋ تيەن بىلەن سۈك مېي توي قىلىشتى. زەيتۇنەم بىلەن سۈك مېي بىر-بىرىنىڭ تويىغا سەممى دوستلۇق كورسىتىشتى. جاۋتيەن تويدىن كېيىن ئاھىيىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە چوڭ بىر سۇ ئامبىرىنى پىلانلاش - لايىھەلەش بىلەن بولۇپ، گۇگشىغا كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، يېڭىيەرگە ئۆتەلمىدى. يېقىندا، بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ پۇ-تۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، سابىر ۋەكىل بولۇپ بېرىپ مۇراسىمغا قاتناشتى ۋە شۇ يەردە سابىر جاۋ تيەنگە «يېڭىيەرگە بىر بارسىڭىز بو-لاتتى، ئەزالار سىزنى ئەسلەيدۇ» دەپ ئېيتتى. جاۋتيەن بولسا ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بىر ئويى بارلىغىنى ۋە پات ئارىدا بېرىشقا نىيەت قىلغانلىغىنى ئېيتقان ئىدى ......

— ئەنە قاراڭ ماشىنا، يېڭىيەرنىڭ ماشىنىلىرى ...، — سۈك مېي جاۋ تيەننىڭ يېڭىنى تارتىپ ماشىنىنى كورسىتىپ بولغىچە، تاغدەك دوۋىلەپ پاختا بېسىلغان ئىككى ماشىنا ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن ئابابەكرى ۋە بىرقانچە ياش يىگىت سەكرەپ چۈشۈپ، يۈگۈرۈپ كەلدى. جاۋ تيەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئوھو... بۇ بىزنىڭ قىزىلتاغ باتۇرلىرىغۇ، — دىدى خۇشخۇي-لۇق بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشۇپ.

— مانا ئەمدى بىزنى «چاكچىياڭ» دىن بوسۇپ ئۆتكەن باتۇرلار، دەيدۇ-دە.

— ئاق ئالتۇن باتۇرلىرى بولۇپ قالدۇق ......

— سابىر ئاكام كەمتەررەك بولۇڭلار دىگەن، ......

— نەق گەپنىڭ ئۆزىنى ئېيتتىڭ، بۇنىڭ نىسىۋىسى بولساق ......

ئەمدى، ئۇنى ...

ياشلار خۇشخۇي بىر قىلىشىپ ... كۈلەرى ... ياڭراتتى ......

جاۋ تيەن ماشىنىلارغا بېسىلغان ئاق ئالتۇنغا زوقلىنىپ قارىدى ۋە ئابابەكرىنىڭ دولىسىغا قولىنى ئېلىپ:

— ھە، ئابابەكرى، بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىشىڭلار قالتىس ئوخشىمامدۇ، — دېدى.

— يامان ئەمەس، — دېدى ئابابەكرى خوشاللىق بىلەن، — ئۆتكەن يىل كۈزگى ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى «چاڭجياڭ» دىن ئاشۇرۇپ، دۆلەتكە بەش يۈز مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىپ بەرگەن ئىدۇق، بۇ يىل دۆلەتنىڭ پاختا ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، بەش يۈز مىڭ جىڭ پاختا سېتىپ بېرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز ......

— يولداش جاۋتيەن، بۈگۈن تازىمۇ ياخشى ۋاقىتتا كەپسىز، — دېدى قاراقاش، كۆزلىرى ئوتلۇق بىر ياش يىگىت، — ھازىر يېڭىيەردە توي......

— توي دەمسىنا، قانداق توي، كىمنىڭ تويى، — جاۋ تيەن قىزىقسىنىپ ئابابەكرىگە قارىدى.

— توي بولغاندا قانداق توي دېمەمسىز! — ئابابەكرى جۇشقۇن بىر كەيپىياتتا خوشال جاۋاپ بەردى، — تېخى سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوق. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئابلىكىم، ئايىمگۈل، خاسىيەتلەرنى بېيجىڭغا — داشۈيگە ئوقۇشقا ئۇزاتقان ئىدۇق. مانا ئەمدى ئەتە تۆمۈر بوۋامنىڭ كىچىك ئوغلى توختى بىلەن سېيىت ماخۇنكامنىڭ ئوغلى ئازاتنى خەلق جېيفاڭجۈنىگە ئۇزىتىمىز. ئۇزىتىشنىڭ ئۆزى چوڭ توي بولىدۇ. بۈگۈن كەچتە يېڭى جەڭچىلەر شەرىپىگە راسا مەشرەپ كېچىسى ئۆتكۈزىمىز، يولداش جاۋتيەن سىزمۇ جەزمەن قاتنىشىڭ.

— ئەلۋەتتە قاتنىشىمەن، بىللە ئۇزىتىمىز، — دېدى جاۋ تيەن خوشال بولۇپ.

— ئەتتەڭ، ئاران ئىككىلا سان بولۇپ قالدى - دە! — دېدى ھېلىقى قاراقاش يىگىت سەل خۇرسىنىپ.

— شۇنى دېمەمسەن! — دېدى ئابابەكرى ۋە جاۋتيەنگە قاراپ ئېيتتى، — بىز ھەممىمىز ئەللىك - ئاتمىش كىشى تىزىمغا ئالدۇردۇق. قېرىشقاندەك سان ئىككىلا ئىكەن. نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، سابىر ئاكامنىڭ پىكرى بويىچە، نوۋەتنى بۇ قېتىم توختى بىلەن ئازاتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇتتۇردۇق. ئۇلار ھەر ئىككىسى ھەقىقى مىنبىلىك، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆمۈر بوۋام بىلەن سىلىماخۇنكام چاڭ تۇرۇۋالدى، مۇمكىن بولمىدى... بۈگۈن كەچتە بۇ ئىككى ئاغىنىمىزنى ئۇزىتىمىز، بۈگۈن ئۇلارنى ئۇزىتىش شەرىپىگە مەشرەپ قىلىمىز. بۇ — بىر توي. ئىككىنچىدىن، ئەتە يېزىنىڭ ئايىغىدىكى بوزيەرنى تۇتاش ئۆزلەشتۈرۈش كۆرىشىگە ئاتلىنىمىز. كۈزگى بۇغداي تېرىشتىن ئىلگىرى يەنە مىڭ مو بوزيەر ئېچىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سۇدىن غەم يوق، بوزيەرنىڭ ئايىغى بولسا ئۆزىڭىز بىلىسىز، تەكلىماكانغا تۇتىشىدۇ......

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سابىر جاۋتيەننى ئېلىپ، تۆمۈر بوۋا بىنا قىلغان جامائەت بېغىنى ئارىلىدى، ئاندىن يېزىنىڭ ئايىغىدىكى چوڭ بوزلۇققا ئېلىپ باردى. بوزلۇقنىڭ ئايىغى يىراق تەكلىماكان قىرغاقلىرىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. سابىر يېنىدىن بىر خەرىتىنى ئېلىپ، جاۋ تيەنگە سۇندى. بۇ خەرىتىدە يېڭىيەر، ئايدىڭكۆل، قىزىليۇلتۇز دادۇيلىرىنىڭ ھەمكارلىشىپ، چېكى يوق بوزيەرلەرنى تۇتاش ئۆزلەشتۈرۈش ۋەزىپىلىرى كۆرسىتىلگەن ئىدى.

— گۇڭشې داڭۋېيىسى بۇ پىلاننى تەستىقلىدى، — دېدى سابىر ئۇپۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان مۇنبەت بوزلۇققا قاراپ، — بىزگە مەخسۇس تىراكتور دۈيىمۇ ئەۋەتمەكچى. ئەتە بىرىنچى جەڭنى باشلايمىز.

— دېمەك، يېڭىيەرنىڭ تېخىمۇ يېڭىسى تېخى ئالدىمىزدا ئىكەن-دە، — دېدى جاۋتيەن خەرىتىدىن كۆزىنى ئالماي. ئاندىن چوڭقۇر، سەمىمىي دوستلۇق رىشتىسى بىلەن سابىرغا قارىدى، ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە چىن كۆڭلىدىن رازى بولغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— شۇنداق، يولداش جاۋتيەن، — دېدى سابىر تەمكىن ۋە ئىشەنچلىك ھالدا، — بىز قىزىلتاغ ئېتىكىدە يېڭى رەسىم سىزىۋاتىمىز، بۇ رەسىم سوتسىيالىزىم يولىنىڭ شاراپىتىدىن بارلىققا كەلدى، داجەي يولىدىن تۆرەلدى، بۇ رەسىم تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ نۇرلىنىپ بارىدۇ......

ئۇلار بوزلۇقتىن كەچ قايتتى، مەھەللە ئىچىگە يېتىپ كەلگەندە، ھەممە يەردە ئېلېكتىر چىراقلىرى يۇلتۇزدەك يېنىپ كەتكەن ئىدى، لابالاردا ئازات زامانىمىزنىڭ ئىلھامبەخش ناخشىلىرى ياڭرايتتى. ئۇلار

يېڭىيەرنىڭ كەچكى گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كېتىۋاتقاندا، چوڭ يولدىن ۋېلىسىپىت مىنىپ ئۆزلىرىگە قاراپ، ئايدىڭكۆل دادۈيىدىن كېلىۋاتقان زەيتۈنەمنى كوردى. جاۋ تيەن كۈلۈپ:

— زەيتۈنەم، سىزگە هەر كۈنى ئايدىڭكۆلگە بېرىش قىيىن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ بىلەن سەممى كورۇشۇپ.

— ئىسسى قىيىن دەيسىز، — دېدى زەيتۈنەم ۋېلىسىپىتتا يولىنىپ تۇرۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — هازىر ئايدىڭكۆل بىلەن يېڭىيەر ئارىلىغىدىكى بوز يەر تۈگىدى. ئىككى دادۈي تاملىرى بىر - بىرىگە تۇتاشقان خوشنا بولۇپ قالدى. بۇ شەيتانچاقىقا مىنىمەن - دە، غىر قىلىپ بارىمەن. كەچ قالسام ئەشەدە قالىمەن. بۈگۈن سىزنى كەپتۇ دەپ، كەچ بولسىمۇ كەلدىم، سۆك مىيى قېنى؟

— دوختۇرخانىدا بولۇشى مۇمكىن، يا مەشرەپكە چاپتىمكىن.

شۇ چاغدا تۇراخۇن، نىياز قۇربان، سادىقلار كېلىشتى. ئۇلار بىر ئاز چاقچاقلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق جىربۇسى بىلەن مىنبىلىك لېيەنى خەلق جىيفاگجۇنىنىڭ يېڭى جەڭچىلىرى — توختى بىلەن ئازاتنى ئۇزىتىش شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرغان مەشرەپ كېچىسىگە كەتتى. مەشرەپ كېچىسى قىزغىن ئوتتى. توختى بىلەن ئازاتقا ئاتاپ قوشاقلار توقۇلدى ۋە ئۇلارغا هەۋەسى كەلگەن قىز - يىگىتلەر دوستلۇق ئىپتىشىلىرى ئارقىلىق ئوزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئۇمىتلىرىنى، تىلەكلىرىنى بىلدۇردى. ئىپتىشىشتىن كېيىن قېرىلار، ياشلار، ئاياللار ئۇسۇلغا چۈشتى. توختى بىلەن ئازاتنى كوپرەك ئۇسۇلغا سالدى ۋە ئوزئارا ئۇسۇلغا تارتىشتى. بۇ قىزىق، خۇشچاقچاق ئۇزىتىش كېچىسى خېلى بىر كەملەرگىچە داۋام قىلدى......

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ يېڭىيەردە يەنە بىر قۇتلۇق كۈن باشلاندى. سابىر بىلەن جاۋ تيەن سەهەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار چاي - پايلىرىنى ئىچىشىپ دادۈي ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە خوشال قىز - يىگىتلەر، بوۋاي - مومايلار توختى بىلەن ئازاتنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئاللىقاچان كېلىپ بولغان ئىدى.

قىزىل پىلاكاتلار بىلەن چىرايلىق زىننەتلەنگەن ماشىنىنىڭ ئالدىدا هاياجاندىن كوزلىرى چاقناپ تۇرغان توختى بىلەن ئازات مەيدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىگە گۈل تاقالغان، ھەربىر كىيىم كىيگەن ھالدا سەل تارتىنىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنى ئەل ـ ئاغىنە، تەگتۇش يار ـ بۇرادەرلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ھەدەپ چاقچاق قىلىشىۋاتاتتى. بەزىلىرى قولىنى تارتىپ، بەزىلىرى مۈرىسىگە ئۇرۇپ: «بىزنى ئۇنتۇما، پات ـ پات خەت ياز»، «قىزىلتاغ باتۇرلىرى بولغىنىڭلار ئۆتكەنكى ئىش. ئەمدى خەلق جىيفاڭجۈنىنىڭ باتۇرلىرى بولۇڭلار»، «ياخشى ئۆگىنىڭلار، سابىر ئاكامدەك بولۇپ كېلىڭلار»... دېيىشىۋاتاتتى.

ماشىنا ھەركەتكە كەلدى، «تات ـ تات» قىلىپ سىگنال بەردى. توختى بىلەن ئازاتنى ناھىيىگىچە ئۇزىتىپ قويۇشقا تەييارلانغان بىر تۈركۈم ياشلار راۋاپ، تەمبۇر، داپلىرىنى ئېلىپ، ماشىنىغا چىقىشتى. ئەزالار توختى بىلەن ئازاتنى چۆرىدەپ ئۇزىتىش سۆزلىرىنى ئالدىراپ ئېيتىشتى.

— ئوغلۇم، مەن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى سېلىماخۇن ئوغلى ئازاتقا خۇشال قاراپ، — ۋەتىنىنىڭ شان ـ شەرىپى — بىزنىڭ شان ـ شەرىپىمىز. پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، باتۇر جەڭچى بول......

سېلىماخۇن ئۆز ئوغلىدىن پەخىرلەنگەندەك، ئازاتنىڭ مەيدىسىگە تاقالغان گۈلنى تۈزەپ قويدى. تومۇر بوۋا ئۆز ئوغلى توختى بىلەن ئازاتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، كۆزلىرى نۇرلانغان، قەلبى شاتلىق بىلەن ھاياجانلانغان ھالدا:

— بالىلىرىم، بوۋاڭلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن چىن يۈرەك سۆزىنى ئېيتىپ، — بەختى كۆلگەن ۋەتەن — ئالتۇن بوشۇك، يېگىيەر ئالتۇن بوشۇكنىڭ بىر پارچىسى. بەخت، ئامەت، پاراۋان تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇلۇق پارتىيىمىزنىڭ، ئۇلۇق داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ دانا رەھبەرلىكى بىلەن قولغا كەلگەن. ئۇلۇق سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ بەختى — بىزنىڭ بەختىمىز. بەختىمىزگە چاڭگال سالماقچى بولغان يىرتقۇچلارنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلاڭلار، ماۋ جۇشى كۆرسەتكەن سىزىقتىن چىقماڭلار، مېنىڭ سۆزۈم شۇ، بالىلىرىم...، — تومۇر بوۋا يىگىتلەرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — شۇنداق، مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنتۇماڭلار.

توختى بىلەن ئازات سابىرغا قارىدى:

— سابىر ئاكا، بىز جەزمەن قېرىنداشلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز......

سابىر بىلەن جاۋ تيەن ئۇلارنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— مېنىڭ باشقا گېپىم يوق. نەچچە كۈندىن بۇيان ئوبدان سوز-لىشىۋالدۇق. مەيلى قەيەردە بولماڭلار، يېڭىيەر كەمبەغەل دىخان، تۇۋەن ئوتتۇرا دىخانلىرىنىڭ خىسلەت - پەزىلىتىنى ساقلاڭلار، ئۈمىت-ئارزۇسىنى ئاقلاڭلار. بىز سىلەرنى يەنە باتۇر ئەزىمەتلەر سۈپىتىدە مەشەدە كۈتۈۋېلىشنى ئۈمىت قىلىمىز، — دېدى سابىر ئۇلارنى ئۇزىتىپ.

ماشىنا يېنىككىنە قوزغالدى ۋە نەغمە - ناۋالار ئىچىدە ئىككى تەرىپى قۇياش نۇرىدا ياشناپ تۇرغان باراخسانلىق چوڭ تاشيول بويلاپ يۈرۈپ كەتتى......

ماشىنا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭ بوزلۇقنى ئوزلەشتۈرۈشكە ئاتلانغان بىرلەشمە قوشۇن ھەيۋەت بىلەن سەپ تارتتى. قوشۇننىڭ ئالدىدا سابىر، تۇراخۇن، جاۋ تيەن، تومۇر بوۋا، زەيتۇنەملەر بار ئىدى. سابىر ئىگىز كوتەرگەن نۇرلۇق قىزىل بايراق قۇياش نۇرىدا چوغدەك تاۋلىنىپ غالىبانە جۇشقۇنلىنىپ لەپىلدەيتتى......

1972 — يىل، يەكەن